جالالدىن بەھرام

# يۈگەنسىز ئۆتكەن يىللار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

浑泉·第6部:维吾尔文/加拉力丁·巴合拉木著
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5
ISBN7—228—05771—6

Ⅰ.浑… Ⅱ.加… Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第29648号

**浑泉(6)**(维吾尔文)
束缚的年代
(长篇小说)
加拉力丁·巴合拉木

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政政编码830001)
新疆新华书店发行
乌市十四中印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 14.875印张 2插页
2000年12月第1版 2000年12月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7—228—05771—6/I.2156 定价:22元



جالالـدـن بەهـرام

1999

# مۇندەرىجە


1 . ئۇنتۇلماس كۈنلەر ...... 1
2 . ناتىۋاننىڭ تىلىكى ...... 26
3 . سودىگەرنىڭ ئوغلى ...... 45
4 . بىتەلەيىنىڭ كۆز يېشى ...... 74
5 . چېقىملىق ...... 102
6 . يىراقلاردىن سادا ...... 132
7 . توي ھارپىسىدا ...... 148
8 . زىيالىيلار ساداسى ...... 160
9 . ھەقىقىي جەڭگاھ ...... 184
10 . سىرلىق مۇناسىۋەتلەر ...... 198
11 . كۆڭۈلسىز مەسئۇلىيەت ...... 223
12 . «دانا تەدبىر» ...... 241
13 . ئۇزۇن يوللار ، قەدىم يەرلەر ...... 256
14 . تىلىكى ئىجابەت بولغان مەزلۇم ...... 288
15 . يانغان قىساس ...... 336
16 . ئۇۋىسىغا قايتالمايدىغان قۇشلار ...... 366
17 . جاپاكەش ئىسلاھاتچى ...... 381
18 . سۆيۈنمىگەن سۆھبەت ...... 411
19 . ئەجدادلار ئۈچۈن ...... 433
20 . تەتۈر قىسمەت ...... 448

# ئۈنتۈلماس كۈنلەر

ئۈرۈمچى ، فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى .

ئاسمان قوغۇشۇن ئېرىتمىسىدەك ئېغىر بولۇتلار بىلەن سۈۋارى مانانلىشىپ ، ئېگىز - پەس بىنالار ، ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللار ، ئاسفالت يوللار سۈس تۇمان پەردىسى ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى . ياماللىق تېغىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان زەھەردەك سوغۇق شامال ئۇچقۇنداپ يېغىۋاتقان قارنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قاچاتتى . ئىستولبىلار ، تارتىلغان سىملار ۋە ئىككى قاتار ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ يالاڭ شاخلىرى خۇددى تۇغ باغلىغاندەك ئاپئاق قىرو بىلەن قاپلانغانىدى .

كۆزنەكلىرىگە قار ئۇچقۇنلىرى شىددەتلىك ئۇرۇلۇۋاتقان «ۋولگا» ماركىلىق كىچىك ماشىنا ، قويۇن ھاسىل قىلىپ ئاچچىق چىرقىراۋاتقان شۇۋۇرغان بىلەن قېرىشقاندەك قارلىق كوچىلاردا جېدەللەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى .

گۆھەر زېمىن نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئىشانوفنىڭ ھېكمەت بىلەن بىللە ئاتاقلىق يازغۇچى ، شائىر ، ئوبزورچىلارنى يوقلىغاچ زىيارەت قىلىۋاتقانلىقىغا بۈگۈن ئىككى كۈن بولغانىدى . ئىشانوف ئەل سۆيگەن بۇ ئەدىب - ئۇستازلارنى ئەستايىدىل تونۇشتۇراتتى ھەم ھېكمەتنى «رەسسام ھەم يازغۇچى ، نەشرىياتىمىزغا يېڭى كەلدى» دەپ قوشۇپ قوياتتى . تونۇگۈن ئۇلار ، تېيىپجان ئىلىيوف ، ئابدۇكېرىم خوجا ، تۇردى سامساق ، قادىر جېلىل ، مەسئۇت پەيزۇللا قاتارلىق شائىر ، يازغۇچى ، ئوبزورچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى پەتىلىگىچە كەچ بولۇپ كەتكەن ، بۈگۈن قار شۇۋۇرغانغا قارىماي يەنە يولغا چىققانىدى .

— قاراڭ ھېكمەت ، ھازىر مەن سىزنى ، — دېدى ئىشا-
نوف كۆرپە قولاقچىسىنى قولىغا ئېلىپ ، — زامانىمىزنىڭ ئا-
تاقلىق ئالىمى ، يازغۇچى ھەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تىلە-
شۇفنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بارىمەن . ئۇ زات «ئىز» ناملىق بىر
تارىخىي رومانىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا .

ھېكمەت ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن ھايا-
جانلاندى . چۈنكى ئۇ ، ئەينى يىللاردا دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ
خاتىرىلىرىدىن بۇ پېشىۋانىڭ لىرىكىلىرىنى كۆرۈپ ئۇزۇنغىچە
ئېسىدىن چىقىرالمىغانىدى . ئۇ چاغلاردا بۇ شېئىرلار يورۇقلۇق-
قا چىقمىغاچقا ، قولدىن - قولغا ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ ئاشكارا
ئوقۇغىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ «ئىز» دېگەن شېئىرىنى قەيەردىن-
دۇر قولغا چۈشۈرۈۋالغان مۇرات بۇ شېئىرنى ئاھاڭغا سالغان ،
ھېكمەت ، كامىل ، توختى قۇربانلار ئېھتىيات قىلىشىپ كېچە-
لىرى مۇراتنىڭ ياتىقىدا پەس ئاۋازدا ئېيتىشقانىدى .

ھېكمەت خوتەندىن يۆتكىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە
ئېغىر ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا ، شۇ كېچىسى ئىشانوفنىڭ
ئۆيىدە قوندى . ئەتىسى ئىشانوف ئۇنى نەشرىياتقا باشلاپ كەلدى
ۋە گۈزەل - سەنئەت ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ «يېڭى كەلگەن
رەسسام تەھرىرى» دەپ تونۇشتۇرغان كېيىن ، ئۆي - مۈلۈك
ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى تاڭ فامىلىلىك ئۇنى باشلاپ نەشرىيات-
نىڭ ئارقا قورۇسىنىڭ ئەڭ چەت بولۇڭىدىكى كۆرۈمسىز بىر
ئۆي ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . ھېكمەت كۆن چامادانىنى كۆتۈرۈپ
ئەمدىلا بوسۇغىغا قەدەم ئېلىشى ئۆي ئىچىدىن ئوتتۇرا بوي ، سىن -
سىپاتى قاملاشقان ، ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدى-
كى بىر كىشى يۈگۈرۈپ چىقتى - دە ، سومكا ۋە يۈك - تاقلارنى
كۆتۈرۈشۈپ كىردى . ھېكمەت «ئاخشام ئىشانوفكام گېپىنى
قىلغان يازغۇچى تۇرسۇنجان ئالىم شۇ ئىكەن - دە» دېگەننى
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . ھېكمەت بويتاقلار ياتىقىغا كىرگەندىن

كېيىن تۇرسۇنجان بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملاشتى .

— سىز ئاقسۇدىن يۆتكىلىپ كەلگەن تۇرسۇنجان ئالىمغۇ دەيمەن ، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ تەكەللۇپ ۋەئىلتىپات تۆكۇلۇپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ ، ئورۇقراق چىرايىغا قاراپ ، — مەن...

— بولدى ، ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرمىسىڭىزمۇ بىلىمەن ، سىز ھېكمەت ئېلى ، — تۇرسۇنجاننىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى خۇشپېئىل ئىدى ، — ئىشانوفكام ماڭا بۇرۇنلا دېگەن ، ئەمدى ئىككىمىز زېرىكمەيدىغان بولدۇق .

تام مەش بىلەن ھۆپپىدە ئىسسىپ كەتكەن بۇ ياتاق كەڭ ، ئازادە بولغىنىغا قارىماي غۇۋا يورۇپ تۇراتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ تەسكەيدىكى بىرلا دېرىزىسى قاتمۇقات بىنالار دالدىسىدا قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتاققا چاپلاپلا سېلىنغان پار قازان ئۆيى ۋە ئۇنىڭ ئېگىز تۇرخۇنى بىر كۇن كەچكىچە قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇراتتى . پارقازان ئۆيىگە ياندىشقان بىرنەچچە ئېغىزلىق يەرلىك ئۆيلەردە ئىككى ئائىلىلىك خەنزۇ تەھرىرلەر ئولتۇراتتى . ئانچە ئېگىز بولمىغان دۆڭ ھويلىدا كۆمۈر ، شاخار ۋە كۇللەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى . دۆڭدىن پەسلەپ چۈشكەندىن كېيىن سول تەرەپتىكى قايناقسۇخانا ۋە كۆرۈمسىز ئاشخانا ئۆيلىرى ئىسلىشىپ تۇراتتى . ئوڭ تەرەپتە بولسا ئۈستىگە يېشىل سۇلياۋ تاختىلار يېپىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋېلىسىپىت قويۇش لەمپىلىرى بارئىدى .

ھېكمەت ياتىقىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ تۇرۇشى كامىل ئۇنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى . ئۇ كەچتە قايتىپ كەلگىنىدە ، تۇرسۇنجان چويۇن ياپقۇچلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئوچاق ئالدىدا قول ياغلىق ، پايپاقلىرىنى يۇيۇپ تۇراتتى .

— كامىل راخمان بەك مېھمان قىلىۋەتتىمۇ قانداق ، — دېدى تۇرسۇنجان كۇلۇپ قويۇپ ، — كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ ؟

— پارىڭىمىز تۈگىمەي ئۆلتۈرۈپ قاپتىمىز ، بىللە بارايلى دېسەم ئۇنۇمىدىڭىز .
— قەدىناسلار ئۇچراشقاندا ئايرىم گەپلىرى بولىدۇ . مەن كۆزدە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ، كامىل بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلىشىپ قالدىم ، ئاراڭلاردا قېلىن دوستلۇق بارئىكەن ، — تۇرسۇنجاننىڭ يادىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي ھېكمەتكە قايرىلدى ، — ھە راست ، ئىشانوفكام سىزنى ئەتە ئەتىگەن بىر يەرگە كېتىپ قالمىسۇن ، دېگەنىدى .
— نېمە ئىشى باردۇ ؟
— تونۇلغان يازغۇچى ، شائىر ، ژۇرنالىست بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ سىزنى تونۇشتۇرىدۇ ھەرقاچان...
— نېمىشقا ؟
— مەنمۇ دەسلەپ كەلگەندە شۇنداق قىلغان ، ھەي ، بۇ ئادەمزە بەك ئەستايىدىل...
«ۋولگا» نىڭ پۇشۇلداپ تۇيۇقسىزلا توختاپ قېلىشى بىلەن ھېكمەت خىيالدىن چۆچۈپ ئالدىغا قارىدى . دۆڭ كۆۋرۈكنىڭ قاينام بازىرى ئالدىدا ماشىنىلار توسۇلۇپ يول ئېتىلىپ قالغاندى . ئادەتتىكى كۈنلەردە ئاسماندىن يىڭنە ياغسا يەرگە چۈشمەيدىغان بۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىك بازار جۇدۇن قۇتراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سەل سېلىكىپ قالغان بولسىمۇ ، ئاشپەز ، كاۋاپچى ، زاسۇيپەزلەرنىڭ خېرىدار چىللىغان ئاۋازلىرى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . لۆڭگە ، پايپاق ، ئىشتان ، كۆڭلەكلەرنى مۇرىلىرىگە ئارتىپ ، قوللىرىغا ئۆتكۈزۈۋالغان كۆتۈرمىچىلەر ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ، سۇلياۋ خالتىلارنى باشلىرىغا كىيىشىپ لەمپە دالىدىلىرىدا شۈمشەرىشىپ تۇرۇشاتتى .
— ئىشانوفكا ، — دېدى ھېكمەت ئىككى ئويلۇق بولۇپ ، — بارغانغا چۈشلۈق ئۆتكۈر ئەپەندىم ئۆيدە بولمايمۇ قالارمۇ ؟
— ھوي ، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ - ھە ؟ بۇ جۇدۇندا نەگە باراتتى .

ساقچىلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىدىن يول ئېچىلدى . «ۋولگا» سىلىق قوزغىلىپ قاينام بازاردىن ئۈزاپ كەتتى . تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى زىيارەت ھەم پەتىدىن سۆيۈنۈۋاتقان ھېكمەتنىڭ يادىدىن كەچكەن تاتلىق بىر ئەسلىمە ، ئۇنى شېرىن تۈيغۇغا چۆمدۈردى .

ھېكمەت خوتەنگە پالىنىپ ، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغاندا پەرمانىشا مۇدىر ئۇنى ، تۈراپ ئىمىنىنىڭ ئالدىغا «سالام» غا ئاپارغانىدى . شۇ چاغدا ئۇلار ، چىشىغا چاپلىشىۋالغان «جىن» نى كۆچۈرۈۋاتقان شۇجىنى ساقلاپ تاردا قول قوشتۇرۇپ ئۇزۇن ساقلىدى . بىر چاغدىلا موماي تۇراپ ئىمىنىنىڭ يۈزىنى ئېچمۇېتىپ ، دوڭغاسلىغىنىچە پەسكە چۈشتى . قاتمۇ قات يوتقانلار ئىچىدە تۈنجۇقۇپ قالاي دېگەن تۇ شۇجى تەرگە چىلىشىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئوتتا داغلاشقان مىس تەلەڭگىدەك قىپقىزىل تاقىر بېشىنى ، ھۈررەك - ھۈررەك كۆكۈچ يۈز موسكۇللىرىنى ، پاتۇرۇپ قويغان قوتۇر ياڭيۇدەك بۇرنىنى ، تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كۆزلىرىنى بېسىۋالغان قېلىن قاپاقلىرىنى ، قاپاقلىرىدىكى دىڭگىيىپ تۇرغان شالاڭ تۈكلەرنى ، يوغان دورداي كالپۇكلارنى كۆرگەن ھېكمەت ئىچىدە : «ۋاي خۇدايىم ، بۇ ئادەمنىڭ چىشىغا قورقماي چاپلاشقان قانداق جىندۇر ئۇ...» دەپ ئويلىغانىدى . ئىشانوفنىڭ ئاتاقلىقلارنى يوقلاش باھانىسىدە ھېكمەتنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ يۈرۈشى شەكىل جەھەتتىن پارمانىشا مۇدىرنىڭ «سالام» غا ئاپىرىشىغا ئوخشاپ كەتكىنى بىلەن ، ماھىيەتتە تۈپتىن پەرق قىلاتتى . ھېكمەت بۇ چاغقىچە ئۆزىنى كۆرمەي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ، غايىبانە ھۆرمەت قىلىپ يۈرگەن يازغۇچى ، شائىرلار بىلەن تونۇشۇۋالدى . قىسقا بولسىمۇ ئەسرا بولۇپ ، قىزغىن سۆھبەتلەردىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالدى .

ماشىنا «يەنگەن كوچىسى» غا يېتىپ كەلدى . ئۆتكۈر ئەپەندىم دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ئالدىدىكى تار بىر كوچىدا ،

قەدىمىي پاسۇندا سېلىنغان بىرنەچچە ئېغىزلىق يەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. ئىشىك چېكىلىشى بىلەن قامەتلىك، قويۇق چار چاچلىرى ئارقىغا تارالغان، ئاتيۈزلۈك چېھرىگە بىرخىل سالاپەت مۇجەسسەملەنگەن كەڭ پېشانىلىك، ئاتمىش ياشلاردىكى ئۆتكۈر ئەپەندىم بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىشانوفنى كۆرۈپلا شادلىقىنى يوشۇرالمىدى.

— بەللى، بەللى ئىشانوف ھەززەتلىرى، قەدەم مۇبارەك... قەدەم مۇبارەك... — ئۇ ئىشانوف ۋە ھېكمەت بىلەن قول ئېلىشتى، — ئاتا - بوۋىلار «قار - يامغۇر ياغقاندا كۆڭۈل ئىزدەپ كەلگەنلەر ھەقىقىي چىن دوستۇڭدۇر» دېگەنىكەن، مانا بۈگۈن بۇ دۇرى - گۆھەر ئەقلىيە ئۆز جۇلاسىنى كۆرسەتتى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم ئىنتايىن كەمتەر، ئوچۇق چىراي، روشەن كۆزلىرىدىن سەمىمىيەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان رايىش ئادەم ئىدى. ئۇ، ئىشانوف بىلەن ھېكمەتنى كەڭ - ئازادە ئۆيگە باشلىدى. قوش دېرىزە تەكچىلىرىدە تەشتەكلىك گۇللەر كۆكىرىپ تۇراتتى. «كۈندە باھار» مەرۋايىت گۇللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا قىزىل ھەم ھال رەڭ غۇنچىلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. يېشىل مۇۋۇۋتلۇق دېۋاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، تام ياقىلىتىپ قويۇلغان ئەينەكلىك ئىشكاپلاردىكى رەتلىك تىزىلغان كىتابلار، شۇنداقلا ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى قوڭۇر ئۈستەل ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان قول يازمىلاردىن بۇ ئۆينىڭ كۇتۇپخانا ھەم يېزىقچىلىق ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. ئۆتكۈر ئەپەندىم بالىلارنىڭ خىزمەتكە كەتكەنلىكىدىن ئۆزرە سورىغاچ يېزىقچىلىق ئۈستىلىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ چاي تەييارلىدى.

— ھەي... ئىشانوف، بۇ ئۆي مېھمانخانا ھەم كۇتۇپخانا، يېزىقچىلىقنىمۇ مەشەدە قىلىمەن. مەخسۇس بىر يېزىقچىلىق بۆلۈمى ئەنقانىڭ سۈتىدەك تۇتىيا بولۇپ كەتتى، — ئۆتكۈر

ئەپەندىم چاي قۇيغاچ بېشىنى چايقىدى، — ۋۇي، تۇرۇپلا سىلەرگە هال ئېيتىپ كەتكىنىمنى كۆرۈڭ... هە، بۇ كىشى كىم بولىدۇ، ئۆزى؟

ئۆتكۈر ئەپەندىم هېكمەتنى ئىشارە قىلىپ ئىشانوفقا قارىدى ۋە ئىشانوفنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى يادىغا ئالماقچى بولغاندەك پاكىز، سۇزۇك بارماقلىرىدا پېشانىسىنى سىلىدى.

— ئېسىمگە كەلدى، بۇلتۇر ئېچىلغان گۈزەل - سەنئەت كۆرگەزمىسىگە سىزنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» ناملىق بىرماي بۇياق ئەسىرىڭىز قويۇلدىغۇ دەيمەن؟ — ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ نۇرلۇق چېھرىدە مەمنۇنلۇق ئىپادىسى يېلىنجىدى، — بۇ ئەسەر توغرۇلۇق شىنجاڭ گېزىتىنىڭ يېڭى يېزىق بېتىدە ماقالىمۇ بېرىلدى. تېگىمىل ياخشى سىزىلغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى زىيالىيلارنىڭ كەچمىش - قىسمەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان هېكايە - ئوچېركلىرىڭىزنىمۇ بىرقانچە قېتىم چېلىقتۇردۇم. ياخشى، ياخشى، ئىككى بىسلىق تەرەققىي قىلىپسىز.

— شۇڭا خوتەندىن يۆتكەپ كەلدۇق - دە، — دېدى ئىشانوف كۈلۈپ قويۇپ، — خوتەندە چېغىمدىلا هېكمەتنى گۈزەل - سەنئەت بۆلۈمىگە قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم.

— قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچار، غۇلجىلاردىكى ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنى يىغىپ بولدىلا، — دېدى ئۆتكۈر ئەپەندىم چاي ئوتلاۋېتىپ، — ئەمدى خوتەننىمۇ ئالا قويماپتىلىدە. هېلىقى... ئىسمى زاتى كىم ئىدى؟ هە، دۇرۇس جارۇللا ئەخمىدىنىمۇ نەشرىياتلىرىغا تارتقان چاغلىرىبا.

— ئەسلىدە ئۇ كىشىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بۆلۈمىگە باشلىق قىلارمەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. بىراق، يازغۇچىلار

جەمئىيىتى تالىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

— ئۇنداقتا ئۇمىدلىرىنى ئۇزسىلە بولغۇدەك ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى تالاشتىمۇ ، بولدى ، ئېلىپ كەتكىنى كەتكەن . زوردۇن سابىرنىمۇ ئېلىپ كەتمىدىمۇ .

— ئۆزلىرىگە مەلۇم ئەپەندىم ، نەشرىيات كىتاب چىقىدىغان بۇلاق ، — ئىشانوف كۆكۈچ ئاق بۇدۇر چاچلىرىنى بارمىقىدا تاراپ قويدى ، — شۇڭا ئادەملىرىمنى سەرخىللاشتۇرمىسام ، كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە قانداقمۇ كاپالەتلىك قىلالايمەن .

— دۇرۇس ، دۇرۇس ، بىر ياخشى كىتاب مىڭ ياخشى ئادەمنى ئەھيا قىلغۇسى .

سۆھبەت نەشر قىلىنغان كىتاب - ژۇرناللار ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇن ، شەكىل ھەم يېزىلىش ئۇسلۇبلىرى ھەققىدە قىزىماقتا ئىدى . ھېكمەت ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ئۇنىڭ دۇرى - گۆھەرلەرنى سەپكە تىزغاندەك قىلغان گەپلىرى ، سۆز ئارىلىقلىرىدا ئەقلىيە دۇردانىلىرىنى نەقىل كەلتۇرۇشى ، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ قىسقا - قىسقا غەزەللىرىنى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇشى ماھىر ناتىق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى .

— ئۆتكۈر ئەپەندىم ، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ ، — ئىشانوف ئورنىدىن تۇردى ، — «ئىز» رومانىنى قاچان تاپشۇرماقچى بولۇۋاتىسىز ، بەلكىم ئۆزگەرتىپمۇ بولغانسىز ؟

— ئۇستىدىن كۆرۈپ ، تۆتىنچى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەۋاتىمەن ، — دېدى ئۆتكۈر ئەپەندىم كەمتەرلىك بىلەن ، — خەلققە خام - خاتا نېمەتنى تاپشۇرۇشقا كۆڭۈل ئىجازەت بەرمەيدۇ .

تونۇلغان ئالىمنىڭ بۇ سۆزى ھېكمەتنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى . چۈنكى ، ئەسىرىنىڭ چىققىنىغا خۇش بولۇپ ،

مىللەت ۋە خەلقنى ھەم ئۆزىنى ئالداپ ئەڭ ناچار «مال»لىرىنى بازارغا سېلىۋاتقان يازغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى .

بۈگۈنكى تونۇشۇش ھەم سۆھبەتتىن كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەن ھېكمەت ، ئىشانوف بىلەن ئۇزاپ چىققاندا ماشىنا ئۇستىنى قار بېسىۋالغان بولۇپ ، شوپۇر ئىسسىق كابىنكىدا ئۇخلاپ قالغانىدى . ئۇلار شۇ كۈنى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىنى پەتىلىگەندىن كېيىن نەشرىياتقا يول ئالدى .

— زوردۇن سابىر ئەدەبىي ـ ئىجادىيەت بۆلۈمىمىزنىڭ پىشقان تەھرىرى ئىدى ، مەن ئۇنى زور ئۈمىدلەر بىلەن غۇلجىدىن يۆتكەپ كەلگەنىدىم ، — ئىشانوف ماشىنا دېرىزىسىدىن شۇۋىرغان قۇترىغان كوچىلارغا قاراپ سۆزلىمەكتە ئىدى ، — بىراق ئۇنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئېلىپ كېتىشتى . ئۇنىڭ يېقىندا «ئابرال شاماللىرى» دېگەن رومانى نەشردىن چىقىدۇ ، تىلى ئىنتايىن پاساھەتلىك .

— زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرىمۇ ئادەمنى ئاجايىپ سۆيۈندۈرىدۇ ، — دېدى ھېكمەت ئىشانوفقا قاراپ قويۇپ ، — مەن بىرنەچچە ھېكايىسىنى ئوقۇپ ئۇنىڭ تالانتىغا ھەيران قالدىم .

— ھازىر ھېكايىچىلىقتا كۆزگە كۆرۈنگەن مېھرىدىن ھاشىر دېگەن بىر ياش يازغۇچى بار ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ كۆردىڭىزمۇ ؟ — ئىشانوف ھېكمەتكە قايرىلدى ، — پاھ ، پاھ ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ، يېڭىچە پىكىر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ .

— مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەن ، ئەمما ئەسەرلىرى بىلەن خېلى بۇرۇندىنلا تونۇش .

ھېكمەت قىسقىغىنا بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى : ئەدەبىيات ساھەسىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى زەھەرلىك چۆپ ھېسابلانغان ، مەنىۋى ئاچلىق زىيالىيلارنىڭ مادارىنى قۇ-

رۇتقان ، تىرورلۇق چېكىدىن ئاشقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە ، كامىل شەھەردىن كۆك تاشلىق بىر خاتىرىنى ئېلىپ كەلدى . بۇ خاتىرە ئەسلىدە لىرىك شائىر شادىمانىنىڭ بولۇپ ، ئۇنى ئالىمجان زىبەرۇللا ئوغرىلىقچە ئوقۇۋاتقانىكەن . ھېكمەت ، مۇرات ، توختى قۇربانلار خاتىرىدىكى ئاپتور ئىسمى يېزىلمىغان «قىزنىڭ ئۆلۈمى» سەرلەۋھەلىك قول يازمىنى مۇراتنىڭ ياتىقىدا بىللە ئوقۇشقان ، ئاندىن نۆۋەت بىلەن خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈۋېلىشقانىدى . مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ «ئەدەبىياتتىكى چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىش» شوئارىدىن كېيىنلا ، ھېكمەت بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى مېھرىدىن ھاشىر ئىكەنلىكىنى بىلدى .

— مۇقىتجان باھادىر دېگەن يېڭىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ياش يازغۇچى بار ، — دېدى ئىشانوف خىيال بىلەن ، — ئۇنىڭمۇ ھېكايە - پوۋېستلىرى ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ . ئۇ ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇب ياراتتى .

— ئۆزىنى تونۇمايمەن ، — دېدى ھېكمەت ، — لېكىن شوپۇرلار ھەققىدە يازغان بىر ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەكمۇ قايىل بولغانىدىم .

ھېكمەت كۆز قۇيرۇقىدا ئىشانوفقا قاراپ قويدى . بۇ ئادەم خۇددى نەشرىيات ئۈچۈنلا يارالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ، كىتابلار ، يازغۇچى - شائىرلار ، ئالىم - تەتقىقاتچىلار ھەققىدىلا سۆزلەيتتى . يېڭىدىن نەشر قىلىنغان قايسىدۇر كىتاب ، ئىلمىي ماقالە ، ئوبزورلار تۇغرۇلۇق مۇنازىرە بولغاندا جىددىيلىشىپ ھاياجانغا تولاتتى ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتەتتى . ھېكمەتنىڭ ئاڭلىشىغا قارىغاندا ئىشانوف ئەدەبىي تەرجىمە ھەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن . 50 - يىللاردا ئۇنىڭ بىر شېئىر توپلامى ئوتتۇرا ئاسىيا «يازغۇچىلار نەشرىياتى» دا نەشر قىلىنغانىدى .

ئىشانوف جىمىپ قالدى . ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ بىر نۇقتىدا قېتىپ قېلىشىدىن كۆڭلىدىن نېمىدۇر بىر ئىشى كېچىدە ۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى .

— ھېكمەت ، كامىلدىن ئاڭلىشىمچە سىلەر مەسۇم قابىل بىلەن تونۇشىدىكەنسىلەر ، شۇنداقمۇ ، — ئىشانوفنىڭ چىرايى تۇتۇلدى ، — بۇ لەنتى كامىل بىلەن ئىزچىل تىركىشىپ كېلىۋاتىدۇ . بۇلتۇر ئۇ كامىلنىڭ «ئىزگۇ تىلەكلەر» داستانى ئۈستىدە بىر ئوبزور يېزىپ ، ھەم يۇقىرى - تۆۋەن چىقىپ تاس قالدى كامىلنى ئەكسىيەتچى قىلىپ قويغىلى . ھېلىمۇ ياخشى ئاتاقلىق ئوبزورچى مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ماقالىسى دەل ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىپ ، زىيالىيلارنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى .

— ئۇنى سىز ئېلىپ كەلگەنمۇ ؟

— يوقسۇ ، ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى نامان سوپى «ئۇنداق شائىر ، مۇنداق شائىر ، مۇنداق ئوبزورچى ، ھەتتا ئۇستا خەتتات ، نەشرىيات ئۇچۇنلا يارالغان بەندە» دېگەندەك مەدھىيىلەشلەر بىلەن تونۇشتۇرغان .

— نامان سوپى كىم بولىدۇ ؟

— باللار ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ، سەل تۇترۇقسىز ئادەم . باشقىلار ئۇنى «نامان تېتىقسىز» دەپ دەپ ئاتىشىدۇ ، ھەر ھالدا مەسۇم قابىل ئالدىدا گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ .

ئىشانوف قار ئۇچقۇنداۋاتقان كوچىلارغا قارىغىنىچە «قارمۇ سىلكىپ قالدى . كۈن ئېچىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى - دە ، جىمىپ قالدى . ماشىنا قار تېقىلغان كوچىلاردا توسۇلۇپ ، ئاز - ئازدىن ئىلگىرىلەپ ئارانلا كېتىۋاتاتتى . ئىشانوفنىڭ بىر ئىش يادىدىن كەچتى بولغاي تۇيۇقسىزلا ھېكمەتكە قايرىلدى .

— ھېكمەت ، سىز تۇزۇم بويىچە بىر ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن خىزمەتكە چۈشىسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى ئىشانوف نەش-

ـرىيات ئالدىغا كەلگەندە ، ـــ شۇڭا ئەتىلا بىلەت ئېلىپ غۇلجىغا مېڭىڭلار ، موماينى خاتىرجەم قىلىپ قويمىسىڭىز بولماس .

ھېكمەت دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىدى . ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەن تۆت كۈندىن بېرى پۈتۈن ئىسيادى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ غوپۇر نىيازنى تېپىش كويىدا بولغاچقا ، ئۇرۇمچىدە ياشاۋاتقان ماھىگۇلنىمۇ ئۇنتۇغانىدى . خوتەندىن يۆتكىلىش ھارپىسىدا كۆرگەن چۈشى ئۇنى ئازابلاپ بىرەر دەقىقە ئاراملىق بەرمىدى . ئۇستىۋېشى جاراھەت بېسىپ كەتكەن ئەنۋەرنىڭ «مەن ئاتا دىۋانىسى ، مېنىڭ دادامنى قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېگەن ئىلتىجالىرى ، «دادا ، مەن سىزنىڭ ئون تۆت يىل ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان ئوغلىڭىز ئەزىمەت بولىمەن ، مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە كەتمەكچىسىز ؟» دەپ كۆتۈرگەن نالە ـ پىغانلىرى ھېكمەتنىڭ ئىچى ـ باغرىنى ساپان سالغان ئېتىزدەك تىلغىۋەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۇرۇمچىگە مېڭىشنى كېچىكتۈرۈپ لوپقا باردى . بىراق ، غوپۇر نىيازنىڭ ئەنۋەرنى ئېلىپ ئاغرىق ئايالىنى ئۇرۇمچىگە داۋالىتىشقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ سۇسىز قالغان گىياھتەك سولۇشۇپ قايتىپ كەلدى . ھېكمەت ئىككى كۈندىن بېرى ئۆيمۇ ئۆي پەتىلەپ يۈرگىنى بىلەن كۆڭلى ئوغلى ئەزىمەتتە ئىدى . بۇ قىسمەتلەرنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىلمىگەن ئىشانوفقا بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى . شۇڭا ، ئۇخشىتىپ بىر ھېكايە توقۇپ چىقتى .

ـــ ئىشانوفكا ، غۇلجىدىكى يېقىن تۇغقانلاردىن بىرسى داۋالانغىنى كەلگەنىكەن ، ـــ يالغان سۆزلەۋاتقان ھېكمەت پەسكە قارىۋالغانىدى ، ـــ ئەتە ـ ئۆگۈن دوختۇرخانىلاردىن ئىزدەپ باقاي دەيمەن .

ـــ ۋۇي ، نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىدىڭىز ـ ھە ؟ ـــ ئىشانوف چۆچۈگەندەك بولدى ، ـــ ھازىرلا ئىزدەپ كۆرەمدۇق .

ـــ يا ، ياق ئۇ تۇغقاننىڭ قايسى دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكى

ـنى بىلمەي تۇرۇپ سىزنى، شوپۇرنى ئاۋارە قىلسام بولامدۇ، ــ ھېكمەت قىزاردى، ــ بۇگۈن ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئۆزۈم ئەتە ئەتىگەندە ئۇقۇشۇپ كۆرەي.

ھېكمەت ياتاقتا كىرگەندە تۇرسۇنجان ئالىم تېخى ئىشتىن چۈشمىگەنىدى. ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئۈچى ئەگرى تۆمۈر زىختا كوچىلاپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بىر كۈرەك كۆمۈرنى ئاز-راق قالغان چوغ ئۈستىگە تۆكتى، ئاندىن كارىۋىتىغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزلىرى پۈتلىرىنى قۇچاقلاپ «دادا، جېنىم دادا…» دەپ نالە قىلىۋاتقان ئەزىمەتنى كۆرۈپ تۇراتتى…

ــ ئۇھ… ئەزىمەت ئوغلۇم شۇمىدۇ؟ بىراق ئۇ غوپۇر نىيازنىڭ نەۋرىسى ئەنۋەر تۇرسا… قانداق بولۇپ…

بىردىنلا ھېكمەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «دادىي…» دېگەن ئا-يانچلىق تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ نەق 67 ـ يىلى مەھبۇبە بىلەن ئىككىسى غوپۇرنىيازنى يولەشتۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن ۋاقىتتا ئىچكەركى ئۆيدىن ئاڭلانغان نىدا ئىدى. ھېكمەت دەپ ـ ئېيتقۇسىز پۇشايمان ئىلكىدە تولغىنىۋەتتى:

ــ ئاھ خۇدا، شۇ چاغدا يۈرىكىم نېمىشقا ئەنسىز سېلىپ كەتكەن بولغىيتتى؟ ئاتا ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلغان ئەزىمەت «دادىي» دەپ تەلمۈرسە، ئىسسىق باغرىمغا تەلپۈنسە، مەن نېمە ئۈچۈن بىلمىگەندىمەن.

كۆزلىرى ئىسسىق ياش بىلەن تولغان ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سائىتىگىمۇ قارىماي سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ مې-دىتسىنا ئىنىستىتۇتى دوختۇرخانىسىغا يول ئالدى. ئاپتوبۇس ھەربىر بېكەتتە توختاپ ئادەم سېلىپ، چۈشۈرۈپ ماڭغۇچە تە-قەززالىق ئىلكىدە قالغان ھېكمەت گويا ئوغلى ئەزىمەت بىلەن ھېلىلا كۆرۈشىدىغاندەك جىددىيلىشەتتى.

ھېكمەت دوختۇرخانىنىڭ دەرەخلىك ھويلىسىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى . غوپۇرنىيازنى شۇنچە نۇرغۇن بىنالارنىڭ قايسى بۆلۈمىدىن ئىزدەشنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ لوپقا ئىزدەپ بارغىنىدا ، ئۇنىڭ قوشنىلىرى «ئايالىنىڭ ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاتقىلى ئېلىپ كەتتى» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن ، ئۆتكەن ـ كەچكەن دوختۇر ـ سېستىرالاردىن سۈرۈشتە قىلىپ «ئاشقازان ـ ھەزىم» بۆلۈمىنى ئىزدەپ تاپتى . ھېكمەت كارىدور بويلاپ ھەممە ياتاقلارغا بويۇنداپ قاراپ غوپۇرنىيازنى تاپالمىغاندىن كېيىن ، كېسەللەرنى تىزىملاش بۆلۈمىگە كىرىپ نۆۋەتچى خەنزۇ سېستىراغا ئەھۋالنى ئېيتتى . لېكىن ، سېسترا تىزىملاش دەپتىرىنى ۋاراقلاپ غوپۇرنىيازنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمىنى تاپالمىدى . بۇ ئەسنادا ئاق خالات كىيگەن ، پوسمىسىنىڭ ئەتراپىدىن قوڭۇر چاچلىرى تولغىشىپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال كىرىپ كەلدى . ئۇ ھېكمەتنىڭ «ياخشىمۇ سىز» دېگەن سالىمىدىن كېيىن يالىتتىمدە قاراپ قويدى ـ دە :

— بىر كىمنى ئىزدەمسىز ؟ — دەپ سورىدى .

ھېكمەت ياتاقلار ئارا تولا تەكرارلاپ يادا بولۇپ كەتكەن سۆزنى ئالدىراپ ئېيتتى . ئايال بىردەم ئويلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى .

— ئادەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن بىمارلار ، — دېدى ئايال چۈشەندۈرۈپ ، — «خەلق دوختۇرخانىسى» دا داۋالىنىدۇ . سىز شۇ يەردىن ئىزدەپ كۆرۈڭ . بۇ يەرگە بىرئايدىن بېرى بۇنداق ئادەم كېلىپ باقمىدى .

— رەھمەت ، ئاۋارە قىلدىم .

— توختاڭا ، سىزمۇ خوتەندىن كەلگەنمۇ ؟

— مەن خوتەندىن «گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىغا يېقىندىلا يۆتكىلىپ كەلدىم .

— ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟
— ھېكمەت ئېلى.
— ھېكمەت ئېلى!؟ — دوختۇر ئايال بىردىنلا جىمىپ قالدى.
— نېمە، ئىسمىمنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟
— يا، ياق، ئۆزۈمچە… باشقىچە ئويلاپ قالماڭ.

ھېكمەت دوختۇرخانا ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ دەرەخلىكلەر ئارىسىدىكى يېشىل قائالتىرلىق بىنالارغا قاراپ قويدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ دوختۇرخانا تەۋەسىدىكى قايسىدۇر بىر بىنا، بۆلۈم ياكى بىر ئۆيدە ماھىگۈلنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالدى ۋە: «ئۇ ھازىر ئەرگە تەگكەندۇر، بەلكىم ئېرى بىلەن خۇشال - خۇرام تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىدىغاندۇر. ھە، ھېلىقى ئىسمى نېمىدى؟ توغرا، پازىل، پازىل…» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ دوختۇرخانا ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە، ئادەملەر بېكەتتە يىغىلىپ كەتكەندى. كۆن قىسقا بولغاچقا بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى، ئادەملەر ئۆيلىرىگە ئالدىرايتتى. ئاپتوبۇس ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىگەن، چۈش ھەم كەچ تەرەپلەردە ئاپتوبۇس بەكمۇ قىستا - قىستاڭ بولۇپ كېتەتتى. ھېكمەت بىر ئاماللاپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى. ئۇ، ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندە تۇرسۇنجان ئالىم ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت قالدۇرغانىدى. خەتتە: «يۇرتتىن تونۇش بۇرادەرلەر چىققانىكەن، بۈگۈن كېلەلمەيمەن» دەپ يېزىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىچ - كىيىملىرىنى يۇيۇپ يېيىۋەتكەندىن كېيىن يېتىپ قالدى.

ھېكمەت ئەتىگەن تۇرۇپ ئوچاققا ئوتمۇ ياقماي، سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇدى - دە، ئاشخانىغا چىقتى، ئاشپەز ئەزىزدىن بىرىم قاچا سۈت، بىرنان سېتىۋېلىپ، غىچىرلاپ تۇرغان شىرەگە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. سېمونت ئوچاق، ئەمبەل تاختا،

تاماق خۇرۇچلىرى قويۇلغان ئىشكاپلار تارلاشتۇرۇۋەتكەن بۇ كىچىككىنە ئاشخانا كۆرۈمسىز بولسىمۇ پاكىز ئىدى . لېكىن ، پەس تورۇسقا چاپلانغان ھەرخىل گېزىتلەر بۇستىن سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ ، ئىشىك يېپىلغان ـ ئېچىلغاندا ، ساڭگىلاپ قالغان پارچىلىرى لەپەڭلەپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى .

ھېكمەت ناشتا قىلىپلا پىيادە مېڭىپ كەتتى ، خەلق دوختۇرخانىسى نەشرىياتتىن ئانچىمۇ يىراق ئەمەس ئىدى . ئۇ تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تۇڭگان مەسچىتى يېنىدىكى تار كوچىلار بىلەن سەنشىخاڭزىنىڭ ئاۋات بازىرىغا چىقتى . بۇ يەردىن دوختۇرخانا بىناسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ھېكمەت دوختۇرخانا كارىدورىغا چاپلانغان ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ ئورۇنلىشىش سخېمىسىنى كۆرۈپلا ، ئاشقازان ھەزىم بۆلۈمىنى ئاسانلا تاپتى . نۆۋەتچى دوختۇر ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن تېزىملىكنى ۋاراقلىمايلا جاۋاب بەردى . غوپۇرنىيازنىڭ ئايالىنىڭ كېسىلى ئىككى ھەپتىدەك تەكشۈرۈشتىن كېيىن «ئاشقازان ئاستى بېزى راكى» ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ .

— كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، — دېدى دوختۇر گەپنى ئەگىتمەي ، — پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ كەتكەن ، شۇڭا بىز دەرھال قايتۇردۇق .

غوپۇرنىيازنىڭ نەۋرىسى ئەنۋەرنى «ئوغلۇم ئەزىمەت» دەپ ھېس قىلغان ھېكمەتنىڭ ئۈمىدى ئۈمىدسىزلىككە ، شادلىقى بىردەمدىلا ھەسرەتكە ئايلاندى . ئۇ ، غوپۇرنىياز ئىقرا بولسۇن ياكى چالۋاقاپ كەتسۇن ، ئەڭ بولمىسا ئەزىمەتنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋېلىش ياكى تونۇشلۇق بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . كۆز ـ يۇمۇپ ئاچقۇچە بەدەنلىرى بوشاپ ، پۇت ـ قوللىرىدىن ماغدۇر كەتكەن ھېكمەت ئېغىر قەدەملەر بىلەن دوختۇرخانا ھويلىسىغا چىقتى . ئۇ يولنىڭ چېتىگە ئورنىتىلغان شادا ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى .

ئەگەر ئەنۋەر ئەزىمەت بولۇپ قالغىنىدا ئۇنى ئېلىپ قالغىنى بولامدۇ؟ بۇ بوۋاي بىلەن موماي نى جاپا، رىيازەتلەر بىلەن ئون يەتتە ياشقا كىرگۈزگەن يۈرەك پارىسىنى «ئالىسلا غوجام» دەپ بېرىۋېتەرمۇ؟ دېگەن تەقدىردىمۇ قەدىناس ھەمرىيىدىن ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرغان بوۋاي تىكەندەك يالغۇز قېلىپ قانداق ئازابلارغا دۇچار بولار؟! بۇ غوپۇرنىيازنى تىرىك يېتى گۆرگە ئىتتىرگەندەكلا بىر قارا كۆڭۈللۈكقۇ! بالا پىراقلىرىدا بىر ئۆمۈر ئۆرتەنگەن ھېكمەت، بوۋاينىڭ ئاھ - زارىنى، پىغانلىق نىداسىنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزى نېمە بولۇپ كېتەر؟ دەرھەقىقەت، ھاياتنىڭ ئاخىرغىچە ۋىجدان ئازابىنى يۈكلىۋالىدۇ...

ھېكمەت يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ئىزىلىپ ئولتۇرغىنىدا، كۆڭۈل ئەينىكىدە بىر سۈرەت ئەلەڭلەپ گەۋدىلەندى: چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاي بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە ئۆگزىدە يىراق تامانلارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرى، بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن قورۇق ئېرىقچىلىرىدىن سىيرىلىپ، ئاق يىپەكتەك ساقاللىرىدىن تامچىلايتتى. ئۇ كىمنىڭدۇر يولىغا قارايتتى، زارىقىپ كۈتەتتى، كۈتكەنسېرى دولىسى سۇس تىترەپ، بەقۇۋەت تېنى لەرزىگە كېلەتتى...

كۆڭۈلچەكلىك، باغرى يۇمشاقلىق ۋە ئىنسانىي بۇرۇچ ھېكمەتنى ئۆز ئالىقانلىرىغا ئالغانىدى. ئۇ ئۇلۇغ تەرەپتىكى توغرىسىغا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى «سۆڭەك بۆلۈمى» دېگەن ۋىۋىسكىغا ئېرىنىپرەك قارىدى - دە، تۇيۇقسىزلا كۆڭلى ۋىللىدە يورۇغاندەك بولدى. چۈنكى، 65 - يىلى سەيدۇللا، سىراجى، ئابدۇللا قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ھەربىي سەپكە ھەم شوپۇرلۇققا قوبۇل قىلىنىپ كەتكەن يىلى، ئۆمەر ئىمىن ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ

مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان ، ھېكمەتكە بىرنەچچە قېتىم خەت يېزىپ مىننەتدارلىقنى بىلدۈرگەنىدى . ئۇ ئىككى يىل ئالدىدا خوتەنگە بارغىنىدا ، خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سۆڭەك بۆلۈمىدە باش ۋىراچ ئىكەنلىكىنى ماختىنىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى .

«ئۆمەر ئىمىن بىلەن بىردەم موڭدىشىپ ، كونا خامانلارنى سورۇشساق ، بۇ مەۋھۇم خىياللاردىن نېرى بولارمەن» دېگەن ئىستەكتە ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى . سۆڭەك بۆلۈمىنىڭ تار كارىدورى خېلى ئۇزۇن بولۇپ ، ئىككى تەرەپتىكى كېسەللەر ياتاقلىرىدىن ئىڭرىغان ، توۋلىغان ۋە خورەك تارتقان ئاۋازلار كېلەتتى . ئوشۇقىدىن تېشىپ تورۇسقا ئېسىپ قويغان پۇتلار ، قول - گەجگىلىرى گېپىستا قاتۇرۇلغان بىمارلار ئىشىك كۆزنەكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھېكمەت كارىدورنىڭ ئايغىدىكى دوختۇرلار ئىشخانىسىغا كىردى ، لېكىن ئۆمەر ئىمىننىڭ ئوپېراتسىيىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئارقىغا قايتتى . ئۇ كارىدور بويلاپ كېلىۋېتىپ ئون - ئون بەش قەدەم ئارىلىقتا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر ئايالغا كۆزى چۈشتى - دە ، چۆچۈپ كەتتى . بىمارلارنىڭ ئالا كىيىمىنى كىيگەن بۇ ئايال شەك - شۈبھىسىز ئامىنە ئىدى . «ئەينى يىللاردا ، تۇنجى مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ داغدا قويغان ، ئون يىل ئۆتكەندە كېچىكىپ توۋا ئىستىغبار ئوقۇپ ، كونا جاراھەتلەرگە تۇز سەپكەن ۋاپاسىز ئىسكىرىپكىچى قىز بىلەن كۆرۈشمەيمەن» دېگەن بىر ئوي ھېكمەتنىڭ كاللىسىدا خۇددى ئىيۇل چاقمىقىدەك چېقىن چېقىپ ئۆتتى . ئۇ يەر بېقىپ ماڭغىنىچە يولنى توسۇپ تۇرغان ئامىنەنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى . بىراق ، ئۈچ - تۆت قەدەم ماڭمايلا «ۋېيىەي ، سىز ھېكمەت ئەمەسمۇ» دېگەن كۈمۈچ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز ئۇنى جايىغا مىخلاپ قويدى . دۇنيادا كۆڭۈلدىن يۇگۈرۈك نەرسە يوق ئىكەن ، بۇ يېقىملىق ندا ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم بولۇپ ئۆتكەن

زىنمچۈەنزىنىڭ ئايدىڭ كېچىسىنى ، ساپسېرىق توغراق ئورماذ-لىقىنى ، دەم كۆچىيىپ ، دەم پەسلەۋاتقان گۈلخاننى ، شوخ قانلار ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقىنى ، لاۋىدەك كۆيۈۋاتقان يۈرىكىگە مەلھەم بولغان مۇزدەك لەۋلەرنى ، باغرىغا سىڭىپ كەتكەن بىد-راۋلارنىڭ «بىز نېمىدېگەن بەختلىك» دېگەن مۇڭلۇق مۇزىكد-دەك ئاۋازىنى ئەسكە سېلىپ ئۆتتى . ھېكمەت ئاستا كەينىگە قايرىلدى .

— سىز ھېكمەت ئەمەسمۇ ؟ ! — تونۇش ئاۋاز يەنە تەك-رارلاندى ، — راستىنلا مېنى تونۇمىدىڭىزما ؟

— سىز ؟… — ھېكمەت چاندۇرمىدى ، — ۋۇي ، سىز ئامىنەغۇ ! تۇۋا ، كەچۈرۈڭ ، پەقەتلا دىققەت قىلماپتىمەن .

ھېكمەت «بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسىز» دېمەكچى بولدىيۇ تىلىنى تىيىدى ، بۇنداق ئىككى قىرلىق سۆزلەرنى قىز - چوكاذ-لار ھەرخىل مەنەدە چۈشىنەتتى ، شۇڭا تاۋى نازۇك ئامىنەنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمىدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇرۇذ-قى ھاكاۋۇرلۇقى ، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان بەرنالد-قى ، باھار چېچەكلىرىدەك يۇمران چېھرى ، جازىبىدار خۇلقى — ھەممىسى تەڭلا يوقالغانىدى . شۇنداقتىمۇ چوڭ كۆزلىرىدىكى كىشىنى مەستخۇش قىلىپ قىينايدىغان سىرلىق جۇلا ھېلىھەم كۆز ئاپتىپىدەك يېلىنجاپ تۇراتتى .

ئامىنە ھېكمەتنى ئىككى كىشلىك كارىۋات قويۇلغان كد-چىككىنە ياتاققا باشلاپ كىردى . تۇرقىدىن سەكسەن ياشلارغا ئۇلىشىپ قالغان بىر خەنزۇ موماي بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاۋا-تاتتى . تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن تەمتىرەپ قالغان ئامىنە ، ھېك-مەتنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن كىچىك ئىشكاپنىڭ قاپقىقىنى ئې-چىپ تاتلىق - تۈرۈملارنى ئالدى . قىرلىق ئىستاكانغا چاي سېلىپ ئۇستىگە قايناقسۇ قۇيدى . ئۇ ، سۆزلىشىشكە ئەپلىك

بولسۇن ئۇچۇن ئورۇندۇقنى سۇرۇپ، ھېكمەتكە رۇبىرۇ بېقىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ تىزلىرى بىر - بىرىگە تېگىشىپ دېگۇدەك تۇراتتى. ئەمما، ئامىنەنىڭ بايىقى ھاياجان شادلىقى يوقىلىپ، رۇخسارىنى بىردىنلا غەمكىنلىك تۇمانلىرى قاپلىغانىدى.

— مەن ئىشەنمەيمەن، سىز قەستەن مېنى تونۇماسقا سالدىڭىز، — ئامىنەنىڭ يۇزى قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — توۋا، سىز ماڭا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىڭىزما؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن راستىنلا...

— ئېيتىڭا، مەن تونۇمىغۇدەك قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، پەقەت دىققەت قىلماپتىمەن...

— يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىڭىز كۆزلىرىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئامىنە سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، — سىز دەسلەپتە ماڭا قاراپ چۆچۈگەندەك بولدىڭىز، ئاندىن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كەتتىڭىز.

ئامىنەنىڭ سۆزگە چېۋەرلىكى، ئەڭ كىچىك ئىشلارنىمۇ يوشۇرغىلى بولمايدىغان سەزگۈرلۈكى، گۇمانخورلۇقى قىزىق قېنى بىلەن ساقلىنىپ قالغانىدى. ھېكمەت شېرىن - سۇخەن سۆزلىرى، قىزىق ھەزىللىرى ئارقىلىق بىر ھازا چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا ئۇ سەل ئېچىلغاندەك بولدى.

— قېنى چاي ئىچىڭا، ماۋۇ نەرسىلەردىنمۇ ئېلىڭ، — ئامىنە تاتلىق - تۈرۈملارنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — قانچە تەگكىنىم بىلەن ئەمدى بىكار، ئۆزۈمدىن ئۆتكەن...

— نېمە كېسەل بولۇپ قالدىڭىز، — كارىۋاتتا ئولتۇرغان ھېكمەت ئامىنەگە ئېگىلىشتى، — شۇنچە بەردەم، قاۋۇل چوكانمۇ دوختۇرخانىدا يېتىۋالامدۇ؟

— زاڭلىق قىلماڭ، — ئامىنە ھېكمەتكە لەپپىدە قاراپ قىزىرىپ كەتتى، — دېسەم گەپ تولا.

ئامىنە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئۇمۇرتقا سۆڭەك ئۆسمىسى بولۇپ قېلىپ يەرلىك دوختۇرخانىلاردا بىرنەچچە قېتىم داۋالانغان بولسىمۇ، ئۈزۈل - كېسىل ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ داۋالانمىغان دوختۇرخانا، مىللىي شىپاخانا، شەخسىي دوختورخانا، تېۋىپلار قالمىدى. بۇ قېتىم خەلق دوختۇرخانىسىغا كەلگەنلىكىگىمۇ ئىككى ئاي بولۇپ قالغانىدى.

— بۇ يەردىكى دوختۇرلار نېمە دەيدۇ، — سورىدى ھېكمەت چېيىنى قولىغا ئېلىپ، — ساقايتالامدىكەن؟

— ئۇلارمۇ ئامال قىلالمىدى، — ئامىنە خورسىنىپ قويدى، — مەن دوختۇرخانىغا كەلگەندىن بېرى بۇنداق كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ساقىيىپ چىقىپ كەتتى. دوختۇرلار مېنى بىيجىڭ سۆڭەك ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ بېرىمىز دەيدۇ.

— قاچان ماڭىسىز؟

— بەلكىم مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە مېڭىپ قالارمەن، — ئامىنە ھېكمەتنىڭ ئىستاكانىغا چاي قۇيۇۋېتىپ كۈلۈپ قويدى، — بولدى قىلايلى بۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى، سىز ھېلىمۇ خوتەندىمۇ؟

— ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگىنىمگە بەش كۈندەك بولدى.

— نېمە؟ — ئامىنە ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرالمىدى، — قايسى ئىدارىگە كەلدىڭىز؟

— گۆھەر زېمىن نەشرىياتىغا.

— پاھ، سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك، — ئامىنە ھېكمەتكە زوقلىنىپ قارىدى، — سىزنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھېكايە، ئوچېركلىرىڭىزنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندىم. سىزنى قوش كەسىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەپتۇ - دە.

— ھە، ئۆزىڭىز توغرۇلۇق بىر نېمە دېمىدىڭىزغۇ، — سورىدى ھېكمەت قىزىقسىنىپ، — ياكى بۇ سوئالىم ئارتۇقچە بولۇپ كەتتىمۇ؟

— مەن بايىنغولىن سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيمەن. بىر قىز، بىر ئوغلۇم بار، يولدۇشۇم ئىنژېنېر، ئۇنىڭ مىجەزى بەك ياخشى ئادەم، — ئامىنە بىردەم جىمىپ كەتتى، — ھەي... تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بىرنېمە دېمەك تەسكەن.

ئامىنە مەكتەپ ئازادلىق ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىدا چېنىقتۇرۇلىۋاتقان يىللىرى، ئۇرۇش تەييارلىقى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا، «مەركەز كورلىغا يۆتكىلىدىكەن، ئۇرۇمچى مەخسۇس سانائەت شەھىرى بولىدىكەن» دېگەن مىش - مىش گەپلەر تېرىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كورلىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، كەلگۈسى مەركەزنىڭ مەدەنىيەتلىك پۇقرالىرىدىن بولۇشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشتى. شۇ قاتاردا ھېكمەتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئامىنەمۇ كورلىغا كېتىپ قالغانىدى. ئۇ، سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى غەمسىز، تەشۇىشسىز ئوقۇغۇچىلىق دەۋرلەر، دوستلىرى، رىقابەت بىلەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقلىرى، ھەپتىدە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش، تانسىلار، سەنپەنكۇنىڭ قارىياغاچلىق ئورمانلىقىدىكى سىرلىق ئۇچرىششلار ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرى، توختىماي باش چايقاشلىرىغا ئاجايىپ چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغانىدى. ۋاقىت ھەم رېئاللىق ساڭا باقمايدىكەن، ئۇ ھەممە - ھەممىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە قادىر بولۇپ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭ مەغرىبتە بولسا، سەن مەشرىقتە تۇمشۇقىڭدا چۈشىن قوروۇپ يۈرۈيدىكەنسەن. نەزەر سالساڭ بىر بۇردا نانغا، يىرتىق كېپىشكە تەلمۈرگەن دەلدۇش — دېۋانىلەرنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشى قونۇپ، سېخى - ساخاۋەتچىلەرنى ئۇنىڭ قولىغا قاراتسا، بىر قارىساڭ جاھانغا پاتمىغان زەردارلار قۇتۇر ئىتتىنمۇ رەزىللىشىپ، ئالىقاندەك كېپەن بىلەن بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىنى تاشلاپ باقىيغا يالىڭاچ

كېتىۋاتقان . باشقىلارنى زار ـ زار قاقشىتىپ ، خۇددى ئۆلمەيدى-
غاندەك يىغقان دەپنە ـ دۇنيالىرى قانداقتۇر هارامزادىلەرنىڭ
قولىغا قېلىۋاتقان ، دۇشمەنلىرى كۈلىۋاتقان ، هەمپېكىرلىرى
هەسرەتتە قالغان !… قىسقىسى ، ئاشۇ ئازغىنە ئۆمۈر مەنزىلىدە
ئاقىۋەتنى ئويلىماي ، بۇ دۇنياغا تۇۋرۇك بولىدىغاندەك تېرىمىز-
گە سىغماي ئۆتۈدىكەنمىز . ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىمىزنى يوقى-
تىپ قويغانلىقىمىزنى ئۇ دۇنياغا كېتەر چېغىمىزدا ، ئەڭ بول-
مىسا نۆۋەر چاغلار ئۆتۈپ پۇرسەت كەتكەندە پۇشايمان بىلەن
ئەسكە ئالىدىكەنمىز… قاراڭ مۇنۇ ئىسكىرىپكىچى قىزغا ! ئۇ
ئالىي مەكتەپ بويىچە كىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلىپ باققان ؟ ئۇنىڭ
شۇ چاغدىكى كىبىرى ، مەنمەنلىكى ، قۇياشنى خىرە قىلغۇدەك
ئارزۇ ـ هەۋەسلىرى نەگە يوقالدى ؟ ۋاقىت هەم رېئاللىق ،
ئۆزگىرىشچان قىسمەتلەر ئۇنىڭ ئىقبال ـ تىلەكلىرىگە ، ئاتىسى-
نىڭ ئىمتىياز ـ هوقۇقلىرىغا باقمىدى ، هەتتا قېتىغا ئېلىپمۇ
قويمىدى ! ئۇ ، ئاشۇ يىللاردا هېكمەت ئۇرۇمچىگە تەقسىم قىلىن-
مىغۇچە ، يۇرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۇلۇغ رۇھ : ياخشى كۆ-
رۈش ، بىتاقەت سۆيۈشتەك ئاللا ئاتا قىلغان مۇهەببەتتىنمۇ تەرك
قىلدى . ئەگەر هېكمەت تەقدىر قىسمەت بىلەن ئۇرۇمچىدە قالمى-
غان بولسا ئۇ ، مۇقەددەس مۇهەببىتىنى هېچ ئايانماي قارا يەرگە
دەپنە قىلىۋەتكەن بولار ئىدى . دەرۋەقە ، ئامىنە جاهاننىڭ ئويۇن-
لىرىنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندى ، ۋاقىت هەم پۇرسەت ئۆتۈپ
كەتتى . هايات مۇساپىسىدىكى دوقاللار ئۇنى شۇنچىلىك ئۆزگەر-
تىۋەتكەن ئىدىكى ، ئۇ هازىر شۇنچە مۇلايىم ، ساددا ، ئوچۇق ـ
يورۇق ، قىسقىسى ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرە سەهىپىلىرىدەك
سەمىمىي ئىدى .

ـــ قېنى هېكمەت چاي ئىچىڭچۇ ، توختاڭ ، چىيىڭىز
سوۋۇپ قاپتۇ ، باشقىدىن دەملەي ، ـــ ئامىنە هېكمەتنىڭ ئۇند-
مىغىنىغا قارىماي ئورنىدىن تۇردى ، ـــ هېكمەت ، هېلىقى يىلى

ربىي ئوقۇغۇچىڭىز ئېلىپ كەلگەن خەتتە قايتا ئۆيلەندىم ،
پ يېزىپتىكەنسىز ، بۇ قېتىم ئايالىڭىزنىمۇ يۆتكەپ كەلدىڭىزمۇ ؟
— ياق ، تەشكىل هازىرچە مېنى يۆتكىدى ، — هېكمەت
غان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى ، — ئۇنى بىرەر ئورۇن تېپىل-
، ئاندىن يۆتكىمەكچى .
— قاراڭ هېكمەت ، بۇرۇن مەن ئىسكىرىپكىلا چالاتتىم ، —
ىنە قەستەن تېمىنى يۆتكىۋەتتى ، — كېيىن ناخشا ئېيتىشنى
گەندىم ، سىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟
— مەشەدىما ؟ — هېكمەت تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتقان خەنزۇ
ماينى ئىشارە قىلدى ، — ئۇنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يېتىپ
لار ، كېيىنكى قېتىمدا .
— كېيىنكى قېتىمدا ؟ مېنى تولا ئالدىماڭ ، — دېدى
ىنە رەنجىگەندەك قىلىپ ، — قەستەن تونۇماسقا سالغان ئادەم
ە كېلەمدۇ ؟ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئالدىڭىز «خويمۇ قۇتۇلدۇم»
رسىز .
— شۇنداقمۇ دەرمەنمۇ ؟
ئامىنە قىزىرىپ يەرگە قارىدى . چۈنكى ، هېكمەت بىلەن
نۇشقان ئاشۇ يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالداپ باققانلىقىد-
، يالغان ئېيتىپ سەممىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى ئەسلىيەل-
ىدى . ئەدناسى ۋاپاسىزلىق ئۆزىدىن كەلدى ، هېكمەتتىن كەل-
ىگەنىدى .
ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلغان يىللاردىكى هايات سەرگۈ-
شتىلىرىنى سۆزلىشىپ ، مۇڭ تۆكۈشۈپ بىردەم ئولتۇرۇشقاند-
ن كېيىن ، هېكمەت قايتا يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
رنىدىن تۇردى . ئامىنە ئۇنى بالنىتسا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ
يدى ۋە ياشلىقىدا ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بۇ يە-
ىت دوختۇرخانا هويلىسىدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر قاراپ
ردى...

«ئۇنتۇلماس كۈنلەر» دەپ پىچىرلىدى ھېكمەت بالىنىتسا بوسۇغىسىدا قاراپ تۇرغان ئامىنەگە قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ. دەرۋەقە، ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن دوستى كامىلنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇش، تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن تونۇشۇش، قەدىناس ساۋاقدىشى ئامىنە بىلەن تويۇقسىز ئۇچرىشىش، بولۇپمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر يازغۇچى، شائىر، ئالىملارنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇش مۇشۇ تۆت - بەش كۈن ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئۇنتۇلماس كۈنلەر ئىدى...

# ناتىۋاننىڭ تىلىكى

ھېكمەت يەتتە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا كىر بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى ۋە يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەر - تاشلىرىنى سۆكۈپ يۇدى . ئۇچاق ئۇستىگە قويۇلغان چېلەكتىكى سۇدىن پار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاچقىمۇ ياتاق مۇنچىدەك ئىسسىپ كەتكەنىدى . كەچتە ئىشتىن چۈشكەن تۇرسۇنجان ئالىم دۇۋىلەنگەن كىيىملەرنى كۆرۈپ ھېكمەتنى جىملەپلا كەتتى .

— ئاپلا ، كىر يۇيۇۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ ، بۈگۈن گېزىتخانىدىكى بىر ئاغىنىمىز چاقىرىپ قويۇپتىكەن ، بىللە بېرىپ كېلەيلى دېگەنىدىم ، — دېدى تۇرسۇنجان بىر تەرىپىگە يانتۇ تاردۇالغان شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، — قالغىنىنى قويۇپ تۇرسىڭىز قانداق ؟

— رەھمەت تۇرسۇنجان ، — ھېكمەت ئۆزرە ئېيتتى ، — بىرمۇنچە نەرسىنى چىلاپ قويۇپتىمەن ، يۇيىۋەتمىسەم كىيىملەر كىر ئىچىپ قالار .

— ئۈگۈنلۈككە يەكشەنبە بولغاندىن كېيىن ، شۇ چاغدا يۇسىڭىز بولمامدۇ ؟

— ئەتە كامىلنىڭكىگە بارىمەن ، ئاندىن يوقلايدىغان بىر كېسەل بار ، — دېدى ھېكمەت سەۋەب كۆرسىتىپ ، — يەكشەنبە كۈنى كىيىملىرىمگە دەزمال سېلىپ ، نەرسىلىرىمنى رەتلىۋالسام ، دۈشەنبە كۈنى غۇلجىغا ماڭمىسام بولمايدۇ .

تۇرسۇنجان نارازى بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى . ئۇ ئائىلىسىنى ئاقسۇدىن يۆتكەپ كەلمىگەچكە زېرىكىپ قالامدۇ - نېمە ، ھەر كۈنى كەچتە ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېتەتتى .

ياكى بىرەر ئاشخانىدا پاراڭلىشىپ ئوتتۇرا كېچىلەردە يېنىپ كېلەتتى يەكشەنبە باش كۈتۈرمەي ھېكايە يازاتتى .

ھېكمەت يۇيۇلغان كىرلەرنى ياتاقتا تارتىلغان تانىلارغا يېيىۋېتىپ ، ئوچاقتا كەپلەپ كۆمۈر سالدى ـ دە ، يېتىپ قالدى . ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا تۇرسۇنجان ئاللىقاچان ئىشقا چىقىپ كەتكەنىدى . ھېكمەت نان بىلەن ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن چامادانىدىكى قاتمۇقات ئورالغان بولاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ قېلىپ ئېغىر تىندى . ھېكمەتنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويغان بۇ بولاقتا ، نەفىسە جېنىنى تىكىپ ساقلىغان كىتابلار بارئىدى . كامىل ھېكمەتنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلغان كۈنى ، بۇ كىتابلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى . ئۇ : «مەن مۇشۇ ھەپتە ئۆيدە بولىمەن ، مۇھىم ئەسەرلەرنى ئىشخانىدا كۆرگىلى بولمايدۇ » دېگەنىدى .

ھېكمەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقتى . ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى . قىش ئاسمىنى كۆپكۆك سىياھ-تەك تاۋلىنىپ تۇراتتى . ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ ، سۈزۈك ئاسماندا ئالىقاندەكمۇ داغ كۆرۈنمەيتتى . فېۋرال قۇياشى يۈزلەر-نى زەھەردەك چاقسا ، ئاپئاق قارنى چاقنىتىپ كۆزلەرنى ئاچۇر-غىلى قويمايتتى . زېمىستان قىشنىڭمۇ ئۆزىگە تالىق شادلىقى ، كۆڭۈل ئاۋىندۇرىدىغان ئويۇنلىرى بار ، ئەتراپنى قاپلىغان ئاپ-ئاق پاكىز لىباس ، سوغۇق ساپ ھاۋا ، شوخ بالىلار ياساپ قويغان قار بوۋايلار پاكلىقنى نامايەندە قىلىپ كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى . پەلتوسىنىڭ ياقىلىرىنى ئۆرىدەپ ، كۆل رەڭ كۆرپە قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن ھېكمەت كامىلنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى چىڭدالغان قار ھەر قەدەم ئالغىنىدا بىرخىل رىتىم بىلەن غاچىلدايتتى . كامىل نەنلياڭدى-كى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېڭى سېلىنغان بىنانىڭ ئۈچىنچى

قەۋىتىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ھازىر «كلاسسىكلىرىمىز» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئىدى. بۇ ژۇرنال چەت ئەللەرگىمۇ چىققاچقا كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىيلىكى، تارىخىي ۋە بەدىئىي چىنلىقىغا قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. بولۇپمۇ نەشرىيات باشلىقى ئىشانوف بۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى بولغاچقا، تەھرىرلەنگەن ئەسەرلەرگە تولىمۇ يۇقىرى تەلەپ قوياتتى، بىرەر سەھىپىنىمۇ ئالا قويماي كۆرۈپ چىقىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

كامىلنىڭ ئايالى مېھراي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەش ياشلىق قىزى رامىلە يەسلىدە تۇراتتى. شۇڭا كامىل كۆپىنچە ئۆيىدە ئەسەر كۆرەتتى.

ھېكمەت ئۆرۈمچىنىڭ قىش مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ كوچا ئاپتوبۇسىغىمۇ چىقماي نەشرىيات قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنى بىر ـ ئىككى قېتىم بوشراق چېكىشى كامىل ئىشىكنى ئاچتى.

— بەللى، ئۆرۈمچىگە كېلىۋالساڭ سېنى تاپقىلى بولمايدىكىنا، — دېدى كامىل ياسىما ئاچچىقلاپ، — نەشرىياتقا ئىزدەپ نەچچە باردىم. گۈزەل ـ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يۈڭ: «ئائىلىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە بىر ئايلىق رۇخسەت ئالغان» دەيدۇ.

— ئۆيۈڭگە باشلامسەن ياكى تامغا قاراپلا يانىمەنمۇ، — دېدى ھېكمەت مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، — بولمىسا مېھرايدىن «باشلايمۇ» دەپ رۇخسەت ئېلىپ چىقامسەن؟

— ھەي، ھەي، گېپىڭ نىمانداق ئاچچىق، — دېدى كامىل ھېكمەتنى مېھمانخانىغا باشلاپ، — سەنچىزە ئۆرۈمچىدىلىك ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا خوتۇنىدىن سورىماي كېكىرەلمەيدىغان، «خوتۇنغا خوش دېمەپتىمەن» دەپ يېرىم يولدىن يېنىپ كېلىدىغانلاردىن چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بىر نېمە دېمەك تەس ، — ھېكمەت دوستىنىڭ چىشىغا تەگدى ، — بارغانلا ئۆيۈمدە ئەرلەرنى قازان بېشىدا كۆرىمەن ، شۇڭا دەيمىنا...

— كېلە - كەلمەي تاپقان گېپىڭنى كۆرەيمۇ ، — كامىل كۈلۈمسىرەپ ، — سەن مۇراتنىڭ ئۇدۇمىنى كىيىپلا چىقىپسەن ، قەستەن ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدىغان .

ھېكمەت دوستى مۇراتنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەنلا ، چىرايىنى مىسكىنلىك قاپلاپ جىمىپلا كەتتى . بۇنى سەزگەن كامىل ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە سۆزلەۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي ، ھېكمەتنىڭ پەلتو - قۇلاقچىلىرىنى ئېلىپ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . بۇ ئەسنادا : «ئاھ مۇرات ! مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشساڭچۇ كاشكى» دېگەن بىر ئەلەملىك پىغان ھېكمەتنىڭ باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى . ئۇنىڭغىچە كامىل كىرىپ كەلدى .

— كىتابلارنى ئەكەلدىڭمۇ ؟ — سورىدى كامىل تەقەززالىق بىلەن ، — قېنى ئالغىنا .

ھېكمەت سومكىسىدىكى بولاقنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ دوستىغا سۇندى . كامىل خۇددى قولى كۆيۈۋاتقاندەك يۆگەلگەن گېزىتلەرنى ئاۋايلاپ ئاچتى ھەم نەفىسەنىڭ نازۇك بارماقلىرى تەگكەن ، مۇبارەك نەپەسلىرى سىڭگەن ئۈچ كىتابنى ئېلىپ ئاستا - ئاستا لەۋلىرىگە ئاپاردى...

شىرە ئۈستىگە يېيىلغان «دىۋانى مەھزۇن»[1] ، دىۋانى نەۋبەتى[2] لەرنىڭ خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان قولىيازما نۇسخىلى-

[1] مەھزۇن — 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەندە ئۆتكەن شائىر .

[2] نەۋبەتى — 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەندە ئۆتكەن شائىر .

رى ۋە ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ خەمسەسى ھەم چاھار دىۋانىنىڭ چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەڭ قەدىمكى قولىيازما نۇسخىلىرىغا كۆز گۆھەرلىرى ئېقىپ كەتكۈدەك تىكىلىپ تۇرغان كامىلنىڭ يۈزىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ياش ئۇنچىلىرى كۆڭلەك ياقىلىرىغا تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— ھېكمەت !... ھېكمەت !... — كامىلنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى، — ئەجەپ ساۋاپ ئىش قىلدىڭ... مېنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى نەفىسەنىڭ نامىدا چىقىرىپ، ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىش قىيامەتلىك قەرزىم...

— بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما، بۇ ئەسەرلەرنى كەپتەر ئۇۋىسىدا يوشۇرۇپ، يامانلارنىڭ قولىدا پەرسىدە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان نەفىسەگە ئابىدە تىكلىسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، بۇ... بۇ مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم.

ئۇلار قەنت - گېزەكلەر بىلەن چاي ئىچىشكەچ ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھېكمەت ئالىمجان زىھرۇللا، ئامانىللا، شادىمان، ئەزىز تارمۇشلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. شۇنداقلا ئون بەش ياشقا كىرىپ قالغان گۈلچىنىئاينىڭ ئەقىللىق چوڭ بولغانلىقى، سەئىدەنى ھازىرغىچە ئۆز ئانام دەپ بىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى.

كامىل نەشرىياتتىكى ھازىرقى خىزمىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. چۈنكى، ئەسىرلەر بويى كۆمۈلۈپ قالغان ئەجدادلار مىراسلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىي بۇرچ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، كامىلنى يۆتكەپ كەتمەكچى بولغان «پەن - تەتقىقات كومىتېتى»نىڭ خىزمىتى ھازىرقى خىزمىتى بىلەن ئوخشاشلا مۇھىم بولسىمۇ ئۇ يۆتكىلىشنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ

ئۇلار ھازىرغىچە خەۋەردارلىق قىلىۋاتاتتى. لېكىن، كامىلنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرغىنى ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مەسۇم قابىل ئىدى. خۇددى «ئۆچ بولماڭ، گىرىپتار بولارسىز» دېگەندەك ئاشۇ پاسىق بەندە بىلەن ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە بىرگە بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈڭ. ئەينى يىللاردا دوستلارنىڭ جانىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ قۇتقۇزغان كىتابلارنىڭ ئاشۇ لەنىتىنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن كۆلگە ئايلانغانلىقىنى بىرەر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقىرالمىغان كامىل «ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىسام، ئاسىي چىرايىنى كۆرمىسەم، ناپاك سىيماسىغا قارىمىسام» دەپ ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆز بەرگەنسېرى، ئۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغان يەردە ئۇچرىشىپ قالاتتى ۋە بىئىختىيار سەسكىنىپ كېتەتتى. شۇڭا، بەزى چاغلاردا مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن يۆتكىلىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسۇم قابىلنىڭ تىلى ياغلىما، بويىنى يۇمشاق، بىلى ئەۋرىشىم بولغاچقىمۇ، خۇددى «بەگ يالاقچىغا ئامراق، ئىت شاتراقچىغا» دېگەندەك، يۇقىرى ـ تۆۋەندىكى باشلىقلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا يېقىندا نامان سوپى ئارقا ـ ئارقىدىن دوكلات يېزىپ ئۇنى ئۆزىگە مۇئاۋىن مۇدىر قىلىۋالدى.

— بولدى ھېكمەت، سىڭمىگەن تاماقتەك ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، — دېدى كامىل قول سىلكىپ، — قېنى دېگىنە، ماھىگۈل بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— ياق، — ھېكمەت دوختۇرخانىغا بارغانلىقىنى دېمىدى، — غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆرۈشۈپ قويارمەن.

— «كۆرۈشۈپ قويارمەن» دېگىنىڭ نېمىسى، — كامىل تېرىكتى، — ئۇ پات ـ پاتلا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ يوقلاپ كەلدىم دېگىنى يالغان، ئەمەلىيەتتە سېنىڭدىن خەت كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى مېھرايدىن سۈرۈشتۈرىدىكەن، نېمە-

لا دېگەنبىلەن ماھىگۈل قېيىنسىڭلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ . ئۇنىڭمۇ بەخت - تەلىيى چىقمىدى . تۆت يىل ئىلگىرى پازىل دېگەن دوختۇر بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ ھەممە تەييارلىق پۈتكەندە ماھىگۈل يېنىۋالدى .

— ئۆتۈنۈپ قالاي كامىل ، شۇ گەپلەرنى قىلىشمايلىچۇ .

— قىلىشماي بولمايدۇ ، — كامىلنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆزگەردى ، — ئاڭلىسام مەھبۇبەدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقىنىڭغا ئون يىلدەك بولۇپ قاپتۇ . گۈلزىبا ئالەمدىن ئۆتتى . ئەزىمەت بولسا تېپىلمىدى . بىر قىزىڭ ئاتىسىز يۈرسە ، بۇ نېمىدېگەن سورۇقچىلىق ! سېنىڭ ئۆمرۈڭ ھەسرەت ، جۇدالىق ، ئازاب ئىچىدە ئۆتەمدۇ ؟

— ئەزەلدىن تەقدىر - پېشانەم شۇنداق ئوخشايدۇ ، — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرمەي ، — بۇنى كىمدىن كۆرەي .

— بىلىمەن ، مەھبۇبەنى ساڭا تېگىپ بىز خاتا قىلغان ، بىراق سېنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىڭنى كۆزدە تۇتمايمۇ بولمايتتى ، — كامىل ئىككى تال تاماكا ئېلىپ بىرنى ھېكمەتكە تەڭلىدى ، — گۈلزىبادىن ئايرىلدىڭ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئوغلۇڭ تۇيۇقسىزلا يوقالدى ، شۇنىڭدىن كېيىن سەن ھېچنېمىگە ھەپىلىسى يوق ، غەلىتىلا ئادەم بولۇپ قالدىڭ…

— گۈلزىبا ، گۈلزىبا ! ھەي گۈلزىبا ! — چىنىدىكى قوشۇقتا تىكىلىپ قالغان ھېكمەت بەكمۇ ئاستا شىۋىرلىدى ، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى سۈزۈك ياش بىلەن تولدى ، — ئۇ… ئۇ… مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنى ، ھازىرىمنى ، كەلگۈسۈمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ… بىلەمسەن كامىل ، ھازىر مېنىڭ يۈرىكىم بىر پارچە مۇز ، ئاڭلاۋاتامسەن ، مۇز…

ئىككى دوست جىمىپ كەتتى . كامىل جەينىكىنى شىرەگە قويۇپ پېشانىسىنى قاماللىۋالغان بولسا ، ھېكمەت ئىككى تىزىغا

تايانغىنىچە بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار-
نىڭ ئېغىر نەپەسلىرى كۆركەم جابدۇلغان مېھمانخانىدا ئېنىق
ئاڭلىناتتى.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن، — كامىل ئاستا بېشىنى
كۆتۈردى، — مەھبۇبەدىن ئاجرىشىپلا كەتسەڭ بولماسمىدى.
ئۇنى ئۇ ياقتا قىيناپ، ئۆزۈڭ بۇياقتا قىينىلىپ يۈرگىچە.

— ئۇ ئاجرىششقا ئۇنىمىدى، بىر ياقتىن ئۆزۈمنىڭمۇ
ئىچىم ئاغرىپ قالدى، — ھېكمەت باش كۆتۈرمەي سۆزلەۋاتات-
تى، — بولۇپمۇ ئايال كىشىنىڭ كۆز-ياشلىرىغا بەرداشلىق
بېرەلمەيدىكەنمەن.

كامىل دوستىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ
كەتكەن ئەپۇچانلىق، كۆڭۈل ئاياش، ئىچ ئاغرىتىش ئۇنى بىر
ئۆمۈر قۇربان بەرگۈزۈپلا كەلدى... بىراق ئۇ بۇنداق قۇربانلىق-
نىڭ ئازابىنى لەززەت دەپ بىلىدىغانلاردىن ئىدى. ھېكمەت
بۇنداق «لەززەت» لەردىن لەززەت ئالغانسېرى، ئازابلار ئۇنىڭغا
گويا بىر تۇغقان قېرىنداشتەك بەكمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى!...

ئۇلار خوتەندىكى دوستلىرى ھەققىدە بىردەم پاراڭلىشىپ
ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ھېكمەت كەتمەكچى بولۇپ قوزغالدى.
كامىل ئۇنىڭ پەلتو، قۇلاقچىسىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يې-
زىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشى، ھېكمەتنىڭ
تامغا ئېسىلغان رامكىلارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ ماي بوياق
رەسىملەر ئەينى يىللاردا، ياشلىقنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان قانلىرى،
مۇھەببەت شەربەتلىرى بىلەن سىزىلغان «ئايدىڭ كېچە»، «بۇ-
لاقتىكى شۇلا» لار ئىدى. ھېكمەت يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ
رەسىملەرگە ئۇزۇنغىچە قادىلىپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ پۈتۈن تىنى
كۆزگە ئايلانغاندەك مۇراتنىڭ سىيماسىغا تىكىلىپ قالدى. مۇ-
رات ئۇنىڭغا: «ھە، مۆمىناخۇن، تېرىكمەيسەنغۇ» دېگەندەك
كۈلۈپ تۇراتتى. ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالغان

ھېكمەت دەرھال گەپكە تۇتۇندى :
— كامىل ، «ۋىدالىشىش» كۆرۈنمەيدىغۇ ؟
— ئۇنى ئامانلىلا ئېلىپ قالغان ، ھە توغرا ، «ۋاپا» نى بىركىمگە بېرىۋەتمىگەنسەن ؟ ئۇنىڭغا خان ئانام بەك ئامراق ئىدى .
— ئۇنى ، — ھېكمەتنىڭ چىرايىغا غەم بۇلۇتلىرى سو - قۇلدى ، — مەھبۇبە كۆيدۈرۈۋەتتى .
— كۆيدۈرۈۋەتتى ! — كامىل چۆچۈپ كەتتى ، — نېمە ئۈچۈن ؟
— بىلمەيمەن ، ئۇ «كۆڭۈل ئۇغرىلايدىغان نەرسىكەن» دەپ ئويلىدىمۇ ، ئەيتاۋۇر كۆيدۈرۈۋەتتىغۇ...
— ھەي نادانلىق ، نادانلىق ، بىز نېمانداق ئەيىبسىز تولا خەق .
ھېكمەت يېزىقچىلىق ئۆيىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا قاي-تىپ چىقتى . چۈشمۇ بولۇپ قالغانىدى . مېھراي «بۈگۈن چۈش-تە كېلەلمەيمەن» دەپ قويغاچقا ، كامىل ھېكمەتنى دوستلۇق كىنوخانىسى يېنىدىكى كىچىك ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلدى .
— كامىل ، — دېدى ھېكمەت قىزىق چۆچۈرىنى ئىلەش - تۈرۈۋېتىپ ، — ئاڭلىسام مەسۇم قابىل ئىككىڭلار بىر قەپەس جەڭ ئويناپسىلەرغۇ .
— قۇلىقىڭ ئەجەپ ئۇزۇنغۇ سىنىڭ ، ئۇياقتىن كېلىپ بولغۇچە بۇياقتىن ئاڭلاپ بوپسەن ، — كامىل قوشۇقىنى چىنىگە تىكلەپ قويدى ، — ئۇزۇنغىچە ئايان «ئىزگۇ تىلەكلەر» مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن قايتا يازدىم . بۇرۇنقىسىدەك چىقمىغان بولسىمۇ ھەرھالدا بولۇپ قالاتتى . بىراق ، «يۇلغۇن» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ بىرەر ئاي ئۆتكەن-دە ، مەسۇم قابىلنىڭ «ئىزگۇ تىلەكلەر نېمىگە يەتمەكچى» دې-گەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى . ئۇ كۆپلىت ، مىسرا ، سۆزلەر-

گىچە ئوپېراتسىيە قىلىپ، مېنى ھېلىلا قولغا ئېلىپ كېتىدىغان
ئەكسىيەتچىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

— ئۇ زادى نېمە دېمەكچىكەن، — ھېكمەتنىڭ قاپقارا
قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلغانىدى، — ئەسلىدىمىغۇ ئۇ بىر مۇنا-
پىق ئىدى.

— مەن «ئىزگۈ تىلەكلەر» ئارقىلىق قانداقتۇر بىردەۋر-
نى ئارزۇ قىپتۇمىشمەن، — كامىل زەردە بىلەن دېمىغىنى
قاقتى، — ئەكسىيەتچىلەر قويىنىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، كاپىتا-
لىزمنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇزۇمىنى چىللاپتىمەن، قىسقى-
سى زەھەر - شالىسىنى بولدى دېگۈچە چېچىپتۇ.

— بۇ خۇددى 58 - يىلدىكى ئوڭچى - يەرلىك مىللەتچى-
لەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، تېيىپجاننىڭ «تۇگىمەس
ناخشا» شېئىرىدىكى «بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن، ئاۋارىمەن
تېخى يېتەلمەي» دېگەن مىسرالارنى «سەن يېتەلمەيۋاتقان قايسى
پەللە» دېگىنىدەك بىر ئىش بوپتۇ- دە. شائىر شۇ شېئىرى
ئارقىلىق قانچە دەشۋارچىلىقلارنى تارتمىدى - ھە.

— شۇنداق بولغان، — كامىل ھاياجانلاندى، — يەنە بىر
شېئىر بولىدىغانغۇ، ھە، توغرا «يوللۇق ئالما»، قېنى تېكىستى-
نى بىر ئوقۇپ بەرگىنە، ئەجەپ پاساھەتلىك شېئىر ئىدى.

ھېكمەت بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئەتراپىغا قاراپ قويدى -
دە، كامىلغا ئېگىشىپ پەس ئاۋازدا شېئىر تېكىستىنى ئوقۇدى:

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سىغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا دائىم ئال مېنى.

كېتىسەن يالغۇز ئۆزۈڭ ،
يىراق دېمەي يول ئارىسى .
كەتتىغۇ سېنىڭ بىلەن .
كۆيگەن يۈرەكنىڭ پارىسى .

— پاھ ، پاھ ، قاپىيە ، تۇراق ، ۋەزىن مەزمۇنغا بىرلىشىپ شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە سىڭىپ كەتكەن ، — كامىلنىڭ بىردىنلا قوشۇمىلىرى يىغىلدى ، — بىراق ئەينى يىللاردىكى ئىت بېلىقلىرى بۇ شېئىرنى لېيىتىپ «چەت ئەلنىڭ قويندىغا ئۆزىنى ئېتىش» ، «ۋەتەنگە ئاسىيلىق» ، «چەت ئەلگە قاچقانلارغا مەدھىيە» ، «قۇترانقۇلۇق» دېگەندەك بىرمۇنچە توقۇناق - بالالارنى ئاتىمىدىمۇ !

— مەسۇم قابىلنىڭ ماقالىسىگە دوست تارتىپ بېرىدىغانلارمۇ چىقتىمۇ ؟ — ھېكمەت ئەسلى تېمىغا قايتتى ، — ئاڭلىسام نامان سوپى دېگەن بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىنمىشقۇ ؟

— ئۇمۇ بار ، نامان سوپى ماقالە ئېلان قىلمىغىنى بىلەن سورۇنلاردا جامائەت پىكرى قوزغاش بىلەن شۇغۇللاندى ، — كامىل پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى ، — ئەڭ خەتەرلىكى نۇردۇن خوجا .

— ۋۇي ، ھېلىقى كاتتا يازغۇچىما ؟ — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — ئۇنىڭ «جەسۇر ئەۋلاد» رومانى پۈتۈنلەي شوئار ، مەدھىيە ، رېئاللىققا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان ئېتىقسىز بىر نېمىغۇ .

«جەسۇر ئەۋلاد» 40 ـ ، 50 ـ يىللاردىكى دېھقانلار تۇرمۇشى تېما قىلىنغان رومان ئىدى . ئۇ نەشىردىن چىقىش بىلەنلا زىيالىيلار ئارىسىدا رومانىنىڭ كۆپۈك رېئالىزم ، يالغان رېئالىزم ، ساختا رېيالىزم پاتقىقى ئاستىدا بۇرمىلانغان سىياسىي

رەڭۋازلىقنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ھەققىدە غۇلغۇلا قوزغىدى. شۇ چاغدا كامىلنىڭ بۇ رومانغا قارىتا يازغان «ساختىلىق ھەقىقەتنى ياپالمايدۇ» سەرلەۋھىلىك ئوبزورى ئېلان قىلىندى. بۇ ئوبزور ئېلان قىلىنىپ كۆپ ئۆتمەيلا مەسئۇم قابىلنىڭ «رومانچىلىق كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق مەدھىيە ماقالىسى بېسىلدى. بۇ ماقالىدىن كېيىن گويا غەزەپ قېپى يېرىلغاندەك بىر قانچىلىغان ئوبزورچى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىنكار ماقالىلىرى ئارقا ئارقىدىن بېسىلدى. ئەمما، بۇ مۇھاكىمە مۇنازىرىلەرنىڭ خاتىمىسى مەسئۇت پەيزۇللانىڭ «ئىڭرىغان نالە — ناخشا ئەمەس» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بولدى. ئۇ بارلىق قەلەمكەشلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى.

— مەنمۇ خوتەندە چاغلىرىمدا مەسئۇم قابىلنىڭ شېئىرلىرىنى پات - پاتلا گېزىتلەردە كۆرۈپ قالاتتىم، — ھېكمەت زەردە بىلەن كۈلۈپ قويدى، — ھەممىسلا بىر قېلىپتىن چىققان شوئار، مەدھىيىۋازلىق!

— سەنمۇ ھېس قىلىپسەن، — دېدى كامىل بىكارلانغان چىنىسىنى سۈرۈپ قويۇپ، — دەۋر نەدە، ئۇ نەدە؟ قايسىلا گېزىتنى ئالما ئاشۇ ئىسىم، ئاشۇ كونا گەپ، بىرلا مۇقام، بىرخىل ھەلەپنى چايناۋېرىش.

— ھەي، تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەسئۇم قابىل يۇقىرىغا كىتابلا ئەمەس ئادەمنىمۇ چاقىدۇ، دەيدۇ، بۇ راستمۇ، — ھېكمەت كامىلنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— شۇڭا زىيالىيلار ئىچىدە ئۇنى «تايغان» دەپ ئاتىشىدۇ، — كامىل شىرەگە مۇشتلىدى، — بىلىسەنغۇ، تايغاننىڭ پۇراش سېزىمى ناھايىتى ئۆتكۈر.

ھېكمەت دوستى بىلەن خوشلىشىپ دۆڭ كۆۋرۈكنىڭ قىزىق بازىرىغا كەلدى. ئۇ، ئامىنەنى يوقلاش ئۈچۈن كونسېرۋا، ناۋات، سامسا دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ سومكىسىغا

سالدى ـ دە ، خەلق دوختۇرخانىسىغا باردى ، ئۇ يەردىن كەچرەك يېنىپ ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . بۇگۈن شەنبە بولغاچقا تۇرسۇن-جان ئالىمنىڭ كەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ نەشرىيات-تىن ئەكىرىپ بەرگەن كونا ساندۇقتەك رەڭسىز تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويدى . ئۇچلا قانىلى بار بۇ تېلېۋىزورنىڭ غەلىتە خۇي-لىرى بارئىدى . خۇشى كەلسە چىقىپ ، خۇشى كەلمىسە چىق-مايتتى . بۇنداق ۋاقىتتا دۇمبىسىگە ياكى ئىككى بىقىنىغا مۇشت بىلەن گۇملا ئۇرسا « مانا مەن غۇجام» دەپ چىقىۋېرەتتى .
هېكمەت ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ، كوچىدا ناشتا قىلغاچ مۇنچىغا چۇشۇپ كەلدى . تۇرسۇنجاننىڭ چوغ دەزمىلىنىڭ كۇل-لىرىنى قېقىپ تەييار قىلىپ قويغاندىن كېيىن ، ئالدى بىلەن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى كۆكلىمەكچى بولۇپ چامادانىنى ئاچتى . يىپ ـ يىڭنە قۇتىسىنى ئىزدەۋېتىپ قولىغا گۇلزىبانىڭ قىپقىد-زىل چاچ تۇمارى چىقىپ قالدى . مەرھۇمەدىن قالغان بىردىنبىر يالداما مۇشۇ تۇمار ئىدى . كېسۋېلىنغان دەرەخ غولىدىكى خاتى-رە خەت ، «ۋاپا» رەسىمى مەھبۇبە تەرىپىدىن كۆيدۇرۇلدى . گۇلزىبا بىلەن بىللە چۇشكەن سۆرىتى خوڭۋېيبىڭلار ئۆي ئاخ-تۇرغاندا يوقالدى . شۇڭا ، بۇ تۇمار هېكمەتنىڭ سۆيۇنىدىغان ، گۇلزىبا ئورنىدا مۇڭدىشىدىغان سىردىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئۇ تۇمارنى سۆيۇپ كارىۋات ئۇستىگە قويدى ــ دە ، چامادان ئىچىدىن قول ياغلىققا تۇگۇلگەن تۇگۇچنى ئالدى . بۇ ، مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ قەبرە توپىسى بولۇپ ، هېكمەت ئۇچۇن تەۋەر-رۇك هەم تۇتيا ئىدى . هېكمەت توپىغا قاراپ مەۋھۇم ئويلارغا چۆككەنمۇ بولارئىدى ، بىراق ئىشىك چېكىلىپ قالدى . ئۇ قولى-دىكى تۇگۇچنى چامادانغا سېلىپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى . هېك-مەت كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇز بىر ــ ئوتتۇز ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى ئاجايىپ سۇباتلىق ، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۇلۇپ تۇرغان ، ئاي يۇزلۇك چېھرى كۆز قاماشتۇر-

غۇدەك نۇرانە، سەرۋى بوي، لاتاپەت بابىدا نۇقسانسىز گۈلزىبا تۇراتتى!... شۇنداق، ئۇ گۈلزىبا ئىدى!... ياق، ياق ماھىگۈل تۇراتتى... ماھىگۈل!...

— ھېكمەت ئاكا!...

ماھىگۈل سىلىققىنا قەدەملەر بىلەن كەلدى - دە، ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى ۋە ئىسسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ تولىمۇ مۇڭلۇق مىچىلداپ يىغلىشىغا، ئاچچىق كۆز ياشلىرىغا، ئاچىسى گۈلزىبا، ئىنىسى نەبى، جىيەنى ئەزىمەت، بىر ئۆمۈر خورلۇقتا ئۆتكەن ئانىسى بۇمەرىيەملەرگە بولغان سېغىنىش شەربەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قارا بەختىگە ئېچىنىش، ئۆكۈنۈش زەردابلىرى ھەممىدىن بۇرۇن تۇكۇلۇۋاتاتتى. ھېكمەت «سەۋر قىلىڭ» مەنىسىدە ئۇنىڭ دولىسىغا ئاستا پەپىلەپ قويدى. ماھىگۈلنىڭ سىلكىنىۋاتقان سۇمبۇل چاچلىرىدىن تېخى ئۇنتۇلمىغان بىراۋلارنىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى...

ھېكمەت ماھىگۈلنى باشلاپ ياتىقىغا ئېلىپ كىردى - دە، كارىۋات ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان قىزىل تۇمارنى ئالمان - تالمان ئېلىپ چامادانغا يوشۇردى، ئەمما بۇ ئىش ماھىگۈلنىڭ دىققەت نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى. شۇ ھامان بۇ قېرى قىزنىڭ يادىغا مەھبۇبەنىڭ نەبىگە يازغان خېتىدىكى: «يۈرىكىنى بىرىنچى ئايالى بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان قەلب سارىيىغا مېھمان بولۇپ كىرىپتىمەن، بۇ سارايدىن شۇنداق بىر ئەكس سادا ياندۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ساھىبجامال مېھمانىغىمۇ ئۆزىنىڭ سوغۇق ھەم سىرلىق تەبەسسۇمىدىن باشقا ساھىبخانلىق قىلالمايدۇ...» دېگەن سەھىپىلەر كەلدى. ماھىگۈل كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قول ياغلىقىنى يۈزىگە باسقىنىچە باشقىدىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. تەمتىرەپ قالغان ھېكمەت ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى:

— ماھىگۈل، نېمە بولدىڭىز؟ ئۆزىڭىزنى ئۇنداق بىئارام قىلماڭ...

— توغرا ، مەن ئەسكى ، مەن يامان ، سىزگە قارا كۆڭۈل-لۈك قىلىپ ، دىلىڭىزنى رەنجىتتىم . لېكىن... لېكىن... گۈلزىبا ئاچامنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ مەندەك تەنها دەردمەن-نى يوقلاپ قويسىڭىز نېمىڭىز كېتەتتى ؟ — تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك بۇ گەپلەر ھېكمەتنى گاڭگىرىتىپ قويدى ، — دوخ-تۇرخانىغا بېرىپسىز ، مېنى يادىڭىزغىمۇ ئالماپسىز ، ئەگەر دوستۇم رازىيە ئاخشام دېمىگەن بولسا ، يۆتكىلىپ كەلگىنىڭىز-دىنمۇ خەۋەرسىز قالىدىكەنمەن .

ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ «دوستۇم رازىيە» دېگەن سۆزىدىن دوختۇرخانىدىكى قوڭۇر چاچلىق ئايال دوختۇرنى ئەسكە ئالدى . ئۇنىڭ ھېكمەتتىن ئاسماقچىلاپ گەپ سوراپ كېتىشلىرىدىن ماھىگۈلنىڭ ھازىرقى گېپىدىن ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېقىن دوستلۇق رىشتىسى بارلىقىنى ، ھەتتا سىرى ئەسرالار-دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ چاي دەملىدى ، خوتەندە دوستلىرى يوللۇق تۇتقان ياڭاق مېغىزى ، قۇرۇق ئۈزۈم ، بادام-لارنى گېزىتكە ئېلىپ شىرەگە قويدى — دە ، ماھىگۈلنى ئورۇن-دۇققا تەكلىپ قىلدى .

— قېنى ، بۇ يەرگە كېلىڭ ، چاي ئىچەيلى ، نانمۇ ئەكى-رىپ قويماپتىمەن .

چىنە ئىستاكان بىلەن كۇرۇشكىغا قۇيۇلغان قايناق چايدىن كۆتۈرۈلگەن ھور ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇسقا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . قېيناكا ھەم قېيىنسىڭىل نېمە دەپ ، نېمە قويۇشنى بىلمەي جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى . گەرچە ماھىگۈلنىڭ كۆڭلىنى سارامىسىمگە سېلىپ تۇرغان نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ ، قايسى-سىدىن گەپ تېشىشنى بىلمەي تۇراتتى . ئاچىسى گۈلزىبا توغ-رۇلۇق سۆزلىسە كونا جاراھەتلەرنى قوزغاپ قوياتتى . ئەزمەت ھەققىدە بىرنېمە دېسە ئوخشاشلا ھېكمەتنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغانغا باراۋەر ئىدى ياكى ئۆزى يازغان ھېلىقى لەنىتى خەت

ئۇچۇن كەچۇرۇم سورىسۇنمۇ؟ بۇمۇ بولمايدىكەن . شۇنچە يىللار ئۆتۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نەپرەت تۇمانلىرى سۇسلىشىپ ، ئاران مۇشۇنچىلىك «يىلمان» ئاكا بولغىنىدا ، قاملاشمىغان بىر گەپ ئېغىزدىن چىقىپ كەتسە ، ئۇنىڭ غەزەپ ئوتىنى قايتىدىن پۇۋلىگەندەك بولۇپ قالارمۇ؟... ھازىرغىچە يازغان خەتلىرىگە ئالىقاندەك قەغەزنى ئاياپ جاۋاب قايتۇرمىغان نەبى توغرۇلۇق گەپ سوراش تېخىمۇ ئەپسىز ئىدى .

بۇ ئېغىر سۇكۇتتىن تەڭلىكتە قالغان ھېكمەت ماھىگۇلنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن نەبىنىڭ «سالىمىنى» يەتكۇزۇشتەك يالغاننى توقۇدى . ئاندىن ئۆزىنىڭ قاچان يۆتكىلىپ كەلگەنلىكى ۋە كەلگەندىن كېيىنكى پەتىلەرنى سۆزلەپ ، ئۆزىنىڭ ئەتە غۇلجىغا ماڭىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويدى .

— دوختۇرخانىدا ئىزدىگەن ئادىمىڭىز كىم بولىدۇ ، — دېدى ماھىگۇل ياشلىق كۆزلىرىنى سۇرتۇپ ، — ئاڭلىسام ، سىز ئۇنى بەك ئەستايىدىل سۇرۇشتە قىلىپسىز .

— بۇ... — تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن ھودۇققان ھېكمەت ئەزىمەت توغرۇلۇق گۇماننى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى ، — مۇنداق ئىشتى ، 67 - يىلى لوپتا جىن - شەيتانلارنى ئازاد قىلىش ۋاقتىدا غوپۇرنىياز دېگەن بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغان . خوتەندىن يۆتكىلىش ۋاقتىمدا شۇ ئادەمنىڭ ئايالىنى داۋالىتىش ئۇچۇن ئۇرۇمچىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم...

ئارىدا يەنە جىمجىتلىق ھۆكۇم سۇردى . ماھىگۇلنىڭ يايمىچىنىڭ دۇكىنىدەك بولۇپ كەتكەن ياتاقتا قاراپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى . تانىغا ئېسىلغان كىيىملەر ، كارىۋات ئۇستىدىكى سۆكۇلگەن يوتقان - كۆرپىنىڭ ئەستەر - تاشلىرى ، ئوچاق ئۇستىدىكى دەزمال ھېكمەتنىڭ سەپەر ئالدىدىكى تەييارلىقىدىن نىشان ئىدى . ماھىگۇل بۇگۇن مەشەدە كۇننى كەچ

قىلىشىنىڭ يولىنى تاپقاندەك بولدى ـ دە، چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى.
— ھېكمەت ئاكا، سىز سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان
ئوخشايسىز، — دېدى ماھىگۈل شىرەنى يىغىشتۇرۇپ، — مەن
يوتقان ـ كۆرپىلىرىڭىزنى كۆكلەپ بولۇپ، كىيىملىرىڭىزگە
دەزمال سېلىپ بېرەي، بۈگۈن مېنىڭ دەم ئېلىش كۈنۈم.
— سىزدەك كاتتا دوختۇرنى ئەرزىمەس ئىشلارغا سالسام
قانداق بولىدۇ، — ھېكمەت نېمە دەپ سالغانلىقىنى ئۆزىمۇ
بىلمەي قالدى، — بولدى، ئۆزۈملا قىلاي.
— توۋا، نېمە دەۋاتىسىز، — ماھىگۈل ھېكمەتنىڭ كۆز-
لىرىگە تىكىلىپ بىر ھازا گەپ قىلالماي قالدى، — بۈگەپ
ئاغزىڭىزدىن قانداق چىقتى، مېنى قاچانغىچە يەكلەيسىز؟ كىچە-
كىمدىن تارتىپ ئىشلىرىڭىزنى قىلىشىپ بېرەتتىمغۇ، ئۇنداق
ناتونۇش ئادەمدەك بولىۋالماڭ، مەن يەنىلا شۇ ماھىگۈل...
ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ سۆزلىرىدىن سەل ئىزا تارتىپ قال-
دى. راست، ئۇ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا سۈرگۈنگە ھەيدەلگەندە
چىت كۆڭلەكلىك، نازۇك بەدەن، شەرمى ـ ھايالىق مۇشۇ قىز
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زار ـ زار يىغلاپ لاسكوينىڭ شاللىقلىرىغىچە
ئەگىشىپ كەلگەنىدى! ياقا يۇرتلاردا تېۋىنگۇدەك قاياشى، يۆلەن-
گۈدەك ھىماتى بولمىغان بىر سۈرگۈن مۇساپىرنىڭ دەردلىرىگە
دەرمان، جاراھەتلىك يۈرىكىگە مەلھەم بولۇپ، سۇنۇق كۆڭلىنى
ئاۋۇندۇرغان مۇشۇ ماھىگۈل ئەمەسمىدى؟!
— كەچۈرۈڭ، ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتتى، ئۆزۈم-
مۇ بىلمەي قالدىم، — ھېكمەت ساددىلىق بىلەن كۈلۈپ قوي-
دى، — مەن سىزگە يىپ ـ يىڭنە ئېلىپ بېرەي.
ھېكمەت چامادانىنى ئاچقاندا ماھىگۈل ھېلىقى قىزىل تۇمار-
نى يەنە كۆرۈپ قالدى. «دەرۋەقە، گۈلزىبا ئۇنىڭ قەلب سارىيى-
دا يەنىلا مېھمان ئىكەن، ئۇ ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى ھېچكىمگە
بەرمىسە كېرەك...» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ماھىگۈل،

مەھبۇبەنىڭ خېتىدىكى : «شامۇ سەھەرلەردە گۈلزىبا ئاچامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن...» دېگەن مىسكىن سادانى قايتا ئاڭلىغاندەك بولدى .

— ئەمىسە ماھىگۈل ، سىز يوتقان - كۆرپەمنى كۆكلەپ بېرىڭ ، — دېدى ھېكمەت يىپ - يىڭنىنى سۇنۇپ ، — مەن كىيىملىرىمگە دەزمال سالاي .

— سالالامسىز ؟

— بۇ ساھەدە ئۇستاز بولالايمەن .

ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىشتى . شىرەدە كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقان ھېكمەت ، كارىۋات ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يوتقان كۆكلەۋاتقان ماھىگۈلنىڭ بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان توم ھەم ئۇزۇن چېچىنىڭ خۇددى قارا يىلاندەك ئاياغ - تىزلىرى ئەتراپىدا سويلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز تىكىلىپ قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇمارلىق چاچلار ئايان بولغانىدى . ئۇ ، قۇرۇم كۆلىدىكى يالغۇز ئارالدا قولىغا يۆگەپ ئوينىغاندەك ماھىگۈلنىڭ چاچلىرىنى تۇتۇپ باققۇسى كەلدى ، لېكىن بۇ تېتىقسىز خىيالدىن دەررۇلا چۆچۈپ كەتتى .

ئۇلار جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشقاندەك ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر - بىرىگە لەپپىدە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشاتتى ۋە ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ھەققىدە قىسقا - قىسقا سوئاللارنى سورىشاتتى .

— ھېكمەت ئاكا ، — ماھىگۈل ھېكمەتكە قارىمايلا سورىدى ، — مەھبۇبە ئاچامنى قاچان يۆتكەپ كېلىسىز ؟ ئايال كىشى ئۇچۇن تەنھالىق ئازاب .

— ئاڭلىسام ئۇرۇمچىدە ئورۇن تاپماق تەسكەن ، كېيىنچە بىر ئامال قىلارمەن .

— ئۇچقۇنئايمۇ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ ؟

— 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئون ئىككى ياشنى تۈگىتىدۇ .

لوپ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ .

— نېمىشقا لوپتا ئوقۇتتۇڭلار ؟

— مەھبۇبە «ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكىسىدىن ياردەم قىلالمايمەن ، تاغام غاپپارنىڭ قېشىدا ئوقۇسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى .

— ھېكمەت ئاكا ، غۇلجىدا قانچىلىك تۇرارسىز ؟

— بىرەر ئايدا قايتىپ كېلەرمەن .

ھېكمەت سۆھبەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى خالىمايتتى . شۇڭا ، قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئوقۇش تارىخى ، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ، نېمە ئۈچۈن توينى ياندۇرۇۋېتىپ تەنھا يۈرگەنلىكى قاتارلىق ھايات كەچمىشلىرى توغرۇلۇق چىش يېرىپ بىر نېمە سورىمىدى . ماھىگۈلمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلگەندەك ھال ئېيىتىپ ، ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشنى خالىمىدى . باش چۆكۈرۈپ كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقان ھېكمەت ئىشىنى تۈگىتىپ ، دەزمالنى ئوچاق ئۈستىگە قويۇپ قويدى . ماھىگۈل بولسا يوتقاننى تۈگىتىپ ، كۆرپىنىڭ ئاخىرقى بىر تەرىپىنى كۆكلەۋاتاتتى .

— ماھىگۈل ، چۈش بولۇپ قاپتۇ ، مەن سىرتتىن تاماق ئەكىرەي ، — دېدى ھېكمەت قاپقاقلىق كورىنى قولىغا ئېلىپ ، — بىردەمدىلا كىرىمەن ، ئىشىك ئالدىدىلا تۇڭگاننىڭ ئاشخانىسى بار .

ماھىگۈل خۇددى شۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، ھېكمەت چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئېتىكىسىز قالغان چامادانىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ قىزىل تۇمارنى ئالدى - دە ، يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى .

— جېنىم ئاچا ، پەرىشتە ئاچا !… ئۇمىدىم ئاچا !… — ماھىگۈل تۇمارنى لەۋلىرىگە چىڭ بېسىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى ، — سەن ھېكمەتكامنىڭ يۈرىكىنى ھېچكىمگە بەرمە… بۇ ناتىۋان سىڭلىڭنىڭ تىلىكى…

# سودىگەرنىڭ ئوغلى

ھېكمەتنىڭ غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشۈپ كەتكىنىگە ئۈچ ئاي بولدى. گۈزەل - سەنئەت بۆلۈمىدە بىر - نەچچە كەسپىي ئىشخانىلار بولۇپ، رەسىم توپلىمى ۋە كالېندار چىقىرىش، مۇقاۋا لايىھىلەش، چاتما رەسىملىك بالىلار كىتابلىرىنى ئىشلەش، فوتو سۈرەتچىلىك كەسپلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. باشقارمىدىكى يىگىرمە سەككىز ئادەم بەش ئىشخانىغا بۆلۈنۈپ ئىشلەيتتى. باشقارما باشلىقى لى يۈڭ بېغىدا پىشىپ قالغان خەمەكتەك جاغدا، گەپنى تېز قىلىدىغان، ئالدىراقسان، ئاستا مېڭىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ داۋاملىق ئىش ئۇيۇشتۇرۇش، زاۋۇتلارغا بېرىپ بېسىلىۋاتقان كالېندار، رەسىم توپلاملىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، رەسساملار بىلەن سۆھبەتلىشىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىر كۈن كەچكىچە يورغىلاپلا يۈرەتتى. ئۇنى ھەممىسى لى جۈرىن دەپ ئاتىشاتتى، لېكىن بەزى ھەزىلكەش مۇھەررىرلەر «لى يورغا» دەپمۇ قويۇشاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ خىزمەتنى ئېدىتلىق، پۇختا، چۆكۈنۈپ ئىشلەيدىغان جاپاكەشلەردىن ئىدى. ھېكمەت كېلىپلا «مۇقاۋا لايىھىلەش» بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. بۇ بۆلۈمدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، شىۋە مىللىتىدىن تەركىب تاپقان ئون گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى بار بولۇپ، بۆلۈم باشلىقى، ئېگىز، قامەتلىك، قاپقارا يالپا يۈزلۈك لىيۇخەنچىڭ دېگەن خەنزۇ كىشى ئىدى.

ھېكمەت بارا - بارا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ كەتتى. بۇ بۆلۈمدىكى يەتمىشتىن ئارتۇق

مۇھەررىر ئون نەچچە كەسپىي ئىشخانىلاردا ئىشلەيتتى. ئىشانوف ھەرقايسى جايلاردىن تاللاپ يۆتكەپ كەلگەن يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمانلار ئاساسلىق كەسپلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، بۇ يەردە ئەسلىدە بار بولغان پېشقەدەم ئاقۋاش مۇھەررىرلەرنىڭ تەربىيىلەپ يېتەكلىشى ئاستىدا، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدىكى غول قوشۇنغا ئايلانماقتا ئىدى.

«گۆھەر زېمىن» نەشرىياتىدىن ھەرخىل تىلدا چىقىدىغان ژۇرناللار ئۆزىلا ئون نەچچىگە يېتەتتى. ئىشانوف: «ھەي ئېپىسىت، جارۇللا ئەخمىدى پىشقان ژۇرنالىست ئىدى، ئۇنى مىڭ تەستە ھەل قىلىپ يۆتكەپ كەلسەم يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئېلىپ كەتتى ئەمەسمۇ» دەپ پات ـ پات ئاغرىنىپ سۆزلەپ قوياتتى. ژۇرناللارنىڭ ئىچىدە «جاھان ئەدەبىياتى»، «كلاسسىكلىرىمىز»، «چولپان» قاتارلىق ئايلىق، پەسىللىك، قوش ئايلىق مەجمۇئە ۋە ئەدەبىي ژۇرناللار خەلقئاراغا يۈزلەنگەنىدى.

يۈز قەدەمدەك كارىدور بويلاپ كەتكەن شۇنچە نۇرغۇن ئىشخانىلاردا گويا ئادەم يوقتەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. باش چۆكۈرۈپ تەھرىرلەش، كوررېكتوردىن ئۆتكۈزۈش، باش مۇھەررىرلەر تەكشۈرۈش، تەھرىر ئىشخانا مۇدىرلىرى تەستىق سېلىش، نەشر بۆلۈملىرى باسما زاۋۇتلىرىغا ماڭدۇرۇش دېگەندەك ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىشلار يۈرۈشۈپ تۇرسىمۇ، ئۈچ قەۋەتلىك بۇ بىنا ئىچىدە ئۈنلۈكرەك يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

ۋەزىپىدىن سىرت ئورۇنلانغان تەھرىرلىك، تەرجىمە، مۇقاۋا ۋە رەسىملەر ئۈچۈن مەخسۇس خادىم ئىشخانىمۇ ئىشخانە كىرىپ قەلەم ھەققى تالونلىرىنى بېرىلەتتى. ھېيت ـ بايرام ۋە خاتىرە كۈنلەردە ھەرخىل پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تۆھپە كۆرسەتكەن پېشقەدەم مۇھەررىرلەردىن تارتىپ ياش مۇھەررىرلەرگىچە تېگىشلىك مۇكاپات، تەقدىرنامىلەر تارقىتىلاتتى. ئالتە

خىل تىل ـ يېزىقتا نەشر قىلىنىۋاتقان ھەرخىل كىتابلار خۇددى
تومۇرلىرى قۇرۇماس بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۇنچە ـ
دۇرلارنى ئەسلىتەتتى . قىسقىسى ، گۆھەر زېمىن نەشرىياتىنىڭ
راسا گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان دەۋرلىرى ئىدى .

مۇقاۋا لايىھىلەش رەسساملىقنىڭ نازۇك بىر تۈرى بولۇپ ،
بەكمۇ ئىنچىكە ، زىل ھەم نەشرىياتچىلىقتا كەم بولسا بولمايدى-
غان كەسىپ ئىدى . ھېكمەت ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇسۇل ۋە يوللى-
رىنى بىلىۋالغۇچە قىينالغان بولسىمۇ كېيىنچە ئۆزلىشىپ كەت-
تى . ئۇ ئايدا ئىككى مۇقاۋا لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل
ئورۇندايتتى . سىزماقچى بولغان مۇقاۋىنى شۇ ئەسەرنىڭ مەس-
ئۇل مۇھەررىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كەلگەندىن
كېيىن ، قايتا ـ قايتا كىچىك رەڭلىك نۇسخىلارنى سىزاتتى ،
ئاخىرىدا ئاساسىي مۇقاۋا لايىھىسىنى پۈتتۈرۈپ چىقاتتى . هاياتـ-
نىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىدا پىشىپ ، تۇرمۇش بىلەيلىرىدە
ئۆتكۈرلىشىپ ، ھەرىكەت ئوچاقلىرىدا تاۋلىنىپ ، ئۆمرىدە كۆر-
مىگەننى كۆرگەن ھېكمەت ئۇچۇن ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇ
ۋەزىپە خۇددى ئويۇندەكلا بىلىنەتتى . ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ،
شەنبە ، يەكشەنبە دېمەي ئىشلەيتتى . مۇقاۋا ، قىستۇرما رەسىم ،
كۆنچىك ، خەرىتە دېگەندەك كىتابقا ئىشلىنىدىغانلىكى رەسىملەر
بولسا سىزاتتى .

ئۇ ئىشقا چۈشكەن دەسلەپكى ئاي ئاخىرىسىدا قەلەم ھەققى
يېزىپ تارقىتىدىغان خادىم ئىشخانىغا كىرىپ ، ھېكمەتكە بىر-
نەچچە تالونغا قول قويدۇرۇپ يىرتىپ بەردى . ھەيران بولغان
ھېكمەت پۇل تالونلىرىغا بىر هازا قاراپ كېتىپ :

— بۇ نېمە پۇل ؟ — دەپ سورىدى .

— ۋەزىپىدىن سىرت ئورۇنلانغان ئىش ھەققى بولسا
كېرەك ، — دېدى خادىم .

— ۋۇي ، مەن خىزمەت ۋاقتىدا قىلغان تۇرسام ، —

دېدى ھېكمەت خادىمغا .

— ئۇنى مەن بىلمىدىم ، ئىشخانا مۇدىرى چۈشۈرۈپ بەر-گەنگە ئاساسەن يازدىم .

كەسپكە ئۆزىنى ئاتىغان ھېكمەت بارغانسېرى ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشكە باشلىدى . ئۇ كۈندۈزى ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانسا ، دەم ئېلىش كۈنلىرى ، كېچىلىرى بىرۋاقلارغىچە ھېكايە ، پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى . يېتىپ - قوپۇشتا ، دەم ئېلىشتا بىرگە بولۇۋاتقان تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن ئىككىسى ئەڭ يېقىن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى . ئۇلار بىر - بىرىگە تولىمۇ ماسلاشقان كەسپىي ھەمراھلاردىن ئىدى . يېزىشقان ھېكايىلىرىنى باب ، ئابزاس ھەتتا تەسۋىرلەرگىچە ئو-قۇپ ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇراتتى . تۇرسۇنجان يۈز ئاياش دېگەننى بىلمەيتتى . ئۇ كۆڭلىگە ياقمىغان بىرەر جۈملە سۆزنىمۇ ئاياپ قويماي ئۇدۇللا قامچىلايتتى . ھېكمەت ئۇنىڭ بۇنداق دا-دىللىقىغا ، كەسپچانلىقىغا ، تۇرگۈن مىجەزىگە ئامراق ئىدى .

ھېكمەت شۇنچە ئالدىراش تۇرۇقلۇقمۇ خوتەندە تىكەندەك يالغۇز قالغان قېيىنىنىسى نەبىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . بىر - ئىككى قېتىم رۇخسەت سوراپ ، كازىئۇەن ، مىچۇەنلەردىكى شو-پۇر تەربىيىلەش مەكتەپلىرىگە بېرىپ سۆزلەشتى . لېكىن ، ئۇ-لار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر تۇتاش تەقسىمات قىلىش پرىنسىپى بويىچە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ چاغلاردا يۇقىرى ھەق تۆلەش يولى ئارقىلىق ئىشتىن سىرت تەربىيىلەيدىغان تۈزۈملەر يوق ئىدى . ھېكمەت نەبىگە سەۋر قىلىشنى ئېيتىپ خەتمۇ يېزىۋەتتى . چۈنكى ، نەبى پۈتۈن ئۈمى-دىنى ھېكمەتكە باغلاپ ئۆيلەنمەي يۈرۈۋاتاتتى .

شەنبە كۈنى ئىدى . ھېكمەت ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا مېڭى-شى ، نەشرىيات قورۇسىدا مەسۇم قابىل ئۇچراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ كەلدى- دە ، ئۆزىچىلا ھال سوراپ كەتتى . بۇ ئۇلارنىڭ

ئىككىنچى قېتىم پاراڭلىشىشى ئىدى . ھېكمەت ئادەتتە ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . ئۇ غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، بىر كۈنى مەسۇم قابىل ياتاققا كىرىپ كەلدى ـ دە ، كۆرۈشمەك بولۇپ قولىنى سوزغانىدى ، ھېكمەت لۇڭگىنى ئاسقۇغا ئاسقان بولۇپ تەتۈر قارىۋالدى . ئۇ- نىڭ غەلىتىلا ھېجىيىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا گېپى باردەك قىلاتتى .

— يۆتكىلىپ كەلگىنىڭىزگە خېلى بوپتۇ ، غۇلجىغىمۇ بېرىپ كەپسىز ، سىز بىلەن پەقەت سالاملاشقىلى بولمىدى ، — مەسۇم قابىلنىڭ ئۇزۇنچاق يۈزىدە ھىيلە تۇمانلىرى ئەلەڭلەپ تۇراتتى ، — ئۇنداق قىلماي كۆرۈشۈپ تۇرايلى .

— سىز ماقالە يېزىش بىلەن ئالدىراش ، — ھېكمەت ماقالە سۆزىنى سوزۇپراق تەلەپپۇزدا قىلدى ، — سىزنىڭ ۋاق- تىڭىزنى ئالغىلى بولامدۇ ؟

مەسۇم قابىل «ماقالە» سۆزىدىن تۇنجۇققاندەك بولسىمۇ ، سۆز تېمىسىنى يۆتكەپ ، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن گەپ كوچىلاپ : «ئۇرۇمچىگە يۆتكەلمەك تەس ، ئىشانۇفقا خېلى بىر نەرسە سۇڭ- گۇتكەن ئوخشىمامسىز» دېيىشى بىلەن تەڭ ھېكمەت ئۆڭدى .

— «سۇڭگۇتۇش» دېگەن قانداق گەپ ئۇ ؟ بۇنداق قىلىش رەزىللىك ، پەتنە ـ پاسات بىلەن جان باقىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئىشى . سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ؟

— چاقچاق قىلدىم ، چاقچاق ! — مەسۇم قابىلنىڭ تام ئۇستىدە ئۇنگەن قومۇشتەك زەئىپ گەۋدىسى ئۆي ئوتتۇرىسىدا لىڭشىپ تۇراتتى ، — چاقچاقنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ .

— مەن سىز بىلەن چاقچاقلىشىدىغان دوستىڭىز ئەمەس ، — ھېكمەتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىگەنىدى ، — بۇنداق تېتىقسىز گەپلە- رىڭىزنى ھەمتاۋاقلىرىڭىزغا دەپ بېرىڭ .

ئۈچ ئاي ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەشكە ئۈلگۈر- گەن ھېكمەت ، ئالدىدا ھېجىيىپ تۇرغان مەسۇم قابىلنىڭ خۇ-

نۇك كۆزلىرىگە قاراپ «بۇ نىجاسەتنىڭ يەنە نېمە غەرىزى بار-
دۇر» دەپ ئويلىدى .
— خىزمەتلەرگە ئۆزلىشىپ قالغانسىز ؟ — مەسۇم قابىل-
ىنىڭ قارىچۇقلىرى باشقا تەرەپلەردە پىلدىرلايتتى ، — رەسسام-
لىقمۇ قىيىن كەسىپ جۇمۇڭ .
— دەسلەپتە ئۆزلىشىپ ئالغۇچە قىينالدىم ، — ھېكمەت
پاتراق قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى ، —
ھازىر ناھايىتى ياخشى .
مەسۇم قابىل يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللە-
گەندى ، ھېكمەت قارىمايلا كېتىپ قالدى . ئۇنى ياتاقتا تۇرسۇن-
جان ئالىم ساقلاپ تۇراتتى .
— ھەي ، دېرىزىدىن قاراپ تۇرسام ئاۋۇ تايغان بىلەن
ئەجەپ مۇڭدىشىپ كەتتۇققۇ - ھە؟ — تۇرسۇنجاننىڭ تەلەپپۇ-
زى قاتتىقراق ئىدى ، — ئادەم تېپىلمىغاندەك .
— قانداق قىلىمەن ئۇ ئۆزى ئالدىمنى توسۇپ گەپ سورى-
غان تۇرسا .
— ئۇ بارغۇ قاراڭ ، كۇلۇپ تۇرۇپ گەپ ئېلىپ ، چىرقى-
رىتىپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان نېمە ، — تۇرسۇنجاننىڭ
ئەلپازىدىن راستىنلا ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى ، —
ئاغزىڭىزدىن تارتىۋالغان بىر سۆزۈڭىز ئۈچۈن ، قاسقاندەك قال-
پاقنى كىيىپ قويىقاندا ، ئۆزىڭىزمۇ كۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەي
قالىسىز .
— مەنمۇ بىلمىدىم ، ھال سورىغۇسى كېلىپ قاپتۇ .
— ھەرھالدا گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ ، — تۇر-
سۇنجان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەسلى مەقسىتىنى دېدى ، — مەن
سىزنى كۇتۇپ تۇرغان ، يۈرۈڭ ، بىر يەرگە بارىمىز .
— مەن تونۇشمىغان يەرگە بارمايمەن ، — دېدى ھېك-
مەت ، تۇرسۇنجان ئاچچىقلاپ :
— تونۇشۇش دېگەن ئاشۇنداق سورۇنلاردا كۆپرەك بولى-

دۇ ، بىركىم سىز بىلەن تونۇشۇۋالاي دەپ ئالدىڭىزغا ئاسانلىقچە كەلمەيدۇ . يۇرۇڭ ، — دېدى .

ھېچ باھانە سەۋەب كۆرسىتەلمىگەن ھېكمەت كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى .

ئۈرۈمچى ئالتىنچى ئايلاردا تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاكاتسىيە ، ئەرمۇدۇن ، تەتۈر قارىياغاچلار قويۇق يېشىللىققا پۈركىنىدۇ . تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا چىققان تازىلىق خادىملىرى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشقا مېڭىپ بولغۇچە كوچا - رەستىلەرنى سۇپۇرۇپ چىنىدەك پارقىرىتىۋېتىدۇ . تۆت كوچا ئوتتۇرىلىرىدىكى يۇملاق گۈللۈكلەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ئوتقاچتەك چاقناپ كېتىدۇ . مۇھىت گۈزەللەشتۈرۈش ئورۇنلىرىدىكى گۈلچىلەر بۇ گۈللەرنى پارنىكتا ئېچىلدۇرۇپ بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا كۆچۈرۈۋەتكەچكە ، بىر كېچىدىلا ھۆپپىدە تەكشى ئېچىلغان گۈللەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ . سۇ پۈركۈش ماشىنىلىرى ھەركۈنى ئەتىگەن - كەچتە ئۇنچە - مارجاندەك قەترىلەرنى كوچا - كويلارغا ، گۈللۈكلەرگە پۈركۈپ ئەتراپقا نەمخۇش ساپ ھاۋا ئاتا قىلىدۇ .

— ھېكمەت ، بۇگۈن بىزنى چاقىرغان ئاغىنىمىز ، — دېدى تۇرسۇنجان كېتىۋېتىپ ، — سىزنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»غا بېسىلغان «يېتىم قىز» دېگەن ھېكايىڭىزنى ئوقۇپتىكەن ، گېپىڭىزنى بەك تولا قىلىپ كەتتى ، شۇڭا سىزنى تونۇشتۇرۇپ قوياي دەيمەن .

— ئاغىنىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ ؟

— كالوندا ، ئىسمى راخمان .

— شوپۇركەندە ؟

— ياقەي ، كەسپىي بۆلۈمدە باشلىق . ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى بەك كەڭرى ، خوتەنلىك ، قەشقەرلىك ، غۇلجىلىق دېگەندەك ھەممىسى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ .

— ئۆيى يىراق ئەمەستۇ؟
— ياقەي، نەنزىگو كالون ئىچىدە.

ئۇلار ئۈچىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ، خەلق باغچىسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئالدىدا چۈشۈپ قالدى، ئاندىن نەنزىگوغا پىيادە كەتتى. راخماننىڭ ئۆيى قاتناش بېكىتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۇزۇن يوللۇق يۈك توشۇش كالون قورۇسىدا ئىدى. ئۇ، يەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇراتتى.

كەڭ، ئازادە تۆت ئېغىز ئۆي، چاققانغىنا گۈللۈك قورۇسىغا كۆزى قىيمىغان راخمان بىنا ئۆيلەرگە ھېرىسمەن ئەمەستەك قىلاتتى. تۇرسۇنجان بىلەن ھېكمەت كىرىپ كەلگەندە مېھمانلاردىن ھېچكىم كەلمىگەنىدى. راخمان ئوتتۇرا بوي، توغرۇلۇق، بۇغداي ئۆڭ، مەيدە، بىلەكلىرىنى تۈك باسقان ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھېكمەتكە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ كۆرۈشتى، ئاندىن: «پاھ، پاھ سىز ئۇ ھېكايىڭىز بىلەن مېنى يىغلىتىۋەتتىڭىز جۇمۇڭ» دەپ قويدى. راخمان ئاشخانىدىكى ئايالىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. تۇرسۇنجان بىلەن ھېكمەت نەشر قىلىنىۋاتقان ھېكايە، پوۋېست، شېئىر توپلام ۋە تەرجىمە رومانلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۆيگە ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇز بەش، قىرىق ياش ئارىلىقىدا تۆت ئادەم كىرىپ كەلدى. ھەممىسى ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەسئۇت پەيزۇللادىن باشقىسىنى تونۇمايتتى. قىشتا ئىشانوف تونۇلغان قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆيىنى پەتىلىگەندە ھېكمەتنى «زامانىمىزنىڭ بېلىنسكىي»① سى بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ، دەپ مەسئۇت پەيزۇللانىڭ ئۆيىگىمۇ ئاپارغانىدى.

---

① بېلىنسكىي — 18 - ئەسىردە ئۆتكەن رۇسىيىلىك ئەدەبىي تەنقىدچى.

شىرەگە تاتلىق ـ تۈرۈملار تىزىلىپ چاي تارتىلدى ، ئارقى-
دىن ئايال ساھىبخان ئىككى لېگەن بولدۇرۇق مانتا كۆتۈرۈپ
كىردى . مېھمانلار بۇرۇن ئەسرا بولۇشۇپ ئۆزئارا تونۇشقاچقى-
مۇ ، قىسقا ـ قىسقا پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ تاماقتا تۇتۇش قى-
لىشتى . ھېكمەت تۇرسۇنجان بىلەن مەسئۇت پەيزۇللادىن باشقى-
سىنى تونۇمىغاچقا قورۇنۇپ قالدى بولغاي ، داستىخانغىمۇ قول-
نى شالاڭ ئۇزىتاتتى . شۇڭا ، راخمان «ئاغىنىلەر بىر ئىشنى
ئۇنتۇپتىمەن» دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارنى تونۇشتۇ-
رۇشقا باشلىدى :

— بۇ ئاغىنىمىزمۇ ، — دېدى راخمان باياتىن بېرى ھەر-
بىر سۆزىگە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ كۈلدۈرۈۋاتقان ئۆڭى قارد-
راق ، چوقا چاچلىرى شالاڭ ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى غوللۇق
كىشىنى كۆرسىتىپ ، — تىل يېزىق كومىتېتىدە ئىشلەيدۇ ،
ئىسمى ئابلىكىم قاسىم . بۇ كىشى بولسا ، — راخمان چاچلىرى
ۋاقىتسىز چارلىشىپ كەتكەن ، ئېغىر بېسىق ، تەمكىن كىشىنى
كۆرسەتتى ، — قۇرۇلۇش شىركەت پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتى-
پىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى قەدىردىن .

— ئاغىنىلەر ، — دېدى ئابلىكىم گەپكە قوشۇق سېلىپ ، —
قەدىردىننىڭ چېچىنىڭ ئاقىرىپ كەتكىنىگە قاراپ قېرىمىكى
دەپ قالماڭلار ، بەزىدە قوزىلارمۇ ئاق تۇغۇلۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ .
سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

يىغىلغانلار ئۆزئارا تونۇشقاچقا ، راخمان ئۇلارنى ئاساسەن
ھېكمەتكە تونۇشتۇرۇۋاتاتتى . ئۇ تونۇلغان ئوبزورچى مەسئۇت
پەيزۇللا ، ئىقتىساد گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئىمىنجان ھامۇتلار-
نى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ھېكمەتكە قارىدى .

— بۇ كىشى گۆھەر زېمىن نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن
ھېكمەت ئېلى بولىدۇ ، — دېدى راخمان ھەممىگە تەكشى قا -
راپ ، — ئۆزى رەسسام ھەم يازغۇچى . تۇرسۇنجان ئالىم بولسا
سىلەرگە تونۇش .

ئولتۇرغانلار ھېكمەتكە باش لىڭشىتىپ قارشى ئالىدىغانلىـ
قىنى بىلدۇرۇشتى ، بەزىلەر «ئىسمى تونۇش» دېيىشىپ قويۇشـ
تى . تۇرسۇنجان ئالىم راخماننى تونۇشتۇرماقچى بولۇۋىدى ،
ئابلىكىم قاسىم ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى :

— سەن ئۇنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ يۈرگىچە «باغچىدىن
قېچىپ چىققان قارا ئېيىق» دېسەڭلا بولمىدىمۇ .

مېھمانلار تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغان تەتۈر ئۈستىخان ، بوغـ
داي ئۆڭ ، بىلەك مەيدىلىرىنى قاپقارا تۈك بېسىپ كەتكەن
راخمانغا قارىغىنىچە كۈلۈپ كېتىشتى .

— بولدى ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاداش ، ئۆزۈم سېنى
بىر قوللۇق تونۇشتۇرۇۋېتەي ، — ئابلىكىم قاسىم راخمانغا
قارىدى ، — ئاغىنىمىز ئۇزۇن يوللۇق يۈك توشۇش ئاپتوموبىل
كالونىنىڭ كەسپى بۆلۈم ئەربابى . لېكىن ، سىلەر ئۇنىڭغا بىرلا
قاراپ مۇيكا زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسىمىكى دەپ قالماڭلار .

ئولتۇرغانلار بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى .

— يائاللا ، زادى سەن مەن بىلەنلا قالىسەن ، — دېدى
راخمان بوش كەلمەي ، — ئازراق بەرسەم تاقىر بېشىڭغا چاپلىـ
ۋالامسەن .

— ئارغامچا ئېشىپ سېتىپ يۈرسەڭ ، ئۆزۈڭدىن ئاشامدۇ .

كۈلكە بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى . ئابلىكىم قاسىم
توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى :

— ئۆزۈڭمىغۇ ئەشسە قىل ئارغامچا بولىدىغان ، بىرلا
ئەيلىسە تېكمەت كىگىز بولىدىغان نېمە .

ئابلىكىمنىڭ ئوخشىتىشىدىن ئۆيدە قىقاس — چۇقان كۆـ
تۈرۈلۈپ كەتتى . ئاخىرىدا راخمانمۇ بوش كەلمىدى . ئۇ ئابلىـ
كىمنىڭ تاقىر بېشىنى چىشلەپ تارتىپ «ھۆپۈپ بىلەن سازلىقتا
سازاڭ تالىشىدىغان ، سازاڭ تەگمىسە ئىمالىق تالىشىدىغان»
دېگەندەك قاپىيىداش چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپىياـ

تىنى كۆتۈرۈۋەتتى .

هېكمەت بىردىنلا خوتەندە ئۆتكەن ياشلىقىنى ، دوستلىرىنى ئەسلەپ قالدى . گەرچە كامىل خوتەنلىك ، مۇرات قەشقەرلىك ، هېكمەت غۇلجىلىق بولسىمۇ ، چىن دوستلۇق ئۇلارنى بىرجان ، بىر تەن قىلىۋەتكەنىدى . ئۇلار يۇرتۋازلىق دېگەننى هەرگىز بىلمەيتتى . مانا مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە تۇرپانلىق ، قەشقەرلىك ، ئاقسۇلۇق ، غۇلجىلىقلارمۇ بار ، ئۇلارنىڭ قوپال ، لېكىن سەمىمىي چاقچاقلىرى هېكمەتنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى . كۈلكە ئارىلىقلىرىدا مەسئۇت پەيزۇللا قولىنى كۆتۈرۈپ : «بۇلار چاقچاقتا كەلگەندە غالجىر ، غالجىر...» دەپ قوياتتى . ئۇ قاتتىق هاياجانلانغاندا مەدھىيە ، ماختاش ئورنىغا «غالجىر ، ۋەھشىي ، ئەبلەخ ، دەھشەت» دېگەن تىللارنى ئىشلىتىش ئادىتى بارئىدى .

شىرە يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن هەرخىل قورۇملار ئارقا - ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى . هەرقانداق سورۇندا ساقىلىقنى قولدىن بەرمەيدىغان چاقچاقچى ئابلىكىم قاسىم جۇپ رومكا هاراقنى ماڭدۇردى . چىنە رومكىلار ئۈچ نۆۋەت ئايلىنىشى بىلەن هەممىنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ ، چاقچاق ، يۇمۇر ، قىزىق لەتىپىلەر قىزىماقتا ئىدى . ئۆزىنى بارغانسېرى ئەركىن سېزىشكە باشلىغان هېكمەت باشقىلار بىلەن تارتىنماي سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتى .

— مەن سىزنى قەشقەرلىقمىكىن دەپتىكەنمەن ، — دېدى هېكمەت ئابلىكىمگە ، — ئەسلىدە غۇلجىلىق ئىكەنسىز - دە .

— قەشقەردە ئالتە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ، شۇڭا سۆزلۇرۇم قەشقەر شىۋىسىگە كېتىپ قالدۇ . خۇددى سىز خوتەن پەدىسىدە سۆزلىگەندەك .

— مەن گېزىت - ژۇرناللاردا پات - پاتلا ئابلىكىم قاسىم نامىدا پەلسەپىۋى پىكىر-چوڭقۇر رۇبائىيلارنى كۆرۈپ قالىمەن ، —

دېدى ھېكمەت قولىدىكى رومكىنى قويۇپ ، — شۇ شائىر سىز بولۇپ قالماڭ يەنە .

— مەنلىكىم مەن ، — ئابلىكىم قىزىرىپ كەتتى ، — بىراق «شائىر» دېيىشكە تېخى ئەتىگەن .

ھېكمەت ئارىلىقتا قۇرۇلۇش شىركەت پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى قەدىردىن بىلەن مۇڭدىشىپ قالدى . ئۇ تولۇق ئوتتۇر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئۆتىدىكەن . ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن مۇپەسسەل بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

— تونۇشۇپ قالدۇق ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ، — ئۆيلەرگە بېرىڭ ، ئايالىم بەشىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ، ئۆيىمىزمۇ مەكتەپ ئىچىدە .

ھاراق ئىچىلگەنسېرى قانلارنى قىزىتىپ ، ھەممىنى جۇشقۇن ، روھلۇق ، سۆزمەن قىلماقتا ئىدى . مېھمانلار بىر - بىرىگە قوناق بەرمىگەن ھالدا «مەن ساڭا ئېيتاي» غا چۈشكەندى . ئابلىكىم قاسىمنىڭ چاقچاق ، يۇمۇرلىرى ھېلىدىن - ھېلىقىغا كۈلكە كۆتۈرۈپ ، ھەممىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى .

— ھەي راخمان ، — دېدى تۇرسۇنجان ئالىم گەپ ئارىلىقىدا ، — كاماندىروپكىغا چىقىمەن دەۋاتاتتىڭ ، قاچانغا تايىن تاپتىڭ ؟

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئوتتۇرىلىرى مېڭىپ قالارمەنمىكىن .

— نېمە خىزمەت بىلەن ماڭىدىغان بوپقالدىڭ ، — سورىدى ئابلىكىم قاسىم .

— شوپۇرلۇققا بالا ئالغىلى خوتەن ، قەشقەر ، ئاقسۇغا بارىمەن .

— مىچۈەن، كازىۋەنلەردىكى شوپۇرلۇق مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەن باللاردىن ئالساڭلار بولمىدىمۇ، — دېدى تۇرسۇنجان
ئالىم سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇلار تەييارلا ئاشتە.
— ئۇ باللار كىچىك بولغاچقا جاپاغا كۆنۈك ئەمەس،
بۇرۇن ئېلىپ كۆرگەن، شەھەردىن نېرىغا بارغۇسى كەلمەيدۇ، —
راخمان مەنىستىمىگەندەك كۈلۈپ قويدى، — بۇ قېتىم ئىچكىرى-
دىن ئېغىر يۈك ئاپتوموبىللىرى كىرگۈزمەكچى، بۇلارغا پىش-
قان شوپۇرلار بولمىسا بولمايدۇ، ئۇلارنى ئۆزىمىز ئالتە ئاي
تەربىيىلەيمىز. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئوتتۇز بالا ئېلىشقا تەستىق
چۈشۈرۈپ بەردى.
— پىلانىڭلاردا نەچچە ياشتىكى باللارنى ئالارسىلە، —
سورىدى ھېكمەت خۇشاللىقىنى تەستە يوشۇرۇپ.
— ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسى بولسا بولدى. بىراق،
يېشى يىگىرمە بەش ياشتىن ئوتتۇز ئىككى ياشقىچە بولغان،
تەندۇرۇس، بەردەم، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغانلار قوبۇل
قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار مەخسۇس ئۇزۇن يوللۇق يۈك توشۇش
كالونى بولىدۇ.
— ئىسلاھاتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئويلىغاندا شۇن-
داق قىلمايمۇ بولمايدۇ، — دېدى قەدىردىن چايدىن ئوتلاپ
قويۇپ، — شەخسىي كارخانىچىلار، باي سودىگەرلەر كۈندىن
كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.
— توغرا ئېيتتىڭىز قەدىردىن ئەپەندىم، — راخمان قو-
لىنى شىلتىدى، — كىم بىلىدۇ، ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغان-
دا، كېيىنچە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ مال يۆتكەيدىغان ئوخشايمىز.
سورۇن سەل جىمىققاندەك بولدى. ئابلىكىم قاسىم بىر
ئادەمگە ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ، كۆڭلى تارتقانلار بىلەن
ئىچىش ئۇسۇلى بويىچە ماڭدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ رومكىلارغا
ھاراق قۇيۇۋېتىپ: «ئاغىنىلەر، ئەمدى بىردەم - يېرىمدەم ساز

ئاڭلايلى» دەپ ۋارقىرىشى ، راخمان ئاسقۇدىكى دۇتارنى ئىمىنجان هامۇتقا تۇتقۇزدى . ئىمىنجان ئىلى ناخشىلىرىنى باشلىشى بىلەن باشقىلارمۇ قېتىلدى . بولۇپمۇ قەدىردىنىنىڭ ئاۋازى باشقىچىلا مۇڭلۇق هەم جاراڭلىق ئىدى . ئىمىنجان بىر يۇرۇش ناخشىلارنى ئېيتقاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا شوخ ئۇسۇل پەدىسىگە يۆتكىدى . تۇرسۇنجان ئالىم قوللىرىنى كېرىپ ئۇسۇلغا چۈشۈشى ئارقىدىن تەڭشىلىپ قالغان راخمان بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ ئۆزلىكىدىنلا ئويناپ كەتتى . ئاق سېرىق يۈزى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىمىنجان دۇتتار پەدىلىرىگە يۈزىنى يېقىپ ئۆز ناخشىسىدىن پەيزى ئالماقتا ئىدى :

تامنى سوقساڭ قاڭداپ سوق ،
ئېلىخۇلۇقنىڭ تامچىسىدەك .
يارنى سۆيسەڭ قاتتىق سۆي ،
هارۋىكەشنىڭ قامچىسىدەك .

— ياشاپ كەت ئىمىنجان هامۇت ، — ۋارقىرىدى تۇرسۇنجان ئالىم ئۇسۇل ئويناۋېتىپ ، — يارايسەن ، يارايسەن .

ساز توختىشى بىلەن هېرىپ كەتكەن ئۇسۇلچىلار ئۆز جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . ئابلىكىم قاسىم تەخسىدىكى ئىككى رۇمكا هاراقنى راخمانغا سۇنۇپ : «تۆگىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىغا ئون تاختا يەر تارلىق قىلدى ، دېگەندەك راسا ئۇسسىغانسەن» دەپ پىچىرلىدى . راخمان تەخسىنى قولىغا ئېلىپلا : «هېكمەت ئېلى بىلەن ئىچكىم بار ، قېنى ئېلىڭ» دېدى — دە ، ئىككىلىسى تەڭ كۆتۈرۈۋەتتى . ئۇ باشقىلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتە پورتماندىن بىر سۇڭلۇق رەسىمنى ئېلىپ هېكمەتكە كۆرسەتتى . يىرتىلىپ ، كىرلىشىپ كەتكەن رەسىمدە بىر مومايىنىڭ يۈزىنى ئارانلا پەرق ئەتكۇدەك سۇرىتى بارئىدى .

— قاراڭ ھېكمەت ، بۇ ئانامنىڭ سۈرىتى ، — دېدى
راخمان پىچىرلاپ ، — چوڭايتىپ ئېسىپ قويااي دېگەنىدىم ،
لېكىن رەسىمخانىلار قىلالمايمىز ، دېدى . مۇشۇنى قول بىلەن
سىزىپ چوڭايتقىلى بولارمۇ ؟

— بولىدۇ ، ھەتتا رەسىمخانىلاردىكىدىن ياخشى چىقىدۇ .

— شۇنداقمۇ ، قانچە پۇل ئالسىڭىز بېرەي ، سىزىپ بېرە-
لەمسىز ؟

— پۇل بېرىمەن دېسىڭىز قىلمايمەن ، — دېدى ھېكمەت
كەسكىن ھالدا ، — مەن ئەتە يەكشەنبە سىزىپ قويااي ، دۈشەنبە
چۈشلەردە ئېلىپ كېتىڭ ، بارالامسىز ؟

— چوقۇم بارىمەن ، ئەمىسە كېلىشتۇق .

ناخشا - ئۇسسۇل ، چاقچاق ، كۈلكىلەر بىلەن قىزىغان
ئۇلتۇرۇش كېچە سائەت ئون ئىككىلەردە ئاياغلاشتى . ھەممىسى
ساھىبخانىغا رەھمەت دېيىشىپ تارقاشتى . تۇرسۇنجان ئالىم بى-
لەن ھېكمەت يولدا پاراڭلاشقاچ پىيادە مېڭىشتى . بۈگۈنكى ئول-
تۇرۇشنىڭ ھېكمەت ئۈچۈن دەپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىقى راخمان
بىلەن تونۇشۇپ قېلىش بولدى . شۇنچە يول مېڭىپ ھەل قىلال-
مىغان ، نەبىنى شوپۇرلۇقتا ئوقۇتۇش ئىشى ئۆز ئايىغى بىلەن
ھەل بولۇش ئالدىدا تۇراتتى . يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەن
نەبىنىڭ يېشى ئېشىپ كېتىشتەك خەۋپتىن ئەمدى ئەنسىرىمىسە-
مۇ بولاتتى . ھېكمەت بېشىدىكى ئېغىر غەمنىڭ ھەل بولۇشىغا
سەۋەب بولغان تۇرسۇنجاندىن ئىچىدە مىڭ مەرتىۋە مەمنۇن بول-
ماقتا ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ، ئىشخانىسىغا
كىردى - دە ، مومايىنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى .
ئۇ بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ يېرىم بەت گېزىت يۈزىدەك
ئاق سۈت قەغەزگە سىدام سىزما ئۇسۇلى بويىچە مومايىنىڭ رەسى-
مىنى سىزدى . ئۇ ، خۇددى كىلاسسىكلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان-
دەك ، رەسىمنىڭ ئارقا فون قىسمىغا تۇخۇم شەكىللىك رەڭ
بەردى .

هېكمەت چۇشلۇك تاماقتىن كېيىن رەسىمنىڭ ئەڭ ئىنچە-
كە تەرەپلىرىنى سىزىپ پۈتتۈرۈپ ، مەدەنىي بۇيۇملار ماگىزىنىغا
بېرىپ ، تۆت بۇلۇڭلۇق قاپارتما نەقىشلىرىگە ئالتۇن ھەل
بېرىلگەن رەسىم رامكىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى . ئۇ ، مومايىنىڭ
رەسىمىنى رامكىغا ئېلىپ تامغا ئېسىپ قويدى . تۇرسۇنجان
رەسىمنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى . ئۇ بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى-
دىن پايدىلىنىپ ياتاقتا كەچكىچە ھېكايە يازغانىدى .
— ھەي ، ھەي… قالتىس ھۆنىرىڭ باركەنغۇ سېنىڭ ، —
تۇرسۇنجان بىرەر ئىشقا ھەيران قالسا ياكى ھاياجانلانسا كىم
بولۇشىدىن كارى يوق سەنلەپ كېتەتتى ، — بۇ كۆرۈمسىز
مومايغا جان كىرگۈزۈۋېتىپسەنغۇ . ئەمدى راخمان كۆرسە يىغلاپ
سالمىسا بولاتتىنغۇ .
تۇرسۇنجان تامدىكى رامكىغا قارىغانسېرى ، بىر ئالدىغا ،
بىر كەينىگە مېڭىپ ، كۆزلىرىنى قىسىپ قارايتتى . ئېڭەكلىرىد-
نى سىلاپ ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتىداتتى . قىسقىسى ، ھاياتتەكلا
قاراپ تۇرغان مومايىنىڭ سۈرىتىدىن كۆز ئۈزمەيلا قالغانىدى .
— ئەسلى رەسىمگە سېلىشتۇرساڭ ، شۇنداق ئەينەن چىق -
راي ، — دېدى تۇرسۇنجان كىچىك رەسىمنى قولىغا ئېلىپ ، —
بىراق سىزىلغان رەسىمدە بىرخىل سالاپەت ، مۆتىۋەرلىك ھەم
ئانىغا خاس مېھرىبانلىق ئەكس ئەتكەن ، بۇ قانداق مۆجىزە -
ھە .
— فوتو سۈرەت ئۆلۈك نەرسە ، — ھېكمەت چۈشەندۈر -
دى ، — ئەمما رەسسام سىزماقچى بولغان رەسىمگە ھېس -
تۇيغۇ ، ئىلھاملىرىنى قېتىۋېتىدۇ . خۇددى ھېكايە يازغاندەك
كېرەكلىك دېتاللارنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ، كېرەكسىزلىرىنى ئې-
لىپ تاشلايدۇ . شۇڭا ، ئادەتتىكى بىر ئىشچى ياكى دېھقاننى
سىزسا ، ئادەم ئۇنىڭدىن بىرخىل ئېستېتىك زوق ئالىدۇ .
— بۈگۈن ساڭا بولغان ھۆرمەت — ئېپتىخارىم ئۈزگىچە

بولۇۋاتىدۇ جۇمۇ، — تۇرسۇنجان سائەتكە قارىدى، — ئاپلا رەسىمنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن قورساقنىمۇ ئۇنتۇپتىمىز، يۈر، بازاردىن تاماق يەپ كېلەيلى.

— يۈر، مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى، — ھېكمەتمۇ قەستەن «سەن» نى قىستۇردى.

— ھەي سەنلىشىپلا كەتتۇققۇ، مەيلى - ھە.

— مەيلى.

ئۇلار بازاردىن قورساق تويغۇزۇپ كىرگەندىن كېيىن چاي دەملەپ ئىچتى. تۇرسۇنجان ئاشخانىدا تاماق كۈتۈپ ئولتۇرغاندىلا، ھېكمەتنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن «ئەجەب خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئويلىماي، قېيىنىنىسىنى يۆتكىگىنى نېمىسى» دېگەن بىر ئوينى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىشنى كوچىلاپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ھېكمەت ئاخىر بالدۇرقى ئايالى گۈلزىبا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى نەبى بىلەن سىڭلىسى ماھىگۈلنى ئۆزى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەنلىكىگە قەدەر تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— بىر چاغدا يوتقان - كۆرپىلىرىڭىزنى كۆكلەپ بەرگەن ئايال نەبىنىڭ ھەدىسى ماھىگۈل ئىكەن - دە، — تۇرسۇنجان ھېكمەت غۇلجىغا مېڭىش ھارپىسىدىكى ئىشنى ئىسىگە ئالدى، — شۇ چاغدا سېنىڭ «سىڭلىم» دەپ قىزىرىپ كەتكىنىڭدىن گۇمان قىلغانىدىم.

ئۇلار شۇ كۈنى ئوتتۇرا كېچىلەرگىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. ھېكمەت بېشىغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئېغىر قىسمەتلىرىنى سۆزلىمىگىنى ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن. ئۇ ئىچىگە تولۇپ كەتكەن دەردۇ - پىغانلىرىنى تۆكۈپ كۆڭلى - كۆكسى بوشاپ قالدى. ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرغان تۇرسۇنجاننىڭ گويا باشتىن ئاخىر تراگېدىيە بىلەن تولغان ھەسرەتلىك بىر قىسسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ

ئالدىدا خۇددى ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان بۇ دۇنيا دوزاخلىرىدىن تاۋلىنىپ چىققان بىر گىگانت ئادەمدەك نامايان بولماقتا ئىدى .

— يازسا ئادەم قەلبىنى زىلزىلىگە سالىغۇدەك قىسمەتلەر ئىكەن ، ئەمما بارلىق ئۇۋالچىلىق ماھىگۇلگە بوپتۇ ، — دېدى تۇرسۇنجان ھېكمەتنىڭ مۇڭلۇق چىرايىغا قاراپ ، — قەلبىدە يانغان چىراغنىڭ نۇرىغا تەلپۈنۈپ ئۈمىد بىلەن ياشاش بىر قىز ئۈچۈن قانچىلىك ئېچىنىشلىق قۇربان بېرىش بۇ ! يەنە كېلىپ ئۇنىڭ چېكى بولمىسا...

— ھازىر مېنىڭ روھىمنى بېسىپ تۇرغان بىر تاغ بار ، — دېدى ھېكمەت ئازاب بىلەن ، — ئەگەر ماھىگۇل بىرەركىم بىلەن توي قىلغان بولسا ، يەلكەمدىكى ئۇ تاغدىن خالاس بولاتتىم...

— مېنىڭ بېشىمدىن ئۇنداق پاجىئەلەر ئۆتمىگەن ، — تۇرسۇنجان تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى ، — مەن ئاتا - ئانا خوۋلۇقىنى كۆرمىدىم . ئانام ياش ئۆلۈپ كەتتى ، دادامنىڭ چىرايىنى ئەسكە ئالالمايمەن . لېكىن ، ئۇ ئاتۇشلۇق چوڭ كار-خانىچى سودىگەر ئىكەن .

— نېمە ، سەن ئاقسۇلۇق ئەمەسما ؟

— ياق ، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاقسۇغا تەقسىم قىلىندىم . دەسلەپتە «تارىم» كېيىنچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» غا ئۆزگەرگەن ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدىم...

تۇرسۇنجاننىڭ ئاتىسى ئاتۇشلۇق بولۇپ ، جاللاپلىق① قىلاتتى . ئۇ چاغلاردا تېرە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى . ئالىمجاننىڭ سودىسى راۋاج تېپىپ بېيىشقا باشلىدى . مۇناسىۋەت دائىرىسىمۇ كېڭەيدى . ئۇ ، روسىيە ، كەشمىر ، ھىندىستان سودىگەرلىرىگە تېرە ئۆتكۈزۈپ يۇرۇپ

① جاللاپ — تېرە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم .

بىردىنلا بېيىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۆستى ، خەق ئۇنى «ئالىمجان جاللاپ» دەپ ئاتايدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان بولدى . ئالىمجان جاللاپنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن بولغان ئېلىم ـ بېرىمى تېخىمۇ قويۇقلاشتى .

ئالىمجان جاللاپ كېيىنچە تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يەرلىك زاۋۇتتىن بىرنى قۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ سودىسى كۈندىن كۈنگە رۇناق تېپىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن تۇيۇقسىزلا ئالەمدىن ئۆتتى . بۇ چاغلاردا تۇرسۇن- جان ئەمدىلا ئۈچ ياشتا ئىدى . ئالىمجان جاللاپنىڭ بارلىق مال دۇنياسى ئوغلى بىلەن ئايالى نىسابۈۋىگە قالدى . بىراق ، بىرەر يىلمۇ ئۆتمەي ئالىمجاننىڭ ئىنىسى ئاروپ بايۋەچچە «ئاكامنىڭ ئوغلىنى ئۆگەي قولىغا قاراتمايمەن» دېگەن ئەھدى بىلەن نىسا بۈۋىنى نىكاھىغا ئالدى . ئۇ ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ زاۋۇتنى ماڭدۇردى ، چەت ئەل سودىگەرلىرىگە پىششىق- لاپ ئىشلەنگەن بۇلغار ، شاۋرۇن ، كۆن ماڭدۇرۇپ ، كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپتى . نىسا بۈۋى ئۇنىڭغا بىر قىز تۇغۇپ بەرگەن بولسى- مۇ ، يېشىغا يەتمەي قارا چېچەك كېسىلى بىلەن چاچراپ كەتتى .

1949 ـ يىلىنىڭ باش باھارى يېتىپ كېلىش بىلەن ئاروپ بايۋەچچىنىڭ پۇشقىقىغا پىت چۈشتى . ئۇ بىر كۈنى سەھەر بامدات نامىزىدىن چىرايى ئۆمسۈرۈن ، ھەرىكەتلىرى بىنورمال ھالدا قايتىپ كېلىپ مەسچىتتە بولۇنغان گەپلەرنى ئايالىغا ئېيت- تىپ بەردى :

ــ نىسا بۈۋى ، زاماننىڭ ئۆزگىرىدىغىنىغا كۆپ قالمىغان ئوخشايدۇ . بۇ يەرلەردىمۇ شورا① ھۆكۈمىتىدەك ھەممە نەرسە ، ھەتتا خوتۇنلارمۇ ئومۇمىي بولغۇدەك . يەر ، مال ـ مۈلۈك ، چارۋا ، زاۋۇت ـ كارخانىلارنى تارتىۋېلىپ خوجايىنلارنى ، باي-

---

① شورا ــ سوۋېت ھۆكۈمىتى .

لارنى باستۇرغۇدەك . كونىلاردا ، سۇ كەلگۈچە تۇغان سال ، دېگەن تەمسىل بار ، شۇڭا مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم .

— قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا ؟

— زاۋۇت ئەسلىھەلىرى ھەم بارلىق پىششىق - خام ماللارنى پاكىستانغا يۆتكىمەكچىمەن . سىزمۇ ھازىردىن باشلاپ تەييارلىقىڭىزنى قىلىڭ .

ئارۇپ بايۋەچچە تەييارلىقنى باشلىۋەتتى . ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ بىر كېچىسى كەڭ ھويلىغا ئات ، ئېشەك ، قېچىر ، تۆگىلەر يېتىلەپ كېلىندى . ئادەملەر ئارىسىدا قارا مىلتىق ئاسقان چېرىكلەرمۇ بار ئىدى . ئاتا - ئانىسىدىن كۆزى قىيالمايۋاتقان نىسا بۇۋى ئېرىنى چاقىرىۋالدى :

— ئانام بىلەن دادام ، قېرىنداشلىرىمنى قانداق قىلاي دەيدىلا ؟

ئارۇپ بايۋەچچە سۈكۈت قىلدى . چۈنكى ، ئۇ ياللىۋالغان بىرقانچە چېرىكلەر بىلەن چېگرىغا بارغۇچە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەيتتى . ئالىمادىس بۇلاڭچىلار ياكى ھۆكۈمەت چېرىكلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ تۇتۇشۇپ قالسا ، قېرى - چۈرى ، ئاجىزە ھەم ئۇششاق باللار ئەجەلگە يەم بولاتتى . ئارۇپ بايۋەچچە بۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ ، پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە جېنىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن ئۇچقۇر ئاتتىن بىرنى تەييار قىلىپمۇ قويغانىدى . ئارۇپ بايۋەچچە بىر ئېغىز ئىشقا دۇچ كەلگەندەك چوڭقۇر تىنىپ خوتۇنىغا قارىدى :

— نىسا بۇۋى ، بىز بۇ قېتىم جاننى ئالىقانغا ئېلىپ ماڭىمىز ، قېرى - چۆرىلەرنى يولدا جاپا تارتمايدۇ ، دېيەلمەيمەن ، جاندىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن .

— ئەمىسە مەن ياشانغان ئاتا - ئانامنى تاشلاپ ماڭالمايمەن .

يولدىكى بارلىق خېيىمخەتەرنى چۈشەندۈرۈپ ، ئايالىنى ئەي-

ۋاشقا كەلتۈرەلمىگەن ئارۇپ بايۋەچچىگە پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە تورغرا كەلدى .

— ئەمىسە مەن ئاۋۋال بېرىپ ھەممە نەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، تۇرغۇدەك بىرەر ماكان تەييارلاپ ، ئاندىن سىلەرنى ئېلىپ كەتكىلى كەلسەم قانداق ؟

— راستما ؟ — نىسا بۇۋى ئېرىگە گۇمان بىلەن قارىدى ، — بىزنى ئالدىمايدىغانلا ؟

— ئۇنداق قىلسام تاڭلا قىيامەتتە ئاكامغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن...

تۇرسۇنجان ئالىم بالىلىق كەچمىشلىرىنى بىئىختىيار سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چەكتى . ھېكمەت تورۇسقا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىسلار ئارىسىدىن ئۇنىڭ غەزەپلىك قىسىلغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى .

— ئۆگەي دادام شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى ، — دېدى تۇسۇنجان ئېغىر تىنىپ ، — ئۇ ، دادامنىڭ بىر ئۆمۈر قان — تەر بىلەن تىكلىگەن ئىگىلىكىنى ئۇن - تىنسىز يۇتۇپ كەتتى .

— شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ خەۋەر بولمىدىمۇ ؟ — ھېكمەت دوستىنىڭ ئائىلە سەرگۈزەشتىسىنىڭ ئاقىۋىتىگە قىزىقىپ قالغانىدى ، — مەسىلەن ، ئازادلىقتىن كېيىن...

— ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە تۈركىيەدىن بىر پارچە خەت كەلدى . ئۇ چاغدا مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم . ئۇ خېتىدە كارۋاننى ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، پاكىستان دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىنى نەزەر بەنت قىلىپ قويۇپ بىر يىل ھەرەج تارتقانلىقى ، كېيىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش تۆلەش ھېسابىغا قايتىپ چىققانلىقى ، ئۇ چاغدا چېگرىنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقىدەك بىر مۇنچە يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئەپۇ سوراپتۇ .

— ئۆگەي داداڭ ھازىر تۈركىيەدىمۇ ؟

— ياق ، غەربىي گېرمانىيىدە ، چوڭ كاپىتالىست ، — تۇرسۇنجان مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى ، — 79 - يىلى ئۇ «ۋىزا ئەۋەتسەڭ ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەن تۇپراقلىرىنى بىر تاۋاپ قىلىۋالسام» دەپ خەت يېزىپتۇ .

— ئەۋەتتىڭمۇ ؟

— ئۇنداق قارا كۆڭۈل مۇناپىققا ۋىزا ئەۋەتىپ ساراڭمۇ مەن . ۋەتەن ، يۇرت ، ئانا تۇپراق ئوتىدا پۇچىلىنىپ كۈل بولۇپ كەتسۇن !

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ، چېگرا تاقىلىپ كېلەلمىگەنلىكىدىن ئەپۇ سوراپتۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ داداڭنىڭ ئىنىسى ، سېنىڭ كىچىك داداڭ بولىدىكەن ئەمەسمۇ .

— دېمەككە ئاسان ، ئۇنىڭ دەردى - بالاسىنى يەتكۈچە تارتتۇق . ئازادلىقتىن كېيىن «چەت ئەلگە قاچقان كاپىتالىستىنىڭ پۇشتى» دەپ پۈتۈن قورۇ - جاي ، مال - مۈلكىمىزنى مۇسادىرە قىلىپ ئانام ئىككىمىزنى قوغلاپ چىقاردى ، — تۇرسۇنجان ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەندى ، — ئانام ئەقلىدىن ئادىشىپ ، ئۆزۈنىغا بارماي ئالەمدىن ئۆتتى . مېنى يېزىدىكى شېرەم تۇغقانلىرىمىزدىن بىرسى بېقىۋالدى...

تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىگە سىرى ئەسرا بولۇپ قاچانلاردا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمىدى . ئۇلار ئويغۇنغا قانماي تۇرۇپ بىردەمدىلا تاڭ ئاتتى . تۇرسۇنجان ھاپىلا - شاپىلا يۈزىنى يۇيۇپ ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى . راخمان ئانىسىنىڭ رەسمىنى ئېلىش ئۈچۈن دۈشەنبە ئەتىگەن كەلمەكچىدى . شۇڭا ، ھېكمەت ئۇنىڭغا ساقلاپ ياتىقىدا ناشتا قىلدى . دېگەندەكلا كۆپ ئۆتمەي راخمان كىرىپ كەلدى . ئۇ ، تۇرسۇنجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، ياتاقنى سورىۋېلىپ كەلگەندى . راخمان رامكىدىكى رەسىمگە قاراپ بىر تىكىلىپ قالغانچە كۆز ئۈزەلمەيلا قالدى . ئۇنىڭ چىرايى دەممۇدەم ئۆزگىرىپ ، كۆز جىيەكلىرى

قىزىرىپ، گويا ئانىسى ئۇ ئالەمدىن قايتىپ كېلىپ دىدارلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ ئۇنى چىرمىۋالغانىدى.

— پاھ، پاھ... ئانام ھاياتتەكلا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇقلىرى، خىيالچانلىقى، ھەتتا ئېڭىكىدىكى كىچىككىنە مەڭ... — دېدى راخمان رامكىدىن كۆز ئۈزمەي، — تېخى پۈرلىشىپ كەتكەن رومىلى باشقىچە تۇس ئاپتۇ. چېچىلغان ئاق چاچلىرى تارالغاندەك رەتكە چۈشۈپتۇ...

راخمان ئارقىغا بۇرۇلۇپ ھېكمەتنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئالدى ۋە گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ كەتتى.

— ھېكمەت، سىز بىلمەيسىز، ئانام رەمىتى سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنى ئاتىسىز مىڭ بىر مۇشكۇلدە چوڭ قىلغان. بىراق، مەن ئۇنىڭغا «ئانا، ماۋۇ ئىسسىق ناننى يەۋال، بۇ كىيىمنى كىيىۋال» دېگۈچە ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى، — راخماننىڭ قوللىرى تىترەۋاتاتتى، — ئاشۇ تىتىلىپ، سارغىيىپ كەتكەن تىرناقتەك رەسىمنى يۈرىكىمگە تېڭىپ ساقلاپ كەلگەندىم. بۈگۈن سىز مېنى، ئانامنى ئۇ دۇنيادىن ئەكېلىپ بەرگەندەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز.

ھېكمەت رامكىنى ئېلىپ راخماننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىراق ئۇ، ھېلى رامكىنىڭ پۇلىنى بولسىمۇ ئېلىڭ دېسە، تۇرۇپلا بازارغا ئېلىپ چىقىپ مېھمان قىلمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، دەيتتى. قىسقىسى، رەسىمنىڭ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغانىدى.

— ئەمىسە ئېيتىڭا، خوتەندە تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟ — راخمان راستتىنلا خىجىللىقتا قالغانىدى، — بۇ قېتىم بارغىنىمدا ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي.

— ئەگەر شۇنداق ئويۇڭىز بولسا مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار، — دېدى ھېكمەت، — بۇ سىزگە نىسبەتەن چوڭ ئىش ئەمەس.

ھېكمەت خوتەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان نەبى ۋە دوستى ئالىمجان زىھرۇللا ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

— بولدى ، خۇش خەۋىرىمنى كۇتۇڭ ، — راخمان ھېكمەتنىڭ قولىنى باشقىدىنلا سىلكىدى ، — مەن ئەڭ ئاۋۋال ئىنىڭىزنى تىزىمغا ئېلىپ ، ئاندىن باشقا ئىشمنى قىلىمەن .

ھېكمەت راخماننى ئۇزىتىۋېتىپ ئىشخانىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشى ئىشانوف كىرىپ كەلدى . ئۇ : «ھە ، ھېكمەت ئىش ۋاقتىدا نەگە يوقالدىڭىز ، بايا كىرسەم يوق ئىكەنسىز » دېگىنىچە ھېكمەتنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى . ئىشانوفنىڭ «ھە ، نېمىگە ئۆرە تۇرىسىز ، ئولتۇرۇڭ» دېگەن سۆزىدىن كېيىنلا ھېكمەت دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى . ئىشخانا تېگىگە تيەنجىننىڭ قاپارتما گۈللۈك گېلىمى سېلىنغان بولۇپ ، ئەينەكلىك كىتاب ئىشكاپى ، مۇڭگۈز شەكىللىك كىيىم ئاسقۇ ، ئىككى قاتار بېغىررەڭ موۋۇتلۇق دىۋان ۋە دېرىزە تەكچىسىدىكى ھەرخىل گۈللەر ئىشخانىنى ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى .

— قاراڭ ھېكمەت ، شاڭخەيدە مەملىكەتلىك «پەن - تېخنىكا كىتابلىرى كۆرگەزمىسى» ئېچىلماقچى ، شۇنىڭغا قاتنىششقا سىزنى لايىق تاپتۇق ، — ئىشانوف قولىدىكى رەڭلىك قېرىنداشنى ئۇستەلگە ئاستا ئۇرۇپ قويدى ، — پەن - تېخنىكا كىتابلىرىدىن بىر يەشىك قاچىلاپ قويدۇق . ئۇلارغا نومۇر سېلىنىپ چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ يېزىلغان . نەشرىياتىمىز شىنجاڭدىكى ئانا نەشرىيات بولغانلىقى ئۈچۈن ، كۆرگەزمىخانىدا بىزگە مەخسۇس بۆلۈم ئاجرىتىلغان .

— نەشرىيات بويىچە باشقىلارمۇ بارمۇ ، يا... ؟

— ئالدىرىماڭ ، ئۇيغۇر ، قازاق ، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى ئىشلەيدىغان تەھرىر ئىشخانىلىرىدىن بولۇپ تۆت ئادەم بارىسىلەر . ئەتە يولغا چىقىشىڭلار

مۇمكىن ، ھازىردىن تارتىپ تەييارلىقىڭىزنى قىلىڭ .

— بولىدۇ ، مەن چىقاي .

— يەنە بىر ئىش ، — ئىشانوف «ئالدىرىماڭ» دېگەندەك قولىنى كۆتۈردى ، — ئىشقا چۈشكەندىن بېرى قانچىلىك مۇقاۋا لايىھىلىدىڭىز ؟

— بىر ئايدا ئىككى مۇقاۋا لايىھەلەش ۋەزىپەم بار . شۇنداق بولغاندا ، — ھېكمەت بىردەم ئويلىنىۋالدى ، — ۋەزىپەمدىن تۆت مۇقاۋا ئاشۇرۇپ ئورۇنداپتىمەن .

— زاۋۇتتىن بېسىلىپ چىققانلىرى بارمۇ ؟

— ئالدىنقى ھەپتىلا مەن لايىھىلىگەن ئىككى كىتاب چىقتى ، قالغانلىرى تېخى زاۋۇتتا .

ھەريىلى نۆۋەت بىلەن بىر ئۆلكىدە غەربىي شىمال ، غەربىي جەنۇب توققۇز ئۆلكە (رايون ) بويىچە كىتاب مۇقاۋىلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش ، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلاتتى . ئىشانوف ھېكمەتكە ئىلھام ھەم مەدەت بېرىش ئۈچۈن بولسا كېرەك ، بۇ ئىشنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى .

— ئۇنداقتا ئاشۇ ئىككى كىتابنى لى يۇڭغا بېرىپ قويۇڭ . بىر گۇرۇپپا ئادەم لەنجۇدا ئېچىلىدىغان مۇقاۋا باھالاش يىغىنىغا ماڭماقچى .

ھېكمەت ياتىقىغا كىرىپ ساقاللىرىنى ئېلىپ ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى . ئۇ غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ماھىگۇل ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۆزى بىر قېتىممۇ بارمىغانىدى . شۇڭا ، شاڭخەيگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇنى يوقلاپ قويماقچى بولدى .

ھېكمەت بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ ، ئەڭ ئاخىرىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى - دە ، يېنىككىنە «ئۇھ» دەپ قويدى . غۇلجىغا مېڭىش ھارپىسىدىكى ماھىگۇل بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن يەكشەنبە كۈنى ھېكمەتنى چوڭقۇر ئويلارغا

مۇپتىلا قىلىپ ، يۈرىكىنى ئەلەمزىدە قىلىپ قويىدى . دېمىسىمۇ
بۇ قىز ئۇنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانىدى . گۇلزىبانى شەھەرگە
يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن ، شەھەر بىلەن بوستان ئوتتۇرىسىدىكى
شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى پىيادە بېسىپ ئاچىسىنىڭ خەۋىرىنى
يەتكۈزەتتى ، ھېكمەتنىڭ خەتلىرىنى توشۇيتتى . كېيىن يېڭىئې-
رىق سۇ ئامبىرىنىڭ شورلۇق ، زەيكەشلىك ، شىۋاقلىق يوللىرد-
مۇ ئۇنىڭغا بەخشەندە بولدى . كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ ، ئاشلىق
بېلەت ، مائاشلىرىنى توشۇپ ، ھېكمەتنىڭ تەنھالىقىنى بىلىند-
دۇرمىدى . بولمىسا دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئېلىپ بېرد-
دىغان ئادىمى يوق بۇ مۇساپىر قانداق قىلار ئىدى؟ بولۇپمۇ
گۇلزىبا قان قەي قىلىپ ، كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىللەردە ،
ماھىگۇل ھەر كۈنى ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ كەچتە
شەھەرگە كىرەتتى ، ئاچىسىنىڭ ئاش تامىقىنى ئېتىپ ، دورىسىد-
نى ئىچۈرۈپ بولۇپ ، بىر كېچە ھەمراھ بولغاندىن كېيىن تاڭ
قاراڭغۇلۇقى بىلەن بوستانغا يول ئالاتتى ۋە يامغۇردەك قۇيۇلۇ-
ۋاتقان تەرلىرىنى ئېيتىپ ئۇلگۇرمەي سىنىپقا يۈگۈرۈيتتى .
ئاشۇ يەكشەنبە ماھىگۇلنىڭ : «خۇددى مەن سىزنىڭ ئىشلىرد-
ڭىزنى قىلىپ باقمىغاندەك» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىنىڭ ئۆزى
كۇپايە ئىدى . ھېكمەت يوتقان كۆكلەۋاتقان ماھىگۇلنىڭ چىرايد-
غا زەن سالغانىدى . ئۇنىڭ ئادەم ئەيمەنگۈدەك ئاشۇ رۇخسارىغا
ئەلەملىك ئۆكۈنۈش ، تۇۋىسىز بىر دەرد سىڭىپ كەتكەنىدى .
شۇنداقلا ، پات - پات چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىدىن ،
ھەسرەتلىك قاراشلىرىدىن ساقايماس بىر جاراھەتنىڭ يۈرىكىدىن
كۆچمەي تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . بۇ ئەلەملىك ئۆكۈنۈش ،
ساقايماس جاراھەت ئۇنىڭ ئەسەبىيلىك گىردابىدا يازغان خېتىد-
نىڭ قالدۇرغان داغلىرىمىدۇر؟! تۇۋىسىز دەرد دېيىلسە ، بۇ
ھېكمەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتەك جۇدالىق زەردابلىرىمىدۇ ياكى
پازىل دوختۇر بېرەلمىگەن مۇھەببەتتىكى بەختسىزلىك پاجىئە-

سىمدۇر؟ ئىش قىلىپ ماھىگۇل ئەنە شۇنداق مىسكىن، ھەس-
رەتلىك مەبۇدىدەك رۇخسارى پۇچۇلغان بولۇپ، خۇددى كەچ
كۇزنىڭ سوغۇق شامالليرىدا قالغان گۇلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.
ھېكمەت خىيال بىلەن ئاخىرقى بېكەتكە كېلىپ قالغانلىقى-
نى تۇيمايلا قالدى. ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئۆتۈپ،
ھەربىر بىنا دوقمۇشىغا يېزىلغان نومۇلارغا قاراشقا باشلىدى.
ماھىگۇل ياتىقىنى بەشىنچى بىنا، ئۇچىنچى ئىشىك دېگەندەك
قىلغانىدى. ھېكمەت بىرنەچچە گۇللۇك ۋە دەرەخزارلىقلارنى
ئايلىنىپ يۇرۇپ ئاخىر ئىزدىگەن بىنانى تاپتى. بۇ، ئىككى
قەۋەتلىك بىنا بولۇپ ئۇستى يېشىل قاڭالتىرلىق ئىدى. ھېك-
مەت ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىرىنچى ئۆينى دەسلەپتە ئاستا،
كېيىن قاتتىقراق چەكتى، لېكىن ئىچكىرىدىن ھېچقانداق تى-
ۋىش ئاڭلانمىدى. «بەلكىم ئوپېراتسىيىدىن چىققان بولسا،
ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالدىمۇ» دېگەن ئويدا تېخىمۇ قاتتىقراق
چېكىشى، ئۇدۇلىدىكى ئۆيدىن چوقا چاچلىرى قالمىغان، ئورۇق
يۇزلىرى خۇددى مۇم يالاتقاندەك پارقىراپ تۇرغان قىرىق بەش
ياشلاردىكى بىر خەنزۇ كىشى چىقتى.
— ما دوختۇرنى ئىزدەمسىز؟ — دېدى بۇ ئادەم بېيجىڭ
تەلەپپۇزىدا، — ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە
كەتتى.
— شاڭخەيگە؟
— شۇنداق، سىز ما دوختۇرنىڭ نېمىسى بولىسىز؟
— قېيناكىسى.
— مۇنداق دەڭ، بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز بولدى. شاڭخەي
جۇڭشەن دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئامېرىكىدىن
يۇرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن تۆت كىشى كەپتۇ.
ئۇلار ئوخشىمىغان يۇرەك كېسەللىكلىرىدىن ئون بىمارنى ئوپې-
راتسىيە قىلىدىكەن ھەم ئىككى ھەپتىدەك دەرس ئۆتىدىغان

ئوخشايدۇ . بۇ ئەمەلىي تەجرىبە ھەم نەزەرىيىنى بىرلەشتۈرۈش بولغاچقا رەھبەرلىك ما دوختۇرنى دەرھال يولغا سالدى .
ھېكمەت رەھمەت ئېيتىپ يېنىپ چىقتى . يول ئۈستىدە پوچتا خانىغا كىرىپ ئۈچقۇنئاينىڭ راسخوتى ئۈچۈن مەھبۇبەگە پۇل سېلىۋەتتى . ئاندىن بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ يې- نىپ كەلدى . كەچتە ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن مالىيە بۆلۈمىدى- كى كاسسىر ئايال ، ھېكمەتكە ئەتە چۈشتىن كېيىن ماڭىدىغان پويىز بېلىتىنى تاپشۇردى .
— ئەتە سائەت ئالتىلەردا نەشرىيات قورۇسىغا يىغىلىسى- لەر ، — دېدى كاسسىر ، — سىلەرنى ئىدارىنىڭ ماشىنىسىدا پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويماقچى .
شۇ كۈنى كەچ ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان كامىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوتتۇرا كېچىلەر بىلەن قايتىپ كەلدى . يولدا كېلىۋېتىپ تۇرسۇنجان ھېكمەتتىن : «ماھىگۈل شاڭخەيدىكەن ، كۆرۈشەر- سەن» دەپ سورىۋىدى ، ھېكمەت «قېنى ، ئەھۋالغا قاراپ باقار- مەن» دەپ سۇسلا جاۋاب بەردى .
ھېكمەت ئەتىسى ۋاقچىرەك تۇرۇپ بازار ئايلىنىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى . بىرىنچى قېتىم ئىچكىرىگە سەپەر قىلىۋاتقىنى ئۈچۈن ، ھاياجان ئىچىدە كەچ سائەت ئالتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى . دۇنيادىكى تۆت چوڭ شەھەرنىڭ بىرسى بولغان شاڭ- خەينى كۆرۈش ئىستىكى ئۇنى شادلىققا چۆمدۈرمەكتە ئىدى . ھېكمەت بىرنەچچە ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ ياپونىيىنىڭ «شا- رىپ» ماركىلىق رەسىم تارتىش ئاپپاراتىدىن بىرنى سېتىۋالدى .
نەشرىيات ھويلىسىغا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن ئوسمان ، قازاق تەھرىر بۆلۈمىدىن جۇمادىل ، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدىن لودەن ، رەسسام بۆلۈمىدىن ھېكمەتلەر يىغىلىپ بولدى . ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغىلى ئىشانوف ، مىرسۇلتان ، كامىل ، تۇرسۇنجاد- لار چىققانىدى . ئىشانوف : «سىلەرنى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى-

ـنىڭ ئادەملىرى پويىز ئىستانسىسىدا كۈتۈۋالدۇ» دەپ ئەسكەر-
تىپ تۇرۇشى، نەشرىياتنىڭ كىچىك ماشىنىسى گۈركىرەپ ئوت
ئالدى ۋە «خوش ئەمىسە» دېگەن ۋارقىراشلار ئىچىدە ئاستا
قوزغالدى. ھېكمەت ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن «خوش دوستۇم،
خوش سودىگەرنىڭ ئوغلى» دەپ كامىل بىلەن تۇرسۇنجان ئالىم-
غا قول پۇلاڭلاتتى.

# بىتەلەينىڭ كۆز يېشى

شاڭخەينىڭ تېز پويىزى سائەت يەتتىدىن ئەللىك مىنۇت ئۆتكەندە قوزغالدى . تۆۋەنكى كارىۋاتقا ئورۇنلاشقان ھېكمەت دېرىزىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى . كىنو لېنتىسىدەك سۇۋاشما بولۇپ تېز ئۆتۈۋاتقان ئىستولبىلار ، دەل ـ دەرەخ ، ئۆيلەر بارغانسېرى ئارقىدا قالماقتا ئىدى . كۆپ ئۆتمەي بۇ كۆرۈنۈشلەرمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى .

تاڭ سەھەردە قۇمۇل دىيارىغا قارا يىلاندەك تولغىنىپ كىرىپ كەلگەن پويىز ، قۇمۇل ۋوگزالىدا ئون ئىككى مىنۇت توختىدى . نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەييارلانغان يولۇچىلار ۋاگون ئىشىكلىرىدىن پەسكە چۈشسە ، پەستىكىلەر قىستىلىشىپ يۇقىرىغا يامىشاتتى . ھېكمەت دەل ـ دەرەخلەر ، رەڭدار بىنالار بىلەن باغى ئېرەمنى ئەسلىتىدىغان قۇمۇل مەنزىرىسىگە قاراپ كۆڭلى شادلىققا تولغان بولسىمۇ ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئېغىر تالاپەت تارتقان ، قان تۆككەن ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان قۇمۇللۇق قېرىنداشلىرى يادىدىن كەچكەندە بىردىنلا كۆڭلى ئەلەمگە تولدى .

پويىز گەنسۇغا كىرىپ كەلگەندە ھېكمەتنىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم ئازابلاندى . چەكسىز كەتكەن گىياھسىز تاقىر تۇپىلىكلەر ، سېرىق توپىلىق ئۇنۇمسىز يەرلەر ، خۇيزۇ ۋە خەنزۇ دېھقانلىرىنىڭ قىڭغىر ـ قىيسىق ئۆيلىرى ، ۋوگزاللاردا بىر بۇردا ناننى تالىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن تىلەمچىلەر پات ـ پاتلا كۆزگە چېلىقاتتى . بىراق ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يېشىللىققا پۈركەلگەن تاغ ـ داللىرى ، تونىللار ، رەتمۇرەت كەتكەن سالا

ئېتىزلار، چىلانزارلىقلار ئادەمنىڭ بەھرىنى ئېچىپ ئۆزىگە
مەھلىيا قىلاتتى. دەرۋەقە، سۇ ۋە يامغۇر يېشىنىڭ كۆپلۈكى-
دىن بولسا كېرەك، پويىز ئىچكىرىلىگەنسېرى كىشىنىڭ كۆز
ئالدىدا يېشىل كائىنات سۈرەتتەك ئايان بولاتتى.

تۆت كېچە ئۈچ كۈندۈز توختىماي چاپقان پويىز خۇددى
ھاردۇق يەتكەندەك شاڭخەي ۋوگزالىدا پۇشۇلداپ توختىدى.
گەرچە كېچە سائەت ئون بىر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەتراپ
كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. ئاياغ ئۈچى كۆرۈنمەيدىغان ۋاگونلار-
دىن گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان يولۇچىلار خۇددى بىر شەھەرنىڭ
ئادىمىدەك مىغىلدايتتى. ۋوگزالدا قارشى ئالغۇچىلار، تونۇش-
لىرىنى ئىزدىگۈچىلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قى-
زىل، سېرىق، ئاق تاختا قەغەزلەرگە يېزىلغان ئادەم ئىسمى،
ئادرېسلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىسا، بەزىلىرى
ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن رامكىلارنى پۇلاڭلىتىپ ئادەم ئىزدەيت-
تى. ھېكمەت قاتارلىق تۆت شىنجاڭلىق سومكىلىرىنى كۆتۈر-
گىنىچە ئادەم دېڭىزى ئىچىدە بىر ئۇ باشقا، بىر بۇ باشقا
يۈگۈرۈشۈپ ئاخىر قىزىل قەغەز چاپلانغان رامكىنى كۆرۈپ
قالدى. ئۇنىڭدا: «شىنجاڭ گۆھەر زېمىن نەشرىياتىدىن كەلگەن
يولداشلارنى قارشى ئالىمىز» دەپ يېزىلىپ، ئاستىغا «شاڭخەي
خەلق نەشرىياتى» دېگەن چوڭ خەت بارئىدى. قارشى ئېلىشقا
چىققان ياشقىنا بىر ئايال بىر ئەر ھېكمەت، جۇمادىل، ئوسمان،
لودەنلەر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن،
ئۇلارنى مىنىبۇسقا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى.

شىنجاڭدىن كەلگەن تۆت مۇھەررىر، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى
بىلەن سۇزىخى دەرياسىنىڭ قېتىلىش ئېغىزىدىكى «پوجياڭ»
مېھمانخانىسىنىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىگە ئورۇنلاشتى. بۇ يەر-
دىن پۈتۈن شاڭخەينىڭ خېلى يەرلىرىگىچە كۆرگىلى بولاتتى.
گويا ئاسماندىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ

چۈشكەندەك چاقناپ كەتكەن شەھەر، ھەيۋەتلىك ئاسما تۆمۈر
كۆۋرۈك، چەت ئەل ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھەرخىل شەكىلدىكى
بىنالار، خۇاڭپۇجياڭنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى، ئۈزۈلمەي گۈ-
دۈك بېرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان پاراخوتلار، ماتورلىرىنى تاتاتلى-
تىپ ئېقىپ يۈرگەن كىچىك كېمىلەر، ۋەيتەن باغچىسىنىڭ
پىنھان روجەكلىرىدە قۇچاقلىشىپ تۇرغان ئاشۇق - مەشۇقلار
ھېكمەتنى باشقىلا دۇنياغا ئەكېلىپ قويغاندەك ھېسسىياتقا چۆم-
دۈردى.

ھېكمەتلەر ئەتىسى پۇجياڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئاشخانىسىدا
قورسىقىنى تويغۇزۇپ تۇرۇشى، تونۇگۈن كۈتۈۋالغان خەنزۇ
مۇھەررىرلەر ئۇلارنى مىنىبۇس بىلەن شاڭخەي ئالىي كۆرگەز-
مىخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. تۈزۈم بويىچە ئۇلار ئۆزلىرىنى تى-
زىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، مەسئۇل خادىم ئۇلار ئېلىپ كەل-
گەن بىر يەشىك كىتابنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ، كىتابلارنى
نومۇرى بويىچە شىنجاڭ بۆلۈمىگە ئۆزلىرى تىزىدىغانلىقىنى،
ئۇلارنىڭ ئۆگۈنلۈككە دۈشەنبە كۈنى سائەت ئوندا ئېچىلىش
مۇراسىمىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىشىنى ئۇقتۇردى.

جۇمادىل بىلەن لودەن مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدىكى تونۇشلى-
رىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. ھېكمەت بىلەن ئوسمان
ئىككىسى بازار ئايلانماقچى بولدى. لېكىن، بىلمىگەن يەرنىڭ
ئوي - چوڭقۇرى كۆپ دېگەندەك، تېنەپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ
شاڭخەينىڭ يەرلىك خەرىتىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى. خەرىتىگە
قاراپلا، قايسى يول ئاپتوبۇسى قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلگىلى
بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار بىركۈن كەچكىچە ماگىزىن، بىليارتخانا،
دۇملاتما توپ مەيدانلىرىنى ئايلىنىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە مېھمان-
خانىغا ئارانلا كېلىۋالدى. ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ مۇنچىغا چۈ-
شۈۋالغاندىن كېيىن راھەتلىنىپ چاي ئىچىشتى.

— ئوسمان، — دېدى ھېكمەت داۋاملىق ياسىنىپ، تارد-

نىپ پاكىز يۇرۇيدىغان ئوسماننىڭ چىرايلىق تارالغان چاچلىرىغا قاراپ قويۇپ، — قېيىنسىڭلىم شائخەي جۇڭشەن دوختۇرخانىسىغا ئۆگىنىشكە كەلگەندى، قانداق ئالاقىلاشقىلى بولار؟

— ۋۇي، بۇ ئاسانغۇ، — ئوسمان ئۈستەلدىكى تېلېفون دەپتىرىگە قاراپ قويدى، — مانا بۇنى ئاختۇرۇپلا تېلېفون نومۇرىنى تاپساق بولدى.

ئوسمان دەپتەرنىڭ مۇندەرىجىسىگە قاراپ، جوڭشەن دوختۇرخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئاسانلا تاپتى. ھېكمەت باش ئاپپاراتقا تېلېفون ئۇرۇپ، ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتقاندىن كېيىن، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۇ ئىزدىگەن بۆلۈمگە ئۇلاپ بەردى. تېلېفوننى ئالغان خەنزۇ قىز: «ئۇلار ھازىر خىمىيىلىك ئانالىز تەجرىبىخانىسىدا، كېيىن ئۇرۇڭ» دېگەن جاۋابنى بەردى. شۇنداقتىمۇ ھېكمەت ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، نەگە چۈشكەنلىكى، نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى دەۋالدى.

ئەتىسى يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ھېكمەت شائخەي بازارلىرىنى ئايلىنىپ رەسساملىق كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى سېتىۋالدى. بىراق، ئېزىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ چوڭ رەستە نەنجىڭلۇ ئەتراپىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەي چۈش بولۇپ قالدى. ئۇ بىرەر مىللىي ئاشخانا تاپالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ قايتىپ كەلدى، مېھمانخانىنىڭ دەم ئېلىش زالىغا قەدەم ئېلىشى، تەشتەكلىك قارىغايلار دالدىسىدىكى دىۋاندا چۆكۈپ ئولتۇرغان ماھىگۈل ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدىدە، ئەتراپتىكىلەرگە قارىغىنىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ھېكمەت ئاكا.

— خېلى ساقلىغان ئوخشىمامسىز؟

— ئەتىگەندىلا كەپتىكەنمەن.

ئۇلار ئالدىغا چاي شىرەسى قويۇلغان دىۋاندا يانمۇيان ئول-

تۇرۇشتى . ماھىگۇل بىر ئۆرۈلگەن چىچىنى يانغا ئىلىپ ، ئەتـ
ـرەڭ يوپكىسىدا يالاڭ تىزلىرىنى يوشۇردى . بۇ ئەسنادا ھىكمەت
تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا ئۈلگۈردى .

— سىزنىڭ تېلېفون بەرگەنلىكىڭىزنى ئاخشاملا ئۇقتۇم ، — ماھىگۇل چوڭ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى ، — توۋا ، ئاجايىپ ئۇچرىشىش- ھە ، مىنىڭ شاڭخەيگە كەتكەنلىكىمنى كىمدىن ئۇقتىڭىز ؟

ھىكمەت دوختۇرخانىغا چىقىپ ئىزدىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . ماھىگۇل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندەك قىلاتتىيۇ ، ئەمما كىچىدىن ئۇيقۇسىز قالغانمۇ ياكى قورسىقى ئاچقانمۇ ، ئالىقىنىنىڭ ئارقىسىدا ئاغزىنى توسۇپ بوشراق ئەسـنەپ قوياتتى . ھىكمەت ئۇنى مېھمانخانا ئاشخانىسىغا تەكلىپ قىلغانىدى ، ئۇ تارتىنغاندەك قىلىپ ئۇنىمىدى .

— ھىكمەت ئاكا ، تاماقنى سىرتتىن يەيلىچۇ ، مەن بىر تۈگكان ئاشخانىسىنى بىلىمەن ، تاماقلىرى شۇنداق تەملىك .

— بولىدۇ ئەمىسە ، مەن سومكامنى ئاۋۇ بوتكىچى قىزغا بېرىپ قوياي .

ئۇلار نەنجىڭلۇغا كەلگەندە ماھىگۇل ئۇنى كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان خالىتا كوچىغا باشلاپ كىردى - دە ، تار ھەم ئېگىز تۆمۈر پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدى . تۆتلا يۇمىلاق شىرە قويۇلغان بۇ ئاشخانا كىچىكرەك بولسىمۇ پاكىز ئىدى . ئاق پوسما ، خالات كىيگەن ياش يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ نېمە يەيدىغانلىقىنى سورىدى . ماھىگۇل خۇددى كونا تونۇشلاردەك : «بىر چوڭ ، بىر كىچىك چىنىدە چۆچۈرە بېرىڭ» دەپ قويدى . ئۇنىڭ بۇنداق تەمكىنلىكىدىن ھەيران بولغان ھىكمەت تۇيدۇرماي ماھىگۇلگە قاراپ قويدى .

— شىنجاڭدىن كەلگەن يەنە بىر خەنزۇ ئايال دوختۇر بار ، — دېدى ماھىگۇل چۈشەندۈرۈپ ، — ئىككىمىز ئۆي تامىقى سېـ

غىنساقلا مەشەگە كېلىمىز .

ئۇلار دورا ـ دەرمەكلىرى تېتىپ كەلگەن ، چۆچۈرىنى ئىچىپ بولغۇچە تەرلەپ كەتتى . ھېكمەت يانچۇقىغا قول سېلىپ بولغۇچە ، ماھىگۇل پۇلىنى تۆلىۋەتتى .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دېدى ھېكمەت خىجىل بولۇپ .

— شۇنى ئۇنتۇماڭ ، مەن سىزنى باشلاپ كەلگەن ، — ھەرئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقىمۇ ، نەنجىڭلودا ئادەم دېڭىزى سەل بولۇپ ئاقاتتى . ھېكمەت بىلەن ماھىگۇل مەسلىھەتلىشىپ يېقىنراق بولغان «ۋەيتەن» باغچىسىغا كىرىشتى . بۇ باغچە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلۇپ كەتكەنىدى . گۈللۈك ئەتراپى ، قارىغايزارلىق ، ۋە يول بويلىرىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ ، ھەتتا ئېرىق قىرلىرى ، پەلەمپەيلەر ، دەرەخ سايىلىرىدىمۇ ئولتۇرغۇدەك ئورۇن كۆرۈنمەيتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئاشۇق ـ مەشۇق» لار بولۇپ ، قىزلىرى يىگىتلىرىنىڭ قۇچاقلىرىغا چىقىۋالغان . خۇددى بىر كىم ئېلىپ قاچىدىغاندەك چىڭ قۇچاغلاشقان ، ھېچكىمدىن ھېيىقماي سۆيۈشۈۋاتقان ياشلاردىن ئىدى .

— نېمىدېگەن قىلىقسىزلىق بۇ ، — دېدى ھېكمەت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — كۆپكۆندۈزدە...

— مەنمۇ دەسلەپتە كۆرگەندە سىزدەك ئويلىغان ، — دېدى ماھىگۇل يەرگە قاراپ ، — كېيىن ئاڭلىسام ئۇلارنىڭ كۆپلىرى توي خېتى ئېلىپ بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىغا نەچچە يىللار بولغانىكەن ، ئۆي بولمىغاچقا توي قىلالماي ھەردەم ئېلىش كۈنلىرى باغچىلاردا ئۇچرىشىدىكەن .

— مۇنداق دەڭ .

ئۇلار ۋەيتەن باغچىسىنىڭ سىمونت قاشاسىغا جەينەكلىرىنى قويۇپ، ئىگىشكىنىچە پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئالدىدىن خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ساپسېرىق سۈيىنى داۋالغۇتۇپ يۈك پاراخوتلىرى گۇدۇك بېرىپ ئۆتەتتى. بىر - بىرىگە باغلانغان يەرلىك چاتما كېمىلەر بېسىلغان يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن سۇغا چۆكۈپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. شاڭخەينىڭ بارلىق غەلىغەش - يۇندىلىرى بىلەن بولغانغان سۇزۇخې دەرياسىدىن كۆتۈرۈلگەن بەدبۇي پۇراق دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. خىيالغا چۆككەن ماھىگۈل چاقىقانغىنا ئاپئاق ساياھەت پاراخوتىغا ۋە ئۇنىڭ پالۋىبىسىدا مۇڭدىشىۋاتقان بىر جۈپ گەۋدىگە، كۆڭۈل ئېچىش بۆلۈمىدىكى خۇشال - خۇرام ۋارقىرىشىپ، كۈلۈشۈپ هاراق ئېچىشىۋاتقان ساياھەتچىلەرگە قاراپ تۇراتتى.

— ھېكمەت ئاكا، شاڭخەيدە قانچىلىك تۇرارسىز، — دېدى ماھىگۈل پەس ئاۋازدا، — قايتىشتا بىللە كەتكەن بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

— ئەتە ئېچىلىش مۇراسىمى بولماقچى، — ھېكمەت كۆڭلىدە مۇسەللەپ كۆردى، — بەلكىم يىگىرمە كۈنگە بارماس، بىرقانچە ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، كىتابلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا ئون كۈن كېتەر.

— بولمايدىكەن، — ماھىگۈل غەمكىنىدەك كۆرۈنەتتى، — ئون بىمار تەكشۈرۈلۈپ بولدى، ئۆگۈنلۈككە ئوپېراتسىيە باشلىنىدۇ. ئۇلارنى كۆزىتىش، ئىككى ھەپتە نەزەرىيە دەرسى ئاڭلاش، ئاخىرىدا ئىلمىي مۇھاكىمە بولۇپ بىرەر ئايدىن ئوشۇق تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

— بۇنداق پۇرسەت كەم تېپىلىدۇ، — دېدى ھېكمەت ئىلھام بېرىپ، — ئامېرىكىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار. قانچىلىك ئۆگەنسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ كەسپى ئۈچۈن ياخشى.

ئۇلار نەشرىياتچىلىق ھەم مىدىتسىنا ئىلمى، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئائىت كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق تېمىلاردا بىردەم سۆزلەشتى. ئەمما، ماھىگۈل سائىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋېيىيەي، سائەت ئۈچ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ماھىگۈل جىددىيلىشىپ، — سائەت تۆتتە ھەممىمىز يىغىلىپ ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىماقچىدۇق.

— جۇڭشەن دوختۇرخانىسىنىڭ ئارىلىقى خېلى بارمۇ؟

— تاكسىدا كەتمىسەم ئۈلگۈرەلمەيمەن، — ئۇلار سۆزلەشكەچ چوڭ يولغا چىقتى، — ھېكمەت ئاكا، ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە ئەتىگەن «تىنچلىق» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاڭ، ئەگەر بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا تېلېفوندا خەۋەر قىلىمەن.

ماھىگۈل تاكسىنىڭ دېرىزىسىدىن «خوش» دېگىنىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

دۈشەنبە كۈنى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. دۆلەتلىك مەدەنىيەت بۇسىنىڭ شۇجىسى: «پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى كۆپلەپ يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش» ھەققىدە يولیورۇق بەردى. ئاندىن شاڭخەي نەشرىياتچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭى يۈزلىنىش» تېمىسىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىن كەلگەن بىر قىسىم نەشرىياتچىلىق ئەربابلىرى: «پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى»، «ئىسلاھات — پەن - تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش كىتابلىرىغا موھتاج» دېگەن تېمىلاردا سۆزلەپ ئۆتتى.

مۇراسىم ئاخىرلىشىش بىلەن ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر نەشرىياتلىرىدىن كەلگەن مۇھەررىرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە گۈزەل - سەنئەت خادىملىرى توپ - توپ بولۇپ كۆرگەزمىنى

كۆرۈشكە باشلىدى . قىپقىزىل سۇنئىي تالالىق گىلەم سېلىنغان
شۇنچە چوڭ كۇلۇب ، جازىلار ئارقىلىق يۈزلىگەن بۆلۈملەرگە
بۆلۈنگەنىدى . ھەربىر بۆلۈمگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىلاغا خەنزۇچە –
ئىنگلىزچە يېزىق بىلەن ئۆلكىلىك نەشرىياتلارنىڭ ئىسمى يېزى-
لىپ ، تىزىلغان ھەربىر كىتاب بېشىدا نومۇر قىستۇرۇقلۇق
تۇراتتى . ئۆلكىلىك نەشرىياتلارنىڭ مەخسۇس خادىملىرى كىتاب-
لارنىڭ مەزمۇنى بېرىلگەن ئېلانلارنى تارقىتىپ ، خېرىدارلارنى
ئۆزلىرىگە جەلپ قىلاتتى . مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن قات-
ناشقان ئىشتىراكچىلار پىكىر دەپتەرلىرىگە بەزى كىتابلارنىڭ
مۇقاۋىسىنىڭ ياخشى لايىھەلەنگەنلىكى ھەققىدە يازسا ، بەزىلىرى × ×
نومۇرلۇق كىتابنى كۆپرەك نەشر قىلىش ھەققىدە پىكىر –
تەلەپلىرىنى يېزىپ قالدۇراتتى .

ھېكمەت كۆرگەزمىخانىدىكى كىتابلارنى كۆرگەندىن كې-
يىن ، ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىنىڭ مەزمۇن ، تۈر
ھەم شەكىل جەھەتتە بولسۇن خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدى . يەنە كېلىپ بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەرجىمە
ئەسەر بولۇپ ، ئۆزىمىزدە يېزىلغان پەن – تېخنىكىغا دائىر
ئىجادىي ئەسەرلەردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى . ھېكمەتنى ئاھانەت ۋە
نومۇس تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى . ئۇيغۇرلاردا شېئىرىيەت تەرەق-
قىي قىلغانىدى ، شېئىرىيەتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ يۇكسەك پەل-
لىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۇيغۇرلارنى «شېئىرى مىللەت» دېگەن سۇ-
پەتلەرگە ئىگە قىلدى . بۇ ئاتالغۇ تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ
زىكرى قىلىنىپ تۇراقلىق مېتافوراغا ئايلاندى . بىراق ، «شېئى-
رى مىللەت» نى ئىلىم – پەنگە يۈزلەندۈرىدىغان تەبىئىي پەن
كۆزلەرگە خىرە كۆرۈنۈپ ، «ناخشا ئۇسۇل ماكانى» ، «شېئىرى
مىللەت» ، «ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدىغان ،
بۆشۈكتە يېتىپ ئۇسۇل ئوينايدىغان» دېگەندەك سۈپەتلەر مەست-
خۇش قىلدى . فارابى ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ، ئەل خارەزمى ،

ئەبۇرەيھان بىرونى ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىناغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەجدادلىرىمىز ، يۈكسەك پەلسەپۋى تەپەككۇرى ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت دىئالېكتىكىسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ، ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر ، سەنئەت ، تىبابەت ۋە خىمىيىلىك ئىزدىنىشلىرى ، تارىخ ، ئىلمىي نۇجۇم ، توپونومىيە ، ئارخىئولوگىيە ساھەلىرىدىكى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق بىزگە ئىلىم ـ ئىرپان يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەن ئەمەسمىدى ؟ !

ھېكمەت كۆرگەزمە باشلانغان كۈندىن تارتىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتى . ئۇ كۆرگەزمىخانىدىكى پەشتاختتا ئۈستىگە تىزىلغان كىتابلارنى ئەستايىدىل كۆرەتتى ، ئەڭ ياخشى لايىھىلەنگەن كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرىنى رەسىمگە تارتاتتى ، ھەتتا ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان كۈنلەردىمۇ ، ئارىلىقلاردا ۋاقىت چىقىرىپ كۆزگەزمىخانىغا كېلەتتى ـ دە ، پىكىر يازاتتى ، خاتىرە قالدۇراتتى . ئۇ ، شۇنداق جىددىيچىلىك ئىچىدە بىر ھەپتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ ، يەكشەنبىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى .

ھېكمەت ئەتىگەندىلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئاپپاراتىنى ئالدى ـ دە ، «تىنچلىق» مېھمانخانىسى ئالدىغا باردى . چەتئەللىكلەردىن باشقىلىرى كىرەلمەيدىغان بۇ مېھمانخانىنىڭ ئالدى ۋە ئەينەكلىك ئىشىكلىرىنىڭ ئىچلىرىدە قاتمۇقات ساقچىلار تۇراتتى . قاپارتما تاش تاملار ، ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ھېكمەت «ئۇ كېلەلەمدۇ يوق» دەپ ئويلىدى . لېكىن ، ماھىگۈل كېچىلىرى ئەھۋال سوراپ بەرگەن بىر ـ ئىككى قېتىملىق تېلېفونىدا بارالمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەنىدى . ھېكمەت گەرچە ماھىگۈلنى كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا «ئۇ كەلمىسە ياخشى بولاتتى» دېگەن بىر ئوي كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە سادا بېرىپ تۇراتتى . ئەمما ، «ئاچام گۈلزىبانىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ، مەندەك ناتىۋان سىڭلىڭىزنى يوقلاپ قويسىڭىز بولمامدۇ» دېگەن بىر جۈملە ئۆتۈنۈش

ئۇنىڭ ۋىجدان تارازىسىنى بىسىپ تۇرسا ، «مەن ئەسكى ، مەن رەزىل ، سىزنىڭ دىلىڭىزنى رەنجىتتىم» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەشلەر ھېكمەتكە «سىز نېمانچە ئاداۋەتخۇر» دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . شۇڭا ئۇ ، تۇرمۇش خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن بىچارە قىيىنسىڭلىسىغا ئاكىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى يەتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

ھېكمەت تۇيۇقسىز تۇرمۇز بېرىپ توختىغان تاكسىدىن چۆچۈپ ئارقىغا داجىدى ، ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ خېلىلا ئېغىر سۇلياۋ سومكىنى كۆتۈرگەن ماھىگۈل چۈشتى .

— ھېكمەت ئاكا ، سىزنى خېلىلا ساقلىتىپ قويدۇم- ھە ، — ماھىگۈل تەرلىگەنلىكىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى ، — يولدا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئالىمەن دەپ ھايال بولۇپ قالدىم .

— نېمانچە كۆپ نەرسە ئۇ ، — ھېكمەت سومكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ، — پوھۇي ، يەيدىغان - ئىچىدىغاننىڭ ھەممىسىنى ئاپسىزغۇ ؟

— باغچىلاردا ئاشخانا تاپماق تەس .

— نەگە بارىمىز ؟

— نەگە بارساق بولا ؟ — ماھىگۈل ئويلىنىۋالدى ، — ھايۋانات باغچىسى ، ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى ھەم ئورمان باغچىلىرى يەكشەنبە كۈنلىرى بەك بىسىق بولۇپ كېتىدۇ ، ئادەم ئولتۇرغۇدەك ئورۇن تاپماقمۇ تەس . جۇڭشەن باغچىسى بولسا يىراقراق .

— ئەمىسە نەگە بارىمىز ، — ھېكمەت ئۈمىدسىزلەنگەن ئەلپازدا سورىدى .

— مۇنداق قىلايلى ، — ماھىگۈل بىردىنلا جانلاندى ، — خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا خۇاڭپۇ باغچىسى بار ، بەك ئازادە ، ھەم ئادەممۇ كۆپ ئەمەس .

— يائاللا ، شاڭخەينىڭ كونا پۇقراسىدەك ھەممىلا يەرنى

بىلىدىكەنسىز ، — دېدى ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ سومكىسىنى قولغا ئېلىپ ، — يۈرۈڭ ئەمىسە - يول باشلاڭ .

— مەن بېيجىڭدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغان چاغلىرىمدا ، — ھېكمەتنىڭ سۆزىدىن خىجىل بولغان ماھىگۈل ، يولنى كېسىپ كېتىۋېتىپ چۈشەندۈردى ، — ساۋاقداشلار بىلەن يازلىق ، قىشلىق تەتىللەرنى شاڭخەيدە ئۆتكۈزەتتۇق .

«شۇڭا نەبىنى ئۇنتۇپتىكەنسىز - دە» دېگەندەك ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ھېكمەتنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ ، چىرايىغا غەزەپ بۇلۇتلىرى سوقۇلدى . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىردىنلا بۇنداق ھالغا كېلىشىنى ، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ماھىگۈل دېمىققاندەك بولۇپ ئۈنچىقمىدى ھەم دەپ سالغان سۆزلىرىدىن خىجىل بولدىمۇ ئالمان - تالمان بېلەت سېتىش بوتكىسىغا يۈگۈردى . ھېكمەتنىڭ كەيپىياتى خېلى چاغقىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى .

— ھېكمەتكا ، پاراخوتنىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى ئالدىم ، — ماھىگۈل بېلەتنى كۆرسەتتى ، — يۈرۈڭ ، دەم ئېلىش ئۆيىدىن ياخشىراق ئورۇننى ئىگىلەيلى .

ئۇلار بىر شىرەنى ئىگىلەپ ، پاراخوت خادىملىرى ئېلىپ كەلگەن چاينى ئوتلاپ ئولتۇرۇشتى . ھېكمەت دېرىزىدىن قارىدى ، پاراخوت جايىدىن قوزغالمىغاندەك بىلىندى ، لېكىن سۇ پىرقىراپ قاينام ھاسىل قىلىپ ئالدىغا لۆمشۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ بېشى پىرقىرىغاندەك بولۇپ كۆڭلى ئېلىشتى .

— سۇغا قارىماڭ ، — دېدى ماھىگۈل ئەسكەرتىپ ، — پاراخوتقا چۈشمىگەن ئادەم ئاسانلا قەي قىلىۋېتىدۇ .

ھېكمەت بىرچىنە چاينى ئىچىپ تاماكا چېكىپ بولغۇچە ، پورتقا يېتىپ كەلگەنلىك سىگنالى چېلىندى . ئادەملەر ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى . ماھىگۈل يول باشلاپ ئالدىدا كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا خۇاڭپۇ باغچىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى

ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ھېكمەت قايسى تۆشۈكتىن بىلەت ئالدىغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان ئارىلىقتا ماھىگۇل تۆشۈككە قولىنى تىقىپ پۇلنى سۇنۇپ بولدى.

خۇاڭپۇ باغچىسى ئاجايىپ كەڭ تاشالىقى، خىلمۇ خىل گۈل ـ گىياھلارغا پۈركەلگەن باغلىرىنىڭ شالاڭ ھەم ياشلىقى، يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇرغان سۇنئىي تاغلىرىدىكى مەجنۇن تاللىرى، قۇڭغۇررەڭ قورام تاشلار، رەڭگا رەڭ ئېچىلغان نادىر ـ ئەتىۋارلىق گۈللىرى بىلەن چۆچەكلەردىكى چاھار باغلارنى ئەسلەتسىمۇ، باغ ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇق بولماسلىقى، ئەمدىلا ياسىلىۋاتقان راۋاقلاردىن خۇاڭپۇ باغچىسىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەملەرنىڭ شالاڭلىقى كىشىنىڭ بەھرىنى ئېچىپ ئازادىلىك ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. گۈللۈكلەر، ياش قارىغايزارلىقلار، رەڭدار خىش يېيىتىلغان يوللاردا بىر ـ بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىشقان جۈپ ـ جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار، شېرىن ئايلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈۋاتقان ياش ئەر ـ خوتۇنلار، كۈچۈكلىرىنى يېتىلىۋالغان نازىنىن خېنىملار ئارىلاپ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

ھېكمەت بىلەن ماھىگۇل سومكىسىنى كۆرۈنگۈدەك يەردىكى قارىغايغا ئېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى سۇنئىي تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا، گۈل تۈپلىرى تۈۋىدە، ئەگمە كۆۋرۈك ئۈستىلىرىدە بىر ـ بىرىنى رەسىمگە تارتىپ ئايلىنىپ يۈردى. كېيىن تېخىمۇ رومانتىك پىنھانلارنى قوغلىشىپ، سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە باغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىشتى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ساپسېرىق، ئاپئاق، ھال ئېچىلغان جۇخارگۈل قاتارلىرى ئايان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا خۇددى سۆگەتتەك شاخاراپ كەتكەن، لېكىن ئۇچىدىن تارتىپ تۈۋىگىچە قىزىل شايىدا ئورالغاندەك جۇلالىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك گۈللەر قاتى-

رى ھەر ئىككىسىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى .

— ھېكمەتكا ، بۇ گۈلنى خەنزۇلار ساڭيىنىڭ مودەن دەپ ئاتايدىكەن ، — دېدى ماھىگۈل گۈل تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندە ، — بىز شىنجاڭدا تەشتەكلەردە ئۆستۈرىدىغان گۈل شۇ ئەمەسمۇ ، بۇ يەردە دەرەختەك ئۆسىدىكەن .

— شاڭخەينىڭ بەزى كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېچىلىپ كەتكىنىمۇ مۇشۇ گۈلكەن ـ دە ، — دېدى ھېكمەت گۈلگە زوقلىنىپ ، — قېنى ، مەشەدە بىردەم ئارام ئالايلى .

ئۇلار ئىككى تۈپ ساڭيىنىڭ مودەن ئوتتۇرىسىدىكى شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى . چىنە ئاغزى چوڭلۇقتا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ، ئۇلارنىڭ باش ـ بويۇنلىرىدا ، مەيدىلىرىدە ساڭگىلىشىپ تۇراتتى . نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلار قەلبىنى تەۋرىتىۋاتقان ماھىگۈل ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، قىزدوستىنى چىملىقتا ياتقۇزۇپ قويۇپ ھەرخىل شەكىلدە رەسىمگە تارتىۋاتقان خەنزۇ يىگىتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەتتى . ئۇ ، نېمىلەرنىدۇر دېگەندىن كېيىن خەنزۇ يىگىت باش لىڭشىتىپ يېنىپ كەلدى . ماھىگۈل بويىنىدىكى ئاپپاراتنى ئۇنىڭغا سۇندى .

— ھېكمەتكا ، خاتىرە ئۈچۈن ئىككىمىز بىرگە رەسىمگە چۈشۈۋالايلى ، — ماھىگۈل ھېكمەتكە يېقىن ئولتۇرۇۋېتىپ كۈلۈپ قويدى .

— ھەي سىز ، — دېدى خەنزۇ يىگىت ماھىگۈلگە ، — يولدىشىڭىز تەرەپكە بېشىڭىزنى سەل ئېگىڭ ، ھە سىزمۇ بىر ئاز .

خەنزۇ يىگىت تارتىپ بولۇشى ماھىگۈل كۆپكۆك چىملىقتا ئولتۇرۇپ ھېكمەتنىڭ تىزلىرىغا ئاپئاق بىلەكلىرىنى قويدى ـ دە ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىشى خەنزۇ يىگىت «تەي خاۋ» (بەك ياخشى ) دېگىنىچە تارسلا قىلىپ تارتىۋالدى . ماھىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ شادا ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ـ دە ، ھېكمەتكە

سەل ئېڭىشىپ تۇردى. لېكىن خەنزۇ يىگىت ئۇنىڭغا:

— ئىككى قولىڭىزنىڭ بارماقلىرىنى يولدىشىڭىزنىڭ مۈرىلىرىگە بوش تەگكۈزۈڭ، ياق، ياق تۇتۇۋالماڭ، — دېدى.

ئۈچ قېتىم تارتىلغان رەسىمدىن كۆڭلى تىنغان ماھىگۈل، خۇشلۇقىدا سومكىسىدىن سوغۇق ئىچىملىكتىن ئىككىنى ئېلىپ، خەنزۇ يىگىتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى — دە، «ئاۋارە قىلدۇق» دەپ قويدى. يىگىت كېتىشى بىلەن ئۇ يەنە ئىككى قۇتا ئېلىپ بىرنى ھېكمەتكە سۇندى.

— تاتلىق بولسا ئىچمەيمەن جۇمۇڭ، — دېدى ھېكمەت قۇتىدىكى خەتلەرگە قاراپ.

— بىلىمەن، سىزنىڭ تاتلىق بىلەن خۇشىڭىز يوق، ئۇ دېگەن پىۋا، — ماھىگۈل بىر ئىشنى يادىغا ئالدى، — بىر قېتىم ئاشلىق بېلىتى بىلەن مائاشىڭىزنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ئاپىرىپ بەرگىنىمدە، سىزگە بىر كاللەك ناۋات ئاچىقسام «ئۆزىڭىز يەڭ؟» دەپ قايتۇرۇۋەتكەنىدىڭىز.

— ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالماپسىز - دە.

— قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي… ئۇنتۇش سىز ئۈچۈن ئاسان بولغىنى بىلەن مەن ئۈچۈن ئازاب…

— ئۇنداقتا سىزنىڭ ئەجىر - ھەممەتلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغان تۇز كور بولۇپ قاپتىمەندە.

— مېنىڭ ئۇلارنى مىننەت قىلىپ يۈزىڭىزگە سېلىش نىيىتىم يوق، زىنھار يوق، — ماھىگۈلنىڭ قورساق كۆپۈكى خېلىلا باردەك قىلاتتى، — ئەمما ھەممىڭلار ماڭا ئۆچ. بىلمىدىم، نېمانچە سەت كۆرۈنۈپ قالدىمكىنتاڭ. كامىل ئاكام قاپىقىنى ئاچمايدۇ، سىز ياتتىن بەتتەر ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ يۈرىسىز، نەبىنىڭ بولسا قارارغا كۆزى يوق. زادى نېمە ئۈچۈن؟! مېنىڭ ئاشۇ بىر پارچە خېتىم ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولىدىغان بولسا، بۇ مەندەك بىر ئاجىزە ئۈچۈن رەھىمسىزلىك-

قۇ ، نېمانچە باغرىتاشلىق بۇ ؟

ھېكمەت ماھىگۇلنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندەك بولدى . ئەمما ، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭۈل ئاغرىقلىرى ئۇنىڭدىن ئاز ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ چالۋاقىماي ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى .

توغرا ، شۇ چاغلاردا ئاق كۆڭۈل بۇ قىزنىڭ خەيرخاھلىقى ، مېھىر - شەپقىتى ، كۆيۈمى جۇدالىق ھەم ئايرىلىش پىراقلىرىدا ئۆرتىنىۋاتقان ھېكمەتكە يېتىپ ئاشقۇدەك يۆلەنچۈك بولدى . «يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا قاياشىڭ شۇ ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ» دېگەندەك ، ئاشۇ ئوچۇق چىراي قىزنىڭ ساخاۋەتلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى بولسۇن ! ھېكمەت ئۇلارنى تۇنۇگۈنلا بولغان ئىشلاردەك يادىغا ئالدۇ . بىراق ، ماھىگۇل ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن يازغان ھېلىقى لەنىتى خەت ، بولۇپمۇ نەبىنى تاشلىۋېتىشتەك قارا كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ يۈرىكىدە خۇددى شۇم بۇيىدەك نەپرەت بىخلىرىنى پەيدا قىلدى . شۇنچە سەممىي ، ياۋاش ، باغرى يۇمشاق بىر قىزنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپلا ، خۇددى تۇخۇمدىن چىقىپلا شاكىلىنى ياراتمىغان چۈجىدەك قىلىغان ئىشلىرى كىمنىڭ ئويىغا كىرىپ چىققان ! ھېكمەت كامىل بىلەن نەبىگە دادىلىمىغىنى بىلەن ، ماھىگۇل سالغان زەھەر - زورقۇملارنى ئۆزى بىلىدۇ . ئۇ ، ھەممە - ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپلا كەلدى . تېخى نەبى ئاچىسىنى تىللاپ «كۆزۈم كۆرمىسۇن ئۇنداق ئىسىلزادە خېنىمنى» دېگەندە ، ھېكمەت تەنبىھ بېرىپ ئۇنى ئەيىبلىگەنىدى . ئەمدىلىكتە بولسا سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دېگەندەك ، ماھىگۇل ھەسرەت - ئاغرىنىشلىرىنى تۆكۈۋاتىدۇ .

ھېكمەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ماھىگۇلنىڭ بېشى مەيدىسىگە ئېگىلىپ چۈشتى . ئۇ نېمە دېيىشىنى ، گېپىنى نەدىن باشلىشىنى بىلمەي جىم ئولتۇرۇپ كەتتى . بىر چاغدىلا بېشىنى

كۆتۈرۈپ ، يۈزلىرىنى سىيپاپ قويغان ماھىگۈل لەپپىدە ھېك-
مەتكە قاراپ قويدى .
— مەن ئۈنچىۋالا گالۋاڭ ئەمەس ھېكمەت ئاكا ، — دېدى ماھىگۈل چوڭقۇر تىنىپ ، — بايا پاراخوتقا چىقىش ئالدىدىكى بىر ئېغىز گېپىمدىن قاپاقلىرىڭىز تۈرۈلۈپ ، تۇتۇلۇپ كەتكىنى-ڭىزدە ، «سەن قىش - ياز چوڭ شەھەرلەردە ئويناپ ، ئۇكاڭ نەبىنى ئۇنتۇدۇڭ» دېگەن ئاچچىق يۈزىڭىزگە چىققانلىقىنى بىلدىم .
دەرۋەقە ، ماھىگۈل خوتەندىن ئۈمىدسىزلىك ھەم ئازاب يۈكىنى يۈكلەپ قايتتى . نەبى «يوقال ، سەن ئۆرۈمچىگە ئوقۇشقا بارماپسەن ، يۈرىكىڭنى قارا بوياپ كەپسەن» دەپ قوپاللىق بىلەن ھەيدىۋەتتى . ھېكمەتنى بوستان دوختۇرخانىسىدا بەش كۈن باق-قان بولسىمۇ ، ئۇ گەپ قىلىش ئەمەس چىرايىغىمۇ قارىمىدى . كامىل بولسا «سىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن باغۋەننىڭ قولىغا گۈل بەرمىدىڭىز ، بەلكى يۈرىكىگە نەشتەر ئۇردىڭىز…» دەپ جاراھەت ئۈستىگە تۇز سەپتى… ماھىگۈل بېيجىڭدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا قانچە - قانچىلاپ خەت يېزىپ نەبىدىن خەۋەر ئالالمىدى . ئۆرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەتمۇ يازدى ، خالتىمۇ سالدى ، بىراق ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى ماركا چاپلانغان خالتا قايتىپ كەلدى . بۇنىڭدىن ، خالتىنىڭ نەبىگە يېتىپ بار-غانلىقىنى ، لېكىن ئۇنىڭ خالتىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى ئېنىقلا ئىدى ! ئەمدى ئۇ قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ خوتەنگە بارىدۇ ، كىمنى دەپ بارىدۇ ؟ تۇغقانلىرى ، دوستلىرى ، كۆڭۈلدىكى كى-شىلىرى ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز يۇرتىدىن رىزقى - نىسىۋىسى ئۈزۈلگەن تۇرسا !… ئون باھار ، ئون زىمىستان قىش ئۆتۈپتۇ ، بۇ مۇساپە ماھىگۈل ئۈچۈن تۈمەنمىڭ يىللاردەك بىلىن-دى ! ھەر باھار چېچەك ئاچقاندا ، ھال رەڭ لىباسقا پۈركەنگەن مېھرىبان يەرلەر كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى ، كۆڭۈلدىكى كىشىلە-رى سېغىندۇردى ، شۇنداق ، تاقەتسىز سېغىندۇردى !… جەنۇب

شامالللىرى تونۇش ھىدلارنى ئېلىپ كېلەرمۇ دەپ، يىراقلارغا تەلمۈردى، لېكىن ئۇ تاشبېغىرلاردىن ھېچ خەۋەر بولمىدى...

ماھىگۈل كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرتەلمەيتتى، گۈل بەرگىلىرىدىن تۆكۈلگەن شەبنەم تامچىلىرىدەك قەترىلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ چۈشۈپ تۇردى. «ئىنىسى نەبىنى تاشلىۋەتتى»، «چوڭ شەھەرلەر كۆڭلىنى قارا قىلىۋەتتى» دەپ ئاغرىنىپ يۈرگەن ھېكمەتنىڭ ئوڭايسىزلانغىنىدىن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— خەتمۇ يازدىڭىز؟ — ھېكمەت ئىشەنمىگەندەك سورىدى.

— خۇدا ھەققى، پاك دىلىم بىلەن قەسەم قىلالايمەن.

— سالىخان خالتىڭىز قايتىپ كەلدى؟

— دوختۇرخانىدا سىزدىن گەپ سورىغان دوستۇم رازىيەدىن سوراڭ، ئۇ ھەممىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— قارا بۇ بالىنىڭ گەدىنىنىڭ قاتتىقلىقىنى، — ھېكمەتنىڭ نەبىگە ئاچچىقى كەلدى، — مەندىنمۇ يوشۇرغىنىنى.

— ئەمدى ھېكمەت ئاكا، — دېدى ماھىگۈل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — خەت مەسىلىسىدە مەندىن كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتتى. بىراق، رەشىق ھەم كۆندەشلىك ئەسەبىيلىكىدە نېمىلەرنى يېزىپ، نېمىلەرنى قويدۇم بىلمەيمەن، ھازىر ئويلىسام...

— بولدى، خەتنىڭ گېپىنى قىلماڭ، مەن ئۇنى ئاللىقاچان كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن، — ھېكمەتنىڭ تەلەپپۇزى ئاچچىقلانغاندەك چىقتى، — ئېيتىڭا ماھىگۈل، پازىل دوختۇر بىلەن تويۇڭلار نېمە ئۈچۈن بۇزۇلدى.

— ئۇ گەپلەرنى سورىماڭ... — ماھىگۈل قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

— مېنىڭ بەكمۇ بىلگۈم بار.

ماھىگۈل ئۆزۈنغىچە گەپ قىلمىدى. بۇ ئارىلىقتا ھېكمەت تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، يېرىمىنى چېكىپ بولۇشقا ئۈلگۈردى.

— بوپتۇ ، دېگۈڭىز كەلمىسە مەنمۇ قىستىماي ، — ھېكمەت ئازراق قالغان پىۋىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى .

— بوپتۇ ، دەپ بېرەي...

پازىل ئەسلىدە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ، ئىستىداتلىق ئوقۇتقۇچىسى ئىدى . ئۇ خوتەنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى بېرىپ ئون سەككىز ياشلىق ماھىگۈلنى ھېكمەت ۋە كامىللارنىڭ قاتتىق زورى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى كەسپىي سىنىپقا ئايرىدى . ماھىگۈل پازىلنىڭ شاراپىتىدىن تۆت يىلغىچە كەسىپ ۋە تىل ئۆگىنىشتە ، شۇنداقلا تۇرمۇشتا كۆپ ھەرەج تارتىپ قالمىدى . كەسپىي خادىملارمۇ تەستە تاپىدىغان ھەرخىل تىببىي لۇغەت ، خەنزۇچە - ئىنگلىزچە لۇغەت ھەم كەسپكە دائىر كىتابلار ماھىگۈلنىڭ ئالدىغا ئۈزلۈكىدىن كېلىپ تۇردى . پازىلمۇ دەرستىن سىرتقى چاغلاردا ، دەم ئېلىش كۈنلىرى كېچە - كۈندۈز دېمەي ئۆگەتتى . ئۇنىڭ سەمىمىيىتى سەبى قىزنى مەھلىيا قىلىپ قويدى . دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە بىر شاپائەتچى چىقمىسا كېرەك ! شۇڭا ماھىگۈل پازىلنى چىن دىلىدىن ماختاپ خەت يېزىپ ، ھېكمەتنىڭ يۈرىكىگە دەزمال ياققاندى . ئەمما ، پەزىلىتىگە كىر قونمىغان بۇ قىزنىڭ قەلبىدە پازىلغا قارىتا بىر خىل قايناق ھېسسىيات بار دېگەندىن كۆرە ، غايىۋى ھۆرمەت بار دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى .

ماھىگۈل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى . كەلگۈسى ئىقبالىنى كۆڭلىگە پۈككەن پازىل ئۆزىنىڭ يۈز - ئابروي ، ئىمتىيازى ۋە مۇناسىۋەتكە ماھىرلىقىنى ئىشقا سېلىپ ، ماھىگۈلنى ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېيجىڭگە ئەۋەتىشنى قولغا كەلتۈردى ، ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا يۇرتىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى . يۈرىكى ساقايماس جاراھەتكە مۇپتىلا بولغان ماھىگۈل ، خوتەندىن قايتىپ كېلىپلا

پازىلنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىۋەتتى . چۈنكى ، دۇنيادا
مۇشۇ ئادەمدىن باشقا دەردى ـ هالىغا يېتىدىغان يەنە بىرسى يوق
ئىدى !

ماهىگۇل بېيجىڭدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا پازىلدىن ئۇزۇل-
مەي خەت كېلىپ تۇراتتى . بىر قېتىملىق خېتىدە ئۇ : «مېنىڭ
خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بار ، يەنى رەهبەرلىك مېنى دوختۇرخا-
نىغا قايتۇرۇپ چىقتى . هازىر داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتى-
مەن . لېكىن ، بالا يۈزى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئايالىمدىن
ئاجرىشىپ كەتتىم» دەپ يازغانىدى . خۇددى «قاسساپنىڭ ئۇس-
تىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار» دېگەندەك ئۇنىڭ هايات ،
تۇرمۇش ، بەخت ۋە بەختسىزلىك هەققىدە يازغان شېرىن ـ
لەزىز مەكتۇپلىرى خۇددى ئەپيۇن خۇمارىدەك ماهىگۇلنى مەست
قىلىپ ئۆز قوينىغا تارتماقتا ئىدى...

ـــ مېنىڭ بېيجىڭدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشۇم تۈگىدى ،
شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپلا خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتىم ، ـــ دېدى
ماهىگۇل ئاچچىق قىسمەتلىرىنى سۆزلەپ ، ـــ پازىل ماڭا توي
قىلىش تەكلىپىنى قويدى . خېلى ئۇزۇنغىچە جاۋاب بەرمىدىم .
باشقا بىرسىنى تاپقىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىش ، چۈشىنىش
ئۈچۈن يەنە بىر جەريان كېرەك ئىكەن . دۇنيادا ماڭا ، ئۇنىڭدىن-
مۇ ئىشەشلىكرەك ئادەم يوقتەك قىلاتتى . تونۇش ـ بىلىشلەرمۇ
نەسىهەت قىلغىلى تۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمدىن ئون ئىككى
ياش چوڭ بىر ئادەمگە «ماقۇل» جاۋابىنى بەردىم ، لېكىن ئەمدىلا
خىزمەتكە چۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ، بىر يىلدىن كېيىن توي قىلاي-
لى ، دېگەن شەرتنى قويدۇم .

ـــ ئۇ كۆندىمۇ ؟

ـــ كۆنمەي ئىلاجى قانچە ، ـــ ماهىگۇل زەردە بىلەن
كۈلۈپ قويدى ، ـــ بىراق توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان يىلدى-
مىز ، تەشكىل مېنى «يۈرەك كلاپانىنى نەيچە ئارقىلىق داۋا-

لاش » تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن مۇسكۋاغا ئەۋەت-
تى ، ئۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ قالدىم .
— كاملىنىڭ خېتىدىن ئاڭلىغان ، — دېدى ھېكمەت
تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ، — قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قانداق
بولدى ؟
— ھەي… دۇنيادا ئادەمدىن مۇرەككەپ نەرسە يوقكەن ، —
ماھىگۇل بېشىنى چايقىدى ، — ئۇنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن تەس…
ماھىگۇل مۇسكۋادىن قايتىپ كېلىپ توي تەييارلىقىنى
قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈ-
مى پارتىيە ياچېيكىسى تەرىپىدىن تۇرمۇش يىغىنى ئېچىلدى .
بۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر يېڭىلىق — يىغىنغا دوخ-
تۇرخانا باشلىقى ۋاڭ بىڭ ، ئايال شۇجى لى يىڭچاۋلارمۇ قاتناش-
قانىدى . شۇڭا ، دوختۇر ۋە سېسترالار بىرەر ئىشنىڭ شەپىسى-
نى سەزگەندەك بىر - بىرىگە سىرلىق قارىشاتتى . چۈنكى ، بۇ
چاغلار مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ ، ھەممىلا يەردە ئىنقى-
لاب جەريانىدا بۇلاڭچىلىق ، ئوغرىلىق ، دۆلەت مۈلكىنى قاقتى -
سوقتى قىلغان ، ئۇرۇپ - چېقىش قاتارلىق يامان ئىشلارنى
قىلغان «ئۈچ خىل ئادەم» لەرنى تۇتۇش ، تەنقىد قىلىش ، كۆ-
رەش قىلىش ، ئېغىرلىرىغا قانۇنىي جازا بېرىش ھەرىكىتى كې-
تىپ باراتتى . دوختۇرخانىدىمۇ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ
باشلانغانلىقىغا بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى . ئايال شۇجى لى يىڭ-
چاۋ پىكىر ساندۇقىغا چۈشكەن پاش قىلىش باغاقچىلىرى ۋە
ئاممىنىڭ ئىسمىسىز يازغان خەتلىرىگە ئاساسەن ، پازىل دوخ-
تۇرنىڭ بىمارلاردىن ئالغان «قىزىل بولاق» ۋە ھەرخىل تۇر-
مۇش لازىمەتلىكلىرى ، ھەتتا بىمارلارنى «مېھمان قىلىش» قا
زورلاشتەك قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، سۆزىنىڭ ئاخىرى-
دا : «يا دەيفۇ سەممىمىي ھەم راستچىللىق بىلەن مەسىلىسىنى
تەشكىلگە تاپشۇرۇشى كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇردى . چۈشكەن

پاكىتلار ئىنتايىن ئىشەنچلىك بولۇپ، پۇل، گۆش، تۇخۇم، بېلىق، يەل - يېمىش قاتارلىقلارنىڭ سانى، ئالغان ۋاقتى، گۇۋاھچىلار ئېنىق ئىدى. ماھىگۇل خۇددى يەتتە قەۋەت ئاسماندىن غۇلاپ چۈشكەندەك ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ئۇ ياتىقىغا قانداق كىردى، گۇل ۋازىسىنى قاچانلاردا يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى، ھېچنېمىنى بىلەلمەيلا قالدى. پازىلنىڭ ئۆيىگە پات - پاتلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان پۇتۇن - پۇتۇن قوي گۆشلىرى، يەشىك - يەشىك يەل - يېمىش، سوغۇق ئىچىملىك، ھاراقلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن ماھىگۇل بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇ ئەتىسى سەھەردىلا پازىلنىڭ ئۆيىگە ئېتىلىپ كىردى - دە، ياشلىق قان قىزىقلىقىغا ئېلىپ «ئەخلاقسىز، ۋىجدانسىز، نومۇسسىز...» دېگەندەك تىللارنى ياغدۇرىۋەتتى. بىراق، ئاھانەتلەر پازىلنىڭ بۇرۇتىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى.

— ماھىگۇل ۋارقىرىماڭ، ئاۋۋال مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىماسىز، — دېدى پازىل قوللىرىنى شىلتىپ، — تارتقان ئەجرىمگە چۈشلۈق ئانچە - مۇنچە نەرسىلەرنى ئېلىشىم سىز ئۈچۈن ئەمەسمۇ. ھېلىقى خوتۇن ئۆيىنى قۇرۇقداپ قويۇپ كەتتى. ئەگەر زامانىغا لايىق ياشايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭغا پۇل كېرەك، پۇل...

— «ئەجرىمگە چۈشلۈق» دېگىنىڭىز قانداق گەپ بولدى — ھە، — ۋارقىرىدى ماھىگۇل، — مائاش ئالىسىز، ھەرئايدا مۇكاپاتىڭىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، چېگرا پۇلى دېگەندەك قوشۇمچە ھەقلىرىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇلار «ئەجرىڭىز» ئۈچۈن بولماي نېمە؟ ماڭا ئۇنداق بىمارلارنى قاقشىتىپ ئالغان دۇنيانىڭ كېرىكى يوق!

— مەن سىزگە چۈشەندۈرەلمىگۈدەكمەن، — پازىلمۇ توقۇمنى قارىنىغا ئالدى، — بۇنداق قىلىۋاتقانلار دوختۇرخانىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ. ئەجەب ئۇلارمۇ ئەخلاقسىز، نومۇسسىز، ۋىجدانسىزمىدۇ؟

— بىلەمسىز، دۇنيادا ئەڭ غورۇرسىز ئادەم كىم؟ ئۇ — پارىخور، — ماھىگۈل ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — غورۇرسىزلار شۇنچىلىك پەسكەش بولىدۇكى، ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىنىمۇ سولاپ بېرىشتىن يانمايدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ پارە بەرگۈچى دىۋانە بولسىمۇ، پارە يېگۈچىنىڭ بويىنىنى باغلىۋالىدۇ. ئۇ نومۇسسىز دىۋانە ئۈستىگە چىقىۋېلىپ چۇلۋۇرىنى قاياققا تارتسا، پارە يەپ تىلى باغلانغان دۆت ئېشەك شۇ ياققا ماڭماقتىن باشقا ئىلاجى يوق. چۈنكى، ئېغىز يەيدۇ، يۈز ئۇيۇلىدۇ - دە...

پازىل ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان تىلنى شاگىرتىدىن، كەلگۈسى رەپىقىسىدىن ئاڭلاۋاتاتتى

— مېنى ھاقارەتلەشكە...

پازىلنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، ئۆيگە كەتمەن ساقىلى ئاپئاق ئاقىرىپ، قاپقارا يۈزى قۇيماقتەك قورۇلۇپ قالغان، ئۈستۈۋېشى سىرىلىپ چۈشكۈدەك يىرتىق كىيىملىك بىر قېرى ئادەم كىرىپ كەلدى.

— پا دەيغۇ... ئەمدى... ھېلىقى ئىش ئەينا... — ماھىگۈلنىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى، چۈنكى بۇ ئادەم خوتەن شىۋىسىدە سۆزلەۋاتاتتى.

— چىقسىلا دەيمەن، بۇ ئىشخانا ئەمەس، ئۆي، — ماھىگۈلگە غىل - پال قارىغان پازىل تۇرۇۋسىنى ئۆرۈۋەتكۈدەك ۋارقىرىدى، — مەن سىلىگە دېدىمغۇ، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلسىلا دەپ...

— ھېلىمۇ بىر ئايدەك بولدى، — بىچارە بوۋاي كامالچىدەك ئېگىلىپ تىترەپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا چىق دەۋاتىمەن، — ماھىگۈلدىن ئەيمىنىپ تۇرغان پازىلنىڭ بىردىنلا پەيلى بۇزۇلدى، — قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان جاھىل نېمىسەن؟

بوۋاي «خوش، خوش» دېگىنىچە يىغلامسىراپ چىقىپ كەت-

تى . ماھىگۈل ئالدىدا گىدىيىپ تۇرغان ئۇستازىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا سوۋۇپ تىترەپ كەتتى - دە ، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى . ماھىگۈل پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ، ھې-لىلا ئىتتەك قوغلانغان بوۋاي بىنا تېمىغا يۆلەنگىنىچە مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى .

— بوۋا ، ئۆزلىرى خوتەنلىك ئوخشىمامىلا ؟

— شۇنداق خېنىم بالام ، شۇنداق .

— سىلى دېگەن قانداق ئىشتى ئۇ ؟

— ئوغلۇمنىڭ يۈرىكى ئالاڭغۇ سوقۇپ ، بىزنى پات - پاتلا قورقىتىدۇ - ئەينا ، شۇڭا بۇ يەرگە ئەكەلگەن ، پادەيفۇ مەسئۇل بولغان ، بىراق ياتاق ھەل قىلىپ بەرمەي كارىدوردا ياتقىلى بىر ئاي بولۇپ قالدىيا...

ئوغلىنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرالمىغان بوۋاي خوتەندىن ئە-كەلگەن ياڭاق ، قاقلىرىنى پازىلنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەرگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئوغلى ياتقان يېرىدىن قوزغالمىدى . گاڭگىراپ قالغان بوۋايغا باشقىلار «ئەكىرىپ بەرگەن ئۇ نېمىلىرى چىشىنىڭ كامىرىدا يوقاپ كېتىدۇ . شۇڭا ، تامىقىدا قالغۇدەك بىر نېمە قىلمىسىلا تەس» دېيىشتى . بىچارە بوۋاي ئۆزى قۇرۇق نان يەپ ، تېجەپ ئىشلىتىۋاتقان پۇلىغا گۆش ، كونسېرۋا ، ناۋاتقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بەرگەن بولسىمۇ ، تونۇگۇن كىرگەنلەرگە كارىۋات چىقىپ ، ئوغلى يەنىلا سوغۇق كارىدوردا قېلىۋەردى . بوۋاينىڭ پۇلى قالمىغاچقا باشقا بىمارلار ئۇنىڭغا نان ، يەل - يېمىش ، تاماق بېرىپتى ياردەم قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى .

ماھىگۈلنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى . پازىلنىڭ بۇنچىلىك پەسكەش ، رەزىل ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى . ئۇ بوۋايغا : «ئوغۇللىرىنىڭ قېشىغا بارغاچ تۇرسىلا ، مەن بۇ-گۈن كەچتىلا ئوغۇللىرىنى يۆتكەپ قويغاي» دېدى - دە ، ئارقى-

سغا يېنىپ پازىلنىڭ ئۆيىگە كىردى . ئۇ ئاچچىق ئىزتىراپىدا
نېمە دېيىشىنى بىلمەي ، ئۇچقۇن يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى
پازىلنىڭ خۇنۇك چىرايىغا تىكتى .

— پازىل دوختۇر ، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت ئېنىق بولۇپ
كەتسۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزمۇ ئۆز يولىڭىزدا مېڭىڭ ، مەن-
مۇ ئۆز يولۇمنى تېپىۋالاي ، — ماھىگۇلنىڭ چىرايلىق قاشلى-
رى يىمىرىلىپ ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى ، — ئۇستازلىق
ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي ، گىياھنى
قۇرت ، تۆمۈرنى دات ، ۋىجداننى پارىخورلۇق يەيدۇ . بەينەلمىنەل
قېنى بىلەن يۇيۇلغان قىزىل كرېستكە يۈز كېلەلمىگەن دوختۇر —
دوختۇر ئەمەس ، بەلكى جاللات !...

ھېكمەت ماھىگۇلنىڭ خورلۇق ھەم ئۆكۈنۈشكە تولغان
سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشىنى بىلەل-
مەي قالدى . چۈنكى ، ئايىغى يۇرۇشمەي كۆكىرىپ كەتكەن كۆل
سۈيىدەك كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئوقۇشماسلىق ھەم كۆڭۈل
ئاغرىقلارنىڭ تۈگۈچى يېشىلىپ كەتكەنىدى .

— شۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇش توغرۇلۇق ئويلاپ باقمىدىم
ھەم ئويلاشنىمۇ خالىمىدىم . يېشىممۇ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەت -
تى ، — ماھىگۇل ئىپادىسىز كۈلۈپ قويدى ، — گەپنى تولا
قىلىپ قورسىقىڭىزنىمۇ ئاچۇرۇۋەتتىم ، قاراڭ ، سائەت ئىككى
بولۇپ قاپتۇ .

ماھىگۇل گېزىتلەرنى يېيىپ سومكىدىن توخۇ كاۋىپى ،
خالتىلىق چىلانغان سەي ، ئىچىملىك قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى
ئېلىپ تىزدى ، بولكىلارنى پارچىلاپ قويدى . «توخۇنى پارچىلاپ
قويۇڭچۇ» دېگەچ سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىنى ۋاكىلىدىتىپ
ئاچتى . كۆپكۆك چىملىق خۇددى تىۋىتى قېلىن يېشىل گىلەم-
دەك ئىدى .

ئۇلار ئۇن - تىنسىز سەيلە تامىقىغا تۇتۇش قىلىشتى .

ھېكمەتنىڭ چىرايى جىددىيلەشكەن بولۇپ، ماھىگۈلنىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. «يېشىمۇ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتتى» دېگەن سۆزىدىن «ئەمدى مۇھەببەتتىن بەخت ئىزدىمەيمەن» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق، ماھىگۈل بۇ يىل ئوتتۇز ئىككى ياشقا، ھېكمەت ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىردى. بېشىدىن ئۆتكەن ھايات قىسمەتلىرىنى ئويلىغاندا ئۇلارنى يۈز ياشقا كىردى دېسىمۇ ئازلىق قىلاتتى. ئايدىڭ كېچە، قوشكۆلنىڭ شورلۇق يولىدىكى ئېلىشىش، تاغارغا سولانغان ماھىگۈلنى قۇتقۇزۇش، ئىلەكتە كېسەك تۆكۈۋاتقانلارغا تاماق توشۇش، سەكراتتا ياتقان گۈلزىبانىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزلىرىنى بىرلىكتە ئاڭلاش، «جېنىم ھېكمەت ئاكا، ئوقۇشقا بارماي، ئەزىمەتكە قاراي، كەتسەم سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىن كىم خەۋەر تاپىدۇ» دەپ ياش تۆكۈشلەر، ئاچىسى گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى تاپشۇرۇپ قىزىرىپ كېتىشلەردىن تا يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى سۆھبەتلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا قانچىلىك شېرىن، ئاچچىق، قىرتاق، چۈچۈمەل ھايات ھادىسىلىرى، پاجىئەلىرى قارار تاپىدى. توۋا، خۇدا بەندىسىنى يارىتىپ قويۇپ، ئۇنى بۇ دۇنيا ۋەھشىيىتىنىڭ ئويۇنچۇقى قىلىپ قويغىنى نېمىسى؟! ئىنسان ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئاشۇ بىر تاماق پىشىمىدەك ئۆمۈر مۇساپىسىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، يىقىلىپ - قوپۇپ، تېيىلىپ - مۇدۇرۇپ، رەھىمسىز قىسمەتنىڭ زەھىرى ھىلالىنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ، چالما - كېسەككە دۇچار بولغان قارىغۇ ياپىلاقتەك يۇڭگۇزلىنىپ ھالىدىن كەتكەندىلا، ئاللا ئۇنى دوزاخقا لايىق قىلىپ ئېلىپ كېتىدىكەن. قاراڭ، شىرغا پەنجە ئۇرغۇدەك يىگىتلەر تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن ھاسىغا تايىنىپ، ئاجىز يۆتىلىپ، مەڭگۈ ئۇزۇلمەس بىر بەلغەم گېلىنى خىرقىرىتىپ، گۇنسىز كۆزلىرىنى قىسىپ قۇياشقا قارىغىنىچە، تېخى تۈنۈگۈنلا دەرەخ ئۇچىدىكى ئاپتاپتەك ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىنى

ئەسلىشىپ مۇڭلىنىدۇ . ئادەم ئەيمەنگۈدەك بەرنا قىزلارچۇ؟ خۇددى قاغجىرىغان يەردەك يۈزلىرىنى قورۇق قاپلىغان ، كۆر- مىشلىرىنىڭ قىرۇلىرى ئاپئاق ئاقارتىۋەتكەن چاچلىرى چىگىش- لەشكەن ، تۇمشۇقلىرىدا چىۋىن قورۇپ ئولتۇرغان مومايلارغا قاراڭ ، ئۇلار سوۋۇپ كەتكەن قانلىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن ئاپتاپ سىنىپ مۈگدىشىپ ئولتۇرۇشى- دۇ . شۇڭا ، ئۆمەر ھەييام ھەززەتلىرى ، پانىينىڭ بىۋاپا ، ئال- دامچىلىقىنى بىلگەندەك :

ھېلى كەلمىگەنلەر بۇندىن بىخەۋەر ،
خەۋەر تېپىپ قالسا كەلمەس ئىدى ھەم .

دەپ راست ئېيتىپتىكەن .

— ھېكمەت ئاكا ، خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭىزغۇ ، — دې- دى ماھىگۈل «داستىخان» نى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — مەھبۇبە ئاچامنى ئەسلەپ قالدىڭىزمۇ يا ؟

— ياق ، ئۆزۈمچە ئويلاپ قالدىم ، ھەممىمىز پانىينىڭ ئويۇنچۇقى ئىكەنمىز ، — ھېكمەت غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى ، — نېمە قىسمەتلەرنى كۆرمىدى بۇ باشلار !

— راست دەيسىز ، — ماھىگۈل مۇڭلاندى ، — ئادەم بىر ئۆمۈر نېمىگىدۇر ئۈمىدلىنىدىكەن ، تەلپۈنىدىكەن ، تەقەززا- لىق ، ھاياجان ، ئىزتىراپ ئىلكىدە تەلمۈرىدىكەن . ئەمما ، ھېچ- نېمىگە ئېرىشەلمەي ، كۈتكىنىنىڭ ئەكسى بىلەن خۇلاسىلىنىد- كەن ، بەخت يۇلتۇزۇڭ بىر چاقناپ ھەم ئۆچۈپ سېنى ئالداپلا ئۆتىدىكەن . قىسقىسى ، كۈتكىنىڭنىڭ بولۇشىدىن بولماسلىقى ئۆزۈڭگە ئايان تۇرۇپمۇ ، ئۈمىدلەر يەنىلا ئۆلمەيدىكەن… .

— شۇنداق ، ئىنسان بالىسى ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇ - ئارمانلار ، قۇرۇق ئۈمىدلەرنىڭ قۇربانى بولۇپلا ئۆتىدىكەن . مەھبۇبە ئەنە شۇنداق ياشاۋاتامدۇ .

ماھىگۇل لەپپىدە قارىدىدە ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى . چۈنكى ، ھېكمەت مەھبۇبەنى سېغىنغان بولسا كېرەك ، دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچكەندى . شۇڭا ، دادىللىق بىلەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىش خىيالىغا كەلدى .

— ھېكمەت ئاكا ، خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن مەھبۇبە ئاچامغا ۋەدە بەرگەن ، — ماھىگۇل ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى ، — سىلەرنىڭ تۇرمۇشىڭلارغا ئۇسسۇپ كىرگىم يوق . پەقەت سىز مېنى سىڭلىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ ، تاشلىۋەتمىسىڭىزلا شۇ ماڭا كۇپايە…

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز ، تەقدىرى ئەزەلگە ئالدىن بىر نېمە دېمەك تەس ،

سائەت تۆتتىن ئېشىپ قالغانىدى . ماھىگۇل «كۇنىنىڭ قىيپاش نۇرىدا رەسىم ئوبدان چىقىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئاپپاراتتا قالغان لېنتىنىڭ ھەممىنى تۈگىتىۋەتتى . كەچتە قايتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا ، ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ پرىستانغا ئالدىراپ مېڭىشتى . ھەرھالدا ئەنسىرىگەنگە چۈشلۈق پاراخوتتا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى .

— ھېكمەت ئاكا ، — دېدى ماھىگۇل ئۇ قانقا ئۆتۈپ خوشلىشىدىغان چاغدا ، — ئاپپاراتتىكى لېنتىنى مەن ئېلىۋالدىم ، شاڭخەيدە يۇغۇزىمەن . يەنە بىر گەپ ، سىز مېڭىشتىن ئىلگىرى ھايۋانات باغچىسىدا ئويناپ كېلەيلى ، بولامدۇ ؟

— بەك يىراقمۇ ؟

— ياق ، خوڭچاۋ يولى بىلەن قۇمۇل يولىنىڭ كېسىشكەن جايىدا .

— قېنى ، ئەھۋالغا قارايلى .

# چىقىمچىلىق

ئىشانوفنىڭ ئىشخانىسىدا ئۆزىدىن باشقا ئون ئۈچ ئادەم دىۋان ھەم يۆلەنمە ئورۇنداقلاردا ئولتۇراتتى . نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەم باش مۇھەررىر جاڭ جىجۇ ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم باشلىقى مېھرۇللا كېرىمى ، كادىرلار بۆلۈم باشلىقى مىرسۇلتان ، ھەم خەنزۇ ، قازاق ، مۇڭغۇل ، قىرغىز ، شىۋە تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ مۇدىرلىرى «پەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسى» دىن قايتىپ كەلگەن تۆت مۇھەررىرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاۋاتاتتى . جۇمادىل ، ئوسمان ، لودەنلەر بىرسى سۆزلىسە بىرسى قوشۇمچە قىلىپ ، كۆرگەزمىدىن ئالغان تەسىرات ۋە ئىلھاملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . ئۇلار بۇ قېتىم كۆرگەزمىگە قويۇلغان پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرىلىقى ، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالدى . بولۇپمۇ خەنزۇ تەھرىر بۆلۈم پەن - تېخنىكا ئىشخانىسىدىكى لودەن ئىسلاھاتتىن كېيىنكى كۆنسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان تۇرمۇش سەۋىيە ، شەھەر خەلقىنىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىغا ئائىت كىتابلارغا بولغان ئېھتىياجى ، يېڭى كارخانىچىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرى ، رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىگە دائىر ئوقۇشلۇقلارغا بولغان تەلىپى ، شۇنداقلا قۇرۇلۇش ، زىننەتلەش ، ھۆنەرۋەنچىلىك شىركەتلىرىنى زامانىۋى تېخنىكا بىلەن قاندۇرالايدىغان پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنى نۇقتىلىق سۆزلەپ ئۆتتى .

— ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش نەشرىياتلار ، —

دېدى لودەن ھاياجانلىنىپ، — پەن - تېخنىكا كىتابلىرىغا شۇنچىلىك ئېتىبار بىلەن قارىغانكى، ئادەتتىكى يۇزنەچچە بەت-لىك نېپىز كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنىمۇ قاتتىق مۇقاۋىلىق، قات-تىق مۇقاۋا ئۈستىدىن سۇلياۋ يالىتىپ ناھايىتى سۇپەتلىك ئىش-لىگەن. ھەتتا بەزىبىر قاتتىق مۇقاۋىلارنى دەسسەپ ئەگكىلى بولمايدۇ، چۈنكى مۇقاۋا ئارىسىغا پولات سىم تور ئېلىنغان…

ئولتۇرغانلار لودەننىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن بولسا كې-رەك، بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتتى. ئىشا-نوف ھېكمەتكە تىكىلىپ: «ھە، سىزمۇ بىر نېمە دەپ باقما-سىز» دەپ قويدى. ھېكمەت بۇيۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، دېگەنلى-رىم باشقىلارغا خۇپ كېلەرمۇ - كەلمەسمۇ دېگەن ئەندىشىدە بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ سۆزلىمەي بولمىدى.

دەرۋەقە، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ناھايىتى سۇپەت-لىك ئىدى، لېكىن ھېكمەت ئۇلارنىڭ باھاسىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. بۇنداق يۇقىرى باھالىق كىتابلارنى شىنجاڭنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆتۈرەلمەيتتى. ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن بېرى، بۇ يېڭى شەيئىنى دەرھال ھەزىم قىلالمىغان خەلقىمىز بىر مەزگىل گاڭگىراپ قالدى. بەزى تەۋەككۇلچىلىرىمىز ھېچنېمە-نى چۈشەنمەيلا چورۇق بىلەن خامپىغا① سەكرەپ بۇرنىغا يېدى، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قاق سەنەم بولۇپ قالدى. بەزىلەر گۇاڭجۇغا ئۆزۈم - ياڭاق يۆتكەش، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقاش، خوتۇن - قىزلىرىمىز مۇدا كىيىملەرنى كېيىپ توي - تۆكۈنلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئىسلاھاتنىڭ داغدام يولىدا ماڭغانلىق دەپ بىلىشتى. ئۇلارغا بۇنداق كىرسىز ئەينەكتەك تۈز يول، بوزەك ئىسلاھات نەدە تۇرۇپتۇ؟! شۇڭا، ئۇزۇن يىل ئامبارچىنىڭ ئوچۇمداپ بەرگەن

---

① خامپا — ئۇگۇت قويۇلىدىغان ساندۇق

قوناق ئۇنىغا ۋە داشقازاننىڭ ئومىچىغا كۆنۈپ قالغان دېھقانلىرى-مىز ، ئىسلاھاتنىڭ ئەگرى ـ توقاي ، ئويمان ـ چوڭقۇر يوللىرىدا پۇتلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى . ئۇلار مايسىلىرى بىر غېرىچ باش كۆتۈرگۈچە يەرلىرىنى ھاللىق دېھقانلارغا سېتىۋېتىپ ، ئۆزلىرى ئۇلارغا ياللىنىپ بارماق شوراپ قالدى . يېڭى كارخانىچىلىرىمىز بولسا ۋەيران بولۇپ ، خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك ئالا ـ جوقا سۆزلەپ قالدى . قىسقىسى مەكتەپ ، كارخانا ، زاۋۇت ، نەشرىيات ، شىركەتلەرمۇ ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈلمەس شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ماسلىشالماي ، ئوڭ ـ تەتۈر پىرقىراپ يۈردى . شۇڭا ، بارماق بىلەن سانىغۇدەك ھاللىق سەۋيىگە يەتكەن دېھقان ، پۇل تاپقان كارخانىچى ، نەشرىياتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا خەلقىمىز يەنىلا ئاتام ئېيتقان بايقى ئىدى . شۇنداق ئىكەن ، ئۇلارنىڭ خۇددى تولا سېغىپ سوغۇلۇپ ، خالتىلىشىپ ، ئۆچكە يېلىنىدەك بولۇپ قالغان يانچۇقى بىلەن ھېسابلىشىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ ـ دە .

ھېكمەتنىڭ سۆزلىرى يىغىندا ئولتۇرغانلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى . بولۇپمۇ جاڭ جىجۇنىڭ كۈلكىدىن ئاپئاق سېمىز يۈزى قىزىرىپ ، ئېشىپ قالغاندەك قاپاقلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، ئېگىز ، دۈمچەكرەك دولىسى تىترەپ كەتتى .

— ھە ، ھە ، ھېكمەت سۆزلەڭ ، قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ ، — دېدى جاڭ جىجۇ كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، — دېگەنلىرىڭىز يوللۇق ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتمايمۇ بولمايدۇ .

— مەن باشتا شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي ، مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئۇقۇم ، بۇنى باشقىلارغا تاڭغىم يوق ، — ھېكمەت خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى ، — مەن شاڭخەيدە ئۈچ كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش ئورتاق تەننەرخىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم . بىر مۇقاۋىغا كەتكەن خىراجەت كىتاب باھاسىنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن . بۇ

سان كىتابنىڭ تەسەۋۋۇردىن ئارتۇق قىممەت بولۇپ كېتىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ .

— ئۇنداقتا ، تەننەرخى ئەرزان ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولغان ، — دېدى ئىشانوف جىددىيلەشكەن ھالدا ، — قانداق پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى ئىشلەش كېرەك ؟ بۇ توغرۇلۇق كۆڭلىڭىزدە سان بولسا دەپ بېقىڭ ؟

— بىزدە «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت ، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن» دېگەن گەپ بار ، — دېدى ھېكمەت تەمكىن ھالدا ، — ھازىر ، تۆۋەندە باقمىچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، پىلىچىلىك ، ئورمانچىلىق ، كۆكتاتچىلىق ، تىكىمچىلىككە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان كەسپىي ئائىلىلەر ، كارخانىلار مەيدانغا كەلدى . بىراق ، ئۇلار ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن زىيان تارتىۋاتىدۇ ، ۋەيران بولىۋاتىدۇ . پاقلانلىرى ماڭقا ، شاتراق بولۇپ كەتسە ، توخۇلىرى ئاق چىچىش كېسىلى ۋە توخۇ ۋاباسى بىلەن قىرىلىپ تۈگىسە ، پىلىلىرى بوۋقۇت ئاپتى ئارقىلىق ئۆلسە ھېچ ئامال قىلالماي ، خۇدادىن كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ . بەندىسىگە شۇنچە بالايىئاپەت سېلىپ قويۇشقا خۇدايىمنىڭ كۆڭلى چىدامدۇ ؟ !

گۈلدۈرلەپ كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئاۋازى كارىدورلارغىمۇ ئاڭلاندى .

— بۇ توغرۇلۇق ئويلىغان چارە - تەدبىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق ، — دېدى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم باشلىقى مېھرۇللا كېرىمى ، — قېنى ، تارتىنماي سۆزلەڭ .

— لۇشۇننىڭ مۇنداق بىر سۆزى ئېسىمدە : «كەشتە ئۈستىگە گۈل بېسىش ئەمەس ، بەلكى قاتتىق سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك» بۇ سۆز بىزگە تازا باپ كېلىدۇ . بىز كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك ، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان كىتابلارنى توپا باستۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن چىقارماي ، يۇقىرىقى كەسىپلەرگە ئائىت كىتابچىلارنى ئاددىيراق قىلىپ چىقارساق ئۇس-

سۇغان يەرگە بارامدىكىن دەپ ئويلايمەن . خەلقنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا ، مەنچە «ھەيۋەت» نى قوغلىشىش ئانچە زۆرۈر ئەمەس . تېشى ھەيۋەت بولۇپ ئىچى ھەيۋەت بولمىسا يەنە بىكار . چۈنكى ، قىپقىزىل تاۋار تامبال كىيگەننىڭ ھەممىسى قىز بولۇشى ناتايىن...

ئىشخانىدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— دېھقانلىرىمىز ، كارخانىچىلىرىمىز ، كەسپىي ئائىلىلەر بۇنداق پەن - تېخنىكا كىتابلىرىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق . بۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلساق ، ئەڭ ياخشىسى يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ئالىي مەكتەپلىرىدىكى مەخسۇس كەسىپ مۇتەخەسسىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ يازدۇرساق ، كېلىشىم تۈزسەك ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىققىلى ، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولارمىكىن دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

ئولتۇرغانلار جانلانغاندەك بولۇشتى . جاڭ جىجۇ ئىشانوفقا باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى . مېھرۇللا كېرىمى بىر ئىشنى يادىغا ئالدى بولغاي گېلىنى قىرىپ كارنىيىنى رۇسلىدى - دە ، ئىشانوفقا قاراپ :

— ئۆتكەندە بۆلۈمىمىزگە بىرنەچچە پارچە خەت كەلگەن ، خەت يازغۇچىلار بىزدىن «ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەسەل ھەرىسى بېقىش» ، «كېسىمچىلىك ھۈنەر سەنئىتى» ، «باقمىچىلىق» قا دائىر كىتابلار بارمۇ ؟ دەپ سوراپتۇ . مەن «بىرنەچچە ئادەمنىڭ ھاجىتىنى دەپلا كىتاب ئىشلىسەك بولامدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن ، — دېدى .

— ئىككى ئاي ئىلگىرى يۇرتقا بارغانىدىم ، — مىرسۇلتان گەپ قىستۇردى ، — باغلارنى ھۆددىگە ئالغانلار : «مېۋىلەرگە قۇرت چۈشۈپ يىگلەپ ، مەزگىلسىز پىشىپ كەتتى ، ئەمدى ئۇنى ساقلىغىلى بولمايۋاتىدۇ» دېدى . بەزىلىرى ئەللىك

مو يەردىكى شاپتۇللۇقىمنى يېلىم بىسىپ كاردىن چىقىرىۋەتتى؛
بۇنىڭغا ئائىت كىتاب چىقارمىدىڭلارمۇ؟ دەپ سورىاشتى.
— ھېكمەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى، — دېدى ئىشانوف
رەڭلىك قېرىندىشىنى ئۈستەلگە بوش ئۇرۇپ، — مەركەزنىڭ
«بىر قولدا تەرتىپكە سېلىش، بىر قولدا گۈللەندۈرۈش» شۇنـ
ـداقلا «يۇقىرى قاتلاملىق ئىلمىي ئەسەرلەر، پەن ـ تەتقىقات
ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشتا مۇنەۋۋەر، ئاممىباب ئوقۇشلۇقلار،
بولۇپمۇ يېزىلارغا قارىتىلغان كىتابچىلارنى نەشر قىلىشقا ئەھـ
ـمىيەت بېرىش كېرەك» دېگەن تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.
شۇڭا، بۇ ھەقتە بارلىق بۆلۈم مەسئۇللىرى ئىشتىراك قىلغان
مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى ئويلاپ كۆرسەك بولغۇدەك،
قانداق دېدىم لاۋجاڭ؟
— بۇ ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ھەم مۇھىم بولغان تەكلىپ، —
جاڭ جىجۇ سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى، — مېنىڭچە، ئاۋـ
ۋال ھېكمەت، ئوسمان، لودەن، جۇمادىللارنىڭ سۆزلىگەنلىرى
بىلەن ئۆزىنىڭكىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ماقالە يازسا، ئۇنى نەشـ
ـرىياتىمىز بويىچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇش يىغىنىدا ئوقۇپ، ئاندـ
ـىن ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدىغان «نەشرىياتچىلىق كەسپىگە
دائىر ماتېرىياللار» دا بېسىپ تارقاتساق قانداق؟
ھېكمەت ئىچىدە «بوشراق ئاتىكاچىلىق قىلساڭچۇ» دەپ
ئۆزىنى كايىدى. چۈنكى، نەشرىيات بويىچە بىرنەچچە ئايدا بىر
قېتىم يۇقىرى ئۇنۇانلىق ۋە پېشقەدەم مۇھەررىرلەر، مۇتەخەسـ
ـسىسلەرنىڭ ئىلمىي ماقالە ئوقۇش پائالىيىتى بارئىدى. ھەربىرـ
ـسى ئۆزىنىڭ كەسپىگە دائىر «تەھرىرلىك ئەخلاقى»، «كورـ
ـرېكتورلۇقتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار»، «ئەدەبىي تەرجىمىـ
ـدىكى ئاتالغۇلار ھەققىدە»، «نەشر ھوقۇقى توغرىسىدا چۈشەنـ
ـچە» دېگەنلەرگە ئوخشاش ھەرخىل تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەيدـ
ـتى. ئەمدى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھېكمەتكە ئارتىلىپ قېلىشى ئۇنى

خېلىلا تەرلىتىپ قويدى. چۈنكى، بىلىم ئەھلى بولغان زىيالىيلار ئالدىدا سۆزلەش ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلىگەنگە ئوخشىمايتتى. ھەربىر سۆز، ئىبارە، كۆز قاراش، مەنتىق ھەم ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي بولۇشى سۆزلىگۈچىنى ئۆلچەيدىغان مىزان ئىدى.

يىغىن ئاخىرلاشتى. يەلكىسىگە تاغ ئارتىلىپ قالغاندەك ھېس قىلغان ھېكمەت شاڭخەيگە بىللە بارغان ھەمراھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى يىغىپ ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ قايتا - قايتا تۈزەتتى، بىراق يەنىلا نېمىدۇر كەمدەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرجىمە ئەسەرلەر تەھرىرى ئىمىنجان ئەسئەدكە كۆرسىتىپ باقماقچى بولدى. ئىمىنجان ئەسئەد ئوتتۇز تۆت ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى چوڭ، پېشانىسى كەڭ، ئىستىدادلىق نەسىر يازغۇچىسى بولۇپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپلا نەسىر يېزىشتا داڭق چىقارغانىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەكتىپىدە تارتىپ چىقىرىلىپ «قارا قەلەمكەش» دېگەن قالپاق بىلەن جازالاندى. ئىمىنجان ئەسئەد نەچچە يىل رىجىم ئاستىدا ئىشلىدى. كېيىن ئىشانوف ئۇنى قارا كېسەك تۆكۈۋاتقان يېرىدىن نەشرىياتقا ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھېكمەت ماقالىسىنى ئېلىپ كىرگەندە ئىمىنجان ئەسئەد، جاھان ئەدەبىياتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى راززاق مالىك بىلەن قانداقتۇر بىر ئاتالغۇ ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. راززاق مالىك جۇڭگو كلاسسىك نەمۇنىلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق رومانلارنى تەرجىمە قىلىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇلار ئىككىسى ھېكمەتنىڭ ماقالىسىنى قولىدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، راززاق مالىك:

— ئۆزىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن بولۇپ قاپتىغۇ، — دېدى.
— ئىككىڭلاردىن بىرسىڭلار كۆرۈپ، نەزەرىيە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىگە نىسبەتەن پىكرىڭلارنى بەرگەن بولساڭلار.
— نەزەرىيىگە ئىمىنجان پۇختا، قانداق دېدىم، — راززاق مالىك ماقالىنى سۇندى، — بۇ بىرنەچچە توپلاملىرى چىققان ئادەم ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس.
— مەن ماقالىڭىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ كۆرەي، ئۆگۈنلۈككە ئېلىۋېلىڭ، بولامدۇ ھېكمەت؟
— بولىدۇ.
نەشرىيات بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن «پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى ئاممىبابلاشتۇرۇش ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم» سەرلەۋھىلىك ماقالە قىزغىن چاۋاكلار بىلەن ئاخىرلاشتى. راززاق مالىك، ئىمىنجان ئەسئەد، سىياسىي - مائارىپ تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئىمىن ۋە يەنە بىر قانچىلىغان مۇھەررىر ھېكمەتنى ئورۇۋېلىپ تەبرىكلەشتى، شۇنداقلا ئىچكىرى ئۆلكە نەشرىياتلىرىنىڭ كىتاب ئىشلەش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدە ھەربىرسى ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى ۋە ئۆزلىرىدىكى سۇپەتكە كاپالەتلىك قىلالماسلىقتا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنىمۇ ئىزھار قىلىشتى. بولۇپمۇ تۇرسۇنجان ئالىم ئىسلاھاتنىڭ كەڭ، داغدام يولىدىن ئىبارەت ئوگۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، توۋەنگە چۈشۈپ ئۈچۈر ئىگىلەپ خەلق ئاممىسىغا كېرەكلىك پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى كۆپلەپ ئىشلەش، ئالىم، مۇتەخەسسىس، ئەدىبلەرگە ئۈيۈشتۇرۇش ئارقىلىق ياخشى كىتابلارنى چىقىرىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ھەققىدە قايناپ - تېشىپ سۆزلىدى. ئۇلار بىر توپ بولۇپ راسا قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاندا، مەسۇم قابىل بىلەن نامان سوپى سورۇننى يانداپ ئۆتۈپ

كارىدورغا چىقتى ۋە بىر ـ بىرىگە يوشۇرۇن بىر مەنەدە قارىشىپ
قويدى ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر شۇملۇق ئۇچقۇنلىرى
چاچراپ تۇراتتى .
— كەچتە ئۆيۈمگە كەل ، — پىچىرلىدى نامان سوپى ، —
ياق بولمايدىكەن ، سەنشىخاڭزا تۆت كوچا ئېغىزدىكى دوقمۇشتا
ساقلا .
ئىچىدىكى ئوغا دەممۇدەم ئۆرلەپ ئولتۇرالماي قالغان مە-
سۇم قابىل كەچتە ئىشتىن بالدۇرلا چۇشۇپ سەنشىخاڭزىغا كەل-
دى . ئۇ تاماق يېمىگەچكە قورسىقى ياركەتكەن ئازمىدەك كور-
كىراشقا باشلىدى . ئەتراپتىن خېرىدار چاقىرىشىۋاتقان ئاشپەز-
لەرنىڭ ئاۋازلىرى خۇددى ئىشتىها مۇزىكىسىدەك ئاڭلىناتتى .
ئاشخانىلاردىن دېمىغىغا ئۇرۇلۇۋاتقان پولۇ ، مانتا ، قورۇمىلار-
نىڭ ھىدى ، كاۋاپدانلاردىن تارقاۋاتقان مەززىلىك بۇس ئۇنىڭ
نەپسىنى غىدىقلاپ ، ئارامىنى بۇزاتتى . شۇنداقتىمۇ مەسۇم قا-
بىلنىڭ كۆڭلىدە «بىرەر ئاشخانىغا كىرسەك ، بۇ ئوغرى ئۆتكەن-
كىدەك پۇلىنى ماڭا تۆلىتەرمۇ ؟ » دېگەن ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس
ئىدى .
— كەلدىڭما ؟ — نامان سوپى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا
بولدى ، — يۈر ، ئۆتكەنكى ئاشخانا خېلى پىنھاندەك قىلىدۇ .
ئۇلار كىچىك پولۇخانىنىڭ چەت بۇلۇڭىدىكى شىرەنى ئىگى-
لەپ ئولتۇرۇشتى . نامان سوپى گۆشلۈك ئىككى قاچا پولۇ
بۇيرۇتتى . ئەلۋەتتە «كىم تاماق بۇيرۇسا ، پۇلىنىغا شۇ ئىگە
بولىدۇ» دېگەن قائىدە كۆڭلىدىن كەچكەن مەسۇم قابىل يېنىك
تىن ئالدى . ھايال بولماي پولۇمۇ كەلدى . ئۇلار قاچىلىرى
يېرىملاشقۇچە باشلىرىنى كۆتۈرمىدى ، زۇۋانمۇ سۇرۇشمىدى .
نامان سوپى باللار ئوقۇشلۇقى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
دىرى بولۇپ ، خۇشامەتچى ، بوينى يۇمشاق ، ئومۇرتقىسى ئەۋرد-
شىم ، خۇش ـ خۇشچىلارغا ئامراق ئادەم ئىدى . شۇ ۋەجىدىن

مەسۇم قابىلىنى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى قىلىۋالدى . ئەللىك ئىككى
يېشىغىچە باللار ھېكايىلىرى ، چۆچەك ، قوشاق ھەمدە قىسقا ـ قىسقا
مەسەللەرنى يېزىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بولسىمۇ ، گەپ ـ
سۆزلىرىنىڭ تۇترۇقسىزلىقى ، قىلىقلىرىنىڭ لاۋزىلىقى كىشى-
لەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىشقا سەۋەب بولغانىدى . شۇڭا ، «تېتىق-
سىز » دېگەن لەقەم ئۇنىڭ ئورۇق ، ئېگىز گەۋدىسىگە سىڭىشىپ-
لا كەتتى . ئۇ ئادەم توپلاشقان سورۇنلاردا : «قاراڭلار ، بىر
تۈلكە يەنە بىر تۈلكىگە مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ . چىشى تۈلكە
ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىغانىكەن ، ھېلىقى تۈلكە ئاچ-
چىقىدا چىشى تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى بىرلا چىشلەپ تۈۋىدىن
ئۈزۈۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن چىشى تۈلكىنىڭ ھەممە دەسمىسى
‹مانا مەن › ، دەپ ئېچىلىپلا قاپتۇ ، ھى··· ھى··· ھى··· » دەپ
ئۆزى كۈلۈپ كېتەتتى . بىر كۈنى چوڭ يىغىن باشلىنىش ئارد-
لىقىدا مۇھەررىرلەر زېرىكىشتىن بىر ئىش دېگەندەك ، «ھە ناماز-
كا ، بىرەر قىزىق لەتىپە سۆزلىمەمسىز » دېگەندە ، ئۇ : «بىر
قۇشقاچ ، بىر سۇندۇكنى ماڭا تېگەمسەن دەپتىكەن ، سۇندۇك :
«مەن دېگەن شۇنداق تېز غىلدىرلاپ يورغىلايمەن ، سەن دېگەن
دېكوس ـ دېكوس تاقلاپ ماڭا قانداق يېتەلەيسەن دەپتۇ . قۇشقاچ
بوش كەلمەي : «ئەمىسە پۇتۇمغا غالتەك بېكىتىۋالسام قانداق»
دەپتۇ ، ھى··· ھى··· دەپ لەتىپە سۆزلىگەندە ، ئىشانوف :
«نامان سوپى ، چاچ ـ ساقالدىكى ئاقا بېقىپراق سۆزلەيلى ، بۇ
نېمە تېتىقسىزلىق» دەپ خاپا بولۇپ قالغانىدى .
نامان سوپىنىڭ تېتىقسىزلىقى ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدىغان
ئىش ، بىراق ئۇنىڭ يۇرتۋازلىقى ، ئەڭ يامىنى كۆرەلمەسلىكى
باشقىلار نەزىرىدە «چايان» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلغانىدى . ئۇ
باللار ئوقۇشلۇقى تەھرىر ئىشخانىسىغا ھەركۈنى كېلىۋاتقان
ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىماي ، دەسلىپىدىلا ئاپتورنىڭ نەلىك
ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلاتتى . ئەگەر ياخشى يېزىلغان چوڭراق

ھېكايە توپلام ياكى باللار تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن بىرەر پوۋېست كېلىپ قالسا غۇژژىدە گەجگىسىدىن قورۇيتتى ـ دە ، ئۆز يۇرتلۇقى بولغان تەقدىردىمۇ ، سەۋەبسىزلا «قالدۇرۇلدى» دەپ تەستىق سالاتتى ۋە ئىچىدە : «ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى ، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى» دېگەندەك ، ماۋۇ سويمىنىڭ يامانلىقىنى قارا ، دەيتتى . يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن بەزى ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ جېدەل ـ ماجىرا چىقارغان ئىشلارمۇ يۈز بەرگەنىدى . باشلىقىنىڭ خۇي پېئىلى ئۆزىگە بەش قولدەك بولغان مەسۇم قابىلمۇ ئۇنىڭدىن بىسوراق كىكىرەلمەيتتى . خۇددى سۇدىكى ماي تامچىسى ئۆز خېلى بىلەن بىرلەشكەندەك ، مەسۇم قابىلدىكى كۆرەلمەسلىك ، ھەسەتخورلۇق ، قىتىغۇرلۇق بۇ ئىككى بەندىنى تەبىئىي باغلاپ قويغانىدى .

— ھەي ، ئاڭلىغانسەن ، ئاۋۇ غۇلجىلىق ئوغرىنىڭ ئوقۇغان ماقالىسىنى ، — نامان سوپىنىڭ ئۈزۈمدەك ئىسىلىپ تۇرغان قاپاقلىرى يېرىم ئېچىلىپ مەسۇم قابىلغا تىكىلدى ، — تۈنۈگۈن كېلىپلا بۈگۈن شۆھرەت قازىنىپ كەتكىنىنى قارا .

— شۇنى دەيمىنا ، — مەسۇم قابىل بېشىنى كۆتۈردى ، — كېلىپ يېرىم يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەي شاڭخەيگىمۇ باردى . ئىشانوف ئۇنى نېمانچە كۆتۈرىدىغاندۇ ؟

— شۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭما ؟ ئۆز يۇرتلۇقىنى يېنىغا تارتىپ مەزھەپ ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان گەپ .

مەسۇم قابىلنىڭ كىچىك قىياق كۆزلىرى ، ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان قارىراق يۈزى ، ياڭاق موسكۇللىرىنىڭ پۇلتىيىپ تۇرۇشى كىشىگە گۆشنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدىغان مىللەتتەك تەسىرات بېرەتتى .

— ھۆكۈمىڭىز توغرا ، — مەسۇم قابىلنىڭ قىيپاش كۆزلىرى قىسىلدى ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشانوف بىرەر پايدىسىنى كۆرمىسە ، خوتەنگە بېرىپ غۇلجىلىقنى يۆتكەپ كېلەمدا !؟

مەن بىر قېتىم ھېكمەتكە «ئۈرۈمچىگە يۆتكەلمەك تەس ، خېلى بىر نەرسە سۈگۈتىۋەتكەن ئوخشىمامسىز ؟» دېسەم ئۇ قاتتىق چىچاڭشىپ كەتتى .

— ھەببەللى ، ئاشۇ چىچاڭشىپ كېتىشىدە جىن بار ، — نامان سوپى ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — ھازىرقى ئەمەلدارلارنىڭ قايسى بىرسى يېمەيدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشانوف يۈزتۇۋازلىق قىلغان .

— ئۇ ئۇششاق - چۈششەك ھېكايىلەرنى يېزىپ قويغاندىن باشقا ، ئادەتتىكى بىر رەسسامغۇ ، — دېدى مەسئۇم قابىل قوللىرىنى شىلتىپ ، — ئۇنداق سوكال قۇيرۇق رەسساملار ئۈرۈمچىدە ئىتنىڭ قۇرتىدەك تۇرسا .

— كىم ئاخىرىغىچە كۈلەلىسە ، شۇ ھەقىقىي كۈلگەن بولىدۇ ، — نامان سوپى ماي ساقىندىلىرى لەيلەپ يۈرگەن چېينى سۇمۇردى ، — نەشرىياتنىڭ ئىشلىرى ئويۇن ئەمەس ، تۆت كۈندە ۋاك دېمىگىنىنى كۆرەي .

— ھېلىتىنلا «ۋاك» دەپ بولدى ، — مەسئۇم قابىل سىرلىق ھىجايدى ، — چېكىپ كۆرسەم «خېلىلا قىينالغان» لىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى .

— مانا ، مانا ، كارامىتى شۇنچىلىككەنغۇ ، بۇ ئىشانوف دېگەن ئاقۋاشىنىزە ، راسا يانپاشقا ئېلىپ ئاتىدىغان يېرى كەپتىكەن .

مەسئۇم قابىل نامان سوپىغا سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى . ئۇ باشلىقىغا كۆچۈكتەك سۇۋۇنۇپ ، قۇيرۇق شىپاڭلاتقىنى بىلەن پەيتى كەلسە ئۇنى بىرلا پۇتلاپ ئورىغا ئىتتىرىۋېتىپ ، باللار ئوقۇشلۇقى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ بىرىنچى قول مۇدىرى بولۇشنى ئويلاتتى . مەسئۇم قابىلنىڭ ھېكمەت بىلەن كامىلغا بولغان ئۆچمەنلىكى كونا ئاداۋەتتىن ئىدى . جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىنغان كىتابلارنىڭ پاش قىلىنىشىدىن كېيىن ،

خوتەندىكى دوستلار ئۇنى خۇددى چىشىنىڭ كامىرىدىكى چىرىن-
دىنى ئېلىپ تاشلىغاندەك خائىن ، سىياسىي يانچۇقچى قاتارىغا
چىقىرىۋېتىپ ، خوتەندە تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى . بۇ ئاھانەتلىك
تامغا ئۇنى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى . ئەمما ، نامان
سوپىنىڭ ھېكمەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى ، خۇددى جىنىنىڭ قەس-
تى شاپتۇلدا دېگەندەك بىر ئىش ئىدى . ئۇ ھېكمەت كېلىشتىن
بۇرۇن باشلانغۇچ مەكتەپتە رەسىم دەرسى بېرىدىغان قىزنى
نەشرىياتنىڭ رەسسام بۆلۈمىگە سايە قىلىپ ئىشانوفنىڭ ئىشخا-
نا ، ئۆيلىرىگە كىرىپ ، بۇسۇغىلىرىنى تېشىۋەتكۇدەك ماڭدى .
ئاخىر ئۇ جاڭ جىجۇنى ئىندەككە كەلتۈرگەندى ، لېكىن ئىشا-
نوفنىڭ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن ئۇمۇ يېنىۋالدى .
بۇ ئۆچمەنلىك نامان سوپىنىڭ ئاشقازىنىغا ئوغىدەك ئۆيۈپ قال-
دى . شۇڭا ئۇ ، قىزنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغان ھېكمەتنى ، ئۇنى
خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئىشانوفنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ پۈر-
كۈۋەتسە دەردى چىقمايتتى...
— نامانكا ، سىز بىر ئىشنى ئۇقمايسىز ، — مەسۇم قا-
بىل ئاستا ئېغىشتى ، — ھېكمەت ، كامىللارنىڭ كەچۈرگۈسىز
بىر جىنايىتى بار . مەن ئۆزۈڭدىن بېرى پەيت كۈتۈپ كېلىۋاتى-
مەن ، ئەمما ھېچ پۇرسەت بولمىدى .
مەسۇم قابىل مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى كىتابلارنى
قۇتقۇزۇپ قېلىش جەريانىنى تولىمۇ سىرلىق ھەم سىياسەت ،
تۈزۈم ، دەۋرگە باغلىغان ھالدا سۆزلەپ بەردى .
— پاھ !... — نامان سوپىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، —
قالتىس پاكىتكەن ، بۇ بىر ئادەتتىكى ئوغرىلىق ئەمەس ، بەلكى
سىياسىي ئوغرىلىق ، بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە قاند-
داق ئىگىلىدىڭ ؟
— مېنىمۇ مەجبۇرىي قاتناشتۇرغان تۇرسا ، — مەسۇم
قابىل نومۇسسىزلارچە ھىجايدى ، — شۇڭا مەن ناھىيىلىك كو-

مىتىپتىكى ئۆگىنىشتە ھەممىنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنىدىم .

قىلدىنمۇ ئىنچىكە ھەم نازۇك ئۇچقۇن قەيەرلىرىندۇر كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن نامان سوپى گۇرۇچ ھەم سەۋزە لەشلىرى تىنىپ قالغان چېپىغا قارىغىنىچە گەپ قىلماي تېگىرقاپ قالدى . ئۇ گويا ئۇزۇندىن بېرى قارىغا ئالالماي كېلىۋاتقان ئوۋنى قولغا چۈشۈرگەن ئوۋچىدەك تۈكلۈك لەۋلىرىنى چىڭ يۇمدى . نامان سوپى تاماق شىرەسىگە جەينەكلەپ ، تولىمۇ پەس ئاۋازدا ئۇزۇندىغىچە پىچىرلىدى ، ئاندىن مەيدە يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ ، مەسۇم قابىلغا سەتلا ھىجايدى :

— يانچۇقۇمغا پۇل سالماي كەپتىمەن ، سەن تۆلىۋەتكەچ تۇر .

ئۇلار سىرتقا چىقىپ كوچا ئاغزىغا كەلگەندە نامان سوپى «بىر كىم بىلەن ئۇچراشماقچىدىم» دەپ دۆڭ كۆۋرۈك تەرەپكە ماڭدى . مەسۇم قابىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە يەرگە شالاققىدە تۈكۈردى :

— ۋۇ ھىيلىگەر ئوغرى ، ھەسەلگە چۈشۈپ كەتكەن چىۋىننى بىر شورىۋېلىپ قويۇپ بېرىدىغان پىخسىق… قاچانلا بولسا مېنى تۆلىگىلى سالغان…

نامان سوپى بىلەن مەسۇم قابىل ئۇچرىشىپ تۆتىنچى كۈنى ئىشانوف ھەم مىر سۇلتان تەشۋىقات بۆلۈمىگە چاقىرتىلدى . ئۇلارنى ئېگىز بوي ، تاقىرباش ، مىس رەڭ چىراي ، پېشانىسى پارقىراپ تۇرغان لى بۇجاڭ ، ئوتتۇرا بوي ، لېكىن بوي - بەستى قاملاشقان مۇئاۋىن بۇجاڭ كېرىم ھەم ياشقىنا بىركاتىپ بالا كۈتۈۋالدى . ئادەتتە خۇشخۇي ، قىزغىن سالاملىشىدىغان بۇ باشلىقلارنىڭ سالقىن چىرايىدىن ، كۆزلىرىنى غىل - پال ئېلىپ قېچىشلىرىدىن قانداقتۇر كۆڭۈلسىزلىكنى بايقاپ قالغان ئىشانوف ، كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغان مىرسۇلتانغا مەنە

بىلەن قاراپ قويدى . ھەرئىككىسىنىڭ كاللىسىدا «بىرەر كىتاب-
ـتا سىياسىي خاتالىق كۆرۈلگەنمىدۇ ؟ قانداق پاسىق لەنتى ‹چار
داستىخان › كۆتۈرۈپ كەلگەندۇ ؟ » دېگەندەك سوئاللار كېزىپ ،
يۈرىكى سۇ ئىدى . ئۇلار سۇكۇت ئىچىدە بىر ھازا جىمىپ
كەتكەندىن كېيىن كېرىم بۇجاڭ بېشىنى كۆتۈردى .
ـــ ھە ئىشانوف ، جايلاردىن يۆتكىگەن كادىرلىرىڭىز كې-
لىپ بولغاندۇ ، ـــ كېرىم بۇجاڭ ياسىما يۆتىلىپ قويدى ، ـــ
ياكى كېلەلمىگەنلەرمۇ بارمۇ ؟
ـــ ھەممىسى كېلىپ ئىشقا چۈشۈپ كەتكىنىگە بەزىلىرىگە
بىر يىل ، بەزىلىرىگە يېرىم يىل بولۇپ قالدى ، ـــ ھېچ ئىشتىن
خەۋەرسىز تۇپتۈزلا جاۋاب بەردى ئىشانوف ، ـــ پەقەت جارۇللا
ئەھمىدى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە كېتىپ قالدى .
ـــ ئۇنىڭدىن خەۋىرىمىز بار ، ـــ كېرىم بۇجاڭنىڭ تەلەپ-
پۇزى قاتتىقراق چىقتى ، ـــ ئاڭلىساق ، خوتەندىن ھېكمەت
ئىلى دېگەن رەسسامنى يۆتكەپ كەپتىمىز ، شۇنداقمۇ ؟
ـــ شۇنداق .
ـــ ھېكمەت ئېلىنىڭ تېگى نەلىككەن ؟
ـــ غۇلجا .
ـــ مۇنداق دەڭ ، ـــ كېرىم بۇجاڭ لى بۇجاڭغا مەنىلىك
قاراپ قويدى ، ـــ ئەجەبا ، خوتەنگە بېرىپ غۇلجىلىقنى يۆتكەپ
كەپتۇقمۇ ، سىزگە يارىغۇدەك بىرەر خوتەنلىك چىقمىدىمۇ ؟ بۇ
يەردە بىر يۇرتلۇقۇم دەيدىغان بىر ئۇقۇم بارمۇ ، يوق ؟
ـــ ۋۇي ، بۇ قانداق گەپ ئۆزى ، ـــ بىر - بىرىدىن
ۋەزنى ئېغىر سوئاللاردىن گاڭگىراپ قالغان ئىشانوف مىرسۇل-
ـتانغا قارىدى ، ـــ ئەگەر مەندە «غۇلجىلىق» دەيدىغان تار ئۇقۇم
بولىدىغان بولسا غۇلجىغا بارماي جەنۇبىي شىنجاڭغا نېمىشقا
بارىمەن ؟
ـــ مېنىڭچە بۇ يەردە ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتامدۇ ، قانداق ؟ ـــ

مىرسۇلتاننىڭ چىرايىدا ئىستىھزالىق ئاچچىق كۆرۈلدى ، —
مۇئاۋىن جۇشىنىڭ يولىيۇرۇقى بويىچە ، جەمئىيەتتە ئەسەرلىرى
ئالقىشقا ئېرىشىۋاتقان ، بىرەر ئىشنى تۇتۇپلا يۇرۇشتۇرۇپ كېتە-
لەيدىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشتۇق ، شۇنداقتى-
مۇ يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆرسىتىشى ، ماقۇللۇقىنى ئاساس
قىلدۇق .

— زادى خوتەنگە بېرىپ غۇلجىلىقنى يۆتكەپ كېلىشنى
نېمە دەپ چۈشەندۈرۈسلەر ؟ — كېرىم بۇجاڭ پېتىدىن چۈش-
مەي تۇراتتى ، — بۇ توغرۇلۇق بىزنىڭ قولىمىزدا ئىشەنچلىك
ماتېرىيال بار .

ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتان بىر - بىرىگە قاراپ جىمىپ
قېلىشتى . خۇددى ياڭاق قاققاندەك كېرىم بۇجاڭنىڭ ئاغزىدىن
تۆكۈلۈۋاتقان قوپال سوئاللار ، دىمىغىنى قېقىشلار ، تاش چىش-
لەپ تۇرۇشلىرىدىن كىملەرنىڭدۇر چىقىمچىلىق قىلغانلىقى يا-
كى ماتېرىيال يوللىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . مەسىلىنىڭ پاي-
پاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك ئۇنچىۋالا يېنىك ئەمەسلىكىنى
سەزگەن مىرسۇلتاننىڭ قاپقارا ئۆسكىلەڭ قاشلىرى يىغىلىپ ،
گۇرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى .

— كېرىم بۇجاڭ ، گەپنى ئويناتماي تۈز قىلسىڭىز قاند-
داق ؟ — مىرسۇلتاننىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر زەرلەر چاچرى-
غاندەك بولدى ، — ئۆتكەن يىل غۇلجىدىن زوردۇن سابىرنى
يۆتكىگەندىن باشقا ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكىگەنلەر ئازمۇ ؟
ئەگەر ئىشانوف ئىككىمىز مەزھەپ ، يۇرتۋازلىق ، ئەتراپىمىزغۇ
بىر يۇرتلۇقلارنى توپلاشنى ئاساس قىلغان بولساق ، ئەمەلىي
پاكىتنى كۆرۈپ باقمامسىلەر .

مىرسۇلتان خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچارلار-
دىن يۆتكەپ كەلگەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ ، ئۇلارنىڭ ئىجا-
دىيەت ، تەرجىمە ، لۇغەت ، سىياسىي ماقالىپ تەھرىر ئىشخانىلى-

ـرىدا ؛ بەزىلىرى ژۇرناللاردا ئاساسلىق كۈچ بېرىۋاتقانلىقىنى جىددىي تەلەپپۇزدا تەكىتلەپ ئۆتتى . ئۇ مۇئاۋىن جۇشىنىڭ ، ئىقتىدارلىقلارنى تاللاشتا يۇرت ، مىللەت ، جىنسىي ئايرىمىسىغا قارىماي ئەنگە ئېلىش ، ئەگەر يەرلىكلەر بەرمىگەن ھالەتتە ئۆزدىنىڭ ئالاقىلىشىدىغانلىقىغا قەدەر سۆزلىگەندە ، دولا ۋە قوللىرى سۇس تىترەۋاتاتتى .

— بىز ئىككى يىلدىن بېرى يۆتكەپ كەلگەن ئادەملەر ئارىسىدا كىم ئىقتىدارسىز ، كىم خىزمەت ھۆددىسىدىن چىقالماپتۇ ، — مىرسۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى ، لى بۇجاڭ «ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى ، — زوردۇن سابىر ، نۇردۇن خۇجا ، جارۇللا ئەھمىدىلەرنى ئەسلى بىز يۆتكەپ كەلگەنىدۇق ، ئەمما يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئېلىپ كەتتى . بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟

— سىلەر سەل جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىسىلەر ، — لى بۇجاڭ تاقىربېشىنى سىلاپ قويىدى ، — مەسىلىنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئەمەس ، يەرگە چۈشۈپ ، سوغۇق قانلىق بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك . كېرىم بۇجاڭنىڭمۇ قىزىق قانلىق قىلىشىدا ئاساس بار . بىزگە ئىنكاس ماتېرىياللار كەلدى ھەم بەزى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپمۇ كۆردۇق . شۇڭا ، پارتىيە ئىستىلىغا مۇخالىپ ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە نىسبەتەن دەسلەپكى ھېسسىي ئۇقۇمغا ئىگە بولدۇق .

تەبىئىتى ئېغىر ، خۇي - پېئىلى تۈپتۈزكەتكەن ئىشانوف قۇلاق — بۇيۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى . مىرسۇلتان بولسا چىرايى جىددىي ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا ئىككى بۇجاڭ ھەم نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان ياش كاتىپ بالىغا تىكىلىپ تۇراتتى . لى بۇجاڭ بىر دەم توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

— ھېكمەت ئېلىنىڭ ھازىرقى خىزمەت پوزىتسىيىسى ،

ئىش ئۇنۇمى قانداقراق؟
لى بۇجاڭنىڭ سۆزىدىن جانلانغاندەك بولغان ئىشانوف بېـ
شىنى كۆتۈردى .
— ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپلا لايىھىلىگەن ئىككى كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ، — دېدى ئىشانوف دادىللىق بىلەن ، — بۇ قېتىم لەنجۇدا ئېچىلغان يىغىندا غەربىي شىمال ، غەربىي جەنۇب توققۇز ئۆلكە - رايون بويىچە بىرىسى بىرىنچى دەرىجىلىك ، يەنە بىرسى ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى .
— مۇنداق دەڭ ، — لى بۇجاڭ كېرىم بۇجاڭغا قاراپ قويدى ، — كېلىپلا بۇنچىلىك نەتىجىگە ئېرىشسە ئۈمىد بار-كەن .
— شۇنداقتىمۇ ئېنىقلىماي بولمايدۇ ، — كېرىم بۇجاڭ لى بۇجاڭغا ئالىيىپ قويدى ، — مېنىڭ قارىشىمچە ھېكمەت ئېلى ياخشى ئادەمدەك قىلمايدۇ .
— كېرىم بۇجاڭ ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز - ھە؟ — ئىشا-نوفنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى ، — بىر ئادەمنى قارىسى-غىلا يامانغا چىقىرىۋەتسەك بولامدۇ؟
— سىز ھېكمەت ئېلىنى چۈشىنىمەن دېيەلەمسىز؟
— بۇ قانداق سوئال ئۆزى - ھە؟ مەن يۆتكەپ كەلگەن ئادەملىرىمنىڭ ئەل ئىچىدە تونۇلۇۋاتقان ھەم تونۇلغان ئىقتىدار-لىق بىلىم ئەھلىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . چۈشىنىش ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەكقۇ - ھە!
— گەپ مەشەدە ، — كېرىم بۇجاڭ بىگىز بارمىقىدا ئۈستەلگە ئۇردى ، — ھېكمەتنىڭ شېرىكلىرى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىغا ئوغرىلىققا كىرىپ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوغرىلاپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت جىنايىتىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟
— نېمە ئوغرىلىق! — ئىشانوف چۆچۈپ كەتتى ، — ئەينى ۋاقىتتا خوتەن يەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىزگە

ھېكمەتنى تونۇشتۇرۇپ : «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆپ ئازاب چەككەن ، لېكىن ئۆزى ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى» دېگەنىدى . بىراق ، ئۇنىڭ جىنايىتى توغرۇلۇق بىرنېمە دېمىگەن .

— يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئوغرىلىغىنى ، — كېرىم بۇ-جاڭنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆزگەردى ، — پارتىيە ، ھۆكۈمەت زەھەرلىك دەپ بىلىپ كۆيدۈرۈشكە تەييارلىغان ئەكسىيەتچى ، شەھۋانىي ، سىياسىي مەزمۇنى مۇجمەل ، مۇقىملىق ۋە ئىتتىد-پاقلىققا ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغان كىتابلار...

— بۇ مەسىلە سەل مۇرەككەپتەك قىلىدۇ ، — سۆز قىس-تۇردى ياش كاتىپ ، — مەسىلە پاش قىلغۇچىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇ «ئوغرىلىق» قا ئۇ ئۆزىمۇ قاتنىشىپتىكەن .

«بۇ ئوغرىلىققا ئۆزىمۇ قاتنىشىپتىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭ-لىغان ئىشانوف ئويلىنىپ قالدى . چۈنكى ، بىر چاغدا قەدىمكى كىتابلار توغرۇلۇق بىر سۆھبەتتە كامىل مەسۇم قابىلنى «نۇر-غۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بېشىغا چىققان خائىن» دەپ سۆز-لەپ بەرگەنىدى . ئۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق پىكرىنى دېمەكچى بول-دى ، بىراق ۋەقەنىڭ باش ئايىغىنى بىلمەي تۇرۇپ بىر نېمە دېيىشنى ئەپسىز كۆردى .

— تالاش - تارتىش مەشەگىچە بولسۇن ، ئەنۋەر كاتىپ ئېيتقاندەك بۇ مەسىلە سەل چىگىش تۇرىدۇ ، — دېدى لى بۇجاڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ، — ئىنكاس قىلغان ئادەم ۋە ماتېرىيالنىڭ روھىغا قارىغاندا ، نەشرىياتتىكى ئامما ئىچىدە ھېكمەت ئېلىنى پارە بېرىش ھەم يۇرتۋازلىق ئىدىيىسى قوماندانلىقىدا كەلگەن دېگەن مىش - مىش گەپلەر تارقالغان . شۇڭا ، ئاممىدىن ئەستا-يىدىل تەكشۈرۈپ ، بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن نەشرىياتقا تەكشۈ-رۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىمىز .

— توۋا قىلدىم مىرسۇلتان ، — دېدى ئىشانوف ياقىسىنى تۇتۇپ ، — دۇنيادا ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئىدىيە-

ۋى نەزەرىيە مەۋجۇت دەپ يۇرۇپتىكەنمەن ، ئەمما «يۇرتۋازلىق ئىدىيىسى» نەزەرىيىسىدىن يەنە بىر «ئىزم» نىڭ بارلىقىنى ئەدىن بىلەي··· .

— بولدى ، گەپ قىلماڭ ، — مىر سۇلتان ئورنىدىن تۇردى ، — تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى پاتراق ئەۋەتسەڭلار ، «ئىدىيىۋى بىرلىك» كە كېلىۋالىدىغان ئىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن···

— ئەتىلا ئادەم بەلگىلەيمىز ، — مىر سۇلتانىنىڭ تەئەددىسىنى چۈشەنگەن لى بۇجاڭ سەل ئوڭايسىزلاندى ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى سىرتقىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

ئەتىسى كادىرلار ئىشقا چۈشۈش بىلەن تەڭ ، تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئەنۋەر كاتىپ ، مەدەنىيەت قوغداش ئىشخانىسىدىن قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى ياڭ فامىلىلىك بىر كادىر كېلىپ ، نەشرىيات پارتىيە ياچېيكىسى ئىشخانىسىدا ئىككى سائەتتەك ھەيئەتلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ھەربىر بۆلۈم ، ئىشخانىلاردىن بەلگىلىك ئادەملەرنى چاقىرىپ پىكىر ئېلىشتى . ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى . بەزىلىرى : «بۇ چاغقىچە رەسسام بۆلۈمىدە مىللىچە كىتابلارنى لايىھىلەيدىغان تۇزۇك ئۇيغۇر رەسسام يوق ئىدى . ھازىر كۆڭلىمىزدىكىدەك سىزدۇرالايدىغان بولدۇق» دېيىشىپ ھېكمەتتىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى . كاتىپ ئەنۋەر ھەم لاۋياڭ مەسۇم قابىل ، نامان سوپىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ، سۆھبەتنىڭ تارىنى چىڭىتىپ ئۇلارنى تەرلىتىۋەتتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق پاكىت يوق ئىدى . پەقەت پەرەز ، گۇمان ، قىياس دېگەندەك تۇترۇقسىز چېقىمچىلىق ئارقىلىق بوران چىقارغانلىقى بىلىنىپ قالدى . ئەنۋەر كاتىپ بىلەن لاۋياڭ ھېكمەتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈشنىڭ مۇكەممەل خۇلاسىسىنى چىقاردى .

— ئەسلىدە مەن نەشرىياتقا كېلىشنى قەتئىي رەت قىلغا؛ -

نىدىم، — دېدى ھېكمەت تەكشۈرگۈچىلەرگە، — چۈنكى ئانام ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئېلى گېزىتخانىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانىدىم. بىراق، يەرلىك كومىتېت رەھبەرلىرى مەن بىلەن جارۇللا ئەھمىدىنى مۇقىمداپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشانوف بىلەن مىر سۇلتان ماڭا «ئۈرۈمچىدە ھەر ئىككىلا كەسپىڭىز ئۈچۈن ياخشى شارائىت بار» دەپ تەربىيە قىلدى. ئەمما، مەدەنىيەت بۆشۈكى ئاتالغان ئۈرۈمچىنىڭ زىيالىيلىرى ئىچىدە مۇنداق ئىپلاسلىقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماپتىمەن.

— سىز تېخى يېڭى كەلدىڭىز، — ئەنۋەر كاتىپ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى، — شۇنى ئەستىن چىقارماڭ، بۇ سىزگە تۇنجى سىگنال! سىز زىيالىيلار تەبىقىسىدىن ئىبارەت يولسىز، چېگرىسىز جاڭگالغا ئەمدىلا قەدەم ئالدىڭىز، ئۇلارنىڭ يېزىۋاتقان ئاجايىپ ماتانەتلىك ئەسەرلىرى خۇي - پېئىلىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. قىسقىسى، كۆڭلى ئۈرۈمچىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلىرىدەك ئۇنچىۋالا گۈزەل ئەمەس.

چۈشتىن كېيىن بىرلەشمە زالغا نەشرىيات رەھبەرلىرى، بۆلۈم، ئىشخانا مۇدىرلىرى، ئالىي مۇھەررىر ۋە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانى بارلار، شۇنداقلا باش مۇھەررىرلەر يىغىلىشتى. ئىشخانا مۇدىرلىرى قاتارىدا مەسۇم قابىل، نامان سۇپىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، دېمىقىپ ئولتۇراتتى. كامىل بۇ يىغىنغا قاتنىشالمىدى، چۈنكى ئۇ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «كلاسسىك ئەسەرلەرنى قېزىش ۋە رەتلەش» يىغىنىغا قاتنىشىۋاتاتتى.

ئىشانوف مەلۇم كىشىلەرنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە پاش قىلىش ماتېرىيالى ئەۋەتكەنلىكىنى، بۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ ئۈچ كۈن ئەھۋال ئىگىلەپ چىققانلىقىنى، ھازىر ئەنۋەر كاتىپنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئۇختۇردى.

— ئالدى بىلەن سىلەرگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، لاۋياڭ ئىككىمىز تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ چىققان بۇ خۇلاسە دوكلاتىنى تەشۋىقات بۆلۈم رەھبەرلىرى كۆرۈپ تەستىقلىغان، — ئەنۋەر كاتىپ تامغا بېسىلغان بىر - نەچچە بەتلىك ماتېرىيالنى كۆپچىلىككە كۆرسەتتى.

ئەنۋەر كاتىپ، «ئىشانوف بىلەن مىر سۇلتان، ھېكمەتنى يۇرتۋازلىق قىلىش ھەم پارە بېرىش ئارقىلىق يۆتكەپ كەلگەن» دېگەن ماتېرىيالنىڭ پۈتۈنلەي تۆھمەت ھەم سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ ئۈچ يىلدىن بېرى يۆتكەپ كېلىنگەن كادىرلارنىڭ ئالدى بىلەن ئەمەلىي ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ، ئاندىن پارتىيە ياچېيكىسىدا قاراردىن ئۆتكەنلىكى، قارار خاتىرىسىدە ھېكمەتنىڭمۇ ئىسمى بارلىقىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئەنۋەر كاتىپ ماتېرىيالنى ئوقۇش جەريانىدا نامان سوپى بىلەن مەسۇم قابىلنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي «مەلۇم كىشىلەر» نىڭ كۆرەلمەسلىكى، كونا ئاداۋىتى، يامان غەرىزى دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن چەكلەندى. ئۇ «ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىغا ئوغرىلىققا كىرگەن، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوغرىلىغان» دېيىلگەن تۆھمەتنى چۈشەندۈرۈشتە، ھېكمەت سۆزلەپ بەرگەن ئەينى يىللاردىكى ئەمەلىي جەرياننى ئاساس قىلدى. كىتابلارنى ئۆز ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ بىلىدىغان نەشرىياتچىلىق زىيالىلىرى، بۇ «ئوغرىلىق» نىڭ دەپ ئېيتقۇسىز ساخاۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. لېكىن «مەلۇم»، ئادەمنىڭ پاش قىلىشى، دېيىلگەن سەھىپىلەر ئوقۇلغاندا ھەممە بىردەك غەزەپلەندى، نەپرەتلەندى. كامىل، ھېكمەت، مەسۇم قابىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كېلىشەلمەسلىكتىن خەۋىرى بارلار، ھەرقېتىم «مەلۇم كىشى» زىكرى قىلىنغاندا مەسۇم قابىلغا گۇمان بىلەن قارىشاتتى، نامان سوپى بىلەن مەسۇم قابىل باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشتى.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، — دېدى ئەنۋەر كاتىپ خۇلاسە قىلىپ، — مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ھارپىلىرىدىكى كىتاب كۆيدۈرۈش دولقۇنىدا بىر قىسىم بىلىملىك ياشلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇشتەك پىداكارلىقى ماتېرىيالدا «كىتاب ئوغرىلاش» دەپ بۇرمىلانغانىكەن، بۇمىلانغاندىمۇ ئەكسىيەتچى، شەھۋانىي، سىياسىي مەزمۇنى مۇجمەل، مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان كىتابلار، دەپ يېزىلغان، شۇڭا تەشۋىقات بۆلۈمىمۇ بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كەلدى.

— مەن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ — خەتەرلىك ۋەزىيەتتە قۇتقۇزۇپ قېلىنغان كىتابلارنىڭ بىر خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىمىنجان ئەسئەدىنىڭ چوڭ كۆزلىرى غەزەپلىك پارقىراپ كەتكەنىدى. — ئاشۇ ئىبلىس ئاسىيغا كېيىن جازا بېرىلگەنمۇ، يوق؟

— دادامدىن ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، — دېدى ئەنۋەر كاتىپ، — مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بۇنداق خائىنلار زىيالىيلار ئارىسىدىن خېلىلا كۆپ چىققانمىش، قايسى بىرسىگە قانۇنىي جازا كېلىدۇ دەيسىز. چۈنكى، ئۇلار ھەربىر ھەرىكەتنىڭ زەربىدار ئاكتىپلىرى - دە.

— ئىمىنجان، بۇنى بىلمەكچى بولساڭ ھېكمەتتىن سورا، — راززاق مالىكنىڭمۇ چىرايى غەزەپتىن جىددىيلەشكەنىدى، — ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ئورا كولاش، ياخشى ئەسەرلەرنى تۆھمەتلەش، جىنايەت ئۆتكۈزۈش بۇلارنىڭ ئادىتى، ئۇلار بېسىلىپ ئەمەل، ئۇنۋان، ئۆي ئۈچۈن غورۇرىنى دەپسەندە قىلىش، مەنپەئەت كويىدا ۋىجدانىنى سېتىشتەك ئىشلار ھازىرمۇ تولۇپ تۇرۇپتىغۇ، قايسى بىرسىنى جازالاپ بېقىپتۇ. قېنى ھېكمەت، سىزمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلمامسىز؟

ھېكمەت ئەمدىلا سۆزىنى باشلىشى، ئەنۋەر كاتىپ ئۇنىڭغا «ئۇسلۇبقا دىققەت قىلىڭ» دەپ پىچىرلىدى. شۇڭا ئۇ، مەسۇم

قابىلنى رەسۋا قىلىش ئۈيىدىن ياندى. شۇنداقتىمۇ چېقىمچىلىققا سەۋەب بولغان بەزى ئامىللارنى تەپسىلىي سۆزلىدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا باشقا ۋىلايەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كىتابلار خەزىنىسى ئىدى. غازاخۇن ئاكا گويا كىتابلار ئۈچۈنلا يارالغاندەك، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كىتاب يىغدى ۋە كىتابلارنى پەرزەنتلىرىدىن ئارتۇقراق ئاسرىدى. شۇڭا، كىتاب كۆيدۈرۈش شامىلى باشلانغاندىلا، كۆڭلى تۇيغاندەك ئاچقۇچلارنى كۆپەيتىپ ياستىۋالدى. ئۇ گەرچە كامىلغا ئاچقۇچنى بېرىپ: «قېرى ئاتاڭلارنى ئاياڭلار» دېگەن بولسىمۇ، ئۆزى دەھشەت قىيناق ئاستىدا ھاياتىنى ئويلىمىدى. بىر كۈنى «غازاخۇن ئاكا ئېغىر قىيناقتا، ساق قايتىپ چىقىشىغا كۆز يەتمەيدۇ» دېگەن باغاقچىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كامىل، بۇ مەرىپەت مەشئىلىنى قانداق قۇتقۇزۇشنىڭ ئامال - چارىلىرىنى ئويلاپ مۇنداق خەت يازغانىدى: «غازاخۇن ئاكا! ئادەم ھايات بولسىلا، تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەن نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى، سىلى گۇجان مازارلىقىدىكى شامگۆر ئىچىگە قويۇلغان كىتابلارنى پاش قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىرىنى ساقلاپ قالسىلا... ھېكمەت ئىككىمىز ياش، ھەرقانداق زۇلۇم - قىيناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز...»

زال ئىچى شۇنداق جىمىپ كەتكەنىدىكى، دېرىزىگە توختىماي ئۇرۇۋاتقان كۆك چىۋىننىڭ توختىماي گىژىلدىشى بۇ گۇرۇستان جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مۇنداق باغاقچىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىشلاردىن كۆڭلى بىئارام بولغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — ئۇنىڭدا مۇنداق خەتلەر يېزىلغان:

«كامىل، خېتىڭلارنى بىر تال سۆڭەكنىڭ يىلىك ئورنىدىن

تاپشۇرۇۋالدىم ، خەتكە ھەممىڭلار قول قويۇپسىلەر . مەن ئۆ-
زۈمنىڭ قېرىغانلىقىمنى ، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى تۆكۈلۈپ ، بې-
لىمدىن قۇۋۋەت ، تېنىمدىن مادار كەتكەنلىكىنى بۈگۈنلا ھېس
قىلدىم... ئاشۇ كىتابلار مېنىڭ كۆزۈمگە نۇر ، ۋۇجۇدۇمغا
ياشلىق قانلىرى ، يۈرىكىمگە پۈتمەس - تۈگىمەس قۇۋۋەت ئاتا
قىلغان ، ئۆزۈمنى ياشلاردىن ئارتۇقراق جەڭگىۋار سەزگەنىدىم...
لېكىن سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ، يۈز بېرىۋاتقان
قىيىن قىستاقلاردىن ئون باراۋەر ئارتۇق ئازابلاندىم ! مەن سى-
لەرنى مىللىتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرى ، كۆز نۇرى ، ئىنجۇ -
يالتىراقلىرى ، ئالماستەك چىڭ يىگىتلەر دەپ بىلەتتىم . لې-
كىن ، ھازىر ئويلىسام سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار قاتماپتۇ ، يىلى-
كىڭلار سۇيۇق ، پىكىر قىلىشىڭلار خام بولۇپ چىقتىڭلار... ئويلاپ
بېقىڭلار ، مەن قېرىنىڭ ئازغىنە قالغان ئەرزىمەس ھاياتىنى
ئاشۇ كىتابلارنىڭ بىرەر قۇر سەھىپىسىگە تېگىشكىلى بولارمۇ ؟ !
ئەگەر ، تېگىشكىلى بولىدۇ دېسەڭلار ، ئۇ كىتابلارنىڭ نېمە
قىممىتى بولسۇن » .

زال ئىچى يەنە بىر قېتىم ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قالدى .
ھېكمەتنىڭ ئاۋازىمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ ، ھەربىر تەلەپپۇ-
زى خۇددى بازغاندەك مەسۇم قابىلنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلماقتا
ئىدى .

— غازاخۇن ئاكىنىڭ ھاياتى ، بىرقانچە ياشنىڭ دەھشەت
قىيناق ئازابى بەدىلىگە قۇتقۇزۇپ قېلىنغان كىتابلار ، — دېدى
ھېكمەت مەسۇم قابىلغا قادىلىپ ، — قانداقتۇر بىر لەنىتىنىڭ
ساتقىنلىقىدىن پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلدى . شۇنداققۇ دەيمەن مەسۇم
قابىل !...

تىزلىرىغا جەينەكلىرىنى تىيەپ ، ئالىقانلىرىدا بېشىنى قا-
ماللاپ ئولتۇرغان مەسۇم قابىل «دىڭڭىدە» چۆچۈپ كەتتى -
دە ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا «شۇنداق ، شۇنداق» دەۋەتكىنىنى

ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭغا ھېكمەتنىڭ خىتابى خۇددى مۇنكىر - نەكىرنىڭ «رەببىڭ كىم ؟» دېگەن سورىقىدەك ئاڭلىنىپ كەتكەندى . بۇ چاغدا ئىشانوف ، مىرسۇلتان ، راززاق مالىك ، ئىمىنجان ئەسئەد ، مېھرۇللا كېرىمى قاتارلىق يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ مۇردىدەك ئاقىرىپ كەتكەن خۇنۇك چىرايىغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى .

مەسۇم قابىل بىرەر شىرىنگە چاپلىشىپ قالغان ھاشاراتتەك مىدىراشقىمۇ ماجالى قالمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ ئەقىللىق چاغلايتتى . بىراۋنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك ئەسەرلىرى مەتبەئەدە كۆرۈلگەن ھامان ئۇنىڭ ئىچى تارتىلىپ ، يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقان قانداقتۇر زەرداپ ئاممىۋى سورۇنلاردا ، تۆت ئادەم يىغىلغان سۆھبەتلەردە ئېغىزىنى ئىشقا سالاتتى ياكى يۇقىرى - تۆۋەن ماڭدۇراتتى . ئەمما ، مەقسىتىگە يېتىش كويىدا ھەممە ئىشنى ئىپى - جېپى بىلەن ياساپ تۈزۈم - پرىنسىپ ، قائىدە - قانۇنلارغا ماسلاشتۇرۇپ يوچۇق قالدۇرمايتتى . بۇ قېتىم ئۇنى قانداق قىلىپ قارا باستىكىنە؟ ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتاننى پارىخورلۇقتا ئەيىبلىگەنىكەن ، ساپىقىدىن تۇتقۇدەك ئىسپات بولۇشى كېرەكتە . «نېمە ئاساسىڭ بار ؟» دېسە ، «قانداقراق جاۋاب بېرەرمەن» دەپ ئويلىمىغىنىنى كۆرۈڭ . توۋا ، ھېكمەتنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەيدىيۇ ، ئۆزىنى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويغىنى قىزىق . ئۇنى «يېقىتىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ كۆتى كۆك تۇپىدا قالغىنىنى كۆرۈڭ . مەسۇم قابىلنىڭ بۇ قېتىمقى تەلۋىلىكى دۈشمىنىنى يەر چىشلىتىش ئەمەس ، بەلكى كىتاب «شورپىسى» ئىچىدىغان زىيالىيلار ئىچىدە ئۆزىنى ھەم نامان سوپىنى رەسۋايىئالەم قىلىش بىلەن نەتىجىلەندى . شۇنداق ، مەسۇم قابىل ! يامان نىيەت ، شۇم غەرەز ، رەزىللىك ھەرقاچان تەنتەنە قىلىۋەرمەيدۇ ، تەگرى ئۈستۈگدىن قاراپ تۇرىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ . شۇڭا دانالىرىمىز : «قازايى ئىلاھى يەتسە ، ئە-

قىلىنىڭ كۆزى خىرە ۋە تەدبىر ئەينىكى قارا بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىكەن. قارا، سەن ئىشەنگەن ئەقلىڭنىڭ چولتىلىقىنى، تەدبىرىڭنىڭ سۇسلۇقىنى! ئەمدى ئۆزۈڭ شەرمىسار بولغان مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەرسەن؟! پېقىر ساڭا پېشىۋالىرىمىزنىڭ مۇنۇ جەۋھەرلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ:

«ئۈچ كىشى ھەمىشە غەم - ئەندىشىنىڭ ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ تۇرىدۇ: بىرىنچىسى، ھەمىشە يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش قىلمىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، نادانلىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئاخىرىدا ھەسرەت - نادامەتكە قالغان كىشى».

مەسۇم قابىل، نامان سوپىلارنىڭ ئىسمى ئاتالمىغان بولسىمۇ، يىغىن ئۇلارنىڭ رەسۋا بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەنۋەر كاتىپ، لاۋياڭلار ئىشانوف؛ جاڭ جىجۇ، مىر سۇلتان، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم باشلىقى مېھرۇللا كېرىمى قاتارلىقلار بىلەن خوشلىشىپ قايتىشتى. ئۇلارنى راززاق مالىك، ئىمىنجان ئەسئەد، ھېكمەتلەر ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى راززاق مالىك سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يەپ كەتمەمسىلە.

— رەھمەت، — لاۋياڭ كۈلۈپ قويدى، — بۇ يەردىن تاماق يېسەك، بۈگۈنكى خۇلاسە «گال ياغلاش» نىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالمىسۇن.

ئۇلار كۈلۈپ كېتىشتى.

— توۋا، — ئىمىنجان ياقىسىنى تۇتۇپ قويدى، — كىتابلارنىڭ قاتىلى بولغان بىر بەندىنىڭ يەنە نەشرىياتتا ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.

— بۇ خۇددى شاپتۇللۇققا مايمۇننى قاراۋۇللۇققا قويغاندەكلا ئىشتە، — دېدى راززاق مالىك تەئەددى بىلەن، — بىز

ئۇنىڭ ، «ئىزگۇ تىلەكلەر» دېگەن داستانغا يازغان ماقالىسىنى كۆرۈپلا ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى سىياسىي قالپاقلار بىلەن توشقان «دازىباۋ» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدۇق .

— ھەرھالدا ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ ، — ئەنۋەر كاتىپ ئەتراپىغا قاراپ قويىدى ، — تەشۇ-قات بۆلۈمىمىزگە بۇنداق «پۇراق» چىلار كېلىپ تۇرىدۇ . بە-راق بۇ ئادەم بەك يالىڭاچ ئىبارىلەر بىلەن چىقىدىكەن .

ئۇلار بىردەم پاراڭلىشىپ كۈلۈشكەندىن كېيىن خوشلاش-تى . رازراق مالىك بىلەن ئىمىنجان ئىدارىنىڭ كادىرلارنى توشۇيدىغان ئاپتوبۇسغا ئالدىراپ چىقىشتى . ھېكمەت ياتىقىدىن تاماق قاچىسىنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىردى . ئەزىز ئاشپەز ئوخ-شىتىپ سۇيۇقئاش ئەتكەنىدى . ھېكمەت بىر قاچا سۇيۇقئاش ، يېرىم نان ئېلىپ شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى . ئىدارىدە ئائىلى-سىنى يۆتكەپ كەلمىگەن بويتاقلار ئانچە كۆپ بولمىغاچقا ، كەچ-كى تاماقتا ئاشخانا بىردەمدىلا سېلىكىپ قالاتتى . ھېكمەت يال-غۇز ئولتۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدى . لېكىن ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇرسۇنجان ئالىم كىرىپ كەلدى . ئۇلار داۋاملىق يازغان ئەسەر-لىرىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ ، پىكىر بېرىشىپ ، ھېكايىلەردىكى بەزى قىزىق دېتال ، تەمسىل - ماقالىلەرنى مەسخىرىلىشىپ يۈرگەچكىمۇ بىر - بىرىگە بەكمۇ ئىچەكىشىپ كەتكەنىدى .

— ھېكمەت ، ئاڭلىسام ئاۋۇ ئىت سېنى چىشلەپتىمىشقۇ ؟ — تۇرسۇنجاننىڭ كىچىكرەك ، ئەمما ئۆتكۈر كۆزلىرى بۈركۈتتەك قادىلىپ تۇراتتى ، — ھېلىقى مۇناپىقچۇ .

— يائاللا ، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ، قايسى ئىت ، قايسى مۇناپىق ئۇ ؟

— بولدى ، خۇپسەنلىك قىلما ، مەسۇم قابىل دېگەن نا - ئەھلىچۇ ، — تۇرسۇنجان يىغىنغا قاتناشقانلاردىن ھەممىنى ئاڭ - لىغانىدى ، — مەن سېنى بۇرۇنلا ئەسكەرتكەن ، ئەمدىغۇ بىلگەنسەن ؟

— يامان نېمىكەنسەن ، بىر چاغدا دېگەن گەپلىرىڭ بۈگۈن ئەينەكتە كۆرگەندەك ئايان بولدى ، — ھېكمەت ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى ، — «خىزمەتتە دەسلەپتە قىينالدىم» دېگىنىم ئىقتىدارسىزلىقتا ئىسپات بوپتۇ ، «كىم بىر نەرسە سۈڭگۈتۈپتۇ» دەپ ئاچچىقلاپ قېلىشىم ، پارا بەرگەنلىكىمگە پاكىت بوپتۇ .

— مانا ، مانا ، مېنىڭ ئەنسىرىگىنىممۇ شۇ ئىدى . بۇ ئىشتا نامان سوپىنىڭمۇ قولى بارغۇ دەيمەن .

— سەن قانداق بىلىسەن ؟

— بۇلارنى ئۈرۈمچىدە «ماشكا» دەپ ئاتىشىدۇ ، — تۇرسۇنجاننىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلىدى ، — ئەڭ چوڭ ماشكا يازغۇچى نۇردۇن خوجا . ئۇنىڭ «جەسۇر ئەۋلاد» رومانى چىقىش بىلەن مەسۇم قابىل «رومانچىلىق كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز» ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . بۇنىڭغا ئۇلاپلا نامان سوپىنىڭ «پىرۇزىچىلىقىمىزدىكى يەنە بىر نەمۇنە» دېگەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئوبزورى بېسىلىپ چىقتى . شۇنىڭ بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل ئەدەبىي مۇنازىرە شەكىللەندى .

— مەن بۇلارنى كامىلدىن ئاڭلىغان .

تۇرسۇنجان بىلەن ھېكمەتنىڭ سۆھبىتى يەنە داۋاملاشقانمۇ بولاتتى ، لېكىن ئاشپەز ئىشىكنى تاقايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھويلىغا چىقىشتى . قۇياش ئېگىز بىنالار ئارقىسىغا ئولتۇرۇۋاتقاچقا ، كۈن پېتىش تەرەپ سۈس قىزىللىق ئىلكىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى . بىرنەچچە كۈندىن بېرى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغان ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىرمەي كېچىچە سىرتنى ئايلانغۇسى بارئىدى .

— بۈگۈن كىنوغا كىرمەمدۇق ، — دېدى ھېكمەت تۇرسۇنغا .

— كۆڭلۈڭنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلىمەن ، لېكىن

بۈگۈن مەن ساڭا يېڭىدىن يازغان بىر ئەسىرىمنى ئوقۇپ بېرد-
مەن . سېنىڭ ھاياجانلىق پىكىرلىرىڭنى ئاڭلىغۇم بار . ھە-
راست ، ئائىلەمنى يۆتكەپ كېلىدىغان بولدۇم ، نەنلىياڭدىن ئۆي
بەردى . ئايالىمنىڭ خىزمىتىنى ئىشانوفكام ، مىر سۇلتانلار يول
مېڭىپ ھەل قىلىپ بەردى .

— قاچان ماڭىسەن ؟

— بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقىمەن .

ئىككى بويتاق ئەسەر كۆرگىلى ياتاققا كىرىپ كەتتى .

# يىراقلاردىن سادا

ھېكمەت «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» دېگەن كىتابنىڭ مۇ-قاۋىسىنى سىزىۋاتاتتى ، رەسسام بۆلۈمنىڭ باشلىقى لى يۈڭ «ھېكمەت تېلېفون» دەپ چاقىردى . ھېكمەت تېلېفوننى ئېلىشى ماھىگۈلنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى :

— ھېكمەت ئاكا ، شاڭخەيدىن ئاخشام قايتىپ كەلدىم . ھازىر سىزگە ئۆيۈمدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن . ھېلىقى لېنتىلارنى يۇغۇزغانىدىم ، كېلەلەمسىز ؟

— مەن ھازىر ئالدىراش ، كېيىن پۇرسەت چىقىرىپ بارار-مەن .

— ھېكمەت ئاكا ، كەلسىڭىز ئالدىن تېلېفون بېرىۋېتىڭ .

— بولىدۇ .

ھېكمەت كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ياتاققا كىرىپ تۇرۇشى ، بىركىم «ھېكمەت ئاكا» دەپ ، ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈ-رەپ كىردى - دە ، ئۇنى قۇچاقلىۋالدى . ھېكمەت سىن - سىپاتى قاملاشقان ، كەڭ كۆكرەكلىك ، ئۆسكىلەڭ بۇ يىگىتكە قاراپ ئۆزىمۇ ۋارقىرىۋەتتى :

— نەبى !... قارا ماۋۇ غورا قاپاقنىڭ كېلىپ قالغىنىنى ، — ھېكمەت نەبىنىڭ قارا داغلىرى ئۆچۈپ ، تاتۇقلىرى خېلىلا سى-لىنقلىشىپ ، ئىسكەتكە كىرىپ قالغان بۇغداي ئۆڭ يۈزىگە قارى-دى ، — قاچان كەلدىڭ ؟ قېنى ئولتا .

— مەن كەلگىلى ئون كۈندىن ئاشتى . كېلىپلا سىزنى ئىزدىدىم ، سىز شاڭخەيگە كەتكەنىكەنسىز . كالوننى سۈرۈشتە قىلىپ تاپتىم ، ئاندىن ئىككى كۈن ئۇدا يەنە كەلدىم ، كېيىن

ئۆزۈم بىكار بولالمىدىم. سىزچۇ؟

— مەن كېلىپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتكەن، كېيىن يىغىن ئۈستىگە يىغىن بولۇپ كەتتى، كەلگىنىمگە ھەپتىدىن ئاشتى بولغاي.

— سىزگە ئەزىز تارمۇش، ئامانىللا، شادىمان، توختى قۇربان، مەمەت قاسىم، ئالىمجانكاملار سالام ئېيتتى، — نەبى بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، — ھە راست، ھېلىقى سىز ئەۋەتكەن راخمانكام دېگەن ئادەم ماڭا بەكمۇ ياخشىلىق قىلىپ كەتتى. ئۇ دەسلەپتە مېنىڭ رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ يولغا سالدى، ئاندىن باشقىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن خوتەندە قالدى.

— نېمىلا بولسا كېلىۋالدىڭ، مەنمۇ ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — ھېكمەت ئۇنىڭ كەپكىسىگە، قايرىما ياقىلىق چاقماق كۆڭلىكىگە، قىر چىقىرىلغان شىمى ھەم پارقىراپ تۇرغان ئاياغلىرىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — كاتتا بايۋەچچىدەك بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟

— ئىداردىن تارقاتتى، تاماق، تەمىناتلىرىمۇ ياخشىكەن، — نەبى پەخىرلەنگەندەك يارىشىپ كەتكەن كىيىملىرىگە قاراپ قويدى، — يائاللا ھېكمەتكا، ئۈرۈمچى دېگەن دەھشەت چوڭ شەھەركىنا. ئوقۇشىمىز باشلانغۇچە ساۋاقداشلار بىلەن كۆپ يەرلەرنى كۆردۈم.

ھېكمەت ئۇنىڭدىن كەچلىك تاماق يېگەن - يېمىگەنلىكىنى سورىمايلا بازارغا ئېلىپ چىقتى. چۈنكى، ئۆزىنىڭمۇ قورسىقى ئاچقانىدى. ئۇلار نەنىمىڭدىكى «پىت بازىرى» دەپ ئاتالغان تار كوچىدىكى بىر مانتىخانىغا كىرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلاشتى. بۇ تار كوچىدا بۇرۇندىن تارتىپ كونا كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، ئارغامچا - توقۇناق دېگەندەك ئەسكى - تۈسكىلەر يايمىكەشلىرى سېتىقچىلىق قىلغاچقا «پىت بازىرى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى.

يېڭى تونۇشىدىن ھەم ئۆزى ئارزۇ قىلغان شوپۇرلۇق ئوقۇشىدىن دەپ ئېيتقۇسىز مەمنۇن بولغان نەبى ئاغزى بېسىق-ماي سۆزلىدى . لېكىن ، بىرەر قېتىممۇ ماھىگۈلنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالمىدى . «ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ خېلى كۆپ يەرلىرىنى كۆرۈپتۇ ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ماھىگۈلنىڭ يېنىغا چىققانمىدۇر» دېگەن گۇمان ھېكمەتنى ئويلاندۇرۇپ قويغاچقا چاندۇرماي سو-راپ باقتى :

— ماھىگۈلنى يوقلاپ قويدۇڭمۇ ؟ — نەبى تۇيۇقسىز قويۇلغان بۇ سوئالدىن مەڭدەپ قالدى ،

— ئۇنى··· — دۇدۇقلىدى نەبى ، — ئۇنى··· يوقلۇدۇم··· ئۇ··· ئۇ ياخشىكەن···

— ھەي كاززاپ ، مېنىمۇ ئالداۋاتىسىنا ، ماھىگۈل ئاخشام شاڭخەيدىن كەلسە ئۇنىڭ روھىنى يوقلىدىڭما ؟ — ھېكمەتنىڭ چىرايىدىن ئەيمەنگەن نەبى يەرگە قارىدى ، — ئۇنىڭ بېيجىڭ-دىن ، ئۈرۈمچىدىن يازغان خەتلىرىگە جاۋاب يازماپسەن ، ھەتتا ئەۋەتكەن خالتىلىرىنىمۇ قايتۇرۇۋېتىپسەن .

— ئۇ··· ئۇ خېلى يىللار ئالدىدىكى ئىشلارغۇ .

— شۇ يىللاردا ئۇنىڭ قانچىلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتكىنى-نى بىلەمسەن ؟ — ھېكمەت پەسكويغا چۈشتى ، — ئۇ ھېلىقى خېتىدىن كېيىن خوتەنگە بېرىشتىنمۇ خىجىل بولغان ، دۇنيادا بىر تاللا قېرىندىشى تۇرۇقلۇق سەنمۇ ئۇنىڭ دەردلىرىگە دەرد قوشتۇڭ .

— ئۇ پاسكىنا خېتىدىن خىجىل بولغان بولسا ، مەنچۇ ؟ — نەبىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى ، — تۈز كۆر قانجۇق .

— ھەي ، ھەي ، ئاغزىڭ نېمانچە بېزەپ سېنىڭ ، مۇشۇ پوجاڭزىدەك مىجەزىڭ بىلەن قانداق ئوقۇيسەنكىنتاڭ···

ھېكمەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئوقۇش ، بارلىق زېھنىنى كەسپكە بېرىش ، ئوقۇتقۇچىلىرىنى رەنجىتمەسلىك ،

كەمتەر ، ئېھتىياتچان بولۇش ھەققىدە خېلى كۆپ سۆزلىگەندىن كېيىن ، ماھىگۈل بىلەن خۇاڭپۇ باغچىسىدا بولۇنغان سۆھبەتنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ نەبىنى ئېرىتىپ قويدى .

— ئويلاپ باق ،سەۋەنلىك ئۆتمەيدىغان كىم بار ؟ — ھېكمەت نەبىنىڭ دولىسىغا بوش پەپىلىدى ، — ماھىگۈل سېنىڭ بىر قورساق قېرىنداشىڭ ، بىر ئەمچەكنى تالىشىپ ئەمگەن . سىلەر كىچىك ۋاقىتلىرىڭلاردا بىر - بىرىڭلارغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىڭلار . ئۇ ھازىر قېرىنداشقا قانچىلىك موھتاج ، بىلەمسەن ؟ چۈنكى پۈتۈنسۈرۈك بىر ئائىلىدىن پەقەت ئىككىڭلارلا قالدىڭلار .

— راست دەيسىز ، سورۇلۇپ تۇگىدۇق ، — نەبىنىڭ كۆزلىرى قىزىپ يەرگە قارىدى ، — دادام قورۇ - جايىنى سېتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خەۋىرى بولمىدى . بەزىلەر «يېڭىسارىدا قىمار ئويناپ ، نەشە سېتىپ ھەپسىگە كىرىپ قاپتۇ» دېيىشتى . ھەتتا «يەكەندە بىر كىملەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەرمۇ تارقالدى .

ئۇلار ماھىگۈلنىڭ ئۆيىگە ھازىرلا بىللە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ھېكمەت ئۇنى تاكسىغا سېلىپ تاكى دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغۇچە ، ماھىگۈلگە نىسبەتەن قىزغىن بولۇش ، كونا خامانلارنى سورىماسلىق ، غورا قاپىقىنى تۇرۇۋالماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى .

— ئەگەر باتناپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، مېنى خىجالەت قىلىدىغان بولساڭ ، — دېدى ھېكمەت ، — ئىككىنچى مېنى ئىزدەپ كەلگۈچى بولما .

— ۋاي - ۋۇي ھېكمەت ئاكا ، سىزنى تەڭلىكتە قويىدىغان ئىشنىمۇ قىلارمەنمۇ .

ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ ، ئىككى قەۋەتلىك ، يېشىل قاڭالتىرلىق سېرىق بىنا ئالدىدا تاك-

سىدىن چۈشتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى يۈز نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئازادە ئۆيلەرنى ماھىگۈلنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىغا قاراپ تەقسىم قىلغانىدى. ئۇلار قىپقىزىل سىرلانغان تاختاي پەلەمپەيلەر ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئېگىز ھەم كۆركەم، رومبا شەكىللىك قاپارتمىلار چىقىرىلغان قوڭغۇر رەڭلىك ئىشىك ئالدىدا توختاشتى. ھېكمەت ئىشىكنى بىرنەچچە قېتىم چەككەندىن كېيىن، پولدىكى يېشىل پالازغا ئاياغلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇشى، ناۋات رەڭ خالتىچىلىك بىلىنى باغلىغان، ئۇزۇن چاچلىرىنى بوغۇپ ئارقىغا قويۇۋەتكەن ماھىگۈل بوسۇغىدا پەيدا بولدى- دە، چىرايى نامازشام گۈلىدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— ھېكمەت ئاكا!

— قاراڭ، بۇ يىگىت كىم؟

دەسلەپتە ئاڭقىرالمىغان ماھىگۈل، بىردىنلا قان - قېرىندىشىنى تونۇدى.

— نەبى، ئۇكام!

— ئاچا!

ئاچا - ئىنى بوسۇغىدىلا قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كېتىشتى. ماھىگۈل ئۇلارنى خۇددى زالدەك چوڭ مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ھېكمەت بىلەن نەبى ئادەم دەسسەشكىمۇ ئەيمىنىدىغان قىپقىزىل پولغا، ئالىي دىۋانلارغا، ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئۈستەلگە يېيىلغان گۈللۈك كىرلىنكا، ھېقىقدەك پارقىراپ كۆز چاقنىدىغان نەپىس ۋازىدىكى ئاپئاق گۈللەرگە، سۈت رەڭ دېرىزە پەردىلىرىگە قاراپ گاراڭدەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئەيمىنىپكىنە دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. ھاياجان، شادلىق ۋىسالدىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ماھىگۈل نەبىنى باشقىدىنلا قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ يۈز - بويۇنلىرىغا سۆيۈپ، باشلىرىنى سىلاپ، ئاچچىق - ئاچچىق ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. ھېكمەتنىڭ كۆزى تامغا ئېسىلغان ئىككى رامكىدا ئىدى. ئۇنىڭ

بىرىدە ماھىگۈل بىلەن خۇاڭپۇ باغچىسىدا چۈشكەن سۈرەتلەر خېلى بەك چوڭايتىپ تىزىلغان بولۇپ ، بىرسىدە گۈللەر ئىچىدە ئولتۇرغان ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدىكى ماھىگۈل ئۇنىڭ مۈرىلىرىگە بارماقلىرىنى تەگكۈزۈپ ، بېشىنى سەل ئېگىشتۈرۈپ كۈلۈپ تۇراتتى . ئىككىنچى رامكىدىكى رەسىم ھەقىقىي رومانتىك تۈس ئالغان بولۇپ ، ئەتراپتىكى مەنزىرە ، قىيپاش كۈن نۇرى ئىلكىدە سېھىرلەنگەن . ماھىگۈل بولسا جەينەكلىرىنى ھېكمەتنىڭ تىزلىرىغا قويۇپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى . بۇ رەسىم قايسىدۇر چەت ئەل رەسساممىنىڭ «ئورماندىكى پەرىشتە» ناملىق ماي بوياق ئەسىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى .

ئوڭ سېپىنى تاپالمايلا قالغان ماھىگۈل بىردەمدىلا چاي دەملەپ ، چوڭ ئۈستەلنى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . ھاياجان ۋە ھودۇقۇشتىن ئۇنى ئېلىپ ، بۇنى قوياتتى . ۋارىنە ، ھەسەللەرنىڭ قوشۇقلىرى قولىدا تۇرۇپ ئىزدەيتتى . بۇ ئاردىلىقتا رامكىدىكى رەسىملەرگە كۆزى چۈشكەن نەبى ھېكمەتكە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى . باياتىن بېرى نەبىدىن نومۇس قىلىپ ئولتۇرغان ھېكمەت ئىچىدە : «راسا بىئەپ ۋاقىتىدا باشلاپ كەپتىمەن ـ دە ، نېمىشقىمۇ بىللە رەسىمگە چۈشكەندىمەن» دەپ ئۆزىگە غىجىندى .

— قېنى ئېلىڭلارچۇ ، — ماھىگۈل ئۇلارنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى ، — نەبى ئۇكام ، تۇيۇقسىز كېلىپ قاپسەنغۇ ، خەۋەر قىلغان بولساڭ ئالدىڭغا چىقاتتىم .

— قېنى ، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ھېكمەت ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ ، — ئۇ كەلگەن چاغلاردا سىز بىلەن مەن شاڭخەيدە ، مېنىمۇ بۇگۈنلا ئىزدەپ كەلدى . ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ .

— ئوقۇۋاتىدۇ ؟ — ماھىگۈلنىڭ قاپقارا چوڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى ، — نەدە ؟

— ھېكمەت ئاكام خوتەندىن يۆتكىلىدىغان چاغدىلا ، سېنى ئۆرۈمچىگە ئېلىپ كېتىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ، — نەبى تۇنجى قېتىم ئاچىسىغا تىكىلىپ قارىدى ، — بىر ئاي ئالدىدا ئۇزۇن يوللۇق يۈك توشۇش ئاپتوموبىل كالونىدىن بىر كىشى بېرىپ دەسلەپتىلا مېنى قوبۇل قىلدى . ھازىر بىر چەتتىن نەزەرىيە ئوقۇيمىز ، بىر چەتتىن ماشىنىلارنى چوۋۇپ ياسايمىز . ھەربىرىمىزنى بىردىن ئۇستىغا چېتىپ قويدى .

— ئوقۇشۇڭلارنىڭ ۋاقتى قانچىلىككەن ؟

— ئالتە ئايلىق .

— پۈتكەندىن كېيىن يەنە كېتەمسىلەر ؟

— ياق ، ئۇلار نوپۇس ، ئاشلىق رەسمىيەتلىرىمىزنى يۆتكەپ كەلدى ، ئوقۇش پۈتكەندە كالوندا قالىدىكەنمىز .

— ۋاي خۇدايىم ، نېمىدېگەن ياخشى ، ئەمدى يەنە جەم بولىدىكەنمىز - دە .

— بۇمۇ ھېكمەت ئاكامنىڭ ئەجرىدىن بولدى ، — نەبى ئاچىسىنىڭ چىرايىغا قارىمىدى ، — قوبۇل قىلغىلى بارغان راخمانكام «سىز ھېكمەتنىڭ ئۇكىسىكەنسىز» دەپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى . بولمىسا بىزدەك تۈرمىدە ياتقان قاشقىسى بارلارنى ھېچقانداق ئورۇن ئىشقا ئالمايدىكەن .

ماھىگۈل ، دادىسى قايتىنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بېشى پاتقۇدەك بىرەر يەرگە ئورۇنلىشالماي يامان يولغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى . ئۇ ھېكمەتنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىنچىل قانات يېيىشىنى «گۈلزىبا ئاچامنىڭ يۈزىدىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىيۇ ، لېكىن بۇ ئويىغا دەرھال قارشى چىقتى . چۈنكى ، ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ، دىلى ياخشىلىق نۇرى بىلەن بېزەلگەن ئىنسانلا ، دائىم باشقىلارنى ئويلايدىيۇ ، ئۆزىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدۇ . دادىسى قايىت ، ئانىسى بۇ مەريەم ، ئاچىسى گۈلرۇزلارغا ھېكمەت قانچە ياخشىلىق قىلغانسېرى ئۇلار

دىن خورلۇقتىن باشقا نېمە يادىي؟ ئۆزىگە، ئۇكىسى نەبىگە يورۇق ئىقبال ئاتا قىلغانمۇ ئاشۇ ھېكمەتقۇ!

— ھە راست، ئىككىڭلارغا سەئىدە ئاچام، گۈلچىنىئايلار چوڭقۇر سالام يوللىدى، — دېدى نەبى خىيالغا پاتقان ئاچىسىغا قاراپ، — بولۇپمۇ گۈلچىنىئاي ھېكمەتكامنى سېغىنىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

— سالامەت بولسۇن، — ھېكمەت ماڭىدىغان كۈنى گۈلچىنىئاينىڭ قوشاق قېتىپ يىغلىغىنىنى ئەسكە ئالدى، — ئوقۇشى قانداقراقكەن؟

— ياخشى، سەئىدە ئاچام بەك ماختايدۇ.

— ھېكمەت بىلەن نەبى چايلىرىنى ئىچىشىپ بولۇپ، كاتتا ئۆيلەرنى «زىيارەت» قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاۋاز يېيىپ تۇرغان تۆت ئېغىز ئۆي، مۇنچا، ئاشخانا، كارىدورلار پۈتۈنلەي زامانىۋى ئېلېكتر ئۆي سايمانلىرى بىلەن بېزەلگەنىدى. مېھمانخانىدىكى قوش ياڭراتقۇلۇق ئۈن ئالغۇ، ھۇجرىدىكى رەڭلىك تېلېۋىزور، كارىدورغا سېلىنغان ئىمپورت قىلىنغان گىلەم، كەڭ دېرىزىلەرگە ھەم بالكون ئەينەكلىرىگە تارتىلغان سۇس ھاۋا رەڭ تور پەردىلەر، ئىشىك تۈۋىدىكى بۇغا مۈڭگۈزى سىياقىدىكى كىيىم ئاسقۇ، تاملاردىكى رەڭلىك زىننەت چىراغلىرى كاتتا باي خېنىملارنىڭ مېھمان - سارايلىرىنى ئەسكە سالاتتى. بولۇپمۇ ھېكمەت بىلەن نەبى چاقچاقانغىنە «كۈتۈپخانا» نى كۆرۈپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. قىپقىزىل پولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېيەنجىننىڭ ئويما گۈللۈك گىلىمى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان يېزىق ئۈستىلى خۇددى قېلىپتىن قۇيۇلۇپ چىققاندەك نەفىس ياسالغان بولۇپ، ئەينەكتەك جۇلا بېرىپ تۇراتتى. نېلۇپەر گۈلى شەكىللىك ئۈستەل چىرىغى، ئالتۇن ھەللىك قەلەمدان ۋە كىتاب جازىسىغا رەتلىك تىزىلغان ئېنگېلس، رۇس، خەنزۇ يېزىقىدىكى ھەرخىل تېببىي كىتاب

ھەم لۇغەتلەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى . بۇ كۆركەم «سا-
راي» ، ھەشەمەتلىك ئۆي جاھازلىرىغا ھەيرانۇھەس بولغان نەبى :
«ئەگەر شۇ چاغدا قىمارۋاز بولاڭچىلارنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە
ئاشقان بولسا ، ماھىگۇل ئاچام بۇگۈنكىدەك بەخت شەربىتىگە
چۆمۈلۈپ ياشارمىدى ؟» دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .
— سىلەر مېھمانخانىدا بىردەم ئارام ئېلىڭلار ، — دېدى
ماھىگۇل پەشتامىنى قولىغا ئېلىپ ، — مەن سىلەرگە تاماق
ئېتىپ بېرەي .
— ئاۋارە بولماڭ ، بىز تاماق يەپ كەلدۇق ، — ھېكمەت
شۇنداقمۇ دېگەندەك نەبىگە قاراپ قويدى ، — نەبى ، مەن قايتى-
مەن ، سەنچۇ ؟
— قايتمىسام بولمايدۇ ، ئەتە ئەتىگەن دەرسىمىز بار .
— ئەمىسە نەبى قېپقالسۇن ، — ماھىگۇل يالۋۇرغاندەك
ھېكمەتكە قارىدى ، — بولامدۇ ھېكمەت ئاكا . مەن ئەتە سەھەر
يولغا سېلىپ قوياي .
— نەبى ، ئاچاڭنىڭ سەن بىلەن مۇڭداشقىسى بار ئوخ -
شايدۇ ، — دېدى ھېكمەت تەڭلىكتە قالغان نەبىگە قاراپ ، —
بوپتۇ ، بۈگۈن سىلەر بىر - بىرىڭلارغا قېنىشىۋېلىڭلار ، لېكىن
ئەتە دەرسكە كېچىكىپ قالما .
ئاچا - ئېنى ھېكمەت بىلەن ھويلىغىچە بىللە چىقىشتى .
ھاۋا قاپقارا تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ ، يامغۇردىن شەپە بېرىپ
سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى . نەبى يۇلتۇزسىز ئاسمانغا قاراۋېتىپ
«ئەجەب بۇ يەردە بالدۇرلا سوغۇق چۈشىدىكىنا» دەپ غودۇڭ-
شىپ قويدى . بۇنىڭغا جاۋابەن ماھىگۇل «ئۈرۈمچىدە يازنىسقا ،
قىش ئۇزۇن بولىدۇ . ھازىرغۇ سەككىزىنچى ئاي ، توققۇزىنچى
ئايدا رەسمىلا سوغۇق باشلىنىدۇ» دېدى . ھېكمەت ئۇلار بىلەن
خوشلىشىۋىدى ، نەبى : «ھېكمەتكامنى ماشىنىغا سېلىۋېتىپ قاي-
تىپ كېلىمەن» دېدى - دە ، بىللە ماڭدى .

ــــ ھېكمەتكا ، ــــ دېدى نەبى ئىچ يانچۇقىدىن ئۈچ پارچە خەتنى چىقىرىپ ، ــــ بۇ خەتلەرنى مەھبۇبە ئاچام ، ئۇچقۇنئاي ، گۈلچىنئايلار بەرگەنىدى .

ــــ نېمىشقا بايىلا بەرمىدىڭ ؟

ــــ دەسلەپتە ئۇچراشقاندا خۇشاللىقىمدىن ئۇنتۇپتىمەن ، ماھىگۈل ئاچامنىڭ ئالدىدا بىرىشكە سەل ئەپسىز بولۇپ قالدى .

«بايىقى رامكىدىكى رەسىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن ، نەبى باشقىچە ئويغا كېلىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىغان ھېكمەت ئېغىر تىنىپ قويدى ـ دە ، خەتلەرنى يانچۇقىغا سالدى . بۇ چاغدا يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى . ھېكمەت نەبىگە خوش ئېيتىپ ، ناھايىتى تېز كېلىپ توختىغان كوچا ئاپتوبۇسىغا چاققانلىق بىلەن چىقىۋالدى . ئۇ ئىدارىگە يېتىپ كەلگەندە يامغۇر ئوبدانلا كۈچەيدى . ھېكمەت جىمجىت ياتاققا كىرىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ ، باشقىنى يەڭگۈشلىدى . ئۇ ئائىلىسىنى يۆتكەپ كەلمەكچى بولغان تۇرسۇنجاننى تېخى تۇنۇگۈنلا ئۇزىتىپ قويغانىدى . ھېكمەت سىرتى نەملىشىپ قالغان خەتلەرنى ئۈستەلگە يېيىپ ، ئالدى بىلەن مەھبۇبەنىڭ خېتىنى ئوقۇدى . مەھبۇبە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراپ ، ئۆزىنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇرۇنقى سەۋەنلىك ـ خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورىغانىدى . ھېكمەت ئۆرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى قىزى ئۇچقۇنئاي ئۈچۈن پۇل سېلىپ تۇردى ، لېكىن خەت يازمىغانىدى . شۇڭا ئۇ ، ئاغرىنىش ھەم چېكىپ كۆرۈش ، قېيداش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇنۇ سەھىپىلەرنى ئالدىرىماي ئوقۇدى :

«قەدىرلىكىم ھېكمەت ، سىز بىزدىن ئايرىلغاندىن بېرى گەرچە ئۇچقۇنئاي ئۈچۈن ئەۋەتكەن پۇللىرىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسامۇ ، لېكىن ئىككىلىك خەت يازمىدىڭىز . ئېيتىڭا ، ماڭا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ، مەندىن ھەرقانچە بىزار

بولىسىڭىزمۇ بىر ياستۇقتا ئۇمىد بىلەن باش قويغان كۆنلەرنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئىككى قۇر خېتىڭىزنى ئايىمىسىڭىز بولامدۇ (مەيلىدى تىللاپ يازسىڭىزمۇ) . سىزنىڭ خۇلۇق ـ پېئىلىڭىز ماڭا ئايان . سىز مېنى ياخشى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ ، يامان كۆرمەيتتىڭىز ، كۆڭلۈم ئۇچۇن بولسىمۇ بىرنەچچە ئېغىز تاتلىق گەپ ، چاقچاقلىرىڭىز ئارقىلىق دىلىمنى ئاۋۇندۇراتتىڭىز . بوۋـ ىتۇ ، مەن ئۇچۇنغۇ يازماڭ ، قىزىڭىز ئۇچقۇنئاينىڭ كۆڭلىنى ئويلاپ قويسىڭىز بولامدۇ . ئۇ چوڭ بولغانسېرى ئاتىنىڭ قەدـ رىگە يېتىۋاتامدۇ ياكى دوستلىرىنىڭ دادىلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولامدۇ ، ئىش قىلىپ پات ـ پات سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىدۇ . بىر كۈنى سىزنىڭ ئاقسۇ ئەدەبىياتىغا چىققان «يېتىم قىز» دېگەن ھېكايىڭىزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ماڭا ئوقۇپ بەرگىـ چە ، نەچچە قېتىم بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېكايىمۇ شۇنچىلىك تەسىرلىك چىققانىكەن . «ئانا ، ــــ دېدى ئۇچ ـ قۇنئاي ، ــــ قارىڭا ، دادام ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا ، ئۇ ئەمدى ۋاپادار ئەر ، مېھرىبان ئاتا بولماقچى ، دەپ يېزىپتۇ . دادام كېلەمدۇ يا» دەپ سورىغانىدى ، مەن : «ياق قىزىم ، ئۇ دېگەن ھېكايە ، بىز دېگەن بىز ، مەن دادىڭىزنىڭ دىلىنى رەنجىتكەن ، ئۇ مەندىن خاپا بولۇپ كېتىپ قالغان» دەپ جاۋاب بەردىم .

ھېكمەت ، بىلىمەن ، سىز ئۇچۇنمۇ قىيىن ، ئەگەر ماھىـ گۈلنىڭ ھاقارەتلىك خېتىنى كەچۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ـ خوپ بولۇپ قالغان بولسىڭىز ، دەرھال خوتەنگە كېلىڭ ، ئاجرىشىپ كېتەيلى . سىزمۇ بالدۇرراق مۇراد ـ مەقسىتىڭىزگە يېتىڭ . لېكىن ، مەن ئۆلسەممۇ ئۇچقۇنئاينى ئۆگەي قولىغا قاراتمايمەن . مېنىڭ قالغان ئۆمرۈم ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە .»

ــــ ھەي مەھبۇبە ، مەھبۇبە ، سىز قاچانغىچە ساددا ھىيلىـ گەرلىكىڭىزنى ، قوپال نادانلىقىڭىزنى قويمايدىغانسىز ، ــــ ھېكمەت تەنە بىلەن كۈلدى ، ــــ «ھاقارەتلىك خېتىنى كەچۈرۈپ...

ياخشى ـ خوپ بولۇپ» مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ ئۆزىلا كۆڭلىڭىزدى-
كىنى ئايان قىلىپ تۇرۇپتۇ .

ھېكمەت ئۇچقۇنئاينىڭ خېتىنى ئېلىپ ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىدى . بولۇپمۇ قىزىنىڭ ئانىسى توغرۇلۇق يازغان سەھىپە-لىرى يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ قويدى :

«دادا ، ھازىر مەن لوپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالتىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتىمەن . ھەر شەنبە كۈنى خوتەندىكى ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن . يەنە يازلىق ، قىشلىق تەتىللەرنى ئانامغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزىمەن . ئانام بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستى . ئۇ ياسىنىپ ـ تارىنىپ ، پاكىز ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ توي ـ تۆكۈن ، مەرىكىلەرگە باراتتى . ئېچىمدە «ئانام نېمىدېگەن ئۆز ، مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئاشۇنداق بولسام» ئويلاپ كېتەتتىم . بىراق ، ھازىر بەكمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى . گەپ قىلمىسام قىلمايدۇ ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ سالۇاقۇشتەك يۈرىدۇ ، تېخى ناماز ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى . بولۇپمۇ سەھەرلەردە جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئۆزۈنغىچە بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ يىغلايدۇ ھەم پات ـ پاتلا تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇزۇن رومىلىنى ئارتىدۇ ـ دە ، قاياققىدۇر ئالدىراپ كېتىدۇ . بىر كېچىسى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم . ئۇ ، سۇ ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆڭ قەبرىستانلىققا باردى . ئاندىن قۇمۇش بېسىپ كەتكەن بىر قەبرە قېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، كىمدىندۇر بىر نەرسىنى سوراپ ئۇزۇنغىچە يالۋۇرۇپ يىغلىدى . سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىڭ بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم . مەن ئۇنىڭدىن بۇ سىرلىق ئىشلارنى سورىسام ئۇ : «كىچىك بالا دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشلىرىنى سورىمايدىغان» دېدى . لېكىن ، مەن سىنەكەپ باقسام ، ئانام سىزنى سېغىنىپ كەتكەندەك قىلىدۇ . بىر كۈنى ئۇنىڭدىن : «ئانا ، دادام بىزنى نېمىشقا تاشلاپ كېتىدۇ ؟» دەپ سورىسام ، ئۇ ئاچچىقلاپ : «سىز كى-

چىك ۋاقتىڭىزدا دادىڭىزنى «بالا ئەپقېچىپ يەيدىغان ئوغرى» دەپ تىللىغاچقا كېتىپ قالغان» دېدى . دادا ، بۇ راستمۇ ، مەن سىزنى ئۇنداق دەپ تىللىمىغان تۇرسام ، ئەگەر شۇنداق بولسا تىلىم ئۈزۈلۈپ چۈشسۇن . سىز مېنى كەچۈرۈۋېتەلەمسىز ؟ جېنىم دادا ، ئاپئاق دادا ، مېنى كەچۈرۈۋەتسىڭىزچۇ ؟ مەن شۇ كۈندىن باشلاپ خىجىل بولغۇنۇمدىن نەچچە كۈنگىچە يىغلاپ يۈردۈم . مېنىڭ ھالىمغا ئىچى ئاغرىغان ئانام : «قىزىم ، ئۇ كۈنى كەيپىياتىم ياخشى ئەمەستى ، شۇنداقلا دەپ قويغان . دادىڭىزنىڭ كېتىشىگە مەن سەۋەبچى ، ئۇنىڭ دىلىنى كۆپ رەنجىتتىم ، شۇڭا ، ئۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ» دەپ كۆڭلۈمنى ياساپ قويدى . دادا ، ئانامدىن ئاغرىنسام سىز بەك ياخشى ئادەمكەنسىز . ئانامنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز بولمامدۇ ، ئۇ ھازىر بەكمۇ بىچارە .

دادا ، مېنىڭ سىزگە خەت يازغىنىمنى ئانامغا دەپ سالماڭ ، بولمىسا خاپا بولىدۇ . شۇڭا ، مەن بۇ خەتنى سەئىدە ئانامىلارنىڭ ئۆيىدە يېزىۋاتىمەن . گۈلچىنئاي ئاچامغۇ ئايرىم شىرەدە سىزگە خەت يېزىۋاتىدۇ . دادا ، سىزمۇ خەت يېزىڭ ماقۇلمۇ ، مەن خېتىڭىزنى كۈتىمەن»

بىردىنلا قىزىغا نىسبەتەن سۆيۈنۈش ، ئامراقلىق ھەم سېغىنىش تۇيغۇسى ھېكمەتنىڭ ۋۇجۇدىنى ئورىۋالدى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ قىز بالا ـ ئاجىز ئىدى . ئۇ ئاتىدىن ئىبارەت بىر تۈۋرۈككە ، مەدەتكارغا موھتاج ! ئۇنى قانداقمۇ تاشلىۋەتكىلى بولسۇن . قىزىنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە جۇدالىق تىكەنلىرىنى تېرىش ، يېتىملىك كوچىلىرىغا تاشلاش ، «ئاتا» دېگەن ئۇلۇغ ھەم ساخاۋەتلىك نامغا داغ چۈشۈرگەنلىكتۇر . ھېكمەت قىزىنىڭ ئادرېسىغا قارىتىپ خەت يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . بىراق ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەلەمزىدە قىلىپ قويغىنى ، مەھبۇبەدەك ھۆسن ـ كامالدا بىقارار بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى .

ھېكمەت گۈلچىنئاينىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ، بىر - ئىككى قېتىم ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇۋالدى.

«ھېكمەت دادا، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ سىز خوتەندە چاغدا مېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىم شۇنداق پۇتۇن ئىدى. مەن ھەركۈنى مەكتەپتىن كېلىپ يولىڭىزغا قارايتتىم. قاچانمۇ كېلىپ چاچلىرىمنى پۇراپ، ھېلىقى ئاق ئات مىنىپ يىراقتا كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ ھېدلىرىنى قايتا ھىدلايدىغاندۇ، دەيتتىم. راست، سىز شۇنداق دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ مېنىڭ چاچلىرىم، يۈزلىرىم ھەم تېنىمدىن ئاشۇ ئاغىنىڭىزنىڭ پۇرىقى كېلىدىغانلىقىنى دەپ يىغلىغان ئىدىڭىزغۇ. شۇ چاغدا سىز مېنى بېغىمىزنىڭ تاش پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈپ چۆشكەنلىكىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدىم.

ھېكمەت دادا، سىز خوتەنگە قاچان كېلىسىز؟ مېنىڭ سىزگە دەيدىغان، سورايدىغان جىق گەپلىرىم يىغىلىپ قالدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن يىلىم سىنىپىمىزدا شور تۇمشۇق، ئۇرۇشقاق، گوجان كوچىلىق بىر قىز بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تاپشۇرۇقۇمنى كۆچۈرۈۋالاي دېگەنىدى، مەن «مۇئەللىم ئاچچىقلايدۇ» دەپ ئۇنىمىسام، مېنى «يېتىم ئوغلاق» دەپ تىللىدى. كېيىن ئاڭلىسام، گۈلچىنئاينىڭ ئەسلى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ھازىرقى ئانىسى ئۇنى بېقىۋالغان، دادىسى بولسا بوستاندىن پات - پات كېلىدىغان ھېكمەت دېگەن ئادەم، دېگەن گەپنى تارقىتىۋېتىپتۇ. مەن يىغلاپ كەتكەن بولسامۇ، لېكىن بۇ گەپكە ئىشىنىپ قالدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، سىز مېنى پۇراپ يىغلىغىنىڭىز زادىلا ئېسىمدىن چىقمىغانىدى. شۇڭا «ھېكمەت دادام مېنى پۇراش ئارقىلىق ئۆلۈپ كەتكەن ئانامنىڭ ھىدلىرىنى ئەسكە ئالىدىغان ئوخشايدۇ. ھېلىقى ئاق ئات مىنىپ كەتكەن ئادەم دادامنىڭ ئاغىنىسى بولماي، بەلكى مېنىڭ ئانامكەن»

دەپمۇ ئويلىدىم . مەن شۇ كۈنى كېچىسى بالدۇرلا يېتىپ كېچىچە يىغلاپ چىقتىم . بىر چاغدا ئانام چىراغنى يېقىپ ، نېمە بولغاندىلىقىنى سوراپ تۇرىۋالدى . مەن ئىسەدەپ تۇرۇپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم .

— بۇ پۈتۈنلەي ئۆسەك سۆز قىزىم ، — دەپ بېشىمنى سىلىدى ئانام ، — ھېكمەتنىڭ سىزدىن بىر يېرىم ياش چوڭ ئەزىمەت دېگەن ئوغلى بولىدىغان ، ئۇ ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەندە ئوغرىلار ئەپقىچىپ كېتىپ سېتىۋەتتى . ھېكمەت ئوغلىنى نەچچە يىل ئىزدىدى . نەبى ئاكىمىزمۇ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ ، تىلەمچىلىك قىلىپ ئەزىمەتنى تاپالمىدى . شۇڭا ، ھېكمەت دادىڭىز ئوغلىنىڭ ئوت پىراقىنى سىز بىلەن بېسىپ كەلدى .

— ئەزىمەتنىمۇ مەھبۇبە ئانام تۇغقانمۇ ؟

— ياق ، ئەزىمەتنى ھېكمەتنىڭ بۇرۇنقى ئايالى گۈلزىبا تۇغقان . ئۇ تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەن . ئەگەر سىز ھېكمەتنى «مېنىڭ دادام» دەپ تۇرىۋالسىڭىز ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىمىزگە كەلمەيدۇ .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— ئۇ دېگەن مېنىڭ ئۇكامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى تۇرسا ، مېنى «ئاچام» دەپ يۈرسە ، سەت ئەمەسمۇ··· مەن سىزگە ئېيتقانغۇ ، سىزنىڭ دادىڭىز ئۆلۈپ كەتكەن دەپ .

مەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم . بىراق ، سىز ھەرقېتىم مېنى ئەركىلىتىپ ، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ ، چاچلىرىمنى پۇراپ كەتسىڭىز «ھېكمەت دادام ئۆزۈمنىڭ دادىسى بولۇپ قالسىچۇ كاشكى» دەپ ئويلايتتىم . شۇنداقتىمۇ «ياق ، ئۇ بەربىر مېنىڭ دادام» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم .

ھېكمەت دادا ، تولا گەپ قىلىپ سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويىدۇمغۇ دەيمەن . بوپتۇلا ، كۆڭلۈمدىكىنى دەۋالدىم . مەن ئوغلىد-

گىز ئەزىمەتنىڭ پاجىئەسىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ، ئۇنى داۋاملىق ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . «دادىسىنىڭ يۈرىكىگە ئۆچمەس پىراق دەردىنى سېلىپ قويۇپ نەلەردە يۈرۈيدىغاندۇ ؟ ئەگەر ، هازىر كۆرۈشۈپ قالسا دادىسىنى تونۇيالارمۇ ؟» دېگەن خىياللار هەرقاچان يېنىمدا چۆرگىلەپلا يۈرۈيدۇ . شۇڭا ، ئانامنىڭ دەپ بېرىشىگە قىياس قىلىپ بۇدۇر چاچلىق باللار ئۇچراپ قالسىلا «شۇمىدۇ ؟» دەپ قالىمەن .

هېكمەت دادا ، مەن جىق گەپ قىلىپ كەتتىم . خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ، ماڭا خەت يېزىشقا ۋاقتىڭىز چىقارمۇ ؟ ئانام سىزنى بەك ئالدىراش دەيدۇ . شۇنداقتىمۇ سىزنى كۆرەلمىسەممۇ مۇبارەك خېتىڭىزنى بولسىمۇ كۆرگۈم ، كۆزلىرىمگە سۈرتكۈم كېلىدۇ»

ناتىۋانلار ساداسى يىراقلاردىن ئەكس سادا ياڭدۇرغاندەك ، مۆڭزارغا تولغان بۇ خەتلەردىن كۆڭلى پاراكەندە بولغان هېكمەت كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ يەكشەنبە كۈنى ئۈچ پارچە جاۋاب خەت يېزىپ سېلىۋەتتى .

# تۈي ھارپىسىدا

سېنتەبىر ئايلىرى چىقىپ كېتىشى بىلەن ئەتىسى - ئاخشىمى دول قورۇغۇدەك سوغۇق باشلىنىپ كەتتى. پات - پاتلا يېغىۋاتقان يامغۇر قارغا ئايلىنىپ، كۈندۈزلىرى شالاقلاپ ئېرىپ كەتسە، كېچىلىرى توڭلاپ كېتەتتى. ھېكمەت رەسسام بۆلۈمىدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، ھېكايە، پوۋېست ۋە ئىلمىي ئەسەر يېزىش بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. تۇرسۇنجان ئالىم ئائىلىسىنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، نەنلىياڭدىكى بىر تۇڭگان قورۇسىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېكمەتنى «ئۆي تامىقى يەپ كەل» دەپ ئارىلاپلا ئېلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئىككىسى ئولتۇرا كېچىگىچە مۇڭداشتى. نەشرىياتتىكىلەر ئۇنى «قويۇن» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. پائالىيەتچان، كاللىسى ئۆتكۈر، پىكرى چوڭقۇر، چاپچىپ تۇرالمايدىغان ئىزدەنگۈچى تۇرسۇنجان ئالىم نەشرىيات خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ سۇسلۇقىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىسلاھاتتىن ئىبارەت زور كەلكۈندە ئېقىپ بۇرۇقتۇرما بولۇشقا رازى ئىدىكى، سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرۈشنى راۋا كۆرمەيتتى. تۇرسۇنجان قىلماقچى بولغان پىلانلىرىنى رىتىم بويىچە سۆزلەپ كەتسە، ھېكمەت ئۇنىڭ جۈرئىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايتتى. شۇڭا ئۇ، بىرەر باشقارما دەرىجىلىك، بولمىغاندا ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسى دەرىجىلىك ھوقۇققا ئېرىشىشنى، بۇ ئارقىلىق ئويلىغانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ كېچىسى چۈشىدىن، كۈندۈزى ئويى-

-دىن نېرى كەتمەيدىغان تىلىكى ئىدى . لېكىن ، ھېكمەت «ئە-
مەل » گە ئانچە قىزىقمايتتى ، شۇڭا ئۆز يولىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت
قىلاتتى .
تۇرسۇنجان ئالىم بار ۋاقتىدا ھېكمەت ئىككىسى يازغان
ئەسەرلىرىنى ئۆزئارا كۆرۈپ تۈزىتىشەتتى ، ئەدەبىيات ھەققىدە
سۆزلىشىپ كۆڭلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالا-
تتى . ھازىر ھېكمەت غوۋۇلداپ قالغان بويتاقلار ياتىقىدا يالغۇز
ئولتۇرۇپ ھېكايە ، پوۋېستلىرىنى يازاتتى ، رەسىم سىزاتتى . ئۇ
يىل ئۆرۈلگەنگە قەدەر «قوشلار ماكانىغا قايتتى » ناملىق ھېكايە
توپلامىنى ۋە رەسساملىق ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى نەشرد-
ىياتقا تاپشۇردى . ئىككىنچى ئاي كىرىش بىلەن ئىشانوف ، كادىر-
لار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مىرسۇلتانلار ئۇنىڭ تۇرمۇشتا يالغۇز-
لۇق تارتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ : «بىز مەكتەپلەر بىلەن
ئالاقىلىشىپ بىرەر ئورۇن تاپساق ، ئايالىڭىزنى يۆتكەپ كېلەمسىز ؟ »
دەپ مەسلىھەت بەرگەندى . ھېكمەت تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىز-
لىقلارنى دېيىشكە يۈزى چىدىماي : «قېينانىمىز بەك ياشىنىپ
قالغاچقا ئۇرۇمچىگە كېلىشكە زادىلا ئۇنىمايدۇ ، شۇڭا ئايالىم بىر
مەزگىل خوتەندە ئىشلەپ تۇرماقچى » دەپ جاۋاب بەردى . شۇن-
داقتىمۇ ئۇ تەنھالىق ئىسەر قىلىپ ئىچى پۇشقانلىرىدا چاقچاقچى
ئاغىنىسى ئابلىكىم قاسىم ، قەدىردىن ، راخمان ، سازچى ئىمىن-
جان ھامۇتلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بىرەر كېچە كۆڭۈل ئېچىپ
كېلەتتى ياكى تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن ئاپئاق تاڭ ئاتقۇچە «مەدە-
نىيەت سودىگىرى » كەسپى ھەققىدە تالاش - تارتىش ، مۇنازىرە
قىلىشاتتى ، بەزىدە كالونغا بېرىپ نەبى بىلەن مۇڭدىشاتتى . نەبى
بىرىنچى ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ماشىنا ئالغاندىن بېرى يېقىن
ئارىدىكى ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىگە قاتناۋاتاتتى . ئۇ ھازىر كالون
رېمونتخانىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدىغان راخماننىڭ سىڭلى-
سى دىلنار ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن-

دى . ئۇلارنىڭ يېقىن ئارىدا توي بولغاچقا كالون ئۇلارغا بىنادىن بىر يۇرۇش ئۆي بەردى . ماھىگۇل ئۇنىڭ ئۆيىنى يېڭى ئۆي جاھازلىرى بىلەن بېزەپ ھەم زىننەتلەپ قېرىنداشلىقنى يەتكۈزدى . ئۇلار ھازىر بىر - بىرىنى يوقلاپ تۇرۇشاتتى ، بەزىدە ھېكمەتنىڭ كۆرۈمسىز ياتىقىغا بىللە كېلىپ ، قاتتىق - قۇرۇق مېھمان بولۇپ كېتەتتى ، باغچىلارغا بىللە بېرىپ تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى . نەبى ئاچىسىنىڭ ، ھېكمەتنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى . بىراق ، ھېكمەتنىڭ ئاكىلىق مۇئامىلىسى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن مەھبۇبەگىمۇ خەيرخاھلىق قىلاتتى . ئىش قىلىپ ھېكمەت ، ماھىگۇل ، مەھبۇبەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېپىشماقنىڭ قانداق يېشىلىشى ھەممىگە قاراڭغۇلۇق ئىدى . كېيىنچە نەبى بۇ ئىشلارنى ئانچە ئويلىمايدىغان بولدى ، چۈنكى ئۇ بىر ئايدىن بېرى جىددىي توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى . ھېكمەت ماھىگۇل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قۇدا بولغۇچى راخماننىڭ ئۆيىگە رەسمىيەت بويىچە «كىچىك چاي» ئاپارغاچ توينى ئاپرېلنىڭ يىگىرمىسىگە بېكىتىپ قويدى . راخمان : «بىر ئولتۇرۇشنىڭ خاسىيىتى بىلەن قۇدىلىشىپ قالدۇق» دەپ چاخچاق قىلدى . راخمان ئانىسى قازا قىلغاندىن كېيىن سىڭلىسى دىلنارنى قەشقەردىن ئەكېلىۋالغانىدى . شۇنىڭدىن بېرى يەڭگىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان دىلنار ، يېتىمچىلىكتە يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەنمۇ ، كىم خېرىدارلىق قىلسا ، ئۇنىڭ كىيىنىشىگە ، يۈرۈش - تۇرۇش ، گەپ سۆزلىرىگە قاراپلا «ياق قورقىمەن ، ئۈرۈمچىنىڭ ئادەملىرى ئەسكىكەن» دەپ ئۇنىماي يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالغانىدى . نەبى ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە كۆپ ۋاقتى رېمونتچىلىق سېخىدا ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ئۆتكەنىدى . دىلنار ئۇنىڭغا ئۇستا بولۇپ ، بىللە ئىشلەش جەريانىدا نەبىنىڭ سەمىمىي ، كەمتەر ، تۈز كۆڭۈللۈكلۈكى يېقىپ قالغانمۇ ، ئىش قىلىپ

كۆڭلى چۇشۇپ قالغانىدى .
ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل ، راخمان بىلەن پاراڭلىشىپ تۇر-
غاندا دىلنار ئىش كىيىمى بىلەنلا كىرىپ قالدى . ماي يۇقى
بىلەن بۇلغانغان ئىشتان - چاپان ، سارغۇچ قوڭۇر چاچلىرىنى
تۇرتەكلەپ كىيىۋالغان مايلىق شەپكە ئۇنىڭ تولغان ، بەرنا قەد-
دىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى . قارا - قۇرىلار سۇۋۇشىپ مەينەت-
لىشىپ كەتكەن چېھرىدىكى قاپقارا يۇمىلاق كۆز قارىچۇقلىرى
خۇددى ئەخلەتكە چۈشۈپ كەتكەن قارا مۇنچاقنى ئەسلەتسە ، توم-
پىلاق كىچىك لەۋلىرى لاي سۇدىكى جىنەستىگە ئوخشايتتى .
ھېكمەت ماھىگۈلگە كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق «بولىدىكەن »
نى ئۇقتۇغان بولسا ، ماھىگۈلمۇ ئىنىسىنىڭ تەلىيىنىڭ چىققاد-
لىقىدىن خۇشال بولۇپ ھېكمەتكە باش لىڭشىتىپ قويدى .
ماھىگۈل بىلەن ھېكمەت ئەتىسىدىن باشلاپ ، يىغقان -
تۆگكەن پۇللىرىنى چىقىرىپ تويغا لازىملىق نەرسىلەرنى بىرنەچ-
چە كۈن ئىچىدە ئېلىپ تەييارلاپ قويدى .
مارتنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى . ھېكمەت ياتىقىدا ئۆتكۈر ئەپەن-
دىمنىڭ «ئىز» رومانىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى . بۇ رومان نەشر
قىلىنغاندىن كېيىن ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بېرى مەنىۋى ئو-
زۇققا تويۇنماي كېلىۋاتقان خەلققە تېپىلغۇسىز تۇتىيا بولدى .
ھەرقانداق سورۇن ، يىغىلىشلار ، ھەتتا تۆت ئادەم توپلانغان
يەردىمۇ «ئىز» توغرۇلۇق بەس - بەس بىلەن سۆزلىشەتتى ،
مۇنازىرە قىلىشاتتى...
ھېكمەت ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە قاراپ يۈز-
لىنىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنەتتى ھەم ئۆزىمۇ بۇ ساھە-
گە باشچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئويلايتتى : ھەممە نېمىنىڭ
كۇشەندىسى بولىدىكەن ، سەن ئالغا ماڭىمەن دېسەڭ ، ئۇلار
سېنىڭ پۇتۇڭنى غاجىلايدىكەن ، دىققەت قىلمىساڭ يىقىتىپ تاش-
لايدىكەن . ئۇ مۇنداق كۇشەندىلەرنىڭ ، ئۆزىنىڭ تىلى بويىچە

ئېيتقاندا ئىت بېلىقلىرىنىڭ نەشرىيات، ئىلمىي تەتقىقات، مەكتەپ، مەتبەئە قاتارلىق بىلىم بۇلاقلىرىغا ماكانلىشىپ ئۇنى لېيتىۋاتقانلىقىدىن غەزەپلىنەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئىت بېلىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن. مەكتەپ — بىلىم چەشمىلىرى ئارقىلىق ياش مايسىلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان بۇلاق ئىدى. ئۇنى زەينىدىن، نىزاخۇن، مەمەتئېلى ئىبراھىمدەك بەدبۇي پورايدىغان ئىت بېلىقلىرى لېيتىۋەتتى. جەمئىيەت — قوينىدىكى ئىزدەنگۈچىلەرگە بىلىم شەربەت سۇلىرىنى ئاتا قىلىدىغان يىلتىزى قۇرۇماس، تۈۋسىز بۇلاق ئىدى. ئۇنى كىرىموف، ساۋۇر روزى، ئىمىن سوپىدەك زەھەرلىك ئىت بېلىقلىرى لېيىتىپ، ئادەم سەسكەنگۈدەك بۇلغىۋەتتى. يېزىلارمۇ ئىپتىدائىي گۈزەللىكى، تەبىئىي ئۇزلۇقى بىلەن جەننەت بۇلاقلىرىنى خىجىللىقتا قالدۇرىدىغان باغرى كەڭ بۇلاق ئىدى. ئۈنچە - مارجان، دۇرى - گۆھەرلەردەك ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان بۇ بۇلاقنىڭ كۆزىنى توراپ ئىمىن، خالىقتا ئوخشاش ئىت بېلىقلىرى لېيىتىپ تىندۇرۇۋەتتى. مانا قاراڭ، مەسۇم قابىل، نامان سوپى قاتارلىقلار نەشرىياتتىن ئىبارەت ئاجايىپ چوڭ بۇلاقنى لېيتىۋاتقان ئىت بېلىقلىرى ئەمەسمۇ!

ھېكمەتنىڭ ئاچچىق خىياللىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا، ئىشىك چېكىلىپ نەبى كىرىپ كەلدى. ئۇ خېلىلا پوزۇر ياسىنىۋالغانىدى. ھېكمەت ئۇنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلۈمسىرەش قېيىنىسىدىن مەمنۇن بولغاندىلىقى ئىدى. نەبى ياقىلىق پالشۇپكا، گىلەپى ئىشتان، قونجىسى قايرىلغان چىگرىن ئۆتۈك، قاما قۇلاقچا كىيىۋالغاچقا سالاپەتلىك ھەم ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۇ قىزىرىپ بىردەم ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىر ئىشنى دېيەلمەي خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھېكمەت:

— ھە، گەپ قىلمامسەن، قىز بالىدەك تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرماي، — دەپ مەدەت بەردى.

— مۇنداق ئىشتى ھېكمەتكا ، — نەبى يەرگە قارىۋالدى ، — قىز تەرەپكە بارىدىغان بىر رەسمىيەت بار ئوخشايدۇ .

— ھەي ئەخمەق ، توي كۈنىنى بېكىتىپ بولدۇق ، ئەمدى چوڭ چېيىنى ئاياللار ئاپىرىدۇ . مەن بىر توقاي خوتۇنلارنى ئارقامغا سېلىپ ، داستىخان كۆتۈرۈپ يۈرسەم خەق ئارقىسىدا كۈلمەمدۇ .

— ياق ، ياق ، چوڭ چېيىنى ماھىگۈل ئاچام دوختورخانىدىكى ئاياللار بىلەن ئاپىرىدىغان بولدى . دېمەكچى بولغىنىم ، راخمانكام سىز بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەيدۇ .

— مۇنداق دېمەمسەن ، نېمە رەسمىيەتتىكىن دەيمىنا . بولىدۇ ، مەن ئەتە باراي .

قىزىرىپ ، بوزىرىپ ئولتۇرغان نەبىگە سەپسېلىپ قارىغان ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن ئۇنىڭ بالىلىقى غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى . ئەنە ئۇنىڭ «پىرقىرغۇچ ئالىمەن» دەپ ھويلىنى بېشىغا كىيىپ يىغلىغىنى ، «لەگلەك ياساپ بېرىڭ» دەپ ھېكمەتنى ئىشقا سالغانلىقى ، ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ دەريا بويى ، كىنوخانىلار ئالدىدا يۈگۈرۈشۈپ ئوينىغانلىقى... شۇنداق ، بىر بالىنىڭ بېشىدىن شۇنچە كۆپ ئىشلار ئۆتۈپ ، بۈگۈنكى كۈندە يولىنى تاپقانلىقىغا ، ئىسسىق ئائىلىگە ئىگە بولۇش ھارپىسىدا تۇرغانلىقىغا زوقى كەلگەن ھېكمەتنىڭ ، ھايات مۇساپىسىنىڭ شۇنچە ئەگرى - توقاي ، جاپالىق ھەم شۇنچە مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى .

تاۋۇت ئالدىدا «ۋاي ئانام» دەپ بوزلاپ مېڭىشلار ، ئەزىمەت ئۈچۈن نادامەتنىڭ قارا كېيىمىنى كىيىپ قان - زەرداپ تۆكۈشلەر ، ياقا - يۇرتلاردا سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن ھايات ، ئارغى بۇلاقنىڭ چوڭقۇر ھەم ئۇزۇن تاغ يوللىرىدا ئاچلىق ھەم تەشنالىقتىن ئەجەل ئالىقىنىدا ئىڭراش ، تىلەمچىلىك كوچىلىرىدىن ئەزىمەتنى ئىزدەش ، تۈرمە تاملىرىدىن كۆك ئاسماندىكى ئەركىن

قۇشلارغا تەلمۈرۈش ، ئاتىسىنى يۇندا كۆلچىكىگە تاشلىۋېتىش-
تەك قاراملىق ، ئۆز قېرىندىشىنى ھېچ ئايانمايلا ئېتىۋېتىش ،
تۈن كۆلەڭگىسىدەك تۇيدۇرماي نەپسە ھەم كاملىنى قاچۇرۇۋې-
تىشلەر ، بوستان يولىدا پىلمۇت سايرىتىپ ئات بىلەن قېچىشلار...
شۇ قارا قىسمەتلەرنىڭ ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ ساددا
يىگىتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟...
ھېكمەت كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرگە پاتقان بۇ ئەسنادا ، كۈن
ئۆز نۇرىنى ئايىغان كۆرۈمسىز تەسكەي ياتاقنى كۆز قىرىدىن
ئۆتكۈزۈۋاتقان نەبى ، بىر - بىرىگە يىراق قويۇلغان ئەبجەق
ئىككى كارىۋات ، توغرا تارتىلغان سىمغا ئېسىلىپ كەتكەن پاي-
پاق ، لۆڭگە ، كۆڭلەكلەر ، ئوچاق ئالدىدا دۆۋىلەنگەن كۈل ،
شاخارلار ، يەشىك ئۈستىدىكى «غەلىتە مىجەزلىك» كونا تېلېۋى-
زور ، ئىسلاشقان دېرىزىلەرگە قارىغىنىچە بىر قىسىملا بولۇپ
قالدى . چۈنكى ئۇ ، بۇ ۋەيرانە ياتاقنى ماھىگۈلنىڭ ھەشەمەتلىك
سارىيىغا ، ئۆزىنىڭ دەۋر مودىسىغا لايىق جابدۇلغان ئۈچ ئېغىز-
لىق يېڭى ئۆيگە سېلىشتۇرۇۋاتاتتى . بولۇپمۇ كونا چىت كۆڭلەك
كىيىپ ، بېشىغا ئۆڭۈپ ، يېپلىرى ساڭگىلاپ قالغان رومالنى
ئارتىپ يىڭنىبېرىق سۇ ئامبىرىغا بارىدىغان ، ھېكمەتنىڭ سۇنغان
پۇللىرىنى چەكسىز خىجىللىق ئىلكىدە قورۇنۇپ ئالىدىغان ،
قايىتىنىڭ خورلۇقلىرىنىڭ قۇربانى بولغان ماھىگۈلنىڭ دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدا ئوقۇپ كاتتا دوختۇر بولۇپ كېتىشى ، ئادەم
ئەيمەنگۈدەك مېھمان - سارايلاردا ئۆمرىنى بەھۇزۇر راھەتتە
ئۆتكۈزۈشى ئەنە شۇ ، ئۆزى يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرغان «ۋاپاسىز ،
قارا كۆڭۈل» نىڭ شاپائىتىدىن كەلگەنىدى . بىراق ، ئاشۇ سەخى -
ساخاۋەتنى ئاتا قىلغان ھېكمەتنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدەكلا ۋەيرا-
نە ، قاراڭغۇ ، زەي ياتاقلاردا كىتابلارغا ھەمرا بولۇپ ئۆتۈۋېتىپ-
تۇ ! ئۆمرىدە كۆڭلى قانغۇدەك سۇ ئىچمىگەن ، ھاياتتا خورلۇق-
تىن ئۆزگە نېمەتكە ئېرىشمىگەن ، لېيى جاپا مۇشەققەتتىن يۇغۇ-

رۇلغان ، ئەمما يۈرىكى نۇرى ـ ئىھسانغا تولغان بۇ ئادەم تەڭرى-
تائالانىڭ بىرەر ئاسايىشلىق كۈنلىرىگە ئېرىشەرمۇ ؟ !
ھېكمەت ئەتىسى چۈشتىن كېيىن راخماننىڭ ئۆيىگە بار-
دى . ئۇ مېھمانخانىغا كىرىشكىلا ، تامغا ئېسىقلىق رامكىدىكى
مومايىنىڭ رەسىمىگە كۆزى چۈشتى . راخماننىڭ ئايالى تۇرسۇن-
گۈل بىر دەمدىلا ئۇستەلنى تاتلىق ـ تۈرۈملار سېلىنغان تەخسى-
لەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . ئۇ چاي دەملەپ كەلگۈچە راخمان
ئىككىسى ھال ـ ئەھۋال سورىشىۋالدى .
ــ قېنى چاي ئىچىڭچۇ ، ــ دېدى تۇرسۇنگۈل بىر پارچە
ناۋاتنى چىنىگە سېلىپ ، ــ قارىمامسىز ، ئىنىڭىز نەبىنى ئو-
قۇشقا قوبۇل قىلىش ، ئانىمىزنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇش بىلەن-
لا تۇغقان بولۇپ قالغىنىمىزنى .
ــ بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ، خوتۇن ، ــ راخمان تۈك-
لۈك قوللىرىنى ئۇزىتىپ توقاچلارنى ئوشتۇدى ، ــ مەن خوتەن-
گە بېرىپ كۆيئوغلۇمنى ئېلىپ كەپتىمەن ئەمەسما .
ــ نەبىجان بەك تارتىنچاق بالىكەن ، ــ تۇرسۇنگۈل چې-
قىر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلۈپ قويدى ، ــ بىز بولساق جو-
زىغىمۇ قول ئۇزىتالمايدۇ ھەم گەپ قىلمايدۇ .
ــ كىچىكىدىن تارتىپ جاپانى كۆپ تارتقان ، ــ دېدى
ھېكمەت چايدىن ئوتلاپ قويۇپ ، ــ كۆڭلى بەك تۈز .
ئۇلار چاي ئىچكەچ توي توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى . راخ-
مان بىلەن تۇرسۇنگۈل تويىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش ، ھەشە-
مەتچىلىك قىلماسلىق ، چوڭ چايغىمۇ بەك كۆچەپ كەتمەسلىكنى
تەكىتلەپ قويدى . ھېكمەتمۇ ، ماھىگۈل بىلەن كۆچىنىڭ يېتىن-
شىچە دىلنار قىزنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى قىلىپ ، تويىنى
كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى .
ــ ھېكمەت ، بىزنىڭ كالوننىڭ ئاشخانىسىنى رېمونت
قىلىۋاتقاچقا ، سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئاشخانىسىنى سۆزلىشىپ

بېكىتتۇق ، — دېدى راخمان ئايالىغا بىر نەرسىنى ئىشارە قىلغاچ ، — سىلەرچۇ ؟

— مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىنىڭ مىللىي ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇق ، — ھېكمەت خىجىل بولغاندەك بىرئاز جىمىپ قالدى ، — مۇنداق بىر ئىش بېشىمنى قاتۇرۇۋاتىدۇ . قىزنى سانائەت ئىنستىتۇتىدىن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىدىكى ئاشخانىغا يۆتكەش ، قىز - يىگىتلەرنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن يەنە كالوندىكى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىشتە ياشلار ماشىنىغا پاتماي قارلامىكىن ، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن .

— كالوندىن ئىككى ئاپتوبۇس چىقىرىپ بەرسەم يېتەمدۇ ؟

— بىرسى بولسا يېتەر ، — ھېكمەت مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى ، — نەشرىياتىمىزدىن بىر ئاپتوبۇس بېرىدىغان بولدى . ماھىگۈل دوختۇرخانىدىن ئىككى كىچىك ماشىنا ھەل قىپتۇ .

— ئاڭلىسام ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ جەمئىيەتتە دوستلىرى ئانچە كۆپ ئەمەسكەن ، — بىر تەخسە جىگەر قورۇمىسى كۆتۈرۈپ كىرگەن تۇرسۇنگۈل گەپ قىستۇردى ، — كۆپىنچىسى كالوندىكى شوپۇر ، رېمونتچى ، تېخنىك ھەم مەمۇرىيەتتە ئىشلەيدىغان ياشلاردىن ئىكەن .

ئۇلار توينىڭ نازۇك ، ئىنچىكە ئىشلىرىغىچە كېلىشىۋالدى . راخمان ئىشكاپتىن بىر بۇتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى رومكىنى ئېلىشى ھېكمەت «ئىچمەيلى» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى .

— راخمان ، ياش قىرىققا ئۇلاشقاندا ، كۆپكۈندۈزدە قىزىرىۋالساق سەت تۇرمامدۇ .

— ياق ، ياق ، توينىڭ خۇشال - خۇرام ئۆتۈشى ھەم تۇغقان بولۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ شاراپىتى ئۈچۈن بىردىن كۆتۈرىمىز .

— بىلىمەن ، بىرنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۈچ مەر-

تەم دەيىسىز . ئارقىدىن جۈپ بولۇپ كەتسۇن دەيدىغان گېپىڭىز بار .
— راست گەپ ، بىردىن ئېچىۋېتىپ ، قىز - يىگىتنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ كېلىمىز .
ئۇلار بىر رومكىدىن كۆتۈرگەندىن كېيىن سىرتقا چىقىشتى . كالون قورۇسىنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ ، بەش - ئالتە قەۋەتلىك بىنالار ھەم ئۇنىڭغا ياندىشقان يەرلىك ئۆيلەر شۇنچىلىك زىچ ئىدىكى ، تار ھەم پاسكىنا ، ئەگرى - توقاي يوللار ئۆمچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەندى . قەيەرگىلا قارىسا كونا بالون ، ئەبجەق كابىنكا ، تۆمۈر تەسەكلەر ئۇچرايتتى . لېكىن ، بىنالار ئالدىغا ئېلىنغان يوللار بىرقەدەر رەتلىك ھەم پاكىز ئىدى . نەبى بىلەن دىلنارغا تەقسىم قىلىنغان ئۆي بەشىنچى بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە بولۇپ ، ئازادە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئىدى . ئۇرۇمچىدىكى قايسىلا ئىدارە - جەمئىيەت بولسۇن ئۆي قىيىنچىلىقى تارتىۋاتقاندا ، تېخى تۇنۇگۈن خىزمەتكە قاتناشقان ياشلارغا بىنادىن ئۆي تېگىشى ھېكمەتنى ئويلاندۇرۇپ قويدى .
— راخمان ، ياشلارغا ئاتمىش سەككىز كۋادرات مېتىرلىق ، يەنە كېلىپ بىنادىن ئۆي بەرگىنىڭلارغا قارىغاندا ، ئىدارەڭلاردا ئۆي قىيىنچىلىقى يوق ئوخشىمامدۇ ، — دېدى ھېكمەت كېتىۋېتىپ ، — گۇمان قىلىشىمچە سىز ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلاندىڭىزغۇ دەيمەن .
— ياقەي ، ئەسلىدە بۇ بىنا ، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار يېڭى بىناغا كۆچكەندە بىكار بولغان كونا بىنا ، تالاشقانلارمۇ كۆپ ، لېكىن ، — راخمان كۈلۈپ قويدى ، — ئىدارىمىزدا ئەر - خوتۇن ئىشلىگەنلەرگە ئېتىبار قىلىنىدۇ .
— بولدى قىزارماڭ ، سىز قول تىقمىسىڭىز ھەل بولمىقى تەس ، ئىدارەڭلەردە ستاژى ئۇزۇنراقلارمۇ بار ئەلۋەتتە .
— ئەسلىدە يېڭى ئۆي كۆچكەنلەرگە ئۆيىنى ئاقارتىپ ،

رېمونت قىلىپ بېرىش تۈزۈممىز بارئىدى، — راخمان گەپنى ئەپقاچتى، — بىراق دىلنار، نەبىجاننىڭ ھەدىسى ئۆيىنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ ياسىتىپ بەرمەكچى دېگەچكە، رەسمىيەت بويىچە، ئاقارتىش، رېمونت قىلىش پۇلى بەردۇق.

ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە كېلىشى، ئۆي ئىچىدىن «ھەي نەبى، مەيەرگە قولۇم يەتمىدى» دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ھېكمەت ئىشىكنى چېكىپ بولغۇچە، راخمان ئىتتىرىپلا ئېچىۋەتتى. دىلنار بىلەن نەبى كونا كىيىملەرنى كىيىشىپ، دېرىزىلەرنى سۈرتىۋاتاتتى. سارغۇچ قوڭۇر چاچلىرىنى ئۈچ بۇرجەك رومالدا چېكىلەپ چىگىۋالغان دىلنارنىڭ ئوماق يۈزلىرى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، پېشانىلىرىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. پۇشقاق - يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ساپما كەش كىيىۋالغان نەبى خىجىل بولغىنىدىن قولىدىكى دەسمالنى چېلەك ئىچىگە تاشلىدى. قىسقىسى، قەدىناس ئەر - خوتۇنلاردەك ھەر ئىككىلىسى ئالدىغا گۈللۈك پەشتاما تارتىۋالغانىدى. راخمان ئىزا تارتقىنىدىن بىر - بىرىگە تەتۈر قارىشىپ تۇرغان نەبى بىلەن دىلنارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قاراڭ ھېكمەت، بۇ ئۆينىڭ بۇرۇنقى شەكلى پەقەتلا قالمىدى، — دېدى راخمان قولىنى يېيىپ، — چاقىدىغاننى چېقىپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ تاشلاپ مۇشۇنداق قىلىپ قويدى.

دەرۋەقە، ئۆي ئىنتايىن كۆركەم ھەم ئازادە كۆرۈنەتتى. كارىدور بىلەن مېھمانخانىنى ئايرىپ تۇرغان ئەينەكلىك جازا، ئاشخانا ھەم بالكون ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر ئىشىك، دېرىزە، تاملار ئېلىنىپ ئاستىغا بىر تۇتاش سۈس يېشىل چاقچۇق يېپىتىلغاچقا، ئۆي تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ھۇجرا ۋە مېھمانخانا تاملىرىغا نەرسە - كېرەك، يوتقان - كۆرپىلەر قويۇلىدىغان مېغىزرەڭلىك ئىشكاپلار، پار - پۇر قاچىلار تىزىلىدىغان گۈللۈك ئەينەك تەكچىلەر ياسالغانىدى. بۇنداق ئۆي

زىننەتلەش تېخى مۇدا بولۇپ ئومۇملاشمىغان ئەھۋالدا، ماھەگۇلنىڭ ئۇستاملارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىدىكىدەك قىلدۇرغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

— ئاكا، ئۆينىڭ ئىسكەتى بولماپتىمۇ؟ — سورىدى دىلنار تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — سەنلا قۇسۇر چىقىرىدىكەنسەن.

— بوپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى راخمان سەل نارازى بولۇپ، — بۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيى تۇرسا، كېيىنچە كۆچىمىز دەپ قالساڭلار قىپقىزىللا زىيانغۇ.

— شۇنداق بولىدىغان بولسا، كۆچۈپ كېلىدىغان ئادەمدىن پۇلىنى تۆلىتىۋېلىپ ئاندىن باشقىغا يۆتكىلىمىز، بولمىسا ھەرگىز كۆچمەيمىز.

— بولدى، بولدى، ساڭا گەپ توشاتقىلى بولمايدۇ.

— ئۆيۈڭلار ھەقىقەتەن چىرايلىق بوپتۇ، — دېدى ھېكمەت ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ، — ئەگەر نەرسە - كېرەكلىرىڭلارنى ئەكىرىپ جاي - جايىغا قويۇپ ياسىساڭلار ئۆزگىچە تۇسكە كىرگۈدەك.

ھېكمەت بىلەن راخمان ئۆينىڭ قانداق كەم نەرسىلىرى بارلىقىنى سوراپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ئەمدىلا پەسكە چۈشۈپ تۇرۇشىغا، نەبى پەلەمپەيلەرنى تاقىلدىتىپ يۈگۈرۈپ چۈشتى.

— ھېكمەتكا، بىر گەپنى دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ماھەگۇل ئاچام ئىدارىڭىزغا تېلېفون بېرىپ ئالالماپتۇ، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئوخشايدۇ.

— قاچان شۇنداق دېگەن؟

— بۈگۈن چۈشتە دىلنارغا تېلېفون بېرىپتىكەن.

— بولىدۇ، — ھېكمەت سائىتىگە قارىدى، — مەن ھازىرلا باراي.

ھېكمەت راخمان بىلەن خوشلىشىپ كالون دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

# زىيالىيلار ساداسى

مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتى دوختۇرخانىسىنىڭ مىللى ئاشخا-
نىسى توي شاۋقۇنلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى . تەكلىپ بىلەن چا-
قىرغان سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇزىكانتلىرى ھېكمەتنىڭ سا-
ۋاقداشلىرى بولۇپ ، مۇقام ، ئېلى خەلق ناخشىلىرى ۋە چاتما
ناخشىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئېيتىپ توي كەيپىياتىنى
ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى . ھېكمەت بىلەن ماھىگۇل ۋە ئۇ-
لارنىڭ بىر ـ نەچچە يېقىنلىرى ئىشىك تۈۋىدە كەلگەن مېھماذ-
لارنى قارشى ئېلىپ ، قايتقانلارنى ئۇزىتىۋاتاتتى . كىرىپ ـ
چىققانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . نەشرىياتتىن كەلگەن مۇھەر-
رىر ۋە مەمۇرىي خادىملار ھېكمەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش-
سە ، يەنە بەزى ئاياللار ئۇدۇل كېلىپ ماھىگۇلنى قۇچاقلاپ
يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە يېقىشاتتى ، ئەرلەر بولسا سەل ئىگىلىپ
«مۇبارەك بولسۇن» دەپ تەبرىكلىشەتتى . كۈتكۈچىلەر كەلگەن
مېھمانلارنى شىرەلەرگە باشلاپ ئولتۇرغۇزاتتى . كۆل رەڭ كاس-
تۇم ـ بۇرۇلكا ، ماھىگۇل سوۋغا قىلغان گالستۇك يارىشىپ
سالاپەتلىك بولۇپ قالغان ھېكمەت ، مېھمانلارنى قارشى ئېلىۋات-
قان ماھىگۇلگە تويدۇرماي قارىۋالدى . چۈنكى ياقا ، مەيدە ،
يەڭلىرىگە قويۇق رىشلىيە ئىشلەنگەن سۆسۈن رەڭ سارجا كۆي-
نەك ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يارىشىپ كەتكەنىدىكى ، ھۆسن ـ كامال-
دا گۈلزىبانى ئەسكە سالاتتى . ھېكمەت بۇ كۆينەكنى ، ماھىگۇل
ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا سوۋغا قىلغانىدى . ئۇ چاغلاردا ئۇزۇن
كېلىپ قالغان بۇ كۆينەكنىڭ تېخىچە پېتىدىن چۈشمەي تۇرغى-
نىغا قارىغاندا ، ماھىگۇلنىڭ ئۇنى ھازىرغىچە كىيمەي ساقلاپ

كەلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى . توم قىلىپ بىر تال ئۆ-
رۇلگەن قاپقارا چاچلار ، بوينىدا ۋىلىلداپ تۇرغان ئالتۇن زەن-
جىر ، بارماقلىرىدىكى ياقۇت كۆزلۇك ئۈزۈك ، ياشلار مودىسى-
دىكى كۆينەك ماھىگۇلنى ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى
قىزلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى .
ئىشىك ئالدى بىردىنلا ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ ، تىل -
يېزىق كومىتېتىدىكى چاقچاقچى شائىر ئابلىكىم قاسىم ، قۇرۇ-
لۇش پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى قەدىردىنلەر «توي-
لار مۇبارەك» دېگىنىچە ئاياللىرىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى .
ماھىگۇل ھېكمەتنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىنى مەسلىھەت چېيىغا
چاقىرغاندا تونۇشۇالغاچقا ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاياللار بىلەن قۇ-
چاقلىشىپ سۆيۈشتى .
— مۇبارەك بولسۇن ، ئوغلۇڭلارنىڭ تويىنى قىلىپسىلەر ، —
ئابلىكىم قاسىم چاقچاقسىز يۈرەلمەيتتى ، — مانا ئەمدى نەۋرى-
لىكمۇ بولىدىغان بولدۇڭلار .
— ھەي ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ ، — دېدى ئابلىكىم-
نىڭ ئايالى ھەنىپە قىزىرىپ كەتكەن ماھىگۇلنى ئىشارە قىلىپ ، —
نەبى ئىككىسىنىڭ ئىنىسى تۇرسا .
— سەن تېخى مۇشۇنى كىچىك كۆرۈۋاتامسەن ، — ئابلى-
كىم ھېكمەتنى كۆرسەتتى ، — بىز تېخى ئېغى ئوچۇق ئىشتان
كىيىپ يۈرگەندە ، خوتەندە چاقچاقنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ يۈر-
گەن نېمە بۇ···
بىردەم كۇلۇشمەك بولۇشتى . كۈتكۈچىلەر ئۈلارنى باشلاپ
ئېلىپ كېتىشى . ئىشىكتىن ساقچى كىيىمى كىيگەن بىر جۈپ
ئەر - خوتۇن كىرىپ كېلىشتى . ماھىگۇل يۈگرۈپ بارغىنىچە
ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى .
— ھېكمەتكا ، بۇ ياق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى
دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدىغان دوستۇم قۇندۇزئاي بولىدۇ ، —

ماھىگۈل ئېگىز ، قارارلىق ، ئات يۈزلۈك ساقچىغا قارىدى ، — بۇياق بولسا يولدىشى ئەزىز ئىلى ، جامائەت خەۋپسىزلىك گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى .

— خۇش كەپسىلەر ، — ھېكمەت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ، — ماھىگۈل سىلەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەچكە ، ئىشىكتىن كىرىشىڭلار بىلەن «بەلكىم شۇلار» دەپ ئويلىغانىدىم .

مېھمانلار ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ ، چوڭ ئاشخانىدىكى شىرەلەرنىڭ ھەممىسى توشقانىدى . تاماق تارتىلدى . ياڭراتقۇدىن كېلىۋاتقان ناخشا مۇزىكىلار زالدىكى شاۋ- شۇۋ بىلەن قوشۇلۇپ قاينام - تاشقىنلىق توي شادلىقىنى ھاسىل قىلغانىدى . بولۇپمۇ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەمبۇر ئوقۇتقۇچىسى شېرىپجاننىڭ ، يېنىك كۈچۈنۈشلەر بىلەن ئېيتقان ئېلى ناخشىلىرى ھەممىنى مەھلىيا قىلدى ، مېھمانلار بويۇنداپ سەھنە تەرەپكە قارىشاتتى . شېرىپجان ھېكمەتنىڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى ساۋاقدىشى بولۇپ ، ئامىنە بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغانىدى .

مۇزىكا ئۇسسۇل پەدىلىرىگە يۆتكەلدى ، ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالغان ئەر - ئايال مېھمانلار ئۆزلۈكىدىنلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى . شوخ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلاردىن ئىلھاملانغان ئۇسسۇلچىلار بىر - بىرىگە بېقىشىپ ، كۆڭلى تارتقانلارغا كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چىللىشىپ قىزىماقتا ئىدى .

كەچ يېتىپ ، سەھەر تۇرۇپ ،
سەمەنگايىمغا قارايمەن .
سەمەنگايىم يالاڭ چىقسا ،
قارا بەختىمگە يىغلايمەن .

ئۇسسۇلچىلاردىن بىر ئايال ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . مېھمانلار قىقاس - چۇ-

قان كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىشتى . ئايال ئۇسسۇلچى قايتا - قايتا سالام قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ، ئاخىر ئۇلارنى مەيدانغا چۈشۈردى . قويۇق كىرپىكلىرى خۇمارلىشىپ ، لالەرەڭ قىزىرىپ كەتكەن ماھىگۈلنى كۆرگەن ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىدا ، يۇرۇڭقاش دەريا بويى ھەم ئىگەچى باغچىدىكى ئولتۇرۇش ، بىرۇلارنىڭ خۇددى قاغىلىقنىڭ ئانىرىدەك قىزارغان رۇخسارى ئايان بولدى .

سەمەنگايىم جۇپ قۇلاق ،
تەلپىڭنى سىناپ باق .
تاپالىساڭ بەختىڭنى ،
سېنى چىللار شۇ ئۇماق...

توي قىزىماقتا ئىدى . ئابلىكىم قاسىم ، قەدىردىنلەر ئايال-لىرى بىلەن قايتماقچى بولۇشتى ، چۈنكى ئۇلارنى راخمانمۇ تويغا چاقىرغانىدى . شۇڭا ، ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى . ئارقىدىنلا كامىل ئايالى مېھرايىنى باشلاپ كېلىپ دوس-تىدىن كەچۈرۈم سورىدى . ئۇ «كلاسسىكلىرىمىز» نىڭ ئىك-كىنچى سانىنى نەشرگە جىددىي تەييارلاۋاتاتتى . ھېكمەت ئۇلار-نى ئۇزىتىپ قويۇپ ، «ئېلىڭلار ، بېقىڭلار» دېگەندەك تەكەللۇپ-لار بىلەن شىرەلەرنى ئايلىنىپ مېھمانلارنىڭ خېرىدارلىقىنى قىلدى . زالنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدىكى شىرەدە ئولتۇرۇشقان ئىمىنجان ئەسئەد ، راززاق مالىك ، ئوبزورچى مەسئۇت پەيزۇل-لا ، تۇرسۇنجان ئالىم ، «گۈلدەستە» نەشرىياتىنىڭ باشلىقى پەيتۇل ، جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئەزىز ئېلىلارغا كۆزى چۈشكەن ھېكمەت ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن باردى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەسۇم قابىل ئولتۇراتتى .

— ھەي ھېكمەت ، — دېدى مەسئۇت پەيزۇللا چاقچاق بىلەن راست ئارىلىقىدا ، — بىر نەرسە بولسا ئەكەلمەمسىز ،

ئىچمەيمىزمۇ، بۇگۈن سىزنى ۋەيران قىلمىغۇچە قايتىش يوق.
— ياشلارنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشى باشلانغۇچە مەن سىلەرنى قويۇپ بەرمەيمەن، — دېدى ھېكمەت، — چوڭلارمۇ ئۇزاپ بولاي دېدى، بىرئاز سەۋر قىلىڭلار.
— كېلىدىغانلارنىڭمۇ قۇيرۇقى ئۈزۈلدى، — مەسئۇت پەيزۇللا ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى، — ئەمدى ئۆزىڭىزمۇ كېلىڭ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرىۋېرەمسىز «خوش»ى تۈگىمىگەن مېھماندەك.
— ھازىرلا كېلىمەن، ئۇرە تۇرۇپ پۇتلىرىممۇ تېلىپ كەتتى.
مېھمانلار بىردىن - ئىككىدىن ئۇزاپ، زال خېلىلا شالاڭلاپ قالدى، پەقەت ناخشا، ساز، ئۇسسۇل خۇمارلىرىلا تېخى قوزغالمىغاندى. ئۇزاپ ماڭغانلارغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ خوشلىشىۋاتقان ماھىگۈلنىڭ يالغۇزلۇق تارتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھېكمەت دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا باردى. بۇ چاغدا ئاشخانىنىڭ ئىچكىرىكى بۆلۈمىدە ئولتۇرۇشقان يىگىتلەر نەبىنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا گارمۇن تارتىشىپ قىز كۆچۈرۈشكە مېڭىشتى. قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى سىرتقا قايرىپ چىقىرىۋالغان، قىسقا ياساتقان قاپقارا چاچلىرى يارىشىپ كەتكەن نەبىگە زوقى كەلگەن ماھىگۈل كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭ ئېگىز گەۋدىسىگە ئېسىلىپ پېشانىسىگە سۆيدى - دە، بەختلىك بول، دەپ پىچىرلىدى.
مېھمانلار خەيرلىك تىلەپ قايتىشتى. پەقەت ماھىگۈلنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان ئەر - ئايال دوستلىرى، ھېكمەتنىڭ بۇرادەرلىرى ھەم كۈتكۈچىلەر قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگۈچە ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلگە ھەمراھ بولۇپ قېپقالدى. شىرەلەرگە قايتىدىن تاماق تارتىلدى.
مەسئۇت پەيزۇللا رومكىلارنى تېز - تېز ماڭدۇردى، بىرەر

بوتۇلكا تۈگىگەندىن كېيىن، قىزىۋاتقان پاراڭغا ماسلىشىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قويۇپ تۇردى. قەلەمكەشلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان تالاش ـ تارتىش يەنىلا شۇ كىتابلار، قايسىدۇر گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان پوۋېست، ھېكايە، ئوبزورلار ھەققىدە بولاتتى. مانا ھازىرمۇ قىرىقىنچى يىللاردا ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تۇنجى ئىشىكىنى ئاچقان مەمتىمىن توختايوفنىڭ «قانلىق يەر»، ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ «ئىز»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئابرال شاماللىرى» ناملىق رومانلىرى ئۈستىدە پاراڭ قىزىماقتا ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ۋابا تۈپەيلى ئۆزىنىڭ مىللىي مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىغا تويۇنماي كېلىۋاتقان خەلق بۇ ئەسەرلەرنى جېنىدىن ئەزىز كۆردى، مۇئەللىپلىرىنى بولسا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى.

راززاق مالىك قايناپ قالدى. يېقىندا جاھان ئەدەبىياتى ژۇرنىلىغا مۇپاسساننىڭ «ئىشكاپ» ناملىق ھېكايىسى بېسىلغان بولۇپ، ھېكايىدە بىر پاھىشە ئايالنىڭ كېچىلىرى ئون ياشلىق ئوغلىنى ئىشكاپ ئىچىگە سولاپ قويۇپ، «مېھمان» كۈتىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. بەزىلەر بۇنى «شەھۋەتپەرەسلىكنى تەشۋىق قىلغانلىق» دېسە، يەنە بەزىلەر «جەمئىيىتىمىزدە مۇنداق زەھەرلىك چۆپنىڭ ئېلان قىلىنىشى، بۇ بىرخىل ئىسيانكارلىق روھ» دېيىشتى. ھەتتا بەزىلەر توي ـ مەرىكىلەردە راززاق مالىكقا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇقۇم قىلدى.

— ئەدەبىيات ئىنسان روھىدىن پارلىغان نۇر، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنى، يەنى ئادەمنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، — راززاق مالىك مەسۇم قابىلغا كۆز نەشتىرىنى قادىدى، — ئاشۇ پاھىشە ئايالنى، «ئۇ بىر ئانا، پەرزەنتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان پىداكار ئانا» دېيىشكە بەزىلەرنىڭ تىلى بارمىدى.

— گېپىڭىزگە ئازراق قوشۇق سېلىپ قوياي — ، دېدى جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئەزىز ئېلى، —

ئۆتكەن ئايدا گېزىتىمىزدە قاتىللىق ئەنزىسى تېما قىلىنغان بىر هېكايىنى باسقاندۇق . ئۇنىڭدا ، قاتىللىق جەريانى ئىنتايىن سىرلىق ، ئۇسۇلى قەبىھ تەسۋىرلەنگەن . لېكىن ، بىر قىسىم قەلەمكەشلىرىمىز تەنقىد يېزىپ «بالىلارغا قاتىللىق ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتىڭلار» دېسە ، يەنە بىر مۇنچىلار «هېكايىنى قاتىلنى تۇتۇش بىلەن ئاياغلاشتۇرماي ، ئۇنى ئوچۇق سوت قىلىپ ، ئېتىپ ، پرولېتارىيات دېكتاتورىسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى» دېيىشتى .

ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى .

— دۇنيا هەرقانداق بىر مىللەتنى ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ، تارىخى ، ئۆرپ - ئادىتى ، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىياتى ئارقىلىق تونۇيدۇ ، — دېدى مەسئۇت پەيزۇللا قولىدىكى رومكىنى شىرەگە قويۇپ ، — شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانىنى تەربىيىلەش رولىغا قارىغاندا ، مىللەتنى دۇنياغا تونۇتۇش رولى ئەڭ قىممەتلىك . هازىر بىزدە هېكايىچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى ، پوۋېستلارمۇ ئانچە - مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ قېلىۋاتىدۇ . لېكىن ، پروزىدىكى يىرىك ژانىر رومانچىلىقتىن گەپ ئېچىشقا تېخى ئەتىگەنلىك قىلىدۇ . رومان دەۋرىنىڭ باشلىنىشى پروزىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى . لېكىن ، رومانچىلىقىمىز ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئېچىپ ، گۈدەكلىك دەۋرىگە قەدەم ئالماستىن تۇرۇپ ، بەزىلەر ئۇنى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە هەرىكەت قىلىۋاتىدۇ .

سەل تەڭشىلىپ قالغان مەسئۇت پەيزۇللانىڭ سۆزلىگەنسېرى كەيپى ئۆرلەپ قېلىۋاتاتتى . دەرۋەقە ، رومانچىلىقىمىز دۇنياغا كۆز ئاچا - ئاچماي تۇرۇپلا تەرەپ - تەرەپتە قۇتراپ ، چېقىمچىلىق ، غەيۋەت - شىكايەت قىلىۋاتقانلار دۆت ، نادان ، بىلىمسىز كىشىلەر ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ قىسمەنلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قىزىل بايراقدارلىرىدىن بولغان — سىيا-

سىي غەرەز ئىچىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ كەتكەن قارا نىيەتلەر ئىدى . يەنە بەزىلىرى رەڭگا رەڭ كۈنلۈك سايىسىدا سايداپ ، بولمىسا ھەيۋەتلىك قالپاقلارنى كېيىۋېلىپ ، نام ـ ئاتاق ، مەنسۇپ ـ شۆھرەت ئېتىغا مىنىشنى ، پەقەت ئۆزىنىڭلا مەدھىيىلىنىشى ، كۆكلەرگە كۆتۈرۈلۈشنى ، دۇنيادا يېگانە يۇلتۇز بولۇپ سانىلىشنى ئويلايدىغان ئىچى قوتۇر ، ئېتى ئۇلۇغ ، سۇپرىسى قۇرۇق كۆرەلمەسلەر ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئېپتىخارغا ئېرىشىشنى زادىلا خالىمايتتى . ئۆزگىلەر چولپاندەك چاقناپ كەتسە ، ئۆزلىرىنىڭ يۇلتۇزىنىڭ خىرەلىشىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىشاتتى .

ــ بۇنداق ئادەملەرنىڭ روھىدىن ، ــ دېدى تۇرسۇنجان ئالىم غەزەپ بىلەن ، ــ پاك ئىمان ، پاكىز ئېتىقاد بىلەن مىللەت ، ۋەتەن دەيدىغان ئۇقۇمنىڭ ئۇۋاقلىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ .

ــ بۇ ئەبلەخلەر ، قاراڭ ، غالجىر ، بەك ۋەھشىي ، ــ مەسئۇت پەيزۇللا رومكىنى قولىغا ئالدى ، ــ ئۇلار «ئابرال شامالللىرى» نىمۇ تېماغداپ باقتى . بىراق ، ئابراللىقلارنىڭ قوشۇملىرىنى قاراڭغۇ بازاردا ساتماي ، ھەربىسىلەرگە ساتقىنى ئۇلارنىڭ تاۋۇزىنى قولتۇقىدىن چۈشۈرۈۋەتتى دېمەمسىز...

مەسئۇت پەيزۇللانىڭ سۆزى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى . بۇ سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپى ، مەسۇم قابىلنىڭ نامان سۇپى ، نۇردۇن خوجا ، يەنە قانداقتۇر كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان شۇملۇقلىرىنى بىلگەچكە ، ئىچىگە پاتماي قالغان غەزەپ ـ ئاچچىقلىرىنى تۆكۈۋالدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ «جەسۇر ئەۋلاد» رومانىغا يازغان مەدھىيە ماقالىسى ئۇلارنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى . شۇڭا ، تۇرسۇنجان ئالىم بۇ رومانىنى سۆكۈپ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتتى . ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ھېچ تۈزۈت قىلماي ئۇنداق دېدى :

— «جەسۇر ئەۋلاد» رومانى ، رېئاللىق بۇرمىلانغان ،
رەڭۋازلىق بىلەن تولغان دوكلات خاتىرىسىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس .

تۇرسۇنجاننىڭ بۇ سۆزىدىن ، گۇلدەستە نەشرىياتىنىڭ باش-
لىقى پەيتۇل بىردىنلا تۇنجۇققاندەك بولۇپ ئېغىر تىندى .

— رېئاللىقنىڭ بۇرمىلانغانلىقىغا ئاددىي مىسال ، — دې-
دى ئەزىز ئېلى تۇرسۇنجاننىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ، — جەنۇبىي
شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرگەنلەر بىلىدۇ .
ئۇلار تارىختىن بۇيان ئېغىر نامراتچىلىقتا ياشاپ كەلدى ، هازىر-
مۇ زاغرا بىلەن ئوماچ تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولغىنى يوق .
روماندا دېيىلگەندەك ، ئۆلكە ئەمدىلا ئازاد بولغان ئەھۋال ئاستى-
دا ، بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىنىڭ پولو يەۋېتىپ ، مانتىغا
قىيما قىلغىنىدەك ئىش ئەقىلغا سىغمايدۇ . مەن ئۆلكە يېڭى
ئازاد بولغان مەزگىللەردە يەتتە ياشلاردا ئىدىم . ئاچلىقتىن قو-
ناق مەدەكلىرى ، قار ياغاچنىڭ پۇرە - پۇستەكلىرىنى يېگەنلىرى-
مىز هېلىمۇ ئېسىمدە .

— بۇ خۇددى ئازابتىن ئېڭراۋاتقان ئادەمنى خۇشلۇقتىن
ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ دېگەنلىكتە ، — دېدى راززاق مالىك زەردە
بىلەن ، — بۇنداق دەۋر خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ۋاقتىنچە بازار
تاپقاندەك قىلغىنى بىلەن خەلق ئۇنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ .

— گەپمۇ بولسۇن ، تاماقلاردىنمۇ ئالغاچ ئولتۇرايلى .
قېنى مەسئۇت پەيزۇللا ، ماڭىمۇ قۇيمامسىز ؟

هېكمەتنىڭ بۇ سۆزىدىن سورۇن بىرئاز جىمىغاندەك بول-
دى . بىراق ، باياتىن بېرى گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان گۇلدەستە
نەشرىياتىنىڭ باشلىقى پەيتۇل ئېغىر خورسىنغان هالدا ، نۆۋەتتە
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات هەققىدە گەپ باشلاپ قالدى . ئۇ
نەشرىيات ۋە مۇستەقىل چىقىرىلىۋاتقان ژۇرناللارغا دۆلەتتىن
بېرىلىۋاتقان راسخوتنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ، شۇ سەۋەبتىن چى-

قىۋاتقان كىتابلارنىڭ ئازلىقىنى ئېچىنىپ سۆزلىدى . پەيتۇل دۇغىلاق ، ئاپئاق تولغان يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى بار ، قوش ئېڭەك ئادەم بولۇپ ، سېمىزلىكتىن بولسا كېرەك ، سۆزلىگەندە نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قالاتتى .

— بىر قولىيازما ماتېرىيالىنىڭ كىتاب بولۇپ چىقىمىقى ئاسان ئەمەس ، — — دېدى پەيتۇل ھاسىراپ ، — زاۋۇتنىڭ بېسىش ھەققى ، ئاپتورنىڭ قەلەم ھەققى ، شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ تۇتۇۋالىدىغان پۇلى ، باج ۋە باشقا خىراجەتلەرنى قوشقاندا ، بىر كىتاب ئۆزىنىڭ چىقىمىنى تولدۇرالمايدۇ . مۇشۇنداقلا داۋاملاشسا ، بۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىلىدىغان كىتابلارنىڭ سانى يەنىمۇ ئازىيىپ كېتەمدۇ ، قانداق ؟

— بۇ رەھبەرلىككە باغلىق ئىش ، — دېدى تۇرسۇنجان ئالىم دەرھاللا ، — ئەگەر ئۇ چارە - تەدبىرلىك ، ئىسلاھاتنىڭ شامىلىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولىدىغانلار بولسا ، زىياننى پايدىغا يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ . مەن بىر - قانچە يەردە مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم . بۇ پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمىزدىن بولۇۋاتقان گەپ .

— ئەگەر سېنى بىرەر نەشرىياتقا باشلىق قىلىپ قويسا ، سەنمۇ قاقشىغان بولارئىدىڭ ، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ ، — ئامىزە ھېچكىمدە يوق كاللا سېنىڭدە بار - دە ، ئۇنى ھەممىمىز بىلىمىز .

— بۇ پائالىيەتچان نېمە ، دەشنام يېسىمۇ ، بۇرنىغا سۇ كىرسىمۇ قىلىمەن دېگىنىدىن يانمايدىغان ، — نېمىدۇر خىيالدىن كەچكەن رازىزاق مالىك بىر ئىشنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى :

تۇرسۇنجان ئالىم نەشرىياتقا يۆتكىلىپ كېلىپ يېرىم يىلمۇ ئۆتمىگەندى . ئۇ بىر كۈنى يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن ، ھەتتا تېماتىك پىلانىدىمۇ يوق «يۇمۇرلار» دېگەن قولىيازمىنى

تېپىپ كېلىپ بىر ئاي تەھرىرلەپ مۇدىرلارغا قول قويدۇرۇپلا نەشر بۆلۈمىگە ماڭدۇرماقچى بولىدۇ. ئەسلىدە، جايلاردىن كەلگەن ئەسەرلەرنى مەسئۇل مۇھەررىر، بۆلۈم باشلىقلىرى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈپ، مۇۋاپىق تاپسا قول قوياتتى- دە، پىلانغا كىرگۈزۈپ يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايتتى. تۇرسۇنجاننىڭ بۇ باشباشتاقلىقى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. لېكىن، ئۇ بۇ تۈزۈمگە تەن بەرمەي: «تىراژى كۆپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كىتابلارنى ئىشلەشنى چەكلەيدىغان بۇ قانداق قاملاشمىغان تۈزۈم، بۇنىڭ نېمىسى ئىسلاھات» دەپ نەچچە ۋاقىتلارغىچە دادلاپ يۈردى.

— ماڭا نەشرىياتنىڭ ئەمەس، مەسىلەن، ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىدەك ياكى باشقارمىنىڭ مۇدىرلىقىدەك ھوقۇق بەرگەن بولسا، قانداق ئىشلارنى تەۋرىتىدىغانلىقىمنى شۇ چاغدا كۆرەتتىڭلار. ئەگەر ئىككى يىلغىچە زىياننى پايدىغا يۈزلەندۈرەلمىسەم تۇققۇز تەزىم بىلەن ئىستېپا بېرىمەن - دە، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا دېۋانىچىلىك قىلىمەن.

تۇرسۇنجاننىڭ سۆزىدىن ئولتۇرغانلار كۈلۈپ كېتىشتى. بەزىلەر: «بۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ» دېسە، بەزىلەر «بۇنى بىكارغا قۇيۇن دېمىگەن» دېيىشتى.

— قاراپ تۇرۇڭلار، دۆلەت خەزىنىسىگە تايىنىدىغان ئىش بارا - بارا تۈگەيدۇ، ھۆكۈمەت بېرىدىغان خىراجەتمۇ يىلدىن يىلغا ئازىيىشى مۇمكىن، — تۇرسۇنجان قوللىرىنى شىلتىدى، — نەشرىيات ئورۇنلىرى كارخانا خاراكتېرىنى ئالغان، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىشى كېرەك. ئەگەر رەھبەرلىك بىخودلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلاۋەرسە، كېيىن كىتاب چىقىرىشتا ئويلىمىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىمىز.

— سىز پەقەت كىتابلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىقلا ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتماقچىمۇ؟ — گۈلدەستە نەشرىيات-

نىڭ باشلىقى پەيتۇل تۇرسۇنجانغا قىزىقىپ قالغانىدى ، ـــ لېـ
كىن بۇنى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆتۈرەلمەيدۇ ـ دە .
ـــ نوقۇل هالدا كىتابلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش كىتاب
كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەغلۇبىيەتلىك يول ، ئاساسـ
لا گۇمران بولمەن دېسىڭىز شۇنداق قىلىسىڭىز بولىدۇ ، ـــ
ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى ، ـــ كۆپ تىرازلىق
كىتاب مۇقەررەر هالدا ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىدۇ . شۇڭا ،
كېلىشۋاتقان ئەسەرلەرگىلا قاراپ ئولتۇرماي ، خەلق سۆيۈپ ئوـ
قۇيدىغان ، باللار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ، هازىر بىزدە يېڭىدىن
بەرپا بولۇۋاتقان كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان ،
دەرهال ئۇنۇم بېرىدىغان كىتابلارنى ئىشلىشىمىز كېرەك . بۇـ
نىڭ ئۇچۇن يازغۇچى ، ئالىم ، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كېلىشىمـ
نامە تۈزۈپ ئۇلارنى مەخسۇس تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئۇيۇشتۇـ
رۇش ، ئەسەرلىرىنىڭ نەشر هوقۇقىنى ئالدىن سېتىۋېلىش كېـ
رەك . مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانساق ، بىز ياخشى ئەسەر يازغۇـ
چىلارنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلالايمىز . بۇنداق كىتابلارنىڭ باھاـ
سىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈپ قويساقمۇ ئوخشاشلا سېتىلىۋېرىدۇ .
سازلار چېلىنىپ ، ئۇسسۇل خۇمارلىرى مەيدانغا چۈشۈۋالـ
غانىدى . ئىككى شىرەگە يىغىلىۋالغان نەشرىياتچىلار كىتاب ـ
ژۇرنال هەققىدىكى سۆھبەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ
كەتكەنىدى ، ئۇلار تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ ئىسلاهات ئېلىپ بېرىلـ
غاندىن بېرىقى نەشرىياتچىلىقتىكى تۇرغۇنلۇق هالەتكە نىسبەتەن
كۆز قارىشىنى ئاڭلايتتى . خەنزۇچە ماتېرىياللاردا زىكرى قىـ
لىنغان ـــ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نەشرىياتلارنىڭ قانداق
ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن ئادەم هەيران قالغۇدەك ئىقتىسادىي
ئۇنۇم يارىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ هەيران بولۇشاتتى . بەزىدە ئۆزـ
لىرىمۇ قايناپ ـ تېشىپ سۆزلەيتتى . تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
تەكشۈرۈشىدىن كېيىن بىراقلا يۈزى تۆكۈلۈپ ، بېشىنى كۆتۈـ

رەلمەي قالغان مەسۇم قابىل ئۇندىمەي ئولتۇراتتى . تۇرسۇنجان ئالىمغا قىزىقسىنىپ قالغان پەيتۇل پات - پاتلا سوئال تاشلاپ سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرمەكتە ئىدى .

— سىز ، — سورىدى پەيتۇل قولىدىكى رومكىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، — بازارلىق كىتابلار بىلەن نەشرىياتنىڭ قەددى-نى كۆتۈرۈشكە ئىشىنەلەمسىز ؟

— توغرا ، ئۇمۇ چەكلىمىلىككە ئىگە ئىشتە ، — قوشۇم-چە قىلدى مەسئۇت پەيزۇللا .

— ئەلۋەتتە ، باشقا نەشرىياتلارمۇ قاراپ تۇرمايدۇ ، — ئېلى ئەزىز سۆز قىستۇردى ، — چۈنكى سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە ئېيتقاندا بۇ رىقابەت دەۋرى !

— مۇشۇنداق ، «مەن سەندىن قالارمەنمۇ» دېگەن رىقابەت ئۇقۇمى بولغاندىلا ، مەڭگۈ گۈللىنىش بولىدۇكى ، بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ ، — تۇرسۇنجان ئالىم ھاياجانلىنىپ سۆزگە كىرىشتى ، — ھەرقانداق نەشرىيات ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى ئامىللاردىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك . يالغۇز كىتاب ئىش-لەش بىلەنلا قەد كۆتۈرۈش تەس . مەسىلەن ئائىلىۋىق ، كىچىك ھەجىمدىكى خەنزۇچە ، ئېنگلىزچە ، ياپونچە سۆزلىشىش كىتاب-چىلىرىنى نەشر قىلىش ، تارىختا ئۆتكەن ئالىم ، يازغۇچى ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ ، ئاستىغا ئۇلارنىڭ ئەقلىيە سۆز جەۋھەرلىرىنى ھۆسنىخەت بىلەن بېسىپ چىقىرىش (بۇنى ھەممە ئادەم سېتىۋېلىشتىن باشقا مەكتەپلەرمۇ بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىپ سىنىپلارغا چاپلايدۇ ) ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بىر بەتلىك ھەم كۆپ بەتلىك كالېندار ئىشلەش ، ئاددىيسى ئەڭ نەفس لايىھىلەنگەن باغاقلارنى بېسىپ چىقىرىش ئارقىلىق بازار-نى ئىگىلەش كېرەك . قىلىمەن دېسە ئىش تولا ، پەقەت كاللىنى ئىشلەتسەكلا .

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرال-

مايتتىكى ، تۇرسۇنجان ئىچكىرىدە چىقىدىغان ئون نەچچە گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى ئىدى . ئۇنىڭ ژۇرنال بەتلىرىدىكى قىزىل قەلەم بىلەن سىزىق تارتىپ قويغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلاھاتقا دائىر سۆزلەر ئىدى .

ــ ئەسلىدە بۇنداق گەپلەرنى ئاممىۋى سورۇنلاردا دېگۈلۈك ئەمەستى ، ــ دېدى تۇرسۇنجان چاقچاق ئارىلاش ، ــ كىم بىلىدۇ ، پەيتۇل باشلىق ئاغزىمنى تاتىلاپ بىر مۇنچە ھەقسىز ئۇچۇرغا ئىگە بولۇۋالدىمۇ .

سورۇندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى . تۇرسۇنجانغا ئىشتىياقى چۇشۇپ قالغان پەيتۇل ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن :

ــ ھەي ئۇكا ، ھەرقانچە ئۇچۇرغا ئىگە بولغان بىلەنمۇ ، شۇ ئىشلارنى ئىپى چېپى بىلەن قاملاشتۇرالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ، ــ دەپ قويدى .

ــ پەيتۇلكام توغرا دەيدۇ ، ــ دېدى ئىمىنجان ئەسئەد ، ــ بۇنداق ئىشلارغا ئىچى قايناپ تۇرىدىغان ھارماس ـ تالماس ئادەم بولمىسا بىكار .

ــ ھەببەللى ، ــ تۇرسۇنجان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، ــ بۇنىڭ ئۈچۈن كاللىسى ئۆتكۈر ، ئايىغى تېز ، ئۇچۇر ئىگىلەشكە ماھىر ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە چېۋەر ، جەمئىيەت ۋە ئادەملەردىن كېلىدىغان ھەرقانداق بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ، ھاردىم ـ تالدىم دېمەيدىغان ، قىسقىسى ئاسان يەل قويۇپ بەرمەيدىغان ، ئارقىسىنىڭ پەجىمى چىڭ ئادەم بولۇشى كېرەك···

ئولتۇرغانلار قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈۋەتتى .

ــ خۇددى ماڭا ئوخشاش بولۇشى كېرەك دېسەڭچۇ ، ــ دېدى ھېكمەت قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈپ ، ــ نەشرىياتتىكىلەر سېنى ئورۇنسىز قۇيۇن دېمەپتىكەن···

قىزغىن سۆھبەتنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ، ھېكمەت هاراقنى خېلىلا كۆپ ئىچىپ قويدى . ئۇ مۇشۇ پېتى تاڭ ئاتقۇچە

ئولتۇرۇشقىمۇ رازى ئىدى . ئەمما ، سىرتتا گارمونىنىڭ شوخ
ناۋاسى بىلەن ياشلارنىڭ جىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . سورۇندى-
كىلەر «قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشتى ، ياشلارغا ئورۇن بىكارلاي-
لى » دېيىشىپ خوشلىشىپ قايتىشتى . ھېكمەت دوستلىرىنى
ئۇزىتىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشى ، ئەزىز ئېلى : «تونۇشۇپ قال-
دۇق ، ئىزدىشىپ ئۆتەيلى » دېدى ـ دە ، قولىنى ئۇزاتتى . بۇ
چاغدا گۈلدەستە نەشرىياتىنىڭ باشلىقى پەيتۇل تۇرسۇنجان ئا-
لىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى . ئۇنىڭغى-
چە ، قىز ۋە يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا زالغا كىرىپ
كېلىشتى . مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقىغان نەبىنى ، تويلۇق
كىيىمى كىيىپ ، يۈزىنى نېپىز تور رومالدا يېپىۋالغان دىلنارنى
ئارىغا ئېلىۋالغان قىز ـ يىگىتلەر ، گارمونىنىڭ شوخ ناۋاسىغا
ماشلاشتۇرۇپ جىرلاپ ھەم ئۇشقىتىپ شىرەلەردىن ئورۇن ئال-
دى . ماھىگۈل بىلەن ھېكمەت ئاتا ـ ئانا ئورنىدا ئاۋۋال دىلنار-
نىڭ ، ئاندىن نەبىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ بەخت تىلەشتى . ماھى-
گۈلنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى ئۇزۇلمەي تۆكۈلۈپ تۇردى .

— ماھىگۈل ، ئەمدى بىزنىڭ رولىمىز قالمىدى ، —
دېدى ھېكمەت سەل دۇدۇقلاپ ، — ياشلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى
بار . ئۇلار تاماقتىن كېيىن ئىچىشىدۇ ، ئاندىن تانسا ، ئۇسسۇلغا
چۈشۈپ كېتىدۇ . بىزدىن قورۇنۇپ قالمىسۇن .

— ھېكمەتكا ، مەست بولۇپ قاپسىز ، — ماھىگۈل ياش-
لىق كۆزلىرىنى سۈرتتى ، — بىزنىڭ ئۆيگە كېتەمدۇق ، مەن
سىزگە ئاچچىق ـ چۈچۈك سۇيۇقئاش قىلىپ بېرەي .

— رەھمەت ، مەن كېتەلەيمەن…

— ئۇنداقتا يۈرۈڭ ، مەن سىزنى دوختۇرخانىنىڭ كىچىك
ماشىنىسىدا ئاپىرىپ قوياي ، — ماھىگۈل ھېكمەتنى قولتۇقى-
دىن يۆلەپ دېگۈدەك سىرتقا ئېلىپ چىقتى ، — خېلىلا جىق
ئىچىۋاپسىز ، كوچىلاردا يىقىلىپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز ؟

— ئۆزۈمنىڭ ئىنىسىنىڭ تويىدا ئىچمىسەم قاچان ئىچە-
مەن ، — دېدى ھېكمەت ماشىنا ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ ، — پاھ ، ئۆزۈمنى ئەجەب يېنىك ھېس قىلىۋاتىمەنا...
— نەبىدىن خاتىرجەم بولىدىگىز - دە .
— شۇ ئەمەسمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز نېمە كۈنلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرمىدۇق... ھەي نەبى ، نەبى ! تۇرمۇشنىڭ ئاچاللىرىدا قىقىلدىلىق - سوقۇلدۇڭ ، يىقىلدىڭ - قوپتۇڭ ، پۇتلىشىپ ئاغزى - بۇرۇنلىرىڭنى قان قىلدىڭ ، بىراق پىشتىڭ... تاۋلاندىڭ... ئاخىر بەخت بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇڭ... ھايات ساڭا كۈلۈپ باقتى... — تەڭشىلىپ قالغان ھېكمەت بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ ئاستا سۆزلەۋاتاتتى ، — ئېسىڭدىن چىقارما ، ئوغۇل بالىغا پۇرسەت بىر كېلىدۇ ، قولغا قونغان ئامەت قۇشۇڭ-
نى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويما !... ئېسىڭدىدۇ ، گۈلرۇز مېنى ئاتقىلى ئېلىپ چىققاندا ، سەن يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ ، مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ ، بىراق قېرىنداشىڭنى ، شۇنداق... بىر قورساق ئاچاڭنى ئېتىۋەتتىڭ... قوڭۇر ، بۇدۇر چاچلىرى قانغا چىلىشىپ ، كۆزلىرى بۇ دۇنياغا تويمىغاندەك ئوچۇق قالغان گۈلرۇز خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ... شۇ چاغدا ئىككىمىز پىچاق ۋە مىلتىق تىغلىرى بىلەن شورلۇق يەرنى كولاپ ، ئۇ تەلەيسىز قىزنى كۆمگەنىدۇق...
زال ئىچىدە بىر ئوبدانلا تۇرغان ھېكمەت ، سىرتنىڭ شامى-
لى تەسىر قىلدىمۇ ئېغىرلىشىپ قالغانىدى . ئۇ توي باشلىنىپ ، مېھمانلارنى كۈتۈش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراپ يۈرگەن بولسىمۇ ، بەخت گۈلى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قېيىنىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە ۋە قىسمەتلەر خىيالىدىن زادى نېرى كەتمىدى . بولۇپمۇ توي كېيىمى كىيىپ قولتۇقلىشىپ كىرگەن قىز - يىگىتنى كۆرگەندە جاپالىق ئەجرى مېۋە بەرگەن باغۋەندەك شاد-
لىقى يۈرىكىگە سىغماي قالدى . مانا ئەمدى ھاراقنىڭ كەيپى

تۇتقانسېرى ، بايا ئويلىغانلىرى ئېغىزدىن قانداق چىقىپ كېتىـ
ۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيمايتتى .
— خوتۇن ، يا ، ياق ، ماھىگۈل قاراڭ ، نەبى ئۇ بەك قارام
ئىدى ، ئۇخلاپ قالمىغانسىز... — ھېكمەت ئېغىرلىشىپ كەت-
كەن قاپاقلىرىنى تەستە ئېچىپ يېنىدىكى غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان
سىيماغا قارىدى ، — ئۇنى ، ھە شۇ نەبىنى ئۇرۇمچى ھەم ياقا
يۇرتلاردىكى ئىككى يىللىق سەرگەردانلىق ، تىلەمچىلىك ، تالاش -
بۇلىنىشلار ، تاياق - توقماق ، ئوتتا داغلىنىشلار... شۇنداق...
ھېچنېمىدىن تەپتارتمايدىغان قاپ يۈرەك قىلىۋەتكەن... ھەي
نەبى ! سەن جېنىڭنى ئالىقىنىڭغا ئېلىپ مېنى ، كامىلنى قۇت-
قۇزغانلىقىڭ راست ! بىراق بارلىق قاراۋۇللارنى قورالسىزلان-
دۇرۇپ ، لاسكويغا قامالغان تۆت يۈز تۇتقۇننى قاچۇرۇۋەتكەنلى-
كىڭ زادىلا ئەقىلغا سىغمايدۇ . توۋا ، ئاممۇتلۇقتىكى ئىشنى
ئويلىسىلا كۆلگۈم كېلىدۇ ، ساڭا بۇ ئەقىل نەدىن كەلگەندۇ ؟...
نەفسەنى ئۆزۈڭ قاچۇرۇۋېتىپ ، قاراۋۇللارنى قوناقلىقمۇ قوناق-
لىق ئىزدەتكىنىڭ نېمىسى ؟ تېخى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك نەفى-
سەنىڭ ئاينى خىجىل قىلىدىغان رۇخسارىنى مەينەتلەشتۈرۈپ ،
يەكتەكلەرنى كىيگۈزۈپ ئەرچە ياسىنىشقا ، گاچا بولۇۋېلىشقا
ئەقىل كۆرسەتكەنمۇ سەنغۇ ! كامىل سېنىڭ تۆمۈر پەنجىرىدىن
ئېكەك سۇنۇپ بېرىپ ، ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭنى ھا-
زىرغىچە ئۇنتۇغىنى يوق ! توپ ئوقلىرى پارتلاۋاتقان ، ئوقلار
يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ، ئەجەل قۇتراپ يۈرگەن جەڭگاھتىن خا-
لىقنى نېمىشقا قۇتقۇزۇپ چىقتىڭ ؟ ! ئىشەنچكە ئېرىشىش ئۇ-
چۇنمۇ ؟ ئىشەنچكە ئېرىشىپ نېمە قىلماقچىدىڭ ؟ خالىق ، كىرد-
موف ، گۈلرۇزلارنىڭ جېنىنى قىيىش ئۇچۇن دەمسەن ؟ شۇن-
داق ، سەن گۈلرۇزدىنلا قىساس ئالالىدىڭ ! نابۇت بولغان ياش-
لىقىڭ ، تۆھمەت ۋە سۈيىقەستلەر قۇربانى بولغان گۈلزىبا ،
دەردۇ ئەلەملەر ئازابىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئاناڭ ، جۇدالىق پىرا-

قىدا كۆيۈپ كۆل بولغان ئاكاڭ، شۇنداقلا ئوغلۇم ئەزىمەت
ئۈچۈن قاتىللىق قىلىپ، قوللىرىڭنى قېرىنداشىڭنىڭ قانلىرىدا
بويىدىڭ... ئەمما سېنى ئاللا كەچۈردى، يامانلارنىڭ جازاسىنى
سەن ئارقىلىق بەردى! كۆرگەن كۆرمىشلىرىڭ، تۇرمىدىكى
چەككەن ئاھلىرىڭ، بۈگۈنكى بەختىڭنىڭ ھامىيسى بولدى.
مانا بۇ ئازابنىڭ ئادەم تېنىنى پاكلايدىغان ئاجايىپ قۇدرىتىدۇر!
ماشىنىنىڭ بىر خىلدا سىلىق مېڭىشى ئەللەيلەپ ھېكمەتنى
ئۇخلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ «خوتۇن» دەپ سالغان بىر ئېغىز
سۆزىدىن يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولغان ماھىگۈل
ئۇزۇنغىچە ئېسىنى يىغالمىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى مەست-
لىكتە قىلغانلىقىنى ئويلىغانسېرى ئىچى ئۆرتىنىپ بىئارام بول-
دى. ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمدىلا باشلانغاندا ئوقۇشقا كەتتى.
ئانىسى بۇ مەرەم، ئىنىسى نەبى، ھېكمەت ۋە ئەزىمەتلەرنىڭ قارا
تەقدىرلىرىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئۆزى ئۇستىدە ھەغدا
بولمىغاچقا تەسىرى بەكمۇ يۈزە بولدى. نەبى ماھىگۈلگە قارىغاندا
ھېكمەتكە ئامراق ئىدى، پانىي دۇنيانىڭ سالغان ئاسارىتى ھېك-
مەت بىلەن نەبىنى تەڭ ئازابلىدى، شۇڭا قىسمەت ئۇلارنى بىر
تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ چارە تەقدىرداش قىلىۋەتكەنىدى. شى-
ۋىرغانلىق كېچىدە ۋەيرانە ھەم سۇرلۇك مەسچىتتىكى تاۋۇتتا
ياتقان نەبىنى قۇتقۇزۇش، تۇرمىلەرگە داۋاملىق بېرىپ يوقلاش،
خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يامان يولغا كىرىپ قېلىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش، ھەتتا ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ ئوقۇتۇپ ئىستىقبال-
غا ئىگە قىلىشتەك نۇرغۇن - نۇرغۇن قېتىملاپ قانات يېيىش،
شاپائەتلەر بىر تۇغقان قېرىندىشى ماھىگۈلنىڭمۇ قولىدىن كەل-
مىگەنىدى. ئەلھال، «قېرىنداشلىق» دېگەن مەۋھۇم بىر ئوقۇم
ئىكەن، ھەقىقىي مۇرۇۋۋەت ۋە مېھرىبانلىق ئاتا قىلالمىغان ئاچا -
سىڭىل، ئاكا - ئۇكىلار ئاخىر ياتلىشىپ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتى-
دىكەن. ئەمما، ئازاب - ئوقۇبەت، جاپا - مۇشەققەت پەنجىلىرى-

ـدە تەڭ ئېزىلىپ ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولغانلارنىڭ جان ھەم تەنلىرى قوشۇلۇپ ، تاڭلا قىيامەتكىچە بىر ـ بىرىنى تاشلاشماي ـ ـدىكەن .

ماھىگۈل ماشىنىنى نەشرىيات قورۇسىغا توختىتىپ قو ـ يۇپ ، ئۆزى ھېكمەتنى يۆلىگىنىچە ياتاققا ئېلىپ كىردى ـ دە ، ئاياغلىرىنى سالغۇزۇپ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى ، چايداندىن قايناقسۇ قۇيۇپ سوۋۇتۇپ ھېكمەتكە ئالدىرىماي ئىچكۈزدى .

ـــ ماھىگۈل ، قايتىپ كېتىڭ ، ـــ ھېكمەتنىڭ ئاۋازى ئاران ئاڭلاندى ، ـــ ماشىنا سىزنى ساقلاپ قالدى…

ماھىگۈل ھېكمەتنى يوتقاندا يۆگەپ قويغاندىن كېيىن ، ۋەي ـ رانە بويتاقلار ياتىقىغا بىر قۇر سەپسېلىپ ، بېشىنى چايقىغىنىچە «خوش ئەمىسە» دەپ چىقىپ كەتتى .

ھېكمەت ئەتىسى ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈ ـ رۈپ ، سوغۇق سۇدا بېشىنى يۇيدى . ئۇنىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ ئۇسساپلا تۇرغاچقا ، ناشتا قىلىشقىمۇ كۆڭلى تارتماي ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى . ئۇ قەغەز ، قەلەم ، بوياقلارنى ئېلىپ مۇقاۋا سىزىشقا تۇتۇنغان بولسىمۇ ، خامۇشلۇق ئىلكىدە قولى ئىشقا بارماي ئولتۇرۇشى ئىشانوف تېلېفون ئارقىلىق چاقىرتىپ قالدى .

ھېكمەت ئىشخانىغا كىرگەندە ئىشانوف كىتاب كۆرۈپ ئول ـ تۇراتتى . ئۇ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ ، كۆرۈۋاتـ ـقان كىتابىنى ھېكمەتكە سۇندى .

ـــ بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ ، ھېلىلا زاۋۇتتىن كەپتۇ .

ھېكمەت كىتابنى قولىغا ئېلىپلا خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى «قۇشلار ماكانىغا قايتتى» ناملىق كىتاب بولۇپ ، ھېكمەتنىڭ تۇنجى نەشر قىلىند ـ غان ھېكايىلەر توپلامى ئىدى . ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش دەپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىش بولۇپ ، بۇنى پەقەت قەلەمكەش مۇئەللىپلەرلا تەسەۋۋۇر قىلالايتتى .

ھېكمەت كىتابنى قايتا ـ قايتا ۋاراقلايتتى ، ئۆزى لايىھىلىگەن مۇقاۋا ، قىستۇرما رەسىملەرگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى . ئۇ مۇشۇ ھالەتتە ئالدىدا ئولتۇرغان ئىشانوفنىمۇ ئۇنتۇغانىدى .

ـــ ئۆتكەن ئايدا ئېلان قىلغان پوۋېستىڭىزنى كۆردۈم ، ـــ دېدى ئىشانوف كۈلۈپ قويۇپ ، ـــ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى بەزى نۇقسانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قەلىمىڭىز ھەرھالدا پىشىپ قاپتۇ . ھە ، ھازىر پوۋېستتىن قانچىنى ئېلان قىلدىڭىز ؟

ـــ ھازىرچە ئىككى پوۋېست ئېلان قىلىندى ، ھېكايىلەر كۆپرەك .

ـــ ھەجمى چوڭراق پوۋېستلار بولسا ئوبدانلا بىر توپلام بولىدۇ ، بولمىسا ھېكايىلەردىن تاللاپ قوشۇپ ئارىلاشما توپلام قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ .

ـــ قېنى ، تىرىشىپ كۆرەي ، رەسسامىلىق ئاساسلىق ئىشىم بولغاچقا ۋاقىت چىقارماقمۇ تەسكەن .

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ . لېكىن ، يېزىقچىلىقنى دەپ مۇقاۋا لايىھىلەشكە سەل قارىسىڭىز بولمايدۇ . بۇ كەسىپ نەشرىياتچىلىقتا مۇھىم بىر ھالقا . مۇقاۋىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنمىسا كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە قانداق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ؟

ـــ مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئوبدان بىلىمەن ، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىشنى قىلمايمەن .

ـــ ھە ، بۇ گېپىڭىز بولىدۇ ، ـــ ئىشانوف كۆكۈچ ، چار چاچلىرىنى بارماقلىرىدا تاراپ قويدى ، ـــ ئەگەر بىلسىڭىز ھازىر مىنۇتلارنى ساناپ ئىشلىتىدىغان ۋاقىتىڭىز . مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئاق قالغان ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر دەقىقىنى بوش قويۇۋەتمەڭ ، ئويۇن ئاز بولسۇن ، ئىجاد ، ئەمگەك كۆپ بولسۇن ، قانداق دېدىم ـ ھە ؟

ـــ توغرا ، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن .

— ئويلاش بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ ، ئەمەلىي ھەرىكەت كۆپ بولسۇن- ھە ، ئەمەلىي ھەرىكەت !

«مىنۇتلارنى ساناپ ئىشلىتىش» ، «ئاق قالغان ئورۇننى تولدۇرۇش» ، «دەقىقىنى بوش قويماسلىق» ، «ئىجاد ، ئەمگەك كۆپ بولۇش» ، «ئەمەلىي ھەرىكەت» دېگەن بۇ سۆزلەرقارىماققا تۇزلا ئېيتىلغاندەك قىلىسمۇ ، قىرىق ياشقا كىرگەن ھېكمەت ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدەك ، قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغان گۈلدۈرمامىدەك تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى ئويغا سېلىپ قويدى . دېمىسىمۇ ۋاقىت ئادەمگە باقمايدۇ . ئۇ چۆل شامالىلىرىدەك ، تاغ جىلغىلىرىدىن پەسكە ئاققان ئېقىنلاردەك تېز سۈرئەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئۆتۈپ كېتىدۇيۇ ، ئۆزى بىلەن بىللە كائىناتتىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بالىلىقىنى ، ئۆسمۈرلۈكىنى ، ياشلىقىنى ئېلىپ كېتىپ قېرىتىدۇ ، چىرىتىدۇ ، بىر سىقىم تۇپراققا ئايلاندۇرىدۇ . ئادەملەر ئانا زېمىن باغرىغا سىڭىپ كېتىدۇ . ئاپىرىدە بولۇپ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىنسان پانىينىڭ ئايلىنىپ تۇرغان ئاي - كۈنلىرىدە ، قاچاندۇر پىرقىراپ ھاسىغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلمەي ، باقىيغا سەپەر تەييارلىقىنى قىلىدۇ . ئەلھال ، تاشلار ئۇۋۇلۇپ قۇم - شېغىللارغا ، دەرەخلەر چىرىپ پور كۆتەكلەرگە ، گۈل - گىياھلار غازان بولۇپ خەس - چىرىندىلەرگە ، دەريالار قۇرۇپ لەش باسقان سېسىق كۆللەرگە ئايلاندى ! مانا بۇ ۋاقىتنىڭ رەھىمسىز ، ياۋۇز قۇدرىتى !... ئەگەر ئۇ ھەممە - ھەممىنى چىرىندىلەرگە ئايلاندۇرمىغان بولسا ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئادەم يەپ تويمىغان يەر ، ئۆز لوقمىسىنى سىڭىرەلمەي جاھاننى ئاپئاق سۆڭەك بېسىپ كەتكەن بولارئىدى . شۇڭا ، دەيمىزكى : ئەگەر ماختاش ، ماختىنىشقا توغرا كەلسە ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتالىغان ، ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقلىرىغا مۆھۈر باسالىغان ئادەمدىن پەخىرلەنسە بولىدۇ . ۋاقىت شۇنچىلىك تاش يۈرەككى ، تەقدىرى ئەزەل يېتىپ كەلگەندە ، بىر

تامچە سۇنىمۇ يۇتۇشقا ئىجازەت بەرمەيدۇ ، «بىر نەپەس ، بىر تىنىق مەرھەمەت قىل ، مۇنۇ چېكىتنى قويۇۋالاي» دېسەڭ مەسخىرە بىلەن يۈزىنى ئۆرۈيدۇ . بۇنىڭغا تارىختا مىساللار كۆپقۇ ! نىكولاي ئوستروۋىسكى «بوران بالىلىرى» رومانىنىڭ بىرىنچى تومىنى پۈتتۈرۈپ ، ئىككىنچى تومىدىن بىرنەچچە بەت يېزىپلا ، قالغىنىنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتمىدىمۇ ! دۇنياغا مەشھۇر رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» سەكسەن باب يېزىلىپ بولغاندا ، ۋاقىتتىن ئىبارەت ئەزرائىل ساۋشۇيچىنىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى . ئۇ «قىزىل قانلىرىم بىلەن يېزىلغان كىتابىمنىڭ ئاخىرى بارئىدى» دەپ قانچە يالۋۇرغان بولغىيتتى . بىراق ، ۋاقىت ئۇنىڭغا باقمىدى . ئاخىرقى قىرىق باب خۇددى مەخمەل ئۈستىگە ماتا ياماق سالغاندەك ، شاگىرتلىرى تەرىپىدىن يېزىلدى…

ھېكمەت «ۋاقىت» تىن ئىبارەت ۋەھشىي ، رەھىمسىز كۈچ توغرۇلۇق ئويغا پاتقىنىمدا ، نېمىدىنىدۇر قورقتى ، چۆچۈدى ، ئەنسىزلىككە چۆمدى ، يۈزى قىزاردى . ئۇ يىللار ئالدىدا يېڭىلىپتۇ ، ۋاقىت ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ !… «شۇ ياشقا كەلگۈچە نېمىلەرنى قىلالىدىڭ ، نېمىگە كۆرەڭلەيسەن ، كىچىككىنە بىر كىتابىڭ چىققانغا قېنىڭغا پاتماي قالدىڭمۇ ؟ بىلىپ قوي ، مەن سېنىڭ بارلىقىڭنى ئېلىپ كەتكەن !…» دېگەن سادا ياڭرىغاندادەك ، كىملەردۇر تەئەددى بىلەن كۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى . ئەلھال ، بۇ راست ئىدى ! ئاتمىشىنچى يىللار ئايىغى ئۈزۈلمەس ھەرىكەتلەر بىلەن «ئۇھ» دېيىشكە ئاراملىق بەرمىدى . «سىنىپىي كۈرەش» خۇددى لالما ئىتتەك قاۋاپ ، دوغا ، يايىدەك دۈمبالاپ ، كىشىلەرنى خورجۇنسىز دىۋانىدەك قاترىتىپ ھالىدىن كەتكۈزدى . «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ۋابا ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغارغاندەك قول يازمىلىرىنى نابۇت قىلدى . دەشتمۇدەشت ، چۆلمۇچۆل سۈرگۈن قىلىپ ئۆمرى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى . ئەڭ نەۋقىران ياشلىقى گۆردەك قاراڭغۇ يەرلىك تۈرمە-

لەر ، زىندان لەھەتلىرىگە كۆمۈلدى !... يىللار قاقاقلاپ كۈلۈپ
قانداق ، قاچانلاردا ئۆتۈپ كەتتى ، كېتىۋاتىدۇ ، ئۇنى ئويلاپمۇ
قويمىدى !... دېمىسىمۇ ، سۇغا غەرق بولۇۋاتقان ئادەمنىڭ خۇر-
جۇنى بىلەن نېمە ئىشى ! شۇنداق ئىكەن ئۇ نېمىسى بىلەن
ماختىنىدۇ ؟ قېرىق يېشىدا ئېرىشكەن بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپ-
تىرىدەك توپلامى ئۈچۈنمۇ ؟ ئانچە ـ مۇنچە ئېلان قىلىنغان
ئىلمىي ماقالىلىرى ، سۆزلەنگەن نۇتۇقلىرى ئارقىلىق يىللار
ئالدىدا مەيدىسىنى كېرىپ ماختىنالامدۇ ؟ ! كۈلكىلىك گەپ ! بۇ
خۇددى ئەجدادلارنىڭ قولىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان گۆھەرگە ،
ئەرزىمەس ئەينەك سۇنۇقىنى تەڭلەشتۇرگەندەك ئەخمىقانىلىقتۇ !
ئۇنداقتا يىللار مەڭگۇ غالىب ، ئىنسان ئەبەدىلئەبەت يېڭىلگۈچى-
مۇ ؟ ياق ! كىمىكى يىللارنىڭ ئاي ، كۈن ، مىنۇت ، دەقىقىلىرى-
دىن ئىبارەت ئاق بەتلىرىگە ئۆچمەس نەقىشلەرنى چېكەلىسە ،
ئۇ ئۆلمەس گىگانت ئادەمدۇر . ۋاقىت ئۆز بويىنىغا يۈگەن سالا-
لىغان ئادەمنىڭ قۇلىدۇر . يىللارنىڭ قورقىدىغىنى ، بويسۇنىدى-
غىنىمۇ ئەنە شۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئىزدەنگۈچىلەر ، مىنۇت ،
دەقىقىلەرنى بارماقلىرى ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىشقا كۆز قىيە-
مايدىغانلار ، قاچقان ۋاقىتنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ ، بويىنىغا
تۇمار ئاسىدىغانلاردۇر...

گۆھەر زېمىن نەشرىياتى ھېكمەت ئۈچۈن كەڭ زېمىن
ياراتتى . ئۇ ئىشخانىسىغا كىرسە ، پەي قەلەم ، ھەرخىل بوياقلى-
رىنى قولىغا ئالاتتى . كېچە ، دەم ئېلىش كۈنلەر ئۇنىڭغا تەئەل-
لۇق ئىدى . يېزىپ چارچىغاندا كىتابلار بىلەن مۇڭدىشاتتى .
خاتىرىلەر قالدۇرۇپ ، ئەسلىمىلەرنى يازاتتى . بەزى چاغلاردا
قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلمەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى .
شۇڭا ، ئۇ نەبى ، ماھىگۈللەرنى ئانچە ئىزدىمەيدىغان بولدى .
پەقەت ئۇلار پات ـ پاتلا يوقلاپ تۇراتتى . گۈللەرگە پۈركەلگەن
كۆڭۈللۈك يازلار قاچانلاردا ياپيېشىل كىمخاپلىرىنى سېلىپ

زەپىران تونلارغا ئالماشتۇردى ، بىلگىلى بولمايتتى . ئىش قى-
لىپ ئاي ۋە كۈنلەر پەسىللەرنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى .
دىلنار ئىككى قات بولۇپ ئېغىرلىشىپ قالغاندىن بېرى نەبىمۇ
شالاڭ كېلىدىغان بولدى . ھېكمەت قاتتىق چارچاپ قالغانلىرىدىلا
چاقچاقچى ئاغىنىسى ئابلىكىم قاسىمنىڭ ئۆيىدە بىرەر كېچە
ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ يازغان رۇبائىيلىرىدىن زوق ئېلىپ ، چاق-
چاقلىرىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ قايتىپ كېلەتتى . ئىلمىي مۇدىر
قەدىردىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە پىشقان ئادەم بولۇپ ، بەزى
چاغلاردا ھېكمەت ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ تاڭ ئاتتۇرۇۋېتەت-
تى . ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلىگىلى تۇرسا ، ھېكمەت مۇھىم دەپ
بىلگەن سەھىپىلەرنى خاتىرىلەپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى . ناگان - نا-
گاندا مەسئۇت پەيزۇللا بىلەن ئەسرا بولۇپ قالاتتى . ئۇنىڭ تىلى
ئۆتكۈر ھەم ئاچچىق ئىدى . ئۇرۇمچىدىكى يېتىلىۋاتقان ياش
ئوبزورچىلار ئۇنى ئۇستاز دەپ بىلەتتى . بىراق ، ئۇ ھاراقخا
ھېرىسمەن بولۇپ ، پات - پات ئېچىۋېلىپ سۆزلىگىلى تۇرسا ،
ساق ۋاقتىدا ئەسكە ئالالمىغان نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ ، ھەممىنى
مەھلىيا قىلىپ قوياتتى . شۇڭا ، ياش يازغۇچى شائىر ھەم ئوب-
زورچىلار ئۇنىڭ بىلەن ئەسرا بولۇپ سۆزلىرىدىن بەھىر ئېلىش-
قا ئامراق ئىدى .

قىسقىسى ، ھېكمەت بىلىملىك زىيالىيلار بىلەن ئەسرا بو-
لۇپ ، ئۇلارنىڭ مەنتىقلىرىدىن گۆھەر سۈزۈش ، ۋاقىت بىلەن
ئېلىشىپ رەسىم سىزىش ھەم ئەسەر يېزىش ، توپلاملارنى تۇ-
زۇش دېگەندەك باش ئايىغى يوق ئىزدىنىشلەر بىلەن تەبىئەتنىڭ
قاچانلاردا تون يەڭگۈشلىگىنىنى بىلمەي قالدى… ساپسېرىق
سارغايغان يوپۇرماقلار ، كۆڭۈللەرگە ئېغىر ئويلارنى سېلىپ
شىرتىلداپ تۆكۈلمەكتە ئىدى… .

# ھەقىقىي «جەڭگاھ»

كۆز كىرىش بىلەن ھاۋا خېلى بەك سوۋۇپ كەتتى . دەس-
لەپتە ياققان قارلار كۈندۈزلىرى ئېرىپ ، كېچىلىرى توڭلاپ
تۇرغان بولسىمۇ ، نويابىر ئاخىرلاشمايلا ئەتراپ رەسمىي قىش
تونىنى يېپىندى . ھېكمەتنىڭ نەنلىياڭدىكى بىر خۇيزۇنىڭ قو-
رۇسىغا كۆچۈپ كەتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى . چۈنكى ، نەش-
رىيات قورۇسىدىكى ياتاق ، پار قازان ئۆيى ، بىرنەچچە ئائىلى-
لىك ئۆيلەر چېقىلىپ ، ئورنىغا ئائىلىلىك بىنا سېلىنىۋاتاتتى .
ئىككى ئادەم سوقۇلۇپ ، تەستە ئۆتۈشىدىغان تار يولى ئىچكىرى
تاشقىرى سوزۇلۇپ كەتكەن بۇ قورۇدا ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق
تەھرىرلەردىن بولۇپ بەش ئائىلە ئولتۇراتتى . ھېكمەت بۇلارنىڭ
ئىچىدىن تۇرسۇنجان بىلەن شائىر مېھمانجان ئەلانى تونۇيتتى .
ئۇلار يۇرتلىرىدىن خوتۇن - باللىرىنى يۆتكەپ كەلگەنىدى .
قورۇنىڭ ئەڭ چەت ياقىدىكى كىچىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆي
ھېكمەتنىڭ رۇزىغارى بولۇپ ، تام مەش بىلەن ئىسسىتتى . تۆت
چاسا كەلگەن مېھمانخانا تۇرۇسىدىن بىر غۇلاچ ساڭگىلاپ تۇر-
غان توك چىراغ گۈڭگا يورۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاستىغا قويۇل-
غان ئىش ئۈستىلى ، ئۆي ئوتتۇرىسىدا خۇددى يېتىم بالىدەك
جۇلمەرەپ قالغانىدى . ئۆيلەر تام مەش ئارقىلىق ئىسسىغاچقا
پوپايكا بىلەن ئولتۇرغىلىمۇ بولمايتتى . مېھمانخانىدىكى ئۈچ
پۇتلۇق كىيىم ئاسقۇ ، شەرقى تامدىكى ئەينەكلىك كىتاب جاۋى-
نى : «خۇدايا توۋا ، ماۋۇنىڭ پۇتلىشىپ تۇرغان يېرىنى» دېگەن-
دەك ئىش ئۈستىلىگە گىدىيىپ قاراپ تۇراتتى . ئىش قىلىپ
ھېكمەت ھاجەتمەنلەردىن سېتىۋالغان بۇ نەرسىلەر ، بۇ ئۆيدە

ئادەم ئولتۇرىدىغانلىقىدىن نىشانە ئىدى . بۇمىغۇ مەيلى ، بىراق
تەتۈر سېلىنغان بۇ يەرلىك ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى تەسكەيدە بول-
غاچقا ، قىش - ياز سوغۇق ھەم زەي پۇراپ تۇراتتى .

ھېكمەتنىڭ بۇ قورۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر-
دىنبىر خۇشاللىقى تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن قوشنا بولۇپ قېلىشى
ئىدى . ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا كېچىلەپ بىر ۋاقىتلارغىچە يېزىۋات-
قان ھېكايە ، پوۋېستلىرى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى ، كۆرۈنگەن
نۇقسانلار توغرۇلۇق بىر - بىرىنى ئاياپ ئولتۇرمايتتى . ھەتتا
بەزىدە چەت ئەل رومانلىرىدا كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك دۇردا-
نىلەر ، بىرەر ئابزاس تەسۋىر ياكى مەنتىقلەر ئۇچراپ قالسا تەڭ
كۆرۈپ ، تەڭ زوق ئىلىشاتتى ۋە بىردىنلا قىزىشىپ مۇنازىرىلە-
شەتتى . ئۇلار تاكاللىشىپ ھارغاندىلا ، تۇرسۇنجان ئالىم : «يۇر
قېرى بويتاق ، خوتۇن لەڭمەن ئېتىپ قالغان» دەپ ئۇنى باشلاپ
چىقىپ كېتەتتى . بەزىدە ئۇ ، ھېكمەتنىڭ ۋاقىتنى قانچىلىك
قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۆزى بىرەر قاچا تاماق كۆتۈرۈپ
كىرەتتى ۋە : «ھەي قېرى بويتاق ، ئۆيۈڭ سوۋۇپ ، بۇرۇنلىرىڭ
قىرۇ باغلاپ كەتكىچە تۇيمىدىڭما ؟» دەپ ئوچاققا كۆمۈر سېلىپ
قويۇپ چىقىپ كېتەتتى .

مانا شۇ تۇرقىدىمۇ پاختىلىق چاپىنىنى يېپىنچاقلاۋالغان
ھېكمەت پات - پات قولىنى ھورداپ قويۇپ بىر نەرسە يېزىۋاتات-
تى . ئۇنىڭ پۇتى مۇزلاپ كەتكەچكە ئاياغ ئۇچلىرىنى بىر -
بىرىگە ئۇراتتى . «ئاق كېچىلەر» ناملىق پوۋېست ۋە ھېكايىلەر
توپلامى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇ ژۇرناللارغا بېسىلغان
ۋە يېڭىدىن يېزىلغان پوۋېستلىرىنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ
نەشرگە تەييارلاۋاتاتتى . «ئاق كېچىلەر» ئاما بىلەن يۈز كۆ-
رۈشكەندىن كېيىن ، ھېكمەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەتلىرىنى تاپشۇ-
رۇپ ئالدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئىلھام بولغىنى گېزىت - ژۇرنال-
لاردا ئېلان قىلىنغان ئوبزور ماقالىلەر ئىدى . مەسئۇت پەيزۇل-

لانىڭ «تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرى» سەرلەۋھەلىك مۇھاكىمە ماقالىسى ، ياش ئوبزورچى ئابدۇسالام جاپپارنىڭ «يېڭى بىرقەدەم» ناملىق ئوبزورى ھېكمەتكە كۈچ ۋە مادار ئاتا قىلدى . خوتەندىكى يىگىرمە يىللىق رەڭگارەڭ ھايات كەچمىشلىرى ، ئۇ ئۇچراتقان خىلمۇخىل ئادەم ۋە پاجىئە- لەر ، كۆرگەن ھەم ئاڭلىغان تەقدىر - قىسمەتلەر تۈگمەس بىر بۇلاق ئىدى . خۇددى شادىمان ئېيتقاندەك ھېكمەتنىڭ قەلب خەزىنىسىگە توپلىغان دۇرى - گۆھەرلەرنى پۇتۇنسۇرۇك بىر كارىۋان توشۇپ تۈگىتەلمەيتتى . ئەگەر ئۇنىڭ ھاياتى يار بەرسە ، ۋاقىتقا يۈگەن سالالىسا ، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولسىلا بۇ بۇلاق چەشمە زىلال بولۇپ ئۇنچە - مارجانلارنى ئەبەدىلئەبەت تۆككەن بولاتتى .

بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقان مېھمانخانا ھېكمەتنىڭ دو- لىسىنى قورۇپ ، قوللىرىنى مۇزلىتىۋەتتى . ئۇ قەلەمنى قويۇپ ھۇجرا ئۆيگە چىقتى . ئوچاقنىڭ چويۇن قاپقاقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ، كاللەك داشقالنى زىخ بىلەن ئېلىپ تاشلىدى ، ئاندىن يەشىكتىكى كۆمۈر ئۇۋۇندىسىغا ئازراق سۇ چېچىۋېتىپ ئوچاققا سالدى . سارغۇچ ئىس چىقىرىپ پىشلداپ تۇرغان ئوت ، قاپقاقلار يېپىلىشى بىلەنلا گۇركىرەپ كۆيۈشكە باشلىدى . ھېكمەت قولىنى يۇيۇپ ئەمدىلا مېھمانخانىغا قەدەم ئېلىشى ، ئىشىك چېكىلىپ ، قەدىردىن ، مەسئۇت پەيزۇللا ، ئابلىكىم قا- سىم ، جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتىدىكى ئەزىز ئىلىلار كىرىپ كېلىشتى . ئۇلار چاقچاق - كۇلكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، مېھمان- خانىغا قەدەم ئېلىشتى . ھېكمەت دەرھال ئىش ئۈستىلىدىكى قول يازمىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى .

— ھەي خوتەنلىك ، يەكشەنبە كۈنىمۇ ئىشلەيدىغان گەپما ، — ۋاقىرىدى ئابلىكىم قاسىم ئورۇندۇقنى سۈرۈپ كېلىپ ، — جان دېگەن كۈندە چېچەكلىمەيدۇ جۇمۇ .

— يېزىۋېتىپتىكەنسىز- دە ، — دېدى قەدىردىن ئوڭايىسىزلانغاندەك بولۇپ ، — بىز بىمەھەل كىرىپ قاپتىمىز…
— نەدىكىنى ، كىرگىنىڭلار بەك ياخشى بولدى ، — ھېكمەت قولىدىكى ماتېرىياللارنى كارىۋات ئۈستىگە قويدى ، — ئۆزۈممۇ چارچاپ قاپتىكەنمەن .
— قەدىردىن ، بۇچۇ قارا ، — ئايلىكىم قولىنى شىلتىدى ، — دەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان ئادەمگە زىياپەت بېرىشتىن يانمايدۇ ، راستىمۇ ھېكمەت .
— زىياپەت سەندىن ئايلانسۇن ، — دېدى ھېكمەت قارا سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ، — جېنىدەك ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلار ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپلا كىرىمەن .
— ھەي ھېكمەت ، ئولتاسىنا ، — مەسئۇت پەيزۇللا كەيىپى چاغ ۋاقىتلىرىدا يۇرت شىۋىسىگە كېتىپ قالاتتى ، — بىز داشۆدىكى بىر تويغا كېتىۋاتاتتۇق ، يولدىن ئۆزلەنى يوقلاپ ئۆتەلى دېدۇق ، شۇنداقمۇ ئەغىنىلەر ؟
— شۇنداقتىمۇ ھاۋا يەپ ، شامال كېكىرىپ ئولتۇرساق بولماس ، — دېدى ھېكمەت خىجىل بولغان ھالدا ، — مەن ھايال بولمايمەن .
— توختىسىنا ، ئاڭلىساق ئۆزلەنى كۈنىمىڭ ، گۈيلىڭلارنى پىرقىراپ كەلدى دەيدۇ ، — مەسئۇت پەيزۇللا ئولتۇرغانلارغا كۆز قىسىپ قويدى ، — ئاشۇنداق يەرلەرنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى بولسا تېتىپ بېقىپلا كەتمەيمىزمۇ…
— ئىچكىرىنىڭ ھاراقلىرى ئاغزىڭلارغا تېتىمىدىكىنتاڭ…
ھېكمەت ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . يېقىندا ئۇ كۈنمىڭدا ئېچىلغان «مۇقاۋا سېلىشتۇرۇپ باھالاش» يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلگەنىدى . بۇ يىغىن ھەريىلى بىر ئۆلكىدە ئېچىلىپ ، نۇقتىلىق نەشرىياتلارنىڭ گۈزەل - سەنئەت بۆلۈملىرىدىن ئىككى - ئۈچتىن ئادەم قاتنىشاتتى . گۆھەر زېمىن نەشرىياتىدىن يىغىنغا

قاتناشتۇرۇلغان كىتابلاردىن توققۇز كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېكمەتنىڭ ئىككى كىتابى بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلانغانىدى .

ھېكمەت ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ چىقىپ ئۈستەلگە قويۇشى ، مەسئۇت پەيزۇللا بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ ماركىسىغا قاراپ قايسىسىنى ئېتىپ بېقىش توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقاندا ، ھېكمەت ھۇجرا ئۆيىدىن گېزىتكە ئورالغان خاسىڭ ، ياڭاق مېغىزى ، بىرنەچچە تال ئالمىنى كۆتۈرۈپ كىردى ، ئارقىدىن ئوچاق ئۈستىدە تاۋلىنىپ قالغان چاينى چىنىلەرگە قۇيدى . ئەزىز ئېلى ئالمىنى ئاقلاپ ، بىرنەچچە پارچە قىلدى - دە ، پىيالىگە سېلىپ قويدى .

— مانا بولمىدىمۇ ، بازارغا چىقىش نېمە ھاجەت ، — مەسئۇت پەيزۇللا بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ، — پاھ ، پاھ ، كاساپەتنىڭ پۇرىقى بەكلا كۈچلۈككۇ .

مەسئۇت پەيزۇللا خۇددى ئىچىملىك مۇتەخەسسىسىدەك پىيالىدىكى ھاراقنى ئالدىرىماي سۇزۇپ ئىچكەندىن كېيىن ، قولىدىكى بىر تال خاسىڭنى ئاغزىغا سالماي ئۇزۇنغىچە ئاغزىنى تامشىپ تۇرۇپ كەتتى - دە :

— ھەي ، بۇ بىرنېمەڭ بولىدىكەن جۇمۇ ، گىرادۇسىمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەسكەن — دەپ قويدى .

ئابلىكىم قاسىم ، ئەزىز ئېلى ، قەدىردىنلەرمۇ پىيالىلىرىنى بىكارلاپ ، باشلىرىنى لىڭشىتتى . ھېكمەت ئۆز نۆۋىتىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ، دوستلىرىغا بىر - بىرلەپ سەپسالدى . قەدىردىن ئاق پىشماق ، تولغان يۈزلۈك ئادەم بولۇپ ، قوشقار مۈڭگۈزىدەك تولغىشىپ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى ، ئۆزىگە سالايى - سۈپەت بېرىپ تۇراتتى . ئابلىكىم بىلەن مەسئۇتنىڭ قارىغا مايىل ئۆڭى ئوخشاپ كەتسىمۇ ، لېكىن ئابلىكىمنىڭ يۈزى ، مېيى تەپچىپ چىققان گۆش گىردىدەك پارقىراپ ،

مىس رەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى . مەسئۇتنىڭ بولسا خۇددى قوڭۇر
تاشتىن ئويۇلغان ھەيكەلدەك ، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق ، قوۋۇزلى-
رى چۆككەن ، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان بولۇپ ، كۆز-
لىرى نەق يۈرىكىگىچە تىكىلىپ تۇرغاندەك ئۆتكۈر ئىدى . ئېگىز
بوي ، ئاتىيۇزلۇك ، خۇشچىراي ئەزىز ئېلى تولىمۇ ئېغىر -
بېسىق كۆرۈنەتتى .
— مەسئۇت پەيزۇللا ، سىزنىڭ «ئاق كېپىلەر» توغرى-
سىدا يازغان مۇھاكىمە ماقالىڭىزنى ئوقۇپ خىجىللىق ھېس
قىلىپ قالدىم ، — دېدى ھېكمەت ئالما ئاقلاۋېتىپ .
— ھەي - ھەي ھېكمەت ، بۇنداق گەپلەرنى ھاراق سورۇ-
نىدا دېمەيمىز جۇمۇڭ ، — مەسئۇت پەيزۇللا ئۆزى ھەققىدە
مەدھىيە سۆزلىرىنى ياقتۇرمايتتى ، — بىرەر ئىنژېنېر ياكى
لايىھىلىگۈچى ئۆزى لايىھىلىگەن كۆركەم كۆۋرۈك ياكى ھەيۋەت-
لىك بىنانى پۈتكەندە بىرلا قېتىم كۆرۈپ زوقلىنىدۇ ، ھۇزۇر
ئالىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايدۇ ، شۇنداق
ئەمەسمۇ ؟
— مەسئۇت توغرا ئېيتىدۇ ، — قەدىردىن چىنىنى قولىغا
ئالدى ، — ئەگەر كىتاب ياكى ماقالە ئۈستىدە تەنقىدىي كۆز
قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلسا ، بۇ ھەرئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدى-
لىق . بىراق ، بۇ ماقالىدە «ئاق كېپىلەر» ئۈستىدىن توغرا
يەكۈن چىقىرىلغان مەدھىيە ماقالىسى . بۇنداق شارائىتتا سۆزلى-
شىش ھەرئىككىلا تەرەپنى ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرىدۇ .
— شۇنداقتىمۇ ھېكمەتنىڭ ، — دېدى ئەزىز ئېلى كۆ-
ڭۈل ئايىغان تەلەپپۇزدا ، — مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئېيتقان
سۆزلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ .
— ھازىر بەزى قەلەمكەشلىرىمىز ئەڭ ناچار ، ناباب ماللى-
رىنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ ، — دېدى مەسئۇت پەيزۇللا ، — يەنە
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئوبزورچىلىرى ، مەدھىيىچىلىرىمۇ بار .

بۇ خۇددى ئىككى قوتۇر ئېشەك ئاپتاپقا قاقلىنىپ بىر - بىرىنىڭ دۈمبىلىرىنى قاشلاشقىنىدەك بىر ئىش. ئۇلار بىر - بىرىنى ماختىشىپ ئۆزىچە مەمنۇن بولۇشۇپ، يىغىرلىرىنى يېپىشىپ يۇرۇشۇۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر كىمنى يىقىتىش، ئەڭ بولمىغاندا غاجاپ قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ھەققىدە گۇرۇھ ئويۇشتۇرۇۋاتىدۇ. بىزمۇ بىر - بىرىمىزنى ماختاشقىلى تۇرساق ئۇلاردىن نېمە پەرقىمىز قالدى.

ھېكمەت بىر ئېغىز گەپنى ئوشۇق قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قىزىرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئۇنچىۋالا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەنىدى. مەسئۇت پەيزۇللانىڭ گەپ ئورامىدىن ئۇرۇمچىدىكى يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى، قىسقىسى يىرىك زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى، كۆزقاراش جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار، يۇرتۋازلىق، گۇرۇھ دېگەندەك ئەڭ يىرگىنىشلىك ئىللەتلەرنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار پىيالە ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تويغا مېڭىشتى، ھېكمەتنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشۇۋىدى، ھېكمەت: «مەن توي ئىگىسىنى تونۇمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاقىرمىغان يەرگە بارماي» دەپ ئۆزرە سورىدى.

ھېكمەت دوستلىرىنى ئۇزىتىۋېتىپ كەچكىچە ئىشلىدى. ئۇ جىددىي كىرىشىپ قالغاچقىمۇ ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ، ئۆينىڭ قاتتىق سوۋۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى، مۇزلاپ كەتكەن قوللىرى قەلەم تۇتالماس ھالغا كېلىپ قالغاندىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئوچاقتىكى كۈل ۋە داشقاللارنى چۇشۇرۇۋېتىپ قايتىدىن ئوت ياقتى. ئاندىن كەچلىك تاماقنى بازاردىن يېيىش ئۈچۈن ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى، تۇرسۇنجان ئالىم بىر قاچا گاڭپەن كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— پاھ، پاھ، سىنىڭ جېنىڭ تۆمۈر جۇمۇ، — تۇرسۇنجان تاماقنى ئۈستەلگە قويدى، — ئەگەر ماشىنا ئادەم بولغان

تەقدىردىمۇ ، بۇنداق كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىسە زاپچاس-لىرى شالاقلىشىپ كېتەر .

ھېكمەت ئوچاقنىڭ كىچىك چويۇن قاپقىقىنى ئېلىۋېتىپ چاي چۆگۈننى قويماقچى بولغانىدى ، ئۇيۇشۇپ كەتكەن قولل-رى تۆمۈر زىخنى تۇتالمىدى . بۇنى كۆرگەن تۇرسۇنجان چايدان-دىن چىنىگە قايناقسۇ قۇيدى .

— ساڭا بۇ نېمە زۇلۇم ، بۇنداق ياشاپ ئەۋلىيا بولماقچىمۇ سەن ، — تۇرسۇنجان ھېكمەتنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ئورۇن-دۇققا ئولتۇرغۇزدى ، — قېنى ، ئاۋۋال تاماقنى يەۋال ، پۇت - قولۇڭغا ماغدۇر كىرىدۇ ، ئاندىن ساڭا سالىدىغان مەسلىھەت بار .

ھېكمەت تاماقنى يەپ بولغۇچە بىرنەچچە پىيالە قايناقسۇ ئىچتى ، شۇندىلا ئۇنىڭ قوللىرى تىترەشتىن توختاپ چىرايىغا قان يۈگۈردى ، تېنىمۇ راھەتلىنىشكە باشلىدى . ئوچاقنىڭ تەپ-تىمۇ ئۆينى ئوبدانلا ئىللىتىپ قويغانىدى . ھېكمەت قاچىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانىدى ، تۇرسۇنجان ئۇنىماي قاچى-نى تارتىۋالدى . ئۇلار نېمىلەرنى باشلاپ ، نېمىلەرنى يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكى ھەققىدە بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن ، ھېك-مەت «ھە نېمە مەسلىھەت ئىدى» دېگەندەك دوستىغا قارىدى ، بۇنى سەزگەن تۇرسۇنجانمۇ گېلىنى قىرىپ قويدى :

— ھېكمەت ، مەن گۇلدەستە نەشرىياتىغا بېرىشنى قارار قىلدىم ، — تۇرسۇنجان يەرگە قارىدى ، — ئۆتكەندە دېسەم سەن خاپا بولغاچقا ، سېنىڭدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم ، ئەمدى قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— پەيتۇل ئاكام ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى بېرىشنى ۋەدە قىلدى .

— قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قويمايدۇ ،

دەپ ئاخىرى كېتىدىغان بوپسەندە ، — ھېكمەت غەمكىن ھالدا قاراپ قويدى ، — «مۇئاۋىن» دېگۇچە «پۇتۇن» بەرسە نېمە بوپتۇ ؟

— پەيتۇلكامىنىڭ ئېيتىشىچە ، بىردىنلا مۇدىرلىققا دوك-لات يازغىلى بولمىغۇدەك ، مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا دەيدۇ .

ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ يېزىقچىلىقتىن ئىبارەت ئورتاق كەسپىي ئۇلارنى چەمبەرچاس باغلاپ قويغانىدى . ئىجادى-يەت سېپىدە تەڭ ئات سېلىۋاتقان بۇ ئىككى يازغۇچى رەشىق ، كۆرەلمەسلىك ، مەنمەنلىكلەردىن خالىي ئىدى ، بولۇپمۇ تۇرسۇن-جاننىڭ تۇرگۇنلۇكى ، ئۆز سۆزلۇكلىكى ، يۈز - خاتىر قىلماس-لىقتەك ئوچۇق - يورۇقلۇقى ھېكمەتتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇر-غانىدى . يەنە ئۇنىڭدا ، ئادەمنى تېزلا قايىل قىلىدىغان قانداقتۇر سېھرىي كۈچ بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ پىكرىنىڭ يېڭىلىقى ، ناتىقلى-قى ، نەزەرىيە جەھەتتىكى ئۆتكۇرلۇكى بولۇشى مۇمكىن .

ھېكمەت تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن بويتاقلار ياتىقىدا ياتقان چاغدىكى بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى . ئۇلار بىر كۇنى كەچتە ھېلىقى غەلىتە تېلېۋىزوردىن ئىسلاھات تېما قىلىنغان كۆپ قىسىملىق بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈۋاتقاندا ، تۇرسۇنجان مۇنداق دېگەنىدى :

— ھەي··· مېنىڭ ھوقۇق تۇتۇپ بىر ئەمەلدار بولغۇم بار . ئىسلاھات چۈشەنگەن ئادەم ئۇچۇن ئاجايىپ داغدام يول ! ئەگەر ئۇ چارە - تەدبىرلىك ، جۇرئەتلىك ، ئويلاشقا ماھىر ، ئەقىللىق تەۋەككۇلچى بولالىسا گۇلىنى - گۇلىگە كەلتۇرۇۋېتە-لەيدۇ .

— لېكىن ، شۇنىمۇ ئېسىڭدىن چىقارما ، — ھېكمەتنىڭ قاپاقلىرى تۇرۇلدى ، — ھوقۇق ۋە ئەمەل ھەرقانداق بىلىم ئەھلىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەيدىغان زەنجىر···

— ئاشۇ بىلىم ئەھلى ئۇچۇن بىر يازغۇچى ئۆزىنى ۋە

كەسىپنى قۇربان قىلسا بولامدىكەن؟ مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بول-
سىمۇ ئەمەلدار بولغۇم بار.

تۇرسۇنجان ئالىم نەشرىياتتىكى قاتمال خىزمەت ئۇسۇللى-
رىنى قايناپ سۆزلىدى. تەھرىر بۆلۈمىگە ئەدەبىيات، تارىخ،
پەلسەپە، پەن - تېخنىكا، سىياسىي قانۇن، مەدىنىي - مائا-
رىپ، شۇنداقلا ئاسارئەتىقە مىراسلىرى تېما قىلىنغان ئەسەرلەر
كېلەتتى. بۇ ئەسەرلەر نەچچە مۇھەررىر ۋە مۇدىر، باش مۇھەر-
رىرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەقدىرى بەلگىلىنەتتى.
بەزىلىرى «نەشرىيات تەلىپىگە يەتمىگەن» دەپ، يەنە بەزىلىرى
«مەزمۇنى ساغلام ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق قايتۇرۇلۇۋېتەتتى.
بېسىلغانلىرىغىمۇ قەلەم ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، بىر
ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆمرىنى ئېكەگدەپ يازغان
نەرسىلىرى ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان بولالمايتتى. بۇ ھال نۇر-
غۇنلىغان ئىختىراچىلارنى تۇرغۇنلۇق ھالەتتە قالدۇردى. قىس-
قىسى، يۇقىرىدىن يولنى كەڭ ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھەر-
بىر تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئۇركۈگەك
بولۇپ قالغان ئادەملەر «قىزىل رامكا» ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىدى.

— پاھ، پاھ، ئەجەب چوڭ يەردىن چۈشۈپسەنغۇ، —
تۇرسۇنجاننىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن ھېكمەت ئۇنىڭغا ئا-
پىرىن ئېيتتى، — سەندە بۇلارنى تۈزۈگىدەك قانچىلىك مادار
بار؟

— ئەگەر مەندە ھوقۇق بولسا، ھەقدادىغا يەتكۈزەلىسەم-
مۇ ئۇرۇنۇپ كۆرەتتىم، چۈنكى كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىم بار.

— ئەمىسە نەشرىيات رەھبەرلىكىگە بىرەر دوكلات سۇن-
ساڭ بولمىدىمۇ؟

— ھەي ھېكمەت! ، بەزى چاغلاردا كىچىك باللاردەك
سادىدىسەن، — تۇرسۇنجان تەئەددى بىلەن كۈلدى، — ھازىرقى
پېشقەدەم رەھبەرلىرىمىز، مۇھەررىرلىرىمىز بەكمۇ قورقۇن-

چاق ، چۇنكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زەھەر - زوقۇملىرى
تېنىگە سىڭىپ كەتكەن . ئۇلار پۈتقا قاراپ ئۆتۈك تىكمەي ،
پۈتنى يونۇپ ئۆتۈككە ماس كەلتۈرۈپ كۆنۈپ كەتكەن… ھەممىلا
نەرسىنى قانداقتۇر سىياسىي قېلىپقا ، رامكىغا ، تۇزۇم - قائى-
دىگە سېلىپ ئۆلچەش ئۇلارنىڭ مىزانى…
مانا بۇ ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
ئۆتكەن بىر قېتىملىق سۆھبەت . ئۇ چاغدا ھېكمەت دوستىنىڭ
بۇ قاراشلىرىنى بىردەملىك قىزغىنلىق ، پسىخولوگىيە جەھەت-
تىن ئېيتقاندا تېز قوزغىلىپ ، تېز سۇسلىشىدىغان تۇراقسىز
ھېسسىيات دەپ سەل قارىغانىدى . بۈگۈن بولسا ئۇ ئۇيغۇر بۆلۈم
باشلىقلىقىدىن ئىبارەت باشقارما ئەمەلدارى تاجىسىنى كۆرۈپ
بىلىنى نەچچە يەردىن باغلىغانىدى .
— شۇنداق قىلىپ كېتىمەن دېگىن ، — ھېكمەتنىڭ ئاۋا-
زىدىن قىيالماسلىق چىقىپ تۇراتتى ، — بۇ ھويلىدىن قاچان
كۆچىسەن ؟
— گۈلدەستە نەشرىياتىنىڭ سېلىۋاتقان ئائىلىلىكلەر بى-
ناسى تېخى پۈتمەپتۇ ، ھازىرچە كۆچمەيمەن ، — دېدى تۇرسۇن-
جان ھېكمەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ، — پەيتۇل باشلىق
تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى كېرەم بۇجاڭغا دېگەنىكەن ، ئىشانوفمۇ
قوشۇلۇپتۇ .
— بوپتۇ ، كەت ، — دېدى ھېكمەت غەمكىن ھالدا ، —
كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن ، سەن نەشرىيات ساھەسىدە كارخانچى
بولماقچى .
— راست دەيسەن ، داداممۇ ئەسلى ئاتۇشلۇق كارخانچى
ئىدى ، ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ ، —
تۇرسۇنجان كۈلۈپ قويدى ، — شۇنچە يىللار ژۇرنال تەھرىرلى-
كىنى قىلىپ مەتبەئەچىلىك ساھەسىدە كۆزۈم ئېچىلىپ قالدى ،
شۇڭا كۆڭلۈمدە كىتاب بازىرىغا يۈزلىنىپ ، مەدەنىيەت سودىسى

بىلەن شۇغۇللىنىش خىيالىدىن زادىلا چىقمىدى .
— داداڭنىڭ بالىسى سەن - دە ، — ھېكمەتنىڭ ئېسىدىن نېمىدۇر كەچتى- دە ، قاپىقى تۈرۈلدى ، — تۇرسۇنجان ، بىر ئىشنى سېنىڭ سەمىڭگە سېلىپ قويمىسام بولمايدۇ .
— قېنى دېگىنە ، قاپاقلىرىڭ چۈشۈپ كەتكۈدەك قانداق ئىشتى ؟
ھېكمەت كۈنمىگىدىن قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئابلىكىم قاسىمنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ ، گۈلدەستە نەشرىياتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى . نەشرىياتنىڭ دەرۋازىسى چوڭ ئېچىلغان بولۇپ ، بىنا ئالدىدىكى پەلەمپەي ئاستىدا ئىككى كىشى قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى . ئۇلارنى كىمگىدۇر ئوخشاتقان ھېكمەت ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ زەن سالدى . دېگەندەكلا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغان پاكار ، سېمىز ، قورساق سالغان كىشى پەيتۇل بولۇپ ، قوللىرىنى شىلتىپ ، باشلىرىنى سىلكىپ ، نا- ھايىتى قايناپ سۆزلەۋاتقىنى مەسۇم قابىل ئىدى .
— مېنىڭ ئەنسىرەپ قالغىنىم مەسۇم قابىل سېنىڭ يولۇڭغا توزاق قۇرغان بولمىسۇن ، — دېدى ھېكمەت تۇرسۇن- جاننى ئاگاھلاندۇرۇپ ، — بولمىسا پەيتۇلنى نېمىشقا ئىزدەيدۇ .
— ياللا ، بەكمۇ سەگەك نېمىدە سەن ، — تۇرسۇنجان بېشىنى لىڭشىتتى ، — ئۇ گۈلدەستە نەشرىياتىغا يۆتكىلىش توغرۇلۇق ئىككى قېتىم يالۋۇرۇپ بېرىپتۇ ، لېكىن پەيتۇلكام قەتئىي رەت قىپتۇ .
— مانا دېمىدىممۇ ، سەن نەبىنىڭ تويىدا ھەممىنى ئاغزىڭ- غا قارىتىپ ، پەيتۇلنى مەھلىيا قىلىپ قويغان چېغىڭدىلا ، ئۇ ئولتۇرالماي قالغانىدى .
— مەسۇم تايغان سېنى ، ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتاننى تەشۋىقات بۆلۈمىگە چىقىپ ھەممىنىڭ نەزىرىدىن قالدى ، — دېدى تۇرسۇنجان ، — بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى كىتابلار ئۈستىد-

ـدىكى ساتقىنلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن نەشرىياتتا تۇرالمىغۇ-
دەك سېسىپ كەتتى .
— ئۇنىڭ ئۇستىگە چېقىمچىلىقتىن خەۋەر تاپقان كامىل
ئىشخانىغا كىرىپ ئۇنى رەسۋا قىلىۋەتتى ئەمەسمۇ ، — دېدى
ھېكمەت تۇرسۇنجانغا تاماكا سۇنۇپ ، — ھە راست ، نامان سوپى
بىلەن مەسۇم قابىل نېمىشقا ئۇرۇشۇپ قالغاندۇ ؟
— نامان سوپى ، «سېنىڭ پوقۇڭغا تېيىلىپ كەتتىم» دەپ
تاپا - تەنە قىلغان گەپ .
— مەن ساڭا دەپ قوياي ، مەسۇم قابىل جىم ياتمايدۇ ، —
ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ، — ئۇ بىرەر رەزىل-
لىككە قەدەم ئالغىنىدا يېرىم يولدا توختاپ قالىدىغان ئادەم
ئەمەس ، شۇڭا بەكمۇ ھوشيار بول .
— ھېكمەت ، — تۇرسۇنجان ھېكمەتنىڭ قولىنى ئالىقىد-
ىنغا ئالدى ، — سېنىڭ بىلەن مەن نەشرىياتقا كەلگەندىن تار-
تىپ ھازىرغىچە بىر - بىرىمىزگە ياردەمدە بولۇپ كەلدۇق ،
ئارىمىزدا ئۈزۈلمەس دوستلۇق رىشتە باغلانغانىدى . مەن ساڭا
موھتاج ، سەن ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچى ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
دوستلۇقىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن .
— قارا سېنى ، خۇددى بارسا كەلمەس يولغا كېتىۋاتقاند-
ىدەك گەپلەرنى قىلىسەنغۇ ، مەن سەندىن ھەرقاچان ياردىمىمنى
ئايىمايمەن .
— راست ، مەن گويا ئۆزۈمنى جەڭگاھقا كېتىۋاتقاندەك
ھېس قىلىۋاتىمەن . بۇ جەڭگاھتىن غالىب بولۇپ چىقامدىم ياكى
مەغلۇپ بولۇپ چېكىنەمدىم ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ ، — تۇرسۇنجان
ئېغىر تىندى ، — چۈنكى ، سەن دېگەندەك ئىسلاھاتچىغا ياخشى
كۈن يوق !
— ئەمدىلا تېگىگە يەتكەندەك قىپسەن ، بۇ ھەقىقىي جەڭ-
گاھ ، ئوق - دورا پۇراقلىرى بولمىغان جەڭگاھ...

— مەن چىقاي .
— ياخشى چۈش كۆر ، ئىسلاھاتچى جەڭچى !
ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە بېشىنى چايقاپ قويىدى - دە ، ئىچىدە : «ھەرقانداق بالىنىڭ تومۇرىدا ئاتىسىنىڭ قېنى ئاقىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى .

# سىرلىق مۇناسىۋەتلەر

— نۇردۇن ئاكا، ئۆزىڭىزنى يەنە ئاۋارە قىلمىدىغان بول-
دۇم. سىز ئەل ئىچىدە يۈز - ئابرويىڭىز بار، تونۇلغان ھەم
ئاتاغلىق يازغۇچى، — دېدى مەسۇم قابىل كۆزلىرىنى بىچارى-
لەرچە چىمچىقلىتىپ، — سىزنىڭ بىر ئېغىز لەۋزىڭىز بىلەن
پەيتۇلكام مېنى گۈلدەستە نەشرىياتىغا ئالىدىغان بولدى، لېكىن...

— ھە، دەۋېرىڭ، مەسۇمجان، يەنە نېمە «لېكىن» ئۇ، پەيتۇل «ئالىمەن» دەپ لەۋزى قىلغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ، — گەۋدىلىك، سېمىزلىكتىن لىغىرلاپ تۇرغان چىرايى سارغۇچ كەلگەن نۇردۇن خوجا تەكتىگە گىلەم سېلىنغان مېھمانخانىدا ئىرغاڭلاپ مېڭىپ يۈرەتتى، — نېمە، ئادەتتىكى تەھرىر شەرتى بىلەن يۆتكەيمەن دېدىما؟

— شۇنداق، مەن دېگەن بىر تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسام.

— قاراڭ مەسۇمجان، مەن بىر ئىشقا دىققەت بۆلۈۋاتىمەن، — نۇردۇن خوجا دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، — گۈلدەستە تېخى بالا نەشرىيات، ئىقتىسادىي غورىگۈل، گۆھەر زېمىن بولسا ئانا نەشرىيات، توققۇزى تەل. ئەجەب ئۇ يەردىن كەتكۈڭىز كەپقاپتۇ؟

— بۇ تەرىپىنى سىزگە ئېنىق ئېيتمىغان ئوخشايمەن، — مەسۇم قابىل بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى، — سىزنىڭ داڭلىق رومانىڭىز «جەسۇر ئەۋلاد» قا ئوبزور يېزىپ كۆككە كۆتۈرگىنىمدىن بېرى ماڭا كۈن يوق، ھەممىسىلا مېنى «خۇشامەتچى»، «نۇردۇن خوجىنىڭ خاۋازى كۇچىكى»، «پۇ-

راقچى تايغان» دېگەندەك ھاقارەتلەر بىلەن بېشىمنى كۆتۈرگىلى قويمىدى.

نۇردۇن خوجىنىڭ سارغۇچ چىرايى ھال رەڭگە كىرىپ، كىچىك كۆك كۆزلىرى قىسىلدى. ئىششىپ قالغاندەك گۆشلۈك يۈزلىرى ئېسىلىپ ئېغىر پۇشۇلداپ كەتتى.

— بولىدۇ، مەن بۈگۈنلا پەيتۇلغا تېلېفون بېرەي، سىزنى ئەمىلىڭىز بىلەن ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى نۇردۇن خوجا، — ئەجەبا، ھېلىقى كىمدى، ھە توغرا، تۇرسۇنجان ئالىمنى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ يۆتكىدى. ئۇنىڭ بېڭىسى قانچە جىڭ، نەچچە سەر كېلىدىغان نېمە ئۇ؟

— شۇنى دېمەمسىز، — مەسۇم قابىل دىدىللەندى، — ئۇ قىپقىزىل بىر مۇتەھەم يا باشلىقنى ياكى تەشكىلنى «پوش» دەپمۇ قويمايدۇ. ھەر قايسىلىرىدەك زاتى مۇبارەكلەرنىغۇ غاجى-لىغىنى غاجىلىغان. ھە راست، بىر تويدا سىزنىڭ «جەسۇر ئەۋلاد» رومانىڭىزنى «رېئاللىق بۇرمىلانغان»، «سىياسىي رەڭۋازلىق» دەپ...

مەسۇم قابىل نەبىنىڭ تويدا بولۇنغان ھەم بولۇنمىغان گەپلەرنى قوشۇپ سۆزلەپ، نۇردۇن خوجىنىڭ قۇيرۇقىنى راسا چىمدىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن چىرايى ئەمەن يۇتۇۋالغاندەك پۇرۇشۇپ، داغلىغان مىس تەلەڭگىدەك قىزىرىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇ، تۇرسۇنجاننىڭ نەشرىياتچىلىقتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى «پو»لىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ ئالالمىدى.

— زادى بىزنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە دەۋر كۆز قارىشى روشەن، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن پۇختا قوراللانغان جەڭگىۋار سەپ مەۋجۇت ئەمەس، ھەممىسىلا سېسىغان توخۇم!... — نۇردۇن خوجا قوللىرىنى شىلتىدى، — تۇرسۇنجاندەك ئىدىيىسى مۇجمەل، ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈي-

ـدىغان ئالا قانات ئادەملەرنىڭ قايسى مەيداندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتمەي ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسە، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئويلىمامدىغاندۇ؟! پەيـ‌ـتۇلغا بۇ لەنىتىنىڭ نەرى يېقىپ قالغاندۇ، بۇرۇنراق خەۋەر تاپقان بولسامچۇ كاشكى. ئاۋۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى كېرەم نېمە ئۈچۈن سىياسىي ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرمەيدۇ، ئۇ‌ـنىڭ «قوشۇلىمەن» دەپ تەستىق سالغىنى نېمىسى...

«بۇ پور قورساققا يەل بەرسە، راسا قاڭقىيدىكەن» دەپ ئويلىغان مەسۇم قابىل نۇردۇن خوجىنىڭ ھەربىر سۆزىگە لوقما سېلىپ پىشاڭداپ تۇردى. مەسۇم قابىلنىڭ كامىلنىڭ «ئىزگۇ تىلەكلەر» داستانىنى مەزمۇنى ساغلام بولماسلىقتا ئەيىبلەپ، «جەسۇر ئەۋلاد» نى مەدھىيىلەپ يازغان ماقالە، ئوبزورلىرى مەسئۇت پەيزۇللا ۋە ئابدۇسالام جاپپارلار تەرىپىدىن قاتتىق قامچىلىنىپ رەسۋا بولغانىدى. بۇ قېتىم خۇددى «تۇز يەپ ئۆگەنگەن ئىت قوپارغا ئاستىدا ئۆلەر» دېگەندەك، تىغ ئۇچىنى ھېكمەت، ئىشانوف، مىرسۇلتانلارغا قارىتىپ تېخىمۇ سېسىپ كەتتى. نەشرىياتتىكى مۇھەررىرلەر ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ سەسكىنەتتى. سوغۇق چىرايلار، سۆرۈن تەلەتلەر، ئاچچىق ئىستىھزالىق تەنىلەر مەسۇم قابىلنى كۆچۈلا يېگەن ئىتتەك ئازابلىدى. نامان سوپى ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ: «ھەي دەلتە، راست گەپ قىلغان بولساڭ مۇشۇنداق رەسۋا بولارمىدىم» دەپ يۈزىگە تۈكۈردى. ئەمدى ئاشۇ نامان سوپىدەك تېتىقسىزنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاش، كېكەرسە مەززىلىك، ئوسارسا ئىپار، دەپ كۈچۈكلىنىش، ئۇ سېلىپ قويغان «مۇئاۋىن باشلىقلىق» تىن ئىبارەت قۇرۇق سوسكىنى ئىمۇېرىش ئۇنىڭ جېنىغا پاتقا‌ـنىدى. شۇڭا ئۇ گۈلدەستە نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېتىشنى كۆڭـ‌ـلىگە پۈكۈپ پەيتۇلنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم كەچتە سومكىـ‌ـسىنى توشتۇرۇپ باردى. ئۇ خىيالىدا گۈلدەستە نەشرىياتىنىڭ

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇدىرلىقىنى تەمە قىلغانىدى. بىراق، يىلىغا يىگىرمە نەچچە كىتابنى تەستە چىقىرىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتالماي گاڭگىراپ قالغان پەيتۆل تۇرسۇنجاننى ئاللىبۇرۇن يۆتكەپ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ پەيتۆل يېقىن بۇرادىرى نۇردۇن خوجىنىڭ «جەسۇر ئەۋلاد» رومانىنى ماختاپ، «ئىزگۇ تىلەكلەر» نى تىللاپ ئوبزور ـ ماقالىلەرنى يازغان مەسۇم قابىلىنىڭ قانداقتۇر بىر چاغلاردا ئەسقاتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى ھەم ئۇنىڭ «ھايت كۇش ـ كۇش» دېگەن ھامان ئۇتتۇر كەلگەن يەردىن ئالىدىغان ئىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ مەسۇم قابىلنى ئېلىپ قالماقچىمۇ بولدى، بىراق بۇ ناكەسنىڭ جەمئىيەتتىكى سېسىق نامىدىن قورقۇپ قەتئىي رەت قىلدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ نامىنى بۇلغىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن ئۇ نۇردۇن خوجىنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن، چىشىنى چىشلەپ مەسۇم قابىلنى «مۇھەررىر» شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيتۆلنىڭ ۋەدىسى مەسۇم قابىلنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى. چۈنكى، مۇئاۋىن باشلىقلىقتىن ئىبارەت كىچىككىنە ئامەت يۇلتۇزى نۇرغۇن خۇشامەت، قۇيرۇق شىپاڭلىتىش، ئېغىر سومكىلارنى كۆتۈرۈپ توختىماي قاتراش ھېسابىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تاجىغا كۆزى قىيمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بىر چاغلاردا «جەسۇر ئەۋلاد» نى ماختاپ ئەجەبمۇ ئەۋلىيادەك ئىش قىپتىكەن. بۇ كاتتا يازغۇچى ئۇنىڭغا رەھمەتلەر ياغدۇرۇپ ماختىدى. توي ـ تۆكۈن، مەرىكە سورۇنلىرىدا كۆرۈشمىسىمۇ، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كۈلۈپ قوياتتى. بىر قېتىم مەسۇم قابىل ئاشۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىدە نۇردۇن خوجىنىڭ «ئىزگۇ تىلەكلەر» داستانى ھەققىدە: «ئەسەرنىڭ مۇددىئاسى ئېنىقلا تۇرمامدۇ، ئۇ ئىزگۇ تىلەكلىرى ئارقىلىق قايسى دەۋرنى ئارزۇ قىلماقچىكەن؟» دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ پۇچەك ئۇرۇق مەسۇم قابىلنىڭ

قارنىدا تۆرەلمە بولۇپ يېتىلىپ ، «ئىزگۇ تىلەكلەر نېمىگە يەت-
مەكچى ؟» ناملىق ماقالىسىنى قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ بىرىدە تە-
ۋەللۇت قىلدى . نۇردۇن خوجا ئۇنى : «دەۋرنىڭ كۆزى ، قۇلى-
قى ، بۇرنى ، جاسارەتلىك ھەم ئىقتىدارلىق ، ئىسيانكار ئەدىب»
دەپ ماختىدى .

مەسۇم قابىلنىڭ گۈلدەستە نەشرىياتىغا يۆتكىلىش ، ئەمە-
لىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدە تەپتارتماي نۇردۇن خوجىنى
ئىزدەپ كېلىشىمۇ ، ئەنە شۇنداق ئىشەنچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن
بولغانىدى . ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە چۇشلۇق ئۇستازىنىڭ «ئۇيغۇر
زىيالىيلىرى سېسىغان تۇخۇم ، تۇرسۇنجاندەك ئىدىيىسى مۇجە-
مەل ، ئالا قانات» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭغا خۇددى مەست قى-
لىش دورىسىدەك تەسىر كۆرسەتتى . كۆزلىرى تەلۋىلەرچە قى-
سىلىپ ، ئىككى جاۋغىيىدىن كۆلۈمسىرەش ئالامىتى كۆرۈلدى .
نۇردۇن خوجا كېرەم بۇجاڭغا تېلېفون بەرمەكچى بولدى ، لېكىن
بۇ ئويىدىن دەرھال ياندى . چۈنكى ، يۆتكەپ بولغان ئادەم ئۇستى-
دىن دادخورلۇق قىلىپ ئۆزىنى لەت قىلىشنى خالىمىدى ، شۇن-
داقلا كېرەم بۇجاڭنىڭ چىشىغا تېگىشنىمۇ بىئەپ كۆردى .
شۇنداقتىمۇ مەسۇم قابىلنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويمىسىمۇ بول-
مايتتى .

— مەن كېرەم بۇجاڭ ھەم پەيتۇلغا تېلېفون بېرىمەن ، —
دېدى نۇردۇن خوجا ئېغىر تىنىپ ، — سىز دەرھال تەشۋىقات
بۆلۈمىگە بېرىپ ، تۇرسۇن دېگەن نائەھلىنىڭ قانداق ئادەم ئى-
كەنلىكىنى ئېيتىڭ ، قىلچە يۈز - خاتىر قىلماڭ . كېرەم بۇ-
جاڭمۇ كىمگە چاپان ياپقانلىقىنى بىلىپ قويسۇن . ئۆزىڭىز توغ-
رۇلۇقمۇ سۆزلەپ قويۇڭ ، «گەپ قىلمىساڭ باسىدۇ ، ياۋاش
بولساڭ ئاسىدۇ» دېگەن گەپ بار ، بۇنداقلارغا رەھىم قىلىشقا
بولمايدۇ ، قانداق دېدىم ؟

— توغرا ، توغرا ، ئەجەب پاساھەتلىك گەپ بولدى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن پەيتۇلغا سىزنىڭ ئەمىلىڭىزنى ساقلاپ قېلىشنى تاپىلايمەن ، — نۇردۇن خوجا گويا ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك بۇ گەپنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى .

— رەھمەت ، رەھمەت…

مەسۇم قابىل چىقىپ كېتىشى بىلەن نۇردۇن خوجا ئېغىر تېنىنى دىۋانغا تاشلاپ خىيالغا پاتتى ، ۋە «ھەي… ئۆزۈمدىن ئۆتكەن… » دېگەن بىر ئېغىز پۇشايمانلىق سۆز ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ «يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى» لىكىدىن ئىبارەت ھوقۇق تاجىسىنى كەسپىي يازغۇچىلىقتىن ئىبارەت قەلەم ئېتىغا تېگىشكەنلىكىگە تولىمۇ ئۆكۈنەتتى . گەرچە ئاشۇ قەلەم ئېتى ئۇنى جاھاننىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن مەدەنىيەت مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ نەزەرىدە ھوقۇق ، ئەمەل ، ئىمتىياز ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى . نۇردۇن خوجىنىڭ بىر ئۆمۈر ئويلىغىنىمۇ قەلەمنى كۆۋرۈك قىلىپ ئەمەل تاجىسىنى كىيىش ئىدى . ئۇنىڭ «ئوت يۈرەك باتۇرلار» ، «جەسۇر ئەۋلاد» قاتارلىق رومانلىرى ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزدى . بىراق ، ھەممە نەرسە كۈشەندىسىز بولمىغاندەك ، ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان رومانلار ۋە كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان پوۋېست توپلاملىرى ئۇنىڭ «ئىددىيىۋىلىكى» كۈچلۈك بولغان ئەسەرلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويدى . ھەقىقىي رېئالىزملىق مەنىۋى مەھسۇلاتلارغا قانماي كېلىۋاتقان خەلق ، بىردىنلا بۇ ئەسەرلەرگە خۇددى گۈل ھەرىلىرىدەك يېپىشتى . مەسئۇت پەيزۇللا ، ئابدۇسالام جاپپار ، مۇقىتجان باھادىر قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدە پىشىپ يېتىلگەن زىيالىيلار نۇردۇن خوجىنىڭ رومانلىرىنى چەت ئەل ۋە جۇڭگونىڭ قايسىدۇر رومانلىرىنىڭ «ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى» ، «تەقلىدىي يېزىلىشى» ، «كۆلەڭگىسى» دەپ ، ئوپېراتسىيە خاراكتېرلىك ئوبزور - ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشتى . نۇردۇن

خوجا ئولتۇرغان تەختىنىڭ لىڭشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، تاجىسىنىڭ بېشىدا توختىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇ مەسئۇم قابىل، نامان سوپى ھەم باشقا ھەقەمسايىلىرى ئارقىلىق خەلق سۆيگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ھەرخىل سىياسىي قالپاقلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ ئەرز قىلدى. ئۇلار تارقاتقان سىياسىي رەڭۋازلىقلار زىيالىيلارنى بىر مەزگىل گاڭگىرتىپ قويدى. بەزىلەر ۋىجدانىنى سېتىپ ئۇلارغا دوست تارتىشتى، يەنە بەزى چۆجە خورازدەك ئەمدى قىچقىرىشقا باشلىغان نودەر ئەدىبلەر «تاغدا يولۋاس بولمىسا مايمۇن پادىشاھ» دېگەندەك، قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشتى. ھەتتا بىر قىسىم قارا كۆڭۈل قەلەمكەشلەر «مۇما يىقىلسا، ساما سېلىشقا ئەپلىك» دېيىشتى… بىراق بۇ خەلقنىڭ ھەقىقىي ئاۋازى ئەمەس ئىدى. يۈرىكىنى ۋەتەن، مىللەتتىن ئىبارەت ئاتەش كۆيدۈرۈپ تۇرغان ھەققانىيەتچى زىيالىيلار ئاجايىپ كۈچلۈك ئىلمىيلىككە ئىگە ماقالىلىرى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ يولىغا شولا چاچتى.

نۇردۇن خوجىنىڭ شان ـ شۆھرەت يۇلتۇزى بارغانسېرى خىرەلەشتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىنى سايلاشتا سايلىنالماي قېپقالدى. بىراق، ئۇ ھازىرغىچە ھېچبولمىغاندا تەشۋىقات بۆلۈم بۇجاڭى بولۇۋېلىشتەك خام تەمەدىن ۋاز كەچكىنى يوق ئىدى…

كۆڭۈلسىز خىياللاردىن ئىزىلىپ قالغان نۇردۇن خوجا ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، گۇلدەستە نەشرىياتىنىڭ باشلىقى پەيتۇلغا تېلېفون ئۇردى. تۇرۇپكا بىرنەچچە قېتىم سوزۇپ سىگنال بەرگەندىن كېيىن پەيتۇلنىڭ بوغۇق ھەم خىرقىراق ئاۋازى كەلدى. نۇردۇن خوجا تۇرسۇنجان ئالىمنى بىرمۇنچە يامانلاپ سۆزلىگەندىن كېيىن، مەسئۇم قابىلنى زېھنىي ئۆتكۈر، قەلىمى كۈچلۈك، رەھبەرلىككە نىسبەتەن سادىق، كۆزقارىشى

روشەن دېگەندەك سۇپەتلەر بىلەن پەردازلاپ كۆرسەتتى . قارشى تەرەپتىن «ھە ، ئەلۋەتتە ، خوش ، شۇنداق» دېگەن ئاۋاز تەكرار-لىنىپ تۇراتتى .

— ھەي پەيتۇل ، — دېدى نۇردۇن خوجا خاپا بولغان تەلەپپۇزدا ، — ئۆزىڭىزگە ھېزى بولۇڭ ، تۇرسۇنجان دېگەن قۇيۇن بەكمۇ ھىيلىگەردەك قىلىدۇ . سىزنىڭ يەۋاتقان نېنىڭىز-نى ، ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقىڭىزنى تارتىپ ئالمىسۇن يەنە••• نېمە ، ئىشەنمەمسىز ؟ ھەرھالدا مەن سىزنى ئەسكەرتىپ قوي-دۇم . ھە راست ، مەسۇم قابىلنى يۆتكەي دەپسىزۇ ، ئەمىلىنى ئېتىراپ قىلمىغىنىڭىز نېمىسى ؟ «سوپىدىن نېمە كېتەتتى ، ھۆپ - سۇپ ، دېۋانىدىن ئىللالالا» دېگەنىكەن كونىلار ، سىزدىن نېمە كېتەتتى ، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئورۇندۇقىدىن بىرسىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويسىڭىز ، ئايىغىڭىزدا غىڭشىپ يۈرۈپ خىزمە-تىڭىزنى قىلمامدۇ . نېمە ، ئىدارىسىدە سېسىپ كەتكەن ! ھەي بۇرادەر ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سىز بىلەن مەن سېسىماي قال-غانمۇ ؟ ھەقىقىي ئىنقىلابچى دېگەن ئاشۇنداق پىشىدۇ ، تاۋلىنى-دۇ . ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى ، بىر قوتان ياساش ئۈچۈنمۇ ئۈچ دانە موما ياغاچ كېتىدۇ . ئىشىنىمەنكى ، مەسۇم قابىل كېيىنكى كۈنلەردە سىزگە ھاسا تاياق بولۇپ قالغۇسى !

نۇردۇن خوجا پەيتۇلغا تېلېفون بېرىۋاتقان بۇ پەيتتە مەسۇم قابىل كېرەم بۇجاڭنىڭ ئىشخانىسىدا قايناپ - تېشىپ سۆزلەۋا-تاتتى :

— ھەتتا ئۇ يىللىق پىلاندا يوق ، تىماتىك پىلانغىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن ، سىياسىي ، ئىدىيىسى ساغلام بولمىغان ، مىل-لىي ھېسسىياتنى ئۆرلىتىدىغان ، قانداقتۇر شەھۋانىي كىتابلار-نى تېپىپ كېلىپ نەشر بۆلۈمىگە ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا ، بۆلۈم رەھبەرلىرى بىلىپ قېلىپ قالدۇرۇۋەتتى ، — مەسۇم قابىل كېرەم بۇجاڭنىڭ ئىپادىسىز چىرايىنى كۆرگەنسېرى زورۇقۇپ

سۆزلىمەكتە ئىدى ، — كۆرۈپ قالارسىز بۇجاڭ ، ئۇ بىر ئىش بۇزار ، گۇلدەستە نەشرىياتىنى قوماچ قىلىۋېتىپ ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ كىچىككە كىرگۈزۈپ ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ ، نەشرىياتنى ۋەيران قىلىدۇ .

— ھەي ، سىزمۇ تازا بىر سۇنى كۆرمەي ئىشتان سالىدى-غان ئادەمكەنسىز ، — دېدى كېرەم بۇجاڭ تىرىكىپ ، — ئۇنىڭ بۇزغىنىنى ، قوماچ قىلغىنىنى ، ۋەيرانچىلىققا سالغىنىنى كۆ-رۈپ باقمايمىزمۇ .

— ئۇنداق دېگەنبىلەن ئىش ئۆتۈپ كەتسە تۈزۈمەك تەس ، — مەسۇم قابىلنىڭ قىياق كۆزلىرى چەكچەيدى ، — ئۇنى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن ئىبارەت بىر باشقارمىنىڭ باشلىقى قىلىپ قويۇش خۇددى يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەكلا ئىش . ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمىنلىكىنى بۇزىدىغان ئەسەرلىرىنى ھوقۇقىدىن پاي-دىلىنىپ چىقىرىۋالسا ، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى ھەرقايسىلىرىغىمۇ كېلىدۇ .

مەسۇم قابىل ئاخىر كېرەم بۇجاڭنىڭ جان يېرىنى چېقىپ سەكرىتىۋەتتى .

— ئۇ ئاداش شۇنداقمۇ قىلارمۇ ؟

— بىر نېمە دېمەك تەس ، نەدىكى پىلاندا يوق ، نەشرىيات پارتكومى تەستىقلىمىغان كىتابلارنى ئوغرىلىقچە ئىشلىگەن نەر-سە ، ئۇنچىلىك ئىشنى قىلماسمۇ ؟

كېرەم بۇجاڭ مەسۇم قابىلنىڭ چىرايىغا خېلى ۋاقىتچە تىكىلىپ قالدى . خىيالىدىن ، ئۇنىڭ ئىشانوف بىلەن مىرسۇل-تاننى چېقىپ كەلگەنلىكى ، شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىنىڭ لەت بو-لۇپ قالغانلىقى «لىپ» قىلىپ ئۆتتى . ئۇ قارا بېسىپ ئۇيغە-نىپ كەتكەندەك ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

— ھەي ، سىز ئۆتكەندىمۇ نەدىكى يوق ئىشلارنى يېزىپ كېلىپ ، بىزنى ئوسال ئەھۋالدا قالدۇرغانىدىڭىز ، — كېرەم

بۇجاڭنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىرايىدىن بىلىندى، — بۇ-
گۈن ئەمدى تۇرسۇنجان ئالىمنى غاجاپ كەپسىز، بۇ ئىشتىمۇ
بىزنى يەنە بىر رەسۋا قىلاي دەمسىز - نېمە؟
— ئۇ چاغدا، ئۇلار بىر - بىرىگە ئىرمىشىپ - چىرمى-
شىپ كەتكەن بىر توپ گۇرۇھ بولغاچقا، بىز ئاز كېلىپ قال -
دۇق، — دېدى مەسۇم قابىل بىچارىلىك قىياپىتىگە كىرىپ، —
تارىختا ھەقىقەتنى قوغدىغانلار ھامان ئاز سانلىق ئىدى، لېكىن
بۇ قېتىم سىلەر تۇرسۇنجاننىڭ ھەرىكىتىگە سەل قاراۋاتىسىلەر.
كېرەم بۇجاڭ، مەسۇم قابىلنىڭ ئۆتكەنكىدەك ئاداۋەت،
كۆرەلمەسلىك، رەشىق ئوتىدا پۇچىلىنىپ، كۇشەندىسىدىن ئۆچ
ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن رەھبەر-
لىك «ئۇسۇلى» ھەم «سەنئىتى» بويىچە بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈ-
نۈش نەزەرىيىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. شۇڭا ئۇ، مەسۇم قابىل-
نىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىپمۇ كەتمەسلىك ھەم سەل قارىماس-
لىق، شۇنداقلا تۇرسۇنجان ئالىمنىمۇ بىر مەزگىل سىناپ كۆ-
رۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا «ۋاي» دەپ
كەتمەيدىغان مىجەزى، تۈپتۈز مۇئامىلىسى كېرەم بۇجاڭدا يامان
تەسىر قالدۇرۇپ: «بۇ راسا ھاكاۋۇر، ئاتىكاچى، مەنمەنچى بىر
نېمە ئوخشىمامدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. يەنە
بىر تەرەپتىن، مەسۇم قابىلدەك ئادەملەرگىمۇ سەل قارىغىلى
بولمايتتى. كېرەم بۇجاڭ بۇنداقلارنى كۆپ كۆرگەن، سەللا
چىشىغا تېگىپ قويساڭ، ئۇلار سېنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى
ئورۇنلارغا ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىپ بېرىشتىن يانمايتتى.
— مەسۇم قابىل، كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ،
كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ قويدىڭىز، — كېرەم بۇجاڭنىڭ
تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆزگەردى، — ئەمما، ھازىر ئىسلاھات ۋاق-
تى، تۇرسۇنجاننىڭ «ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىمەن» «نەشرىيات-
نىڭ قەددىنى تىكلەيمەن» دەپ مەيدانغا چىقىشىنى يۇقىرى رەھ-

بەرلىك قوللايدۇ ، بولۇپمۇ لى بۇجاڭ ئۇنىڭدىن بەكمۇ مەمنۇن . قېنى ئىشلەپ باقمىسۇنمۇ ، مۇزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە بولۇپ قالامدۇ تېخى ، كۆرۈپ باقايلى . بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ۋەيران بولغان كارخانا ، زاۋۇت ، شىركەتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ، «مەن مۇنچە يىلدا ئۇنۇم يارىتىمەن ، مۇنچە يىلدا پايدا كۆرۈپ ئىگىلىكنى جانلاندۇرىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانلارنى ھۆكۇ-مەت قوللاۋاتامدۇ .

مەسۇم قابىل كېرەم بۇجاڭنىڭ ئۇزۇن نۇتقىدىن قىسىرىق تاپالمىدى . بىر قارىماققا ئۇنىڭ سۆزلىرى يوللۇقتەك قىلاتتى . كىم بىلىدۇ ، تۇرسۇنجانمۇ «بىر سەكرىدىم قۇتۇلدۇم ، ئىككى سەكرىدىم تۇتۇلدۇم» دەپ چالمىسى سۇغا چىلىشىپ قالامدۇ ! نەرسىلەرنىڭ نەرخ ـ ھاۋاسى ئۆرلەپ تۇرۇۋاتقان شارائىت ئاس-تىدا كىتاب بىلەن كىمنىڭ ھەپىلىسى . مۇنداق قورساق توي-مايدىغان كىتاب سودىسىغا كىممۇ قىزىقىدۇ . ھەي تۇرسۇن ، ھەي قۇيۇن ، ھالاكىتىڭ ئالدىڭدا سېنىڭ ، پوتلا ـ مىشقىڭنى ئېقىتىپ ، مىڭلىغان قەرزنى گەدىنىڭگە ئارتىپ ئۆزۈڭنى ھەپى-سىدە كۆرمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي . بەلكىم ئۆگەي داداڭنى پاناھ تارتىپ ، غەربىي گېرمانىيىگە قېچىپ كېتەرسەن . شۇنداق قىلغان بولساڭغۇ خويمۇ ئوبدان بولاتتى ، مىڭ بالالىقتا يازغان ئەسەرلىرىمنى خىرەلەشتۈرىدىغان قەلىمىڭمۇ بىللە كەتكەن بو-لارىدى .

كۆڭۈلدىن يۈگۈرۈك نەرسە يوق ئىكەن ، دەقىقە ئۆتمەي مەسۇم قابىلنىڭ كاللىسىدىن ئەنە شۇنداق نەشكەش بەڭگىنىڭ خىيالى كېزىپ ئۆتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ تامىقىنى بىردەملىك تاتلىق قىلغان ھەمدەم خىياللارغا ئىشىنەلمەي ئېگىز ـ پەس ھالغا كېلىپ ئويلىنىپ قالدى : «ياق ، تۇرسۇن شەيتاندىن چاق-قان نېمە ، قولىدىن ھەربالا كېلىدۇ . ئۇنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك . شۇڭا ، ئۇنىڭ بۇرنى ئاستىغا كىرىۋې-

لىپ ، پۇرسەت كۈتمىسە بولمايدۇ .»

— ھە ، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ، — دېدى كېرەم بۇجاڭ
گەپ تۈگىدى ، دېگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مېنىڭ دېگەنلە-
رىم كاللىڭىزدىن ئۆتمىدىمۇ يا ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، ئېيتقانلىرى كۆڭلۈمنى ئاپتاپتەك
يورۇتۇۋەتتى ، — مەسۇم قابىل غەلىتىلا ھىجايدى ، — بىراق
ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سورىغۇم كەلدى ، مېنىڭ ئىلتىماسىم
توغرۇلۇق بىرەر جاۋاب ئاڭلىغۇم بار…

— ھەممە ئىشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ ، بۇنى سىزمۇ بىلە -
سىز ، — كېرەم بۇجاڭ زېرىككەن ئەلپازدا ئەسنىدى ، — پەي-
تۇل بىلەن ئىشانوف ئۆزئارا كېلىشىسىلا ھەل بولىدىغان ئىش .
مېنىڭچە ئىشانوف ، مىرسۇلتانلار «ياق» دېمەيدىغۇ دەيمەن…

مەسۇم قابىل كېرەم بۇجاڭنىڭ قاملاشقان بوي - بەستىگە ،
مەسخىرىلىك قىسىلغان كۆزلىرىگە ، ياسالما كۈلۈمسىرەشلىرىگە
قاراپ قىزىرىپ كەتتى . ئۇ ئىچىدە : «قارا ماۋۇ يونىمىغان
توغراقنىڭ گېپىنىڭ سېسىقلىقىنى… » دەپ ئويلىدى . چۈنكى ،
كېرەم بۇجاڭ بىر چاغدىكى چېقىمچىلىقىنى چاندۇرماي يادىغا
سېلىپ قەستەن ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگكەنىدى .

مەسۇم قابىل تەشۋىقات بۆلۈمىدىن قايتىپ چىقىپ ، گۈل-
دەستە نەشرىياتىغا بارماقچى بولدىيۇ ، سائىتىگە قاراپ يالتايدى .
چۈنكى ، كەچلىك ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . ئۇ
يولدا كەلگۈچە كېرەم بۇجاڭنىڭ ، مېنىڭچە ئىشانوف ، مىرسۇل-
تانلار ياق دېمەيدىغۇ دەيمەن ، دېگەن سۆزىنى ھەزىم قىلالماي ،
قورسىقى كۆپتى «قارا ماۋۇ تومپاينىڭ گېپىنى ، سەندەك دەي-
دىچى ، چېقىمچى ئەبگادىن ئۇلارمۇ بىزار دېگىنىڭغۇ بۇ… »
مەسۇم قابىلنىڭ جان كۆيەرلىكىنى نېمىدەپ چۈشەندى ئۇ ؟
ئەلۋەتتە ، ھەرقانداق جەمئىيەت ، ئىدارە ، ئورگان ئەمەلدارلىرى
گۇرۇھۋازلىق ، يۇرتۋازلىق ، پارىخورلۇقتىن قولىنى تارتسا ،

پاك ـ دىيانەتلىك بولسا نېمىدېگەن ياخشى . مەنمۇ شۇ ئىشانوف ، مىسرسۇلتانلارغا ياخشى بولسۇن دەيمەن ! ئەگەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە قارىتىلغان مەخسۇس تۈزۈم ، قانۇن ، تەپتىش قاتار- لىقلار مۇكەممەل بولغان بولسا ، كامىل ، ھېكمەت ، تۇرسۇنجاد- دەك تۇترۇقسىز ئەدىبلەرگە ماكان ـ شارائىتمۇ يارىتىلمايتتى . مەسئۇت پەيزۇللا ، ئابدۇ سالام جاپپار ، مۇقىتجان باھادىردەك تەتقىقاتچى ، ئوبزورچىلارمۇ قۇيرۇقىنى قىسقان بولاتتى . بەزى ئاتالمىش كاتتا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ كونا قېلىپتىكى ئەسەر- لىرى چىقىۋىدى ھەممە خەق چۇمۇلىدەك ئولاشتى . بۇ ئاشۇ ئەسەرلەردە مەسىلىنىڭ بارلىقىغا پاكىت ئەمەسمۇ ، ئەلۋەتتە دەز تۇ- خۇمغا چىۋىن ئولىشىدۇ ـ دە . مەتتىمىن توختايۇفنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى يازغان «قانلىق يەر» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ قايتىدىن ئېلان قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ، بۇ ئوپئوچۇقلا فېئودالىق تۈزۈم ، فېئودالىق مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىشقۇ ! ئەي ـ ھەي ، ھازىرقى ئەمەلدارلىرىمىز بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلاۋاتىدۇ . ئەگەر مەسۇم قابىل ئاشۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسا جاھاننى ئەينەك بېتىدەك تۈزلەپ پارقىرىتىۋەتكەن بولار ئىدى . خۇدايىم ئۇ كۆڭلەرگىمۇ يەتكۈزەر ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈ- مىد بار ئەمەسمۇ...

مەسۇم قابىل تاتلىق ھەم ئاچچىق ، چۆچۈمەل ۋە قىرتاق خىياللار قايىنىمىدا ئۆيگە يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئايالى توقۇمى- چىلىق زاۋۇتتا ئىشلىگەچكە كېچكىپرەك كېلەتتى . ئىككى قىزى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى ، چوڭ بالىسى رۇستەم بولسا بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئالدىدا ئىدى . مەسۇم قابىل مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندە ئوغلى رۇستەم دىۋانغا چۆككىنىچە باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇۋاتاتتى . ئۇ ئوقۇشقا شۇنچىلىك كى- رىشىپ كەتكەن ئىدىكى ، دادىسى چاپىنىنى ئاسقۇغا ئېسىپ ، يوپكىسىنى ئۈستەلگە پاققىدا تاشلىغانغا قەدەر قارىمىدى .

— ھە ، ئېمىگە شۇنچە كىرىشىپ كەتتىڭ ، — دېدى مەسۇم قابىل ئىرەڭشىمىگەن ھالدا ، — قايسى كىتابكەن ئۇ شۇنچە چاپلىشىپ قالغۇدەك .

— مانا ماۋۇ كىتاب ، — رۇستەم بېشىنى كۆتۈرمەيلا كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى كۆرسەتتى ، — بۇ كىتابنى «چەكلەپتۇ» دەپ ئاڭلاپ ئوقۇپ باقاي دېدىم .

مەسۇم قابىلنىڭ ئىچىدە بىر يېرى «تارسىسدا» ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى . ئۇ ئىچىدە : «قارا بۇ قېرى تۈلكىنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى ، ئاغزىمدىن گەپنى ئېلىۋېلىپ مەندىن بۇرۇن چىققىنىنى ، تېخى كاتتا يازغۇچىمىش ، لەنەت تەگكۈر ، كۆڭلى پەس ئوغرى» دەپ بايىلا مەدەت تىلەپ بارغان نۇردۇن خوجىنى تىللىدى . تېخى ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا مەسۇم قابىل بۇ كىتابنى سومكىسىغا تىقىپ نۇردۇن خوجىنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۇ كىتابنىڭ قاتلانغان ، ئاستىغا سىزىلغان سەھىپىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قويغاندا ، نۇردۇن خوجا سىنەكىمىگەندەك ئەلپازدا : «ئۇنداق مەزمۇنلار يوقتەك قىلامدۇ قانداق ؟ » دەپ ئۇنى بىخۇدلاشتۇرغانىدى . مانا ئەمدىلىكتە نەچچە كېچىلەپ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ، ھەتتا ماقالە تېزىسلىرىنى تۈزۈپ تەييار قىلىپ بولغان لوقمىنى تارتىۋېلىپ شان - شەرەپ ، ئىشەنچ ، يۇقىرىغا ئۆرلەش پەشتاقلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلدۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان !

— ئىبلىس ، قارا يۈز ، ئىپلاس دەيۈز… خەقنىڭ ئەمگىكىنى ئوغرىلىغىچە ئۆلسەڭچۇ بۇلاڭچى…

— دادا ، بىر كىمنى تىللاۋاتامسىز ؟ — رۇستەم بېشىنى كۆتۈردى ، — قانداق مۇناپىقكىن ، شۇنداق ياخشى كىتابنى چېقىپتۇ . ياللا مۇشۇ كۈندە بەزى زىيالىيلىرىمىز غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا بولدى ئۇچرىغاننى چىشلەيدىغان… ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئىش يوقمىدۇ ؟ يا نومۇس قىلمايدىكەن…

مەسۇم قابىل غەزەپ ئاچچىقىدا ئاۋازىنىڭ چىقىپ كەتكەنـ
لىكىنى تۇيمىغانىدى ، شۇڭا ئوغلىنىڭ سۆزلىرى ئۇنى تۇنجۇقـ
تۇرۇۋەتتى . ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولسا رۇستەمنىڭ ئاغزىغا
تەستەك سالغان بولاتتى ، لېكىن ئۇ ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپـ
نىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان زېھنى ، ئەقلى يېتىشىپ
قالغان ياش ئىدى . بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ دادىسىغا : «دادا ،
سىزنىڭ ‹ئىزگۇ تىلەكلەر › دېگەن داستانغا يازغان ماقالىڭىزنى
ساۋاقداشلىرىم «ساقچىغا يازغان ئەرز» دەپ مېنى مەسخىرە
قىلدى ، دېيىشىگە بىر تەستەك يەپ بۇرنى قاناپ كەتكەنىدى .
ھازىر مەسۇم قابىل ئۇنداق قىلالمايدۇ ، چۈنكى بەزى رومان ھەم
پوۋېستلار توغرۇلۇق بولۇپ ئۆتكەن بىر ـ ئىككى قېتىملىق
مۇنازىرىدە ، رۇستەم ئۇنى خېلىلا تەرلىتىپ قويىدى . شۇنىڭدىن
كېيىن مەسۇم قابىلدا : «ھازىرقى ياشلارغا سەل قارىغىلى بولـ
مىغۇدەك» دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ ئىش
ھەرىكەتلىرىنى ، يۇقىرىغا يازغان دوكلاتلىرىنى يۇشۇرىدىغان
بولدى .

مەسۇم قابىل ئەتىسى ناشتا قىلىپلا گۇلدەستە نەشرىياتىغا
يول ئالدى . ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىدا ئىككى يول ئالماشقاندىن
كېيىن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا چۈشۈپ قالدى ، ئاندىن چار چاچلىـ
رىنى بارماقلىرىدا تاراپ ، تۈگمىلىرىنى ئېتىپ ، ئۇستى بېشىنى
بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ، تۆت قەۋەتلىك سېرىق سىرـ
لانغان خىزمەت بىناسىغا كىرىپ كەتتى .

نەشرىيات باشلىقى پەيتۇلنىڭ ئىشخانىسى ئۈچىنچى قەۋەتتە
بولۇپ ، ئىشخانا ئوتتۇرىدا خىزمەت ئۇستىلى ، ئوڭ ياندا يېشىل
مۇۋىتلىرى چۈشۈپ كىرلىشىپ كەتكەن چوڭ دىۋان ، سول
تەرەپكە بىر نەچچە ئورۇندۇق قويۇلغانىدى . ئۇدۇلدىكى تامدا بىر
كىتاب ئىشكاپى ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى داتلاشقان تۆمۈر ئىشكاپ
تۇراتتى . ئومۇمەن پەيتۇل باشلىقنىڭ خىزمەت ئۇستىلىدىن تار-

تىپ ھەممىلا ئەسلىھەلىرى كونا بولۇپ ، ئىشخانىدىن بىرخىل نامراتلىق يېغىپ تۇراتتى .

پەيتۇل جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ ، ئالدىدىكى ماتېرىيالغا شۇنچىلىك قادىلىپ ئولتۇراتتىكى ، بەجايىكى كىيىم كىيگۈزۈپ قويۇلغان ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرىدىغان قوش ئېڭەكلىرى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ ، سەل سەپكۈنلۈك ئاپئاق سىمىز يۈزى سۈرتكەنسىرى تەرلەپ تۇراتتى .

پەيتۇل تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ «مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئىگىلەش — نەشرىياتلارنىڭ چىقىش يولى» سەرلەۋھەلىك دەسلەپكى لايىھەسىنى ئوقۇغانسېرى گاڭگىراپ ، بەزى شەرھلەنگەن ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى . شۇڭا ئۇ ، ئوقۇلۇپ بولۇنغان ئورىگىنالنى قايتىدىن ئەستايىدىل ، ئىنچىكە كۆرۈپ ، سۆز - جۈملىلەرنى تەھلىل قىلاتتى . بەزى ئىسلاھات تىرمىنلىرىنى چۈشىنەلمەي قالغىنىدا دەرھال تېلېفون ئارقىلىق يان ئىشخانىدىكى تۇرسۇنجاننى چاقىرىپ سوراپ ئېنىقلايتتى .

گۈلدەستە نەشرىياتىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى بۇ دەسلەپكى لايىھە ، گەرچە ئاددىي ، چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولسىمۇ ، قويۇلغان مەسىلىلەر بىرقەدەر كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىدى . ئۇنىڭدا ھازىرقى دەۋرىمىز «ئۇچۇر» دەۋرى دېيىلىپ ، ئۇچۇرغا سەل قارىماي ، شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ئادەم ئەۋەتىش ، زاۋۇت ، كارخانا ، شەخسلەر قۇرغان باقمىچىلىق ، ھەسەل ھەرىسى يېتىشتۈرۈش ، كۆكتاتچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، پىلىچىلىك قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلار ، تەربىيىلەش كۇرسلىرى ، تېخنىكوم ، ۋە ئىشچى تېخنىكوملارغا قانداق ئوقۇشلۇقلار ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئىگىلەش ۋە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ بىر قىسىم ئالىم ، مۇتەخەسسىس ، ئالىي مەكتەپ كەسپىي خادىملىرىغا شۇ كەسىپكە دائىر ئەسەر يېزىشنى ئۇيۇشتۇرۇش ، تەييار خەنزۇچە كىتابلارنى پىشقان كەسپىي تەرجىمانلارغا تەرجى-

مىگە بېرىش ، تېز ئۇنۇم يارىتىدىغان كىتابلارنى كۆپلەپ تارقى-
تىش ئارقىلىق دەسلەپكى ئىقتىسادىي مەبلەغكە ئىگە بولۇش ،
ئەگەر مەبلەغ يېتىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرىغا دوكلات
يېزىش ياكى بانكىلاردىن ئامانەت قەرز ئېلىش ، بۇنىڭدىمۇ ئۈمىد
بولمىسا باسما زاۋۇتلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ، قەرز
ھېسابىدا كىتاب باستۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلار تەپ-
سىلىي بايان قىلىنغانىدى . پەيتۇل لايىھەدىكى مۇنۇ سەھىپىلەر-
نى ئۇنلۇك ئوقۇدى :
نەشرىياتىمىز مىللىچە تىل - يېزىقتىكى كىتابلارنى نەشر
قىلىشنى ئاساس قىلغان ، خەلقىمىزنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن
تەمىنلەيدىغان مۇھىم ئورۇن . تارىخىي شارائىتتىن ئېلىپ ئېيت-
ساق ، تولىمۇ سول سىياسىي ئېقىمنىڭ نەتىجىسىدە ، زىيالىيلى-
رىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ، ئىجاد قىلىش روھى بوغۇلۇشقا
ئۇچرىغانلىقتىن «تەرجىمە قىلىش ھەممىدىن ئىشەنچلىك ، كۈچ
سەرپ بولمايدۇ ، نېمە دېيىلگەن بولسا شۇنى تەرجىمە قىلىپ
قويساقلا بولىدۇ ، كاللىمۇ يېمەيلى ، چىشىمۇ چاقمايلى» دەيدىغان
ئېھتىياتچانلىق كەيپىياتى قويۇق بولغاچقا ، تەرجىمىگىلا بېرى-
لىپ ، ئۆزى يېزىش ، ئۆزى تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ،
جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت . بۈگۈنكى كۈندە ئىسلا-
ھات ئۇنداق ئەندىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى . ئەگەر بىز تۈنجى
قەدىمىمىزدىلا ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ ، قەددىمىزنى
رۇسلىۋالايلى دەيدىكەنمىز ، نەزەرىيە كىتابلىرى بىلەن ئەمەلىي
پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشى-
مىز كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي پەن - تېخنىكا كىتابلىرى-
نى ئاساس ، نەزەرىيە كىتابلىرىنى قوشۇمچە قىلىشىمىز كې-
رەك ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ؟
نەزەرىيە — كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ماددىي ۋاسى-
تىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىنىڭ

يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى . مەسىلەن ، پەلسەپە — نەزەرىيىلەشكەن ، سىستېمىلاشقان دۇنيا قاراشتۇر . ئەمەلىي پەن - تېخنىكا بولسا كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى كونكرېت چارە - تەدبىرلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ . كىشىلەرگە مەلۇم بىر ساھەدە نېمىلەرنى قىلىش ، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ . مەسىلەن ، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قانداق رېمونت قىلىش كېرەك ؟» ، «توخۇلاردىكى ئاق چىچىش كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى» ، «كېۋەز پىتى ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ، «باقمىچىلار قانداق قىلغاندا ئىگىلىك يارىتالايدۇ ؟ قاتارلىقلار» .

لايىھىدە يەنە ، مۇھەررىر ، كوررېكتورلارغا ۋەزىپە تەقسىم قىلىش ، ۋەزىپىسىدىن ئاشقان قىسمىغا ھەق بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ، ئورۇندىيالمىغانلىرىنىڭ مۇكاپات پۇلى ھەم مائاشىدىن تۇتۇش ، چارىسىنى قوللىنىش شۇنداق قىلغاندىلا داش قازانغا بەرھەم بېرىپ ، ھەممە كىشىدە مەسئۇلىيەت كۆزقارىشى تىكلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى .

پەيتۇل تۆۋەندىكى سەھىپىلەرنى ئوقۇغاندا ، ئويلىنىپ قالدى .

«نۆۋەتتە ، يېزىلاردىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ ، شەھەرلەردە سىرتقا نىسبەتەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ، ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىگىلىك ئىسلاھاتى كەڭ قانات يېيىپ كەتتى . مۇنداق ياخشى پۇرسەتتە نەشرىياتىمىز ئىقتىسادىي قىممەتنى ئاشۇرۇشى كېرەككى ، زىيانغا يول قويماسلىقى كېرەك . بولمىسا ئاخىر بېرىپ زىياندىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ... »

— قارا ماۋۇ ئەبلەخنىڭ قورقاق سېلىۋاتقىنىنى ، — پەيتۇل پىچىرلىدى ، — شۇنداقتىمۇ دېگەنلىرىنىڭ جېنى بار گەپلەر ، ئەجەب بالا نېمىكەنا بۇ...

لايىھەدە يەنە، ئىشنىڭ باشلىنىشىدا نىمىلەرنى قىلىش، قەيەردىن تۇتۇش، پىلانغا كىرگۈزۈلگەن كىتابلارنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىش، ئۈنۈم يارىتالايدىغان، خەلققە ئېھتىياجلىق بولغان ئەمەلىي پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنى دەرھال چىقىرىش، قالغانلىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىش، ئازغىنە پۇل خەجلەپ، تونۇلغان ئالىم، مۇتەخەسسىس، مەخسۇس كەسىپ ئىگىلىرىنى سۆھبەتكە چاقىرىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش قاتارلىقلارمۇ قالمىغانىدى.

لايىھىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ سەھىپىلەرنى كۆرگەن پەيتۇل مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

«پەيتۇل باشلىق، مېنىڭ بۇ پىشمىغان دەسلەپكى خام لايىھەمگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئوشۇق يەرلىرىگە پىكىر بېرىشىڭىزنى، كەم قالغان يەرلىرىنى تولدۇرۇپ ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا، بارلىق مۇھەررىرلەر باش قوشقان يىغىندا بىرنەچچە قېتىم مۇزاكىرىگە سېلىپ، مۇكەممەل بولغان لايىھىگە ئىگە بولساق دەيمەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دەسلەپكى يىلى ئازراق جاپا تارتساقمۇ، كېيىنكى يىللاردا چوقۇم ئۈنۈم كۆرەلەيمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا مەن ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى ئەمەلىمدىن ئىستېپا بېرىپ، دەرۋازىۋەن بولۇشقا رازى...»

— توۋا، — پەيتۇل ياقىسىنى تۇتۇپ پىچىرلىدى، — بۇ بىر پارچە ئوت ئىكەنغۇ. كېرەم بۇجاڭ، نۇردۇن خوجىلار ئۇنىڭغا نېمىشقا ئۆچتۇ، ئوت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچمىدۇ؟ توغرا، ئۇلار ئېيتقاندەك ھىزى بولسا بولغۇدەك. «ئوت» دېگەن ھۆل - قۇرۇقنى ئايرىماي كۆيدۈرىدۇ ئەمەسمۇ. پەيتۇل سەنمۇ ئېھتىيات قىل»

پەيتۇل ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاۋەرگەنمۇ بولاتتى، ئىشىك چېكىلىپ قالدى. ئۇ «كىرىڭ» دەپ ئىجازەت بېرىپ بولغۇچە

ئىشخانىغا مەسۇم قابىل ھىجىيىپ ، قورۇلۇپ كىرىپ كەلدى ۋە ئېگىلىپ قوش قۇللاپ كۆرۈشۈپ كونا دىۋانغا چۆكتى . بۇ ئەسنادا پەيتۇللانىڭ كۆڭلىدىن «بۇنىڭدىنمۇ ھېزى بولۇش كېرەك ، ۋاقتى كەلسە مېنىمۇ چېقىشتىن يانمايدۇ بۇ كۆكۇيۇن» دېگەن ئوي ئۆتتى .

— سىزنىڭ يۆتكىلىش ئىشىڭىز ھەل بولدى ، ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە ئىشانوف ، مىرسۇلتانلار ئارانلا تۇرغانمۇ نېمە ، دەرھاللا قوشۇلدى ، — پەيتۇل راسا كەلتۈرۈپ نەشتىرىنى سانجىدى ، — ئەمدى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئىجادىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلىسىڭىز بولىدۇ .

مەسۇم قابىلنىڭ قىياق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلدى ، نېمىدۇر گېلىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بويۇنلىرىنى تولغىدى ، «دۇنيادا ئەمەلدار دېگەننىڭ بىرىمۇ ياخشىسى يوق ، ھەممىسى چاتىرقىغا پاتماي قالغان نېمىلەر . كىرەم بۇجاڭ ‹ئىشانوف ، مىرسۇلتانلار ياق دېمەيدىغۇ ، دەيمەن › دەپ مەسخىرىلەپ يىغىرىمغا تەگدى ، مونۇ ھەممە يېرى دىقماق بەندە ‹ئىشانوف ، مىرسۇلتانلار ئارانلا تۇرغانمۇ نېمە › دېيىش ئارقىلىق ھىڭدىن سېسىق گەپ قىلىپ زەھىرىنى سانجىۋاتقىنىنى قارا ! خەپ پەيتۇل ، جېنىم تېنىمدە ئامان بولسىلا كۆرۈمىز تېخى . ئاشۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقۇڭ قانداق قىلىپ مېنىڭ ئاستىمغا ئۆتۈپ قالغىنىنى تۇيماي قالىسەن ! قېنى ، ئاۋۋال تۆت پۇتۇمنى تىرەپ دەست تۇرۇۋالاي ، ئاندىن مايمۇندەك چىرقىراتمىسام... »

مەسۇم قابىلنىڭ كاللىسىدىن گەرچە شۇنداق ئوغىدەك خىياللار ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئاچچىقىنى يۇتۇپ ، چىرايىغا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى بەردى . چۈنكى ، ھازىر ئۇنىڭغا كۈلكىدىن قورۇلۇپ كېتىدىغان چىراي ، پۈرژىنىدەك ئېگىلگەن بويۇن ، خېمىردەك يۇمشۇرتقىلا ياردەم بېرەلەيتتى .

— ئۇنداقتا ۋەزىپەم قانداق بولىدىكىن ؟

— مۇئاۋىن كېچاڭلىق ۋەزىپىڭىزمۇ ئۆزىڭىز بىلەن بىللە
كېلىدىغان بولدى .

— رەھمەت ، رەھمەت...

ئۇرغۇ بىلەن سوزۇپ ئېيتىلغان «مۇئاۋىن كېچاڭ» سۆزى
مەسۇم قابىلغا «يېشىڭ قىرىقتىن ئاشقاندا ئىگە بولغىنىڭ چىد-
ۋىنىڭ قانتىدەك ئەمەل» دېگەندەك تۇيۇلدى . شۇڭا ، ئۇ بې-
شىنى مۇرىسىگە چۆكۈرگەن ھالدا پەيتۇلغا قىياق كۆزلىرىنى
قىسىپ قارىدى . قىزارغان قاپاقلىرى بارغانسېرى يۇمۇلۇپ ،
يېرىم يۇمۇق جىيەكلەر ئارىسىدا ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەينەك
ساقىدەك قارىچۇقلاردىن زەھەرلىك ئۇچقۇنلار چاقنىدى ۋە بىر
ھازا شۇ ھالدا قېتىپ قالدى . بۇ قاراشتىن پەيتۇلنىڭ تېنى
شۈركۈنۈپ كەتتى . بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس
سىرلىق خاتىرە بولۇپ قالدى .

— خوش ، مەن قايتاي ، — مەسۇم قابىلنىڭ بايىقى تە-
كەنلەشكەن چىرايىغا بىردەمدىلا كۈلكە ئالماشتى ، — سىزنى
ئاۋارە قىلدىم... خۇدا خالىسا مەنمۇ بىر كۈنلەردە بىر - بىرلەپ
قايتۇرىمەن...

ئەللىك ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان پەيتۇل ، مەسۇم
قابىل چىقىپ كېتىش بىلەن «ئۇنىڭغا نېمىشقا قوپال تەگكەندىد-
مەن» دەپ ئويلىدى ھەم سەل ئەنسىرەپمۇ قالدى . چۈنكى ئۇ ،
نۇردۇن خوجا ئېيتقاندەك ئالغۇر تايغاندى . خىرىس قىلغان
نەرسىسىگە ئايانماي ئېغىز سالالايتتى . رەسۋايىئالەم بولۇشتىن
قورقمايتتى . ھېلىقى «ئىزگۇ تىلەكلەر» داستانىنى بىرلا تالد-
ۋىدى ، بىر مەزگىل كامىلنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ ، يۇقىرىغا سەت
كۆرسىتىپ قويدى . ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتاننى پارىخورلۇق ،
يۇرتۋازلىقتا چىشلەپ تارتىپ ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ باشقىلار ئال-
دىدا يۈزىنى تۆكتى . بۇنداق قارىغا ئۇچرىغانلار ھەرقانچە ئاقلاد-
غىنى بىلەنمۇ ، خۇددى چىنىنى قادىسا دەزى يۇقىماي كىر تود-

تاپ قالىدىغان ئەھۋالدا قالاتتى. «جەسۇر ئەۋلاد» رومانىغا تەنقىد ماقالىلەر يېغىپ كېتىۋىدى، مەسۇم قابىل بىرلا ماختاپ، نۇردۇن خوجىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدى. نۇردۇن خوجا: «ئەدەبىيات دېگەن شۇ، بىرسى مەدھىيىلىسە، بىرسى تەنقىدلەيدۇ. مۇنازىرە ئارقىلىق گۈللىنىدۇ، راۋاج تاپىدۇ» دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈردى. ئەگەر مەسۇم قابىل ماقالە ئېلان قىلمىغان بولسا، نۇردۇن خوجا يۈزىنى نەگە قويارئىدى؟!

پەيتۇل مەسۇم قابىلدىن راستىنلا ھەزەر ئەيلەپ قالدى. ئۇ نېمىشقىمۇ نۇردۇن خوجىنىڭ: «بۇ ئادەم سىزگە كېيىنكى كۈنلەردە ھاسا تاياق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ قالدى. نۇردۇن خوجا پەيتۇلنىڭ شاپائەتچىسى، ئۇنى ئادەتتىكى گېزىت تەھرىرلىكىدىن نەشرىيات باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈشتە ئۇنىڭ ئاز ئەجرى سىڭدىمۇ؟ خەير بوپتۇ، مەسۇم قابىل يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىنى ئالسا بولمىدىمۇ، تۆكىنى يېتىشىغا سىلاپ بۇ تايغاننى كۆندۈرۈۋالغىنى تۈزۈك.

پەيتۇل ئەنە شۇنداق ئۆزىنى تىڭشاپ قالغان بۇ پەيتتە، مەسۇم قابىل تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ ئىشخانىسىدا راسا سۆزلەۋاتاتتى.

— سىزنىڭ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، «ھەقىقىي ئىسلاھاتچى ئەمدى ئورنىنى تېپىپتۇ» دەپ قەۋەتلا خۇشال بولدۇم. بۇ ئورۇن سىزدەك پائالىيەتچان، ئىزدەنگۈچى، ئىقتىدارلىق رەھبەرگە لايىق، — مەسۇم قابىل ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ كۈلۈپ تۇراتتى، — مانا مەنمۇ سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدا ئىشلەشكە ئۆزۈم ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم، كۆپرەك غەمخورلۇقىڭىزغا موھتاجمەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەنمۇ جىم تۇرمايدىغان ئادەم، قانداقتۇر تۇرغۇنلۇق ھالەتكە چىدىمايمەن. جاپا تارتىسمۇ ئىشلار يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان، ئۆز-

لۇكسىز ھەرىكەت ئەۋج ئالغان خىزمەت ئادەمنىڭ قېنىنى ئۇر-غۇتۇپ جەڭگىۋارلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە دېيىل كارنىگ «ئالدى-راش بولغىن، ئالدىراش ئۆتكىن. ئۇ، دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان دورا، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى دورىلاررنىڭ بىرى» دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتقان.

— توغرا دەيسىز مەسۇم قابىل، — تۇرسۇنجان ئۆزىنى بەكمۇ تەستە تۇتۇۋالغانىدى. چۈنكى، «رەھبەرلىك ئىسكەنجى-سى» ئۇنى تىزگىنلەپ تۇراتتى، — سىز دېگەن ئاشۇ ئالدىراش-لىق» ھەم جاپا تارتىش — ساخاۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن بولسا، بۇ ئۇلۇغلۇقتا نائىل بولغان بولارئىدى. شۇڭا، ھۆكۈمالىرىمىز «مۇشەققەت تارتماق ئۇلۇغلۇق تاپماقنىڭ ۋاسىتىسىدۇر، شۇن-داقلا تىرىشىش تەلەپكار كىشىنى بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ...» دېگەنىكەن.

— پاھ، پاھ... شائىرانە دۇردانىلار ئىكەن بۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا پاساھەتلىك شېئىر دېسىمۇ بولىدۇ، — مەسۇم قابىل-نىڭ ھېجىيىشتىن قاپقارا يۈزى مايدا كۆيگەن قۇيماقتەك قورۇ-لۇپ قالغانىدى، — تۇرسۇنجان، سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. سىز بۇرۇنقى ئوقۇشماسلىقلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. ئۇقۇشماسلىققۇ يوق، پەقەت مۇناسىۋەت جەھەتتە بىر - بىرىمىز-گە يۇقۇشماسلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

— پاھ، پاھ، سىزنىڭ بۇ سۆزلىرىڭىزمۇ بەئەينى شېئىر بولدىغۇ، — تۇرسۇنجاننىڭ ئاۋازىدا كىنايە پۇرىقى كۈچلۈك ئىدى، — «ئۇقۇشماسلىققۇ يوق، يۇقۇشماسلىق مەۋجۇت» قا-راڭ، يازغۇچى، ئوبزورچى، شائىر، خەتتات دېگەن باشقا گەپ ئىكەن - دە.

— بولدى، بولدى، — مەسۇم قابىل كىنايىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، قەستەن كۈلكىگە يۆلىدى، — ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، ئا-شۇرۇۋەتتىڭىز... پەقەت بۇنىڭدىن كېيىن دوستلۇق قولىڭىزنى

سۇنۇپ ياردىمىڭىزنى ئايىمىسىڭىز ، سىز ئۇچۇن جىنىمنى ئالدىقىنىمغا ئېلىپ ئىشلەيمەن .

— مەن ئۇچۇن ئەمەس ، — تۈزەتتى تۇرسۇنجان ، — گۈلدەستە نەشرىياتى ئۈچۈن دەڭ .

— قاراڭ ، يەنىلا ئالىجوقا سۆزلەپ قويغۇنۇمنى···

مەسۇم قابىل يېنىش - يېنىشلاپ «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى . تۇرسۇنجان ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىش ئەمەس ، ئورۇندۇقىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدى . ئۇ ئالدىدىكى ماتېرىيالغا قارىغىنىچە بېشىنى چايقىدى . بۇ تايغان تۇرسۇنجاننىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمى ئىدى . ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزىگە سۇغدىشىپلا يۆتكىلىپ كەلدى ؟ ئەجەبا ، پەيتۇل ئۇنىڭدىن بىزار ئىكەنلىكىنى داتلاپ بېرىپ تۇرۇقلۇق ، يەنە يۆتكىگۈسى كېلىپ قاپتۇغۇ . مەسۇم قابىلنىڭ بۇرۇنقى ھومىيىپ قاراشلىرى ، گۇمانلىق نەزەرلىرى ، سىرلىق بېقىشلىرى نەگە يوقالدى ؟ ئۇنىڭ ئورنىنى قانداق بولۇپ ، قىزغىنلىق ، ئوچۇق چىراي ، سەمىمىيلىك شۇنچە تېز ئىگىلىدى ؟ ياكى ئۇ پەيتۇلنىڭ تۇرسۇنجانغا كۆڭۈل تىندۇرالماي ، قاققان مىقمۇيا . يا - ياق ، مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ ، ئۆزى خېرىدارلىق قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە كۆڭۈل قارىلىق قىلسا ئادەمگەرچىلىك بولماس ! ياكى كېرەم بۇجاڭنىڭ «قۇم ئارىلاشتۇرۇش» ھېيلىسىمۇ بۇ ؟ بۇمۇ توغرا ئەمەس ، ئۇ كېرەم بۇجاڭ بىلەن «سەن - پەن» دېيىشمىگەن تۇرسا . توغرا ، بۇ تايغاننى چوقۇم نۇردۇن خۇجا مەقسەتلىك ئەۋەتتى . چۈنكى ، پەيتۇلنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدىغانلىقى ئېنىق . بۇ پىداكار ئىسلاھاتچى ئۇياقتىن كېلىپ بۇياقتىن سىرلىق مۇناسىۋەتلەر تورىغا چۈشۈپ قالدىمۇ قانداق ؟

— مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ، — تۇرسۇنجان ئۆزىنى كايىدى ، — مەسۇم قابىل گۆھەر زېمىن نەشرىياتىدا سىسىپ كەتتى . ئۇ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن خۇشاللىقىدا ،

بەلكىم چىن سۆزلىرىنى دېگەندۇر . لېكىن ، مەن ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلىپ ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ توڭلىتىۋەتسەم ، بىر ئىدارىدا قانداق ئىشلەيمىز . توسالغۇلارنى ئىلاجى بار كۆپەيتمىگىنىم تۈزۈك . قېنى ، ئۇنىڭ ساداقىتىنى ئىشلەش جەريانىدا سىناپ كۆرمەمدىم .

تۇرسۇنجان ئاشۇ تۈز كۆڭلى بىلەن ئويلىغان ئويلىرىدىن تەسكىنلىك تاپقاندەك بولدى . شۇنداقتىمۇ «بۇ ئىشلاردىن ھېكمەتنى خەۋەرلەندۇرۇپ ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ باقمىسام بولمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

# كۆڭۈلسىز مەسئۇلىيەت

ھېكمەت ئەتىگەندىلا ئىدارىنىڭ ئاپتوبۇسىغا ساقلىماي كوچا ئاپتوبۇسىدا نەشرىياتقا كەلدى . ئۇ بىر مىڭ نەچچە يۈز بەتلىك «ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە لۇغەت» نىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەۋاتاتتى . ئىشانوف ئۇنىڭغا «بۇ نۇقتىلىق كىتاب ، مەملى-كەتلىك كىتابلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىغا قويۇلىدۇ» دەپ ئالاھىدە تاپشۇرغانىدى . شۇڭا ، ھېكمەت ھەپتىدىن بېرى بىر قانچىلىغان كىچىك ياڭزىلارنى سىزىپ ، ئۇنىڭ شەكىل ، خەت تۈرلىرىنى قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ تەييارلىدى . ئۇ ياڭزىد-لاردىكى كۆڭۈلنى خىرە قىلىپ قويغان تەرەپلەرنى بىرەر سائەت-تەك تۈزەتكەندىن كېيىن ئىشانوفقا كۆرسىتىپ پىكرىنى ئالماق-چى بولدى .

ھېكمەت ئىشىكنى چېكىپ كىرگەندە ، ئىشخانىدا كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مىرسۇلتانمۇ بارئىدى . ئۇ «بىرەر مۇ-ھىم ئىش توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى- دە ، كەينىگە ياندى . لېكىن ، ئىشانوف ئۇنى چاقىرى-ۋالدى .

— ھە چىقىپ كېتىۋاتىسىزغۇ ؟

— سىلەرنى سۆھبەتلىشىۋاتسا كېرەك دەپ .

— ئولتۇرۇڭ ، بۇ سىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ، بىزمۇ چاقىرايلى دەپ تۇراتتۇق .

ھېكمەت ئېلىپ كىرگەن مۇقاۋا لايىھىسىنى كونۋېرتى بى-لەنلا يېنىدىكى چاي ئۈستىلىگە قويۇپ ، ئىككى باشلىققا قاراپ قويدى . ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتان بىر - بىرىگە مەنىلىك

قارىشىۋالغاندىن كېيىن ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى .
— ئۆزىڭىزگە ئايان ، گۈزەل - سەنئەت بۆلۈمى نەشرىيا-تىمىزدىكى خېلىلا مۇھىم باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ، — دېدى ئىشانوف رەڭلىك قېرىنداشنى ئەينەككە ئورۇپ قويۇپ ، — بىراق ھازىرغىچە بىرەر كەسىپ ئەھلى بولغان مۇۋاپىق مىللىي باشلىق بېكىتكىلى بولمىدى . شۇڭا ، نەشرىيات پارتكومى كۆپ ئويلىنىپ سىزنى ئۆستۈرۈشنى لايىق كۆردى .
— نېمە ؟ ! — ھېكمەت ئەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇ-رۇپ كەتتى ، — مېنى باشقارما باشلىقلىقىغا بېكىتمەكچى ؟ !
— ئولتۇرۇڭ ، نېمىگە بۇنداق ئەندىكىپ كېتىسىز ، — دېدى مىر سۇلتان شالاڭ چوقا چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، — بۇ ئادەم قورققۇدەك ئىش ئەمەسقۇ .
— لېكىن ، مەن بۇنداق چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن ، — ھېكمەت گەپ تاپالماي دۇ - دۇقلاپ كەتتى ، — بۇ... بۇ... مەن... ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان ئىش تۇرسا ، مەن كەلگىلى ئەمدى تۆت يىل بولاي دېدى ، نەشرىياتچىلىق تەجرىبەم-مۇ يوق .
— قىلىپ باقمىغان بولسىڭىز قىلىڭ ، بىلمىسىڭىز ئۆگىنىڭ ، تەجرىبە دېگەن خىزمەت جەريانىدا يېتىلىدۇ ، — مىر سۇلتاننىڭ مىجەزى چۈس ئادەم ئىدى ، — قىزىققەنسىزا ، تەشكىل سىزگە ئىشىنىپ زور ئۈمىددە خىزمەت تاپشۇرۇۋاتسا سىز نېمانداق قوشقۇندا ئولتۇرۇۋالىسىز ؟
— ھېكمەت ، — دېدى ئىشانوف مۇلايىملىق بىلەن ، — بۇ پارتكومنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىسى ، پارتكوم ھەيئەتلىرى كۆپ ئويلىنىپ قارار چىقارغان گەپ .
بېشى چۈشۈپ ، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان ھېكمەت ، مىر سۇلتان تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ يېرىملاشتۇرغانغا قەدەر ئۈن-دىمەي ئولتۇردى . پۈتۈن ئۆمرىدە باشلىقلارنىڭ رەھبەرلىكى

ئاستىدا ئىشلەپ بىرەركىمگە «ماۋۇنى ئايەرگە يۆتكىۋەت» دەپ بۇيرۇق چۇشۇرۇپ باقمىغان ئادەم ئۇچۇن، بۇ ئەلۋەتتە قىيىن ئۆتكەل ئىدى. ھوقۇق تۇتقان ئادەمدە يۇز ـ خاتىر قىلمايدىغان كەسكىنلىك، تەمكىنلىك، مۆرىتى كەلگەندە قاتتىق قوللۇق قىلالايدىغان مىجەز بولۇشى كېرەك. بىراق، ھېكمەتتەك كۆڭۈلچەك، كىشىلەرنى رەنجىتىشنى راۋا كۆرمەيدىغان، ئېستېتىك تىلەكلەرگە ھەمراھ، خىيالنى دوست تۇتۇپ يۇرگەن ئادەم ئۇچۇن، بۇ خۇددى خورازنى سۇ ئۇزۇشكە قىستاپ كۆلگە چۇشۇرۇپ، ئۆردەكنى قونداققا چىقارغاندەكلا ئىش بولمامدۇ؟! بوپتۇ، بۇلارنىغۇ بىر ئاماللاپ قاملاشتۇرۇپ كېتەر، لېكىن ۋاقىت ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇتىيا بولۇۋاتقاندا، كۇنلىرى يىغىندا مۇگدەپ ئولتۇرۇش، ئادەم باشقۇرۇش، ۋەزىپە سۆيلەشلەر بىلەن ئۆتسە، يېزىقچىلىق، سىزىقچىلىقتىن ئىبارەت سۆيگەن كەسىپلىرى بويۇن قىسىپ قالامدۇ؟ ياق، ياق، بۇ ۋەزىپىنى ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، — دېدى مىرسۇلتان خاپا بولغان تەلەپپۇزدا، — سىزگە راست گەپنى قىلمىغۇچە ئەيۋاشقا كەلمەيدىغان ئوخشايسىز. نەشرىيات رەھبەرلىكىنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان دوكلاتى تەستىقلىنىپ كېلىپ بولدى، ئەمدى قىلمايمەن دېگىنىڭىز بىلەنمۇ بەرىبىر.

— دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى، — ئىشانوف چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى، — ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئۆستۇرۇش ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭا، بۇ قېتىم نەشرىياتىمىزدا ئۆستۇرۇلگەنلەر سىزلا ئەمەس. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تەھرىر بۆلۇملىرى، مەمۇري باشقارما قاتارلىق بىرقانچە بۆلۇملەرگە تەڭلا ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار سەپلەندى.

— ئەته چوڭ يىغىندا ئېلان قىلىنماقچى ، — دېدى مىر سۇلتان تاماكا قالدۇقىنى كۇلدانغا ئاچچىقى بىلەن بېسىپ .

هېكمەت ئېلىپ كىرگەن مۇقاۋا لايىھىسىنىمۇ كۆرسەتمەي چىقىپ كەتتى . ئىشانوف بىلەن مىر سۇلتان بىر - بىرىگە قارىغىنىچە بېشىنى چايقاپ ، ئىپادىسىزلا كۇلۇپ قويۇشتى . گەرچە ئۇلار بېسىم بىلەن هېكمەتنى قايىل قىلغان بولسىمۇ ، ئۆزلىرى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قېلىشتى . ئەلۋەتتە ، كە-سىپكە ئۆزىنى ئاتىغان ئادەم ئۇچۇن ئەمەل ، هوقۇق ، ئىمتىياز-نىڭ قول - پۇتقا سېلىنغان ئىشكەل بولۇپ قالىدىغانلىقى راست . شۇڭا ، ئىشانوف بىلەن مىرسۇلتان هېكمەتنى ئۆستۇ-رۇشنى ئىككى يىل بۇرۇنلا ئويلىغان بولسىمۇ كەينىگە سۆرەپ كەلگەنىدى . بۇ قېتىم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئېچىلغان — ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئۆستۇرۇش ، سەپلەش مۇزاكىرە يىغىنىدا ئىشانوف ، مىرسۇلتان ، پارتكوم شۇجىسى هەم باش مۇھەررىر جاڭ جىجۇلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن هېكمەتنىڭ ئىسمى نامزاتلار تىزىملىكىدە بارئىدى . شاڭخەيدىكى كۆرگەزمى-دىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىلا هېكمەتكە نەزەرى چۇشكەن جاڭ جىجۇ كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم ئەسرا بولۇپ سۆزلەشكەنىدى . بۇ قېتىمقى «ئۆستۇرۇش» يىغى-نىدا ئۇ ، «هېكمەت توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارمىساقمۇ بولىدۇ» دەپ گەپنى ئۇزۇۋەتتى .

— توۋا ، ئىككىمىزنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئىش بولدى ، — دې-دى مىر سۇلتان ئىشانوفقا ، — باشقىلار سوۋغا - سالام ، ئارقا ئىشىك قىلىپ ، نەچچە يىل قاتراپ ئادەتتىكى كېچاڭلىقىقا ئېرى-شەلمەيۋاتسا ، بۇ هېكمەتنىزە...

— شۇنداقمۇ دەيمىز ، كەسپكە بېرىلگەن مەستانىلەر ، ئىختىراچىلار ، بىلىم ئەهلىلىرى ، — ئىشانوف ئويغا پاتقانى-دى ، — ئۆزىنىڭ ئىككى قۇر خېتىنى ، ئەرزىمەس بىر پارچە

رەسىمنى، كەشىپ قىلغان ئاددىي لايىھەسىنى پادىشاھنىڭ تا-
جىسىغا تېگىشمەيدۇ. شۇڭا، ئەمەل - ئىمتىيازلار ئۇلار ئۈچۈن
خەس - تۇپراق بىلەن باراۋەر.

— بۇ خۇددى شا مەشرەپنىڭ بەلىخ پادىشاھى ماخمۇتخاد-
نىڭ تەختىدە بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، — دېدى مىر سۇلتان
كۈلۈپ، — «ئى خۇدايا ئىبارا، بەندەڭنى يارىتىپ قويۇپ،
مۇشۇنداق زېرىكەرلىك يەرگە بەنت قىلىپ جازالىغىنىڭ نې-
مىسى»، — دەپ تەختنى بۇلغاپ قويغىنىدەكلا ئىش دېسىڭىز-
چۇ...

— مەن رەسسام بولۇم باشلىقى لى يۇڭ ۋە باشقىلار بىلەن
پاراڭلىشىپ باقتىم، — ئىشانوف بېشىنى چايقىدى، — ھېك-
مەت ھازىر كېچە - كۈندۈز ئىشلەيدىكەن. دەرۋازىۋەنلەر كەچتە
چىراغلارنىڭ ئۆچۈرۈلگەن - ئۆچۈرۈلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش
جەريانىدا، ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىر نېمىلەرنى يېزىپ ھەم سىزىپ
ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار داۋاملىق كېچە سائەت ئىككى -
ئۈچلەردە ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بېرىدىكەن، بەزىدە ئۇستەلگە
باش قويۇپ تاڭ ئاتتۇرۇۋېتىدىكەن.

ئىشانوف ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، مىر سۇلتان ئۆزد-
نىڭ قوپاللىق قىلغىنىغا بىئارام بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن
ھېكمەتنىڭ ئەمەلنى قەتئىي رەت قىلىشىنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ
يۇشايمان قىلغان بولسىمۇ كىچىككەندى. دېمىسىمۇ ھېكمەتنى
ئىش بېسىۋالغانىدى. سىرتتىن كېلىۋاتقان ھەرخىل ژۇرنال،
كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرى، قىستۇرما رەسىم، كۆنچۈكلەرنى[1]
سىزىش، كونسېرىۋا، پىۋا، ھاراق، دورا، ھەتتا كەسمە چۆپ
ماركىلىرىنى لايىھەلەش، تۈرلۈك خەرىتىلەرنى چوڭايتىش، ئۇ-

① كۆنچۈك — كىتاب بەتلىرىدىكى تېكىست ئاخىرلىشىپ ئاق
قالغان ئورۇنغا قويۇلىدىغان ھەرخىل كىچىك رەسىملەر.

نىڭ ئۈستىگە نەشرىيات ۋەزىپىدىن سىرت ئۇيۇشتۇرغان لايىھە-
لەر ئۇنى ئارام ئېلىشقا قويمايتتى. ئۇ بىر - قانچە قېتىم رەت
قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھاجەتمەنلەرنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى،
يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا يۈز كېلەلمەي ئۇلار دېگەن ئىشنى
ئېلىپ قوياتتى. ئىش - خىزمەتنىڭ بېسىمى ھېكمەتنى «مىنۇت-
لارنى ساناپ ئىشلىتىش» كە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئايلىق ۋەزىپە-
سىنى كېچە - كۈندۈز، دەم ئېلىش كۈنلىرى دېمەي ئون كۈنگە
يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سىزىپ تۈگىتىپ، سىرتنىڭ ئىشلىرى-
نى باشلايتتى. مۇقاۋا ياكى بىرەر ماركا سىزىلىپ تۈگىگەن
ھامان تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ ئىشكاپ ئىچىگە رەتلىك تىزىپ
قوياتتى. جىمجىت كېچىلەر بولسا يېزىقچىلىق ئۈچۈن ئەڭ ياخ-
شى پۇرسەت ئىدى.

— ئۇ مۇشۇنداق جىددىيچىلىك ئىچىدىمۇ، — دېدى ئى-
شانوف بىردەم تۇرۇۋېلىپ، — قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا بىر
پوۋېست توپلام، بىزگە ئارىلاشما توپلامدىن يەنە بىرنى تاپشۇر-
دى. مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— جاپا - مۇشەققەت، ئازاب ئوچاقلىرىدا تاۋلىنىپ چىق-
قان ئادەملەر، — دېدى مىر سۇلتان مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، —
قورام تاشتەك مەزمۇت بولىدۇ.

— مىرسۇلتان، ھېكمەت بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلە-
شىپ باقسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ.

مىرسۇلتان ھېكمەتنى ئىشخانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، كا-
دىرلار باشقارمىسىغا باشلاپ كىردى. ھەر ئىككىسى خۇددى
ئۇرۇشۇپ قالغان باللارغا ئوخشاش بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا
قارىماي بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، مىرسۇلتان يالغان
يۆتەل ئارقىلىق جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ھېكمەت، سىزنىڭ «مۇدىر» لىقتىن باش تارتىشى-

ڭىزنىڭ تېگىنى بىز بىلىمىز . كەسپلىرىڭىزگە ۋاقىت چىقد-
رالماسلىقتىن ئەنسىرەۋاتىسىز ، شۇنداققۇ دەيمەن .
— بولدى ، مەن رازى ، يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ بولغان
ئىشقا ئەمدى رازى بولمىسام بولماس ، — ھېكمەت غەلىتىلا
كۇلۇپ قويدى ، — سىلەر مېنى ئىشقا سالغىنى يۆتكەپ كەل-
گەن ، شۇڭا ماڭا دېمەيمۇ خالىغان يېرىڭلارغا يۆتكەش سىلەرنىڭ
ھوقۇقۇڭلار . مېنىڭ خىزمەت تاللاشقا ھەددىممۇ ؟ باشقا گەپ
بولمىسا مەن چىقاي...
ھېكمەتنىڭ سۆزلىرىدىن ئاچچىق ئىستىھزا چىقىپ تۇرات-
تى . ئۇ ئەمەلگە مەستانە بولغان تۇرسۇنجاننى ئەيىبلەپ ، ئۆچ
ئاي ئۆتۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا سەپلىنىپ قالغىنىغا ھەيران
بولاتتى . بۇ خۇددى ئۆچ بولماڭ گىرىپتار بولارسىز ، دېگەندەك
بىر ئىش بولغانىدى .
«ئەمەل» ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ، ھېكمەتنىڭ يۇكى
تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى . يىغىنغا قاتنىشىش ، يېزىلغان قەلەم
ھەققى تالونلىرىنى تەكشۇرۇپ قول قويۇش ، ئۆزى مەسئۇل
بولغان مۇقاۋا لايىھىلەش بۆلۇمىدىكىلەرگە ۋەزىپە تەقسىم قى-
لىش ، سۆيلەش ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى يەتكۇزۇش قاتار-
لىق ئايىغى ئۇزۇلمەس ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ تۇرات-
تى . ئىسلاھاتنىڭ شامىلى نەشرىياتنىمۇ ئالا قويمىدى . ھەر
كۇنى دېگۇدەك باشقارما باشلىقلىرى يىغىنلىرى ئېچىلىپ يۇقى-
رىنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرى يەتكۇزۇلەتتى . «ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش» ، «يۇز يىلغىچە ھەرىكەت ئېلىپ
بارماسلىق» ، «داشقازاننى چېقىپ ، ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى
جارى قىلىش» قاتارلىق خىلمۇ خىل سىياسەت ، ئەمىر - پەر-
مانلارنى مۇزاكىرە قىلىش ، تالاش - تارتىش ئېلىپ بېرىش
ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۇپ كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايتتى .
ھېكمەت بىلەن لى يۇڭ بىللە قاتناشمىسا بولمايدىغان مۇھىم

يىغىنلارغا بىرگە كىرەتتى ، ئىسلاھات ھۆججەتلىرى ئوقۇلىدى۔
غان يىغىلىشلارغا نۆۋەتلىشىپ قاتنىشىدىغان بولدى . ئىسلاھات۔
تىن ئىبارەت بۇ يېڭى شەيئى كىشىلەر ئۈچۈن ئاسان چۈشەنگىلى
بولمايدىغان ئىبارە ئىدى . مەملىكەت بويىچە زاۋۇت ـ كارخانا ،
ئىدارە ـ جەمئىيەت ، سودا ـ سانائەت ، دوختۇرخانا ـ مەكتەپ ،
يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ئورۇنلار دەرھال ئىسلاھات دولقۇنىغا
ماسلىشىپ ، ھەرىكەتكە كىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن
دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان چارە ـ تەدـ
بىر ، ئۇسۇل ، تۈزۈملەر بولمىغاچقا ، ھەرخىل دوقال سىناقلىدـ
رىغا ئۇچرىدى . بەزىلىرى ۋەيران بولسا ، بەزىلىرى روناق تاپـ
تى . «ئىقتىسادىي ئۇنۇم» دىن ئىبارەت ئاسان تاپقىلى بولمايدىـ
غان كەمپۈتنى ھەممىسىنىڭ شورىغۇسى كېلەتتى . ئىشخانىلاردا
ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرە ، تالاش ـ تارتىشلاردا «گۆھەر تېپىدـ
ۋالدۇق» دەپ بېكىتكەن تۈزۈملەر ئەتىكى يىغىلىشتا ئوسۇرۇقـ
قا ، ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى .

رەسسام بۆلۈمىدىكىلەر «ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىش» ھەقـ
قىدە ئايلاپ ۋاقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ئاخىر رەسىم توپلامىلىـ
رى ، كالېندار ، ئاسما ھۆسنخەتلەرنى چىقىرىش ، بۇنىڭ ئۈچۈن
ياپونىنىڭ قىممەت باھالىق پارقىراق قەغىزىنى ئىشلىتىش ، بەزىـ
لىرىگە سۇلياۋ يالىتىش ، پۇركەش دېگەندەك قارارلارنى بېكىتـ
تى . لېكىن ، بۇنداق قىلغاندا ئېشىپ كەتكەن ئىش ھەققى ،
ماتېرىيال ھەققى بىۋاسىتە ئۆلارنىڭ باھاسىغا تەسىر كۆرسىتەتـ
تى . ئۇ چاغدا سېتىش ، بىر تەرەپ قىلىش تەس بولۇپ قالاتتى .
شۇڭا ، لى يۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئايروپىلان بىلەن ئىچكىرى
ئۆلكىلەرنىڭ باسما زاۋۇتلىرىنى ئوقۇشۇش ئۈچۈن مېڭىپ كەتـ
تى . ئۇ ئىككى ھەپتە بولغاندا قايتىپ كېلىپ شىنجىن «ئالتۇن
نۇر» باسمىخانىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىنى ئۇقتۇردى . دېـ
مىسىمۇ ئىش ھەققى ، ماتېرىيال ھەققى شىنجاڭدىكى زاۋۇتلارـ

دىن خېلىلا ئەرزان بولۇپلا قالماي، سۈپىتىمۇ يۇقىرى ئىدى.
ئىسلاھات ئالدىراشچىلىقىدا، قارا قىشنىڭ قاچانلاردا ئۆ-
زاپ، ئىللىق باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىممۇ تۇيماي
قالدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىشقا كەلگەن ھېكمەت نەشرىيات
دەرۋازىسىنىڭ بىقىنىدىكى بىر تۈپ دولانانىڭ ئاپئاق چېچەكلەپ
كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ فوتو
سۈرەت ۋە ماي بوياق رەسىملەر توپلاملىرىنىڭ بېسىلىشى ھەم
سۈپىتى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن شىنجىن «ئالتۇن
نۇر» باسما زاۋۇتىغا كەتكىنىگە بىر ئاي بولغانىدى. بۆلۈم
مۇدىرى لى يۇڭ بىلەن نۆۋەتلىشىپ كاماندىروپكىغا چىقىۋاتقان
ھېكمەت يېڭى يىل ھارپىسىدا شىنجىنغا بېرىپ بېسىلغان كالېن-
دارلارنى پويىزدا قايتۇرۇپ كەلدى بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم-
لىق سەپەر قىلىشى ئىدى. ئۇ ئىشخانىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش
ئۈچۈن بىنا پەلەمپىيىگە قەدەم ئېلىشى، سىرىق لاتا سومكىسىنى
مۈرىسىگە ئېسىپ ئالدىراپ چۈشۈۋاتقان لى يۇڭغا ئۇچراپ قال-
دى. ئۇلار قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، لى يۇڭ ئۇنىڭ
قاچان قايتىپ كەلگەنلىكى، رەسىم توپلاملىرىنىڭ بېسىلىش
ئەھۋالى قاتارلىقلار توغرۇلۇق سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ھېك-
مەتمۇ «ئاخشام كەلگەنلىكى، توپلاملارنىڭ يۇك پويىزىدا كېلى-
ۋاتقانلىقى» نى سۆزلەپ بەردى.
— ھېكمەت، ھازىرلا ئۆي - مۈلۈك ئىشخانىسىغا كى -
رىڭ، — دېدى لى يۇڭ خوشلىشىۋېتىپ، — سىزگە ئۆي
تەقسىم قىلىغانىكەن، ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىڭ.
— ۋۇي، مەن ئۆي تەلەپ قىلمىغان ئىدىمغۇ.
— ھەي... ساددىكەنسىز، تەلەپ قىلىڭ، قىلماڭ ئەمەل
دەرىجىڭىز بويىچە ئۆي بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ. يەنە كېلىپ نەشرى-
يات ئارقا ھويلىسىدىكى يېڭى بىنا دەڭا.
ھېكمەت ئۆي - مۈلۈك ئىشخانىسى باشلىقى ليۇ فامىلىلىك

ئايالدىن قىزىل يىپەك لېنتىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ دانە ئاچقۇچنى ئېلىپ ، يېڭى بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى ئىشىكنى ئاچتى . ئۇ ئىختىيارسىز «پاھ ، نېمىدېگەن پەيزى» دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى . بىغىررەڭ سىرلانغان سېمونت پۇللار پارقىراپ تۇراتتى . مېھمانخانا چوڭ ھەم يورۇق بولۇپ ئىككى ھۇجرا ئۆيمۇ خېلىلا كەڭ تاشا ئىدى . ھېكمەتنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكىنى ، مۇنچىدىكى ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان ۋاننا ، قول يۇيۇش كۆلچىكى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئەينەكلىك جازىلار بولدى . ئاشخانىمۇ زامانىۋى لايىھىلەنگەن بولۇپ ھەممە ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى . «بۇ ئۆيلەرنى نېمە بىلەن تولدۇرارمەن» دېگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغان ھېكمەت ، ئۆيگە قىيمىغان ھالدا ئەنلىياڭغا قايتىپ كەلدى . ئۇ تۈنۈگۈن كەچ كېلىپلا تۇرسۇنجان بىلەن بىر كېچە مۇڭداشقان ۋە كۆپ ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەنىدى . گەپ ئارىلىقىدا مەسۇم قابىلغا ھەرگىز دۇشمەنلىك نەزەرىدە قارىماسلىقنى تاپىلىدى . شۇڭا ، ئۇ ھازىر ئۆينىڭ خۇشاللىقىدا نەبىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ يەتتە ئايلىق بولۇپ قالغان ئوغلىنى كۆرمىگىلى ئىككى ئاي بولۇپ قالغانىدى . ئەزىمەتنىڭ ئوت ـ پىراقى يۈرىكىدە داغ بولۇپ قالغان نەبى ، جىيەنىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئوغلىغا «ئەزىمەت» دەپ ئىسىم قويىدى .

ھېكمەت كىچىك ئەزىمەت ۋە دىلنارغا شىنجىڭدىن ئالغاچ كەلگەن سوۋغىلىرىنى سومكىغا سېلىپ يولغا چىقتى . ئۇ بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ نەنمىڭگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۈچىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئالمىشىپ خۇاڭخې يولى بېكىتىدە چۈشۈپ قالدى . ئۇ تەرەپكە پىيادە مېڭىپ بىردەمدىلا نەنزىگو ئۆزۈن يوللۇق يۈك ئاپتوموبىلى كالون قورۇسىغا كىرىپ كەلدى .

ئۆيدە نەبى ، دىلنارلاردىن باشقا ماھىگۈلمۇ بار ئىدى . ئۇلار يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ قولمۇ ـ

قول چۆچۈرە تۈگۈۋاتاتتى. بەستلىك نەبى قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ھېكمەتنى قوچاقلىۋالدى.

— بولدى قويۇۋەت ھەي غورا قاپاق غوللىرىمنى ئىزلىۋەتتىڭ، — ھېكمەتمۇ نەبىنى ئىككى ئاي كۆرمەي سېغىنغانىدى، — ھە كىچىك بالىدەك ئۇمچىيىۋاتىسەنغۇ، يىغلىساڭ سەتلىشىپ كېتىسەن جۇمۇ.

ھېكمەت دىلنارنىڭ پېشانىسىغا بوشقىنا ئۆپۈپ، ئۆزىگە قىزىرىپ قاراپ تۇرغان ماھىگۈلگە «ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟» دەپ قويدى. ئاندىن نەبى كۆزلىرىنى سۈرتكەچ ئەكېلىپ بەرگەن ئورۇندۇقنى شىرە ئالدىغا سۈرۈپ ئولتۇردى.

— يائاللا، يېرىم يىل بولدىمۇ خۇدايىم يوقاپلا كەتتىڭىزا، — دېدى نەبى ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — نەچچە قېتىم دىلنار بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، سولىشىپ يېنىپ كەلدۇق.

— سەنمۇ ئاشۇرۇۋېتىسەن، ناھايىتى ئىككى ئاي بولدى.

— سىزگە بىلىنمىگىنى بىلەن سېغىنغانلارغا ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىدىكەن، — ماھىگۈل چۆچۈرە تۈگكەچ گەپ قىستۇردى، — ئېچكىرىنىڭ يولى سىزگە قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولدىمۇ، نېمە؟

— راست، بۇلتۇر جەنۇبىي جۇڭگونى بىر ئايلىنىپ كەلدىڭىز، — نەبى ھېكمەتنىڭ يۈزىگە تىكىلىپلا تۇراتتى، — بۇ يىل ئالاھىدە رايون شىنجېنغا ئىككى قېتىم باردىڭىز.

— ۋوي ئەزىمەت قېنى، مەن ئۇنىڭغا كىيىم ئېلىۋېدىم، توغرا كېلەمدىكىنتاڭ، — ھېكمەت ئېچكىرى ئۆيلەرگە بويۇنداپ قارىدى، — كۆرۈنمەيدىغۇ.

— ئاكاملارنىڭ قېشىدا، — دېدى دىلنار قىزىرىپ، — نەبى ئىككىمىز ئىشلىگەچكە ياخشى قارالمايدىكەنمىز، ھەدەم بېقىپ بېرىۋاتىدۇ. يەسلىگە كىچىك دەپ ئالمايدىكەن.

— ئاپلا، بۈگۈن ئۇنى راسا بىر قىيناي دېگەنىدىم، — ھېكمەت سومكىدىن ئۈچ بولاق سۇلياۋ خالتىنى چىقىرىپ دىلنارغا تۇتقۇزدى، — سىزگە، ئەزىمەتكە تاللاپ يۇرۇپ ئالدىم. نەبىگە بولسا نېمە ئېلىشىمنى بىلمەي يۈرسەم شياڭگاڭ مودىسىدىكى بىر كۆينەك ئۇچراپ قالدى.

دىلنار سۇلياۋ خالتىنى ئېچىپ، خۇشلۇقىدا چاۋاك چېلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئالغان يوپكا، كوپتا ھەم پوفايكا ھازىر مودا بولۇۋاتقان پوسۇن بولىسىمۇ، لېكىن ھېكمەتنىڭ ئەكەلگىنى ئالاھىدە بولۇپ، چەت ئەل مەھسۇلاتى ئىدى.

— نەبى قاراڭ، — دىلنار سۇس يېشىل يوپۇرماقلىق گۈل بېسىلغان كۆڭلەكنى ئېگىز كۆتۈردى، — ئۆتكەنكى ھېلىقى ئولتۇرۇشتا، مەن سىزگە شەرەت قىلىپ كۆرسەتكەن كۆڭلەك شۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇ بەكلا شوخ ئىدى، ماۋۇ ئەرلەرگە بولىدىكەن، — دېدى نەبى كۆينەكنى قولىغا ئېلىپ، — ھېكمەتكا رەھمەت، راسا ئاۋارە بوپسىز.

— ۋاي ئانام، قانداق قىلاي، — دىلنار ئەزىمەتنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ ۋارقىراپلا كەتتى، — نېمىدېگەن ئوماق، نېمىدېگەن چىرايلىق، مەن بۇنى ئېلىپ قويۇپ ئەزىمەت بىر ياشقا كىرگەن، تۇغۇلغان كۈنىدە كىيگۈزىمەن.

ماھىگۈل ھەممىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ، كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كېلىنىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھېكمەت دەرھال ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام، نېسىۋىڭىزنى ئالغاچ كېلىدىكەنمەن، — دەپ قويدى.

ھېكمەت ئۇلار بىلەن چۆچۈرە تۈگكەچ، ئۆزىگە يېڭى ئۆي بەرگەنلىكى، لېكىن ئۇنى قانداق تولدۇرۇش ھەققىدە بېشى قېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەممەيلەن ھېكمەتنى يېڭى

ئۆي بىلەن تەبرىكلەشتى .

ـــ ھېكمەتكە ، شۇنچىغىمۇ غەم قىلامسىز ، ـــ دېدى نەبى قوللىرىنى ئۇيىنىتىپ ، ـــ سىزگە كېلىۋاتقان قەلەم ھەققىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسە ، مائاش ، مۇكاپاتلىرىڭىز چىقىپ تۇرۇۋاتسا ، مۇشۇنداق ۋاقىتتا خەجلىمەي نېمە قىلاتتىڭىز ئۇ پۇلنى . ماھىگۈل ئاچام ئۆي ياساشنىڭ مۇتەخەسسىسى .ئۇ ئۆيلەرنى ئۆلچەپ ، قەيەرگە نېمە يارىشىدۇ ، نېمە مۇۋاپىق ھەممىنى پىلانلاپ چىقسۇن . ئەتە ئۇچىمىز ، مېنىڭ ماشىنامدا ، توپ سېتىش بازىرىغا بېرىپ بىر ئۆيلۈك سەرەمجاننى بېسىپ كېلىمىز .

ـــ ۋاي ـ ۋۇي قارىغۇجىدەك سايراپلا كەتتىڭا ، ـــ ھېكمەت ماھىگۈلگە قارىدى ، ـــ دوختۇرىمىزنىڭ ۋاقتى يېتەمدىكىنتاڭ .

ـــ يازغۇچى ياراتسا ، دوختۇرنىڭ ۋاقتى چىقىدۇ ، تاماقتىن كېيىن بېرىپ ئۆيلەرنى كۆرەيلى .

نەبى ئاچىسىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى . گەرچە ماھىگۈل «مېنى تاشلىۋەتمەي ، ئاكىلىق مېھرىڭىزنى بەرسىڭىزلا كۇپايە» دېگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ھېكمەتنى كۆرگەن ھامان گەپلىرىدىن ئېزىپ ، قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، قويغان ـ پۇتكىنىنى بىلمەي قالاتتى . ھەي... شۇنداق دېگەنبىلەن زۇۋۇلىسى ئايالىق لېيىدىن تۇرەلگەن ماھىگۈل دەردىنى ئۆزى بىلەتتى .

ھېكمەت ، نەبى ، ماھىگۈللەر چۈچۈرىنى ئىچىپ بولۇپلا سىرتقا چىقتى ـ دە ، تاكسىغا چۈشۈپ يېڭى ئۆيگە باردى . ماھىگۈل مېھمانخانا ، ھۇجرا ، مۇنچا ، ئاشخانىلارنى ئارىلاپ كۆرۈپ ، ياخشى لايىھىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى . بولۇپمۇ ئۆيلەر ئىچكىرى ـ تاشقىرى بولماي ، ھەممىسىنىڭ ئىشىكى كارىدورغا قارايتتى . بۇ ئۆي ياساش ئۈچۈن ئەپلىك بولاتتى . نەبى بىلەن ماھىگۈل پولات مېتىر بىلەن ئۆلچەپ ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇن ـ

كەڭلىكىنى يېزىۋالدى . ئاندىن نەگە نېمە قويۇشنى ، قەيەرگە قانداق ئۆي سايمانلىرى يارىشىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكتى .
ھېكمەت ، ماھىگۈللەر ئەتىسىدىن باشلاپ نەبىنىڭ ماشىنىسىدا ئىككى كۈن نەرسە - كېرەك توشۇپ ئۆينى ماھىگۈلنىڭ «قەسىر»ىسىگە يەتمىسىمۇ ، ھەرھالدا ئۆزىگە چۇشلۇق ياسىۋالدى . نېمىلا دېگەنبىلەن زامانىۋى يېڭى ئۆي بولغاچقا قانداقلىكى نەرسە قويسا يارىشاتتى . شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەشكە كۆڭلى چىدىغان ھېكمەت تېلېۋىزور بىلەن ئۈنئالغۇ ئېلىشقا ئۈنىمىدى .
— ياق ، ياق ، ئەڭ بولمىسا ھازىرچە ئالمايمەن . ئۇ نەرسىلەر ئادەمنى بەكلا بىكارچى قىلىۋېتىدۇ ، — دېدى ھېكمەت قولىنى سىلكىپ ، — تېخى تېلېۋىزور ئىنتايىن ۋاقىت ئوغرىسى نېمىكەن .
— قىزىقكەنسىز ھېكمەتكا ، — نەبى ئالىقانلىرىغا ئۇر - دى ، — تېلېۋىزور ، ئۈنئالغۇ بولسا كېرەكسىز كۆرمىسىڭىزمۇ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىپ تۇرىسىز ، ئەڭ بولمىسا يېقىن بۇرادەرلىرىڭىز كېلىپ قالسا قويۇپ بەرمەمسىز .
— بۇ گېپىڭمۇ يوللۇق ، مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەپتىمەن ، — ھېكمەت خىجىللىق بىلەن كۈلدى ، — ئەمىسە بۇگۈن ھېرىپ كەتتىڭلار ، ئەتە ئالساق قانداق ، بولامدۇ ؟
— چاتاق يوق ، ھازىرمۇ كەچلىك ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاخ بولۇپ قاپتۇ .
تۇنجى قېتىم يېڭى ئۆي ، پۇرژىنىلىق ئالىي كارىۋاتلاردا ياتقان ھېكمەتنىڭ ئەتىگەنلىكى زادىلا تۇرغۇسى كەلمىدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرەتتىيۇ ، يەنە گۈپپىلا ياستۇققا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىغىلا كارىۋات ئۇنى ئەللەيلىگەندەك تەۋرىتىپ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى . توۋا ، باي غوجام ھەم ئۇلارنىڭ بەگزادە - خېنىملىرىنىڭ ئىشقا ھەپىلىسى يوق ، بىلى بوش ، ھۇرۇن بولۇپ قېلىشى ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن ئىكەن - دە ، بۇنداق تەييار تاپلارنىڭ تېنى

ئاجىز ، يىلىكى سۇيۇق ، بەدىنىدە قۇۋۋەت بولمىغاچقا ، كىچىكـ
كىنە كېسەللەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي خۇددى ئاچ قالغان
ئاسلاندەك مىقىراپلا يۈرگەن . شۇنىڭغا قارىغاندا قىيىن مۇھىت ،
ناچار شارائىتتا ئۆزىنى تاۋلاپ تۇرۇش ، ھەتتا ئاچ ـ توق قېلىشـ
لار ، زامانىنىڭ دەردى ـ بالالىرىغا ئۇچراپ ، ئازاب تارتىشلار
مۇكەممەل ئادىمىلىككە نائىل قىلىدىكەن . شۇڭا پېشۋالىرىمىز :

قىيىنچىلىق تارتىپ ئادەم ھۆر بولۇر ،
سەدەپتە قامىلىپ قەترە دۇر بولۇر .

دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن .

ھېكمەت ، ئەتىگەندە ئازراق ناشتا قىلىپلا ئىشخانىسىغا
چىقتى . چۈنكى ، ئۇ زاۋۇتقا ماگدۇرماقچى بولغان بىر مۇقاۋىـ
نىڭ چالىسىنى سىزىۋېتىشنى ئويلىغانىدى . ئەگەر ماھىگۈل ،
نەبىلەر كېلىپ قالغان تەقدىردە ئىشخانىغا ئۇدۇللا كىرەتتى .
ھېكمەت ئۈستىلىگە تاشلاپ قويغان چوڭ سېرىق كونۋېرتنى
قولىغا ئېلىپ «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» دېگەن ئادرېسقا كۆز
تاشلىدى . ئۇنىڭ ئىچىدە كىتاب بارلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى .
ھېكمەت كونۋېرتتىن خېلىلا قېلىن چىققان بىر كىتابنى سۇغۇـ
رۇۋېلىپ چىرايى ۋىللىدا ئېچىلدى . چۈنكى ، بۇ قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يىلتىزسىز گىياھ» نامـ
لىق پوۋېستلار توپلامى ئىدى . ھېكمەت ئۆز نەشرىياتىغا تاپشۇرـ
غان «يالغۇز قەبرە» ناملىق ئاربلاشما توپلامنىڭ سىگنال ياگىزدـ
سىنىڭ ئالدىنقى ھەپتە كەلگەنلىكىنى ئىمىنجان ئەسەدتىن ئاڭـ
لىغانىدى .

روھىي كەيپىياتى خۇش ھالدا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ
كەتكەن ھېكمەت قاچانلاردا چۈش بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا
قالدى . كارىدوردىكى توك قۇڭغۇرىقى توختىماي چىرقىراۋاتاتـ
تى . ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ بىنا ئالدىغا كېلىشى نەبىنىڭ ماشىنىـ

سىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى . چۈنكى ، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلار بىللەن بىللە تېلېۋىزور ، ئۈنئالغۇ ئالماقچى بولغانلىقى پۈتۈنلەي ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى . هېكمەت ئالدىراپ تۆتىنچى قەۋەتكە چىققاندا ، ئىككى قەغەز ساندۇقنى كارىدورغا تىزىپ قويغان ماهىگۈل بىلەن نەبى تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى .

ــ سىلەر كەلگىلى خېلى بولدىمۇ ، ــ سورىدى هېكمەت ماهىگۈلنىڭ تەرلەپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ ، ــ نەبى سەن ئىشخانىغا كىرسەڭ بولمامدۇ .

ــ ياق ، بىزمۇ ئالدىڭىزدا كېلىشىمىز ، ــ دېدى ماهىگۈل قول ياغلىقىدا يۈزىنى يەلپۈپ .

ــ بۇ نېمىلەر ؟ ــ هېكمەت قەغەز ساندۇقلاردىكى ماركا ھەم رەسىملەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى ، ــ بۇ··· بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار ، بۈگۈن بىللە چىقىپ ئالىمىز دېمىگەنمىدۇق .

ــ ئاۋۋال ئىشىكنى ئاچمامسىز ، ــ نەبى چوڭ ساندۇقنى كۆتۈردى ، ــ ئىشىك تۈۋىدە سوئال ـ سوراق قىلىۋەرمەي .

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ ئۆزلىرىنى دىۋانغا تاشلىدى . هېكمەت قاپىقىنى تۈرگەنچە ساندۇقلارغا قاراپ تۇراتتى . نەبى ئاچىسىغا شەرەت قىلىشى ماهىگۈل هېكمەتكە تىكىلدى .

ــ هېكمەتكا ، سىزنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز ، ــ دېدى ماهىگۈل تەمكىنلىك بىلەن ، ــ بۇ تېلېۋىزور بىلەن ئۈنئالغۇ نەبى ئىككىمىزنىڭ يېڭى ئۆيىڭىزنى تەبرىكلىگىنىمىز بولۇپ قالسۇن ، قولىمىزنى ياندۇرماڭ .

ــ هەي··· سىلەرنىزە ، بوپتۇ كۆڭلۈڭلارنى قوبۇل قىلاي ، ــ هېكمەت يېنىدىن باغلاغلىق پۇلنى ئېلىپ دىۋانغا قويدى ، ــ سىلەرمۇ قولۇمنى ياندۇرماڭلا .

ــ بۇ··· بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، ــ ماهىگۈل ئۆڭدى ، ــ خۇددى ياراتمىغاندەك .

— ئا··· ھېكمەتكا قويۇڭا سىزنى، ئادەمنى لەت قىلىپ، — نەبى پۇلنى ئېلىپ ھېكمەتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، — شۇ تۇرقىدا مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە كېلىۋاتىدۇ.

— بوپتۇ، بوپتۇ، خاپا بولماڭ، — ھېكمەت ماھىگۇلنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئەندىكتى، — قوبۇل قىلسام بولىدىغاندۇ.

ئۇلار قەغەز ساندۇقلاردىن تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇنى چىقىرىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىقىشتى. ئاندىن ماھىگۇلنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېھمانخانىنىڭ ئىككى بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشتۇرۇشتى. نەبى تېلېۋىزورنىڭ قاناللىرىنى تەڭشەپ قويۇپمۇ كۆردى. ئۇلار رەڭلىك، پاكىز ھەم سۈزۈك چىقىۋاتقان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قېلىشتى. بۇ چاغدا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. نەبى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئېچىشى رەسسام بۆلۈم باشلىقى لى يۇڭ چىراي ئۆمسۈرۈن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ جىددىيلەشكەنلىكتىن ئۆرە تۇرۇپلا سۆزلەپ كەتتى.

— ھېكمەت، ئائىلىڭىزدىن تېلېگراما كەلگەنىكەن، ئا··· ئانىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىر ئوخشايدۇ، — دېدى لى يۇڭ ھېكمەتنىڭ چىرايىغا قارىماي، — شۇڭا ئىشانوف، مىرسۇلتانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سىزنى بۈگۈنلا غۇلجىغا ماڭسۇن دېگەن قارارغا كەلدۇق.

— تېلېگراما قېنى؟ — بىردەمدىلا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھېكمەت ئالدىراپ سورىدى.

— ئۇ··· ئۇ كىمدە قالدىكىن بىلمەيمەن··· سىز··· سىز ھازىرلا بېكەتكە مېڭىڭ.

لى يۇڭ چىقىپ كەتتى. ماھىگۇل بىلەن نەبىنىڭ بىرەر شۇم خەۋەردىن كۆڭلى ئۈيگەندەك بولۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى. تاماق ئۈستىلىگە جەينەكلەپ ئولتۇرغان ھېكمەت كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغاندەك نەلەرگىدۇر تىكىلىپ قالغانىدى.

— ھېكمەت ئاكا ھازىرلا مېنىڭ ماشىنامدا گىراژغا با -
رايلى ، — دېدى نەبى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئەگەر يولۇچىلار
ئاپتوبۇسى بولمىسا مەن سىزنى بىرەز تونۇش ئاغىنىلەرنىڭ
كابىنكىسىگە سېلىپ قويالايمەن .

ھېكمەت بىر - ئىككى قۇر كىيىمنى سومكىغا پۇرلاپ
تىقتى - دە ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇلار پەلەمپەيلەردىن
يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چۈشۈپ نەبىنىڭ ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىگە
ئولتۇرۇشتى .

## «دانا تەدبىر»

ھېكمەت ئاپىسى شەرىپەننىڭ ئۈچ نەزىرسىگە ئۈلگۈرۈپ باردى . چوڭ قورۇغا بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان ، قېرىنداشلار يىغىلغانىدى . زايىمكىدىكى جاڭزىدا تۇرۇشلۇق كىچىك ئاپىسى مايمۇنەم ھەدىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قارىلىق تۇتۇپ ، ئاپئاق ئۇزۇن رومالنى ئارتقان ھالدا ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئاۋاكرىمنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇ ھازىرغىچە شۇ جاڭزىدا تۇرۇۋاتاتتى . ھېكمەت كىچىك ئاپىسى ، ھەدە - سىڭىللىرى ۋە ئىنىسى ئىلھام بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى . بۇ ئەسنادا نەزىرگە ئاتالغان قوينى سويۇپ ، قول ۋە پەشتاملىرى قان بولۇپ كەتكەن كىچىك ئاپىسىنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەرجان كېلىپ قالدى . ھېكمەت ئۇنىڭغا ئېسىلىپ كۆز - ياشلىرىنى تۆكتى .

ھېكمەت ئەتىسى ئىنىسى ئىلھام ھەم ئۆمەرجاننى باشلاپ قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ئاپىسىنىڭ قەبرە بېشىغا يۈكۈندى . ئۆمەرجان تولىمۇ مۇڭلۇق قىرائەت قىلغاندىن كېيىن ، تۇغۇپ ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئاپىسىنىڭ قەبرىسىدىن كۆز قىيمىغان ھالدا ئايرىلدى . شۇ كۈنى كەچ مەھەللىدىكى ھاجەكپەر ، تېيىۋاخۇن ، ئەكرەم ، سىدىق ، ئابلىمىت قاتارلىق بىرمۇنچە ئەل - ئاغىنىلىرى ھېكمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پەتىلەپ كىرىشتى . ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكىچە مۇڭدىشىپ قايتىشتى .

تۇغقانلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەتتە نەزىر بىر كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ پەيشەنبە كۈنىگە توغرىلاندى . باغاقلار تارقىتىلىپ

ئەتىكى نەزىرنىڭ تەييارلىقى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن قالغانىـ
دى . نەزىر كۈنى غۇلجىنىڭ ئادىتى بويىچە سەھەر بامداتتىن
يانغان جامائەت كىرىشكە باشلىدى . قولغا سۇ قۇيۇش ، داستىخان
سېلىش ، ئاش تارتىش ، لېگەنلەرنى يىغىشتەك ئىشلارنى ياش
باللار يۈگۈرۈشۈپ ئورۇنداشماقتا ئىدى . ھېكمەت ، ئۆمەرجان ،
ئىلھاملار ئۆي ـ ئۆيگە كىرىپ ، جامائەت بىلەن بىللە دۇئا
قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قوياتتى .
ئىلگىرى كېيىن ئۇزاشقان ئەرلەرنىڭ ئاياغ ئۇچى سائەت ئونلار
بىلەن سىلىكتى . ئەمدى چۈشتىن كېيىن كېلىدىغان ئاياللارنىڭ
يىغىلىمىقى ئىنتايىن تەس ئىدى . ئۈششاق باللار يۈگۈرۈشۈپ
يۈرۈپ «چاپسان بولسۇن دەيدۇ» نى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قاتناپ
دېگەندىلا ئۇلار داستىخانلىرىنى قولتۇقلىشىپ كىرىپ كېلىشەتتى .
جامائەتنى ئۇزىتىش جەريانىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ چارچاپ
قالغان ھېكمەت ، ئۆمەرجان ، مەھەللىدىكى ئاغىنىلەردىن ھاـ
جەكپەر ، تېيىۋاخۇن ، سىدىق ، ئابلىمىتلار تىكمەت ۋە گىلەمـ
لەر سېلىنغان مېھمانخانىدا نەزىر ئېشى يېيىشمەكتە ئىدى .
تۇيۇقسىزلا ئىلھام ئىشانوفنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . كۆزلىرىگە
ئىشەنمەي قالغان ھېكمەت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى ـ دە ،
ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى . ئىشانوف ھەممىسى بىلەن كۆرۈـ
شۈپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇنىڭغىچە بىر پەتنۇس
تاتلىق تۇرۇم بىلەن چاي قۇيۇلدى ، ئارقىدىن بىر كاللەك گۆش
بېسىلغان پولۇ ئېلىپ كېلىندى .
— ئىشانوفكا ، قاچان كەلگەنتىڭىز ، — سورىدى ھېكمەت
گۆش توغراۋېتىپ ، — بۇ يەرنى ئەجەب تېپىپ كېلەلەپسىز ؟
— مەن تۈنۈگۈن كەلدىم ، باياندايدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار
بار ئەمەسمۇ ، — دېدى ئىشانوف چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ، —
ئاپىڭىزنىڭ تۈگەپ كەتكىنىنى سىزگە ئۇقتۇرماسىنىڭ ئالدىدا
بىلگەنىدىم . شۇڭا ، بۈگۈن پەتلەپ كېلىشىم . ئۇنىڭدىن بۇنىڭـ

دىن سوراپ، ئاخىر نەق ئىنىڭىزدىن سوراپتىمەن.

— رەھمەت، خېلى تۇرارسىز؟

— غۇلجىدىكى قەلەمكەشلەر بىلەن بىر يىغىلىشىمىز بار، ئاندىن شىنخۇا كىتابخانىلىرىنى ئارىلاپ، كىتابلار ھەققىدە ئەھۋال ئۇقۇشىمەن.

ئولتۇرغانلار ئىشانوفنىڭ سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتى.

— ھېكمەت، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى ئىشانوف قوللىرىنى سۈرتكەچ، — خوتەندە ئەدەبىي - ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلماقچى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ بويىچە تونۇلغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى، مۇھەررىرلەر قاتنىشىدۇ. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نامزاتلار تىزىملىكىدە سىزمۇ بار ئىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەندىنمۇ بىر پارچە تەكلىپ قەغىزى كەپتۇ. قانداق، قاتنىشالامسىز؟

— بۇ… قانداق بولا، مەن ئاپامنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ماڭاي دېگەنىدىم، — ھېكمەت ئىشانوفقا يۈز كېلەلمەي، ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالغانىدى، — شۇڭا…

— مېنىڭچە ئاكىمىزنىڭ قاتناشقىنى ياخشىمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۆمەرجان ھېكمەتكە قاراپ قويۇپ، — نېمىشقا دېسە، شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇھىم يىغىنكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، — قوشۇپ قويدى ئىلھام، — بۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى تۇرسا، رەسىم — قائىدە دېگەن ئۆلمەيدۇ.

— شۇنداق قىل، — دېدى ھاجەكبەر ھېكمەتكە، — بۇ يەردە بىرەر ئاي ساقلاپ تۇرىسەن. نەزىر دېگەن يەنە شۇ ئەل - جامائەت بىلەن بولىدىغان گەپ. بىز بولغاندىن كېيىن يوقلۇقۇڭنى بىلىندۇرمەيمىز.

— ئىشانوفكا، يىغىن قاچان ئېچىلىدىكەن، — ھېكمەت ئىشانوفقا قارىدى. — ئۈگۈرەلمىسەم بارمىغىنىم تۈزۈك.

— بۈگۈن ئالتىنچى ئايغا يىگىرمە ئالتە ، — ئىشانوف بارماقلىرىنى پۈكتى ، — يەنە ئون كۈن بار . ئەتىلا يولغا چىد-قىپ ، ئۈرۈمچىگە چۈشكەن كۈنىڭىز بىلەت ئالسىڭىز نەق يىد-غىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ئۈلگۈرۈپ بارالايسىز .

— ئىشانوفكا ، — دېدى ھېكمەت سەل قورۇلۇپ ، — يىغىندىن كېيىن خوتەندە بىر مەزگىل تۇراي دېگەنىدىم .

— تۇرمۇش ئۆگىنىپ ماتېرىيال توپلىماقچىسىز ، شۇن-داقمۇ ؟ — ئىشانوف بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى ، — بىرەر ئاي يېتەمدۇ ؟

— يېتىدۇ .

— بولىدۇ ، مەن ئىشخانىڭىزدىكىلەرگە ئېيتىپ قوياي .

ھېكمەت ئۇرۇق - تۇغقان ، بۇرادەرلىرىنىڭ سالاسى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى . ئۇ ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن يېتىپ كەلدى - دە ، شۇ كۈنىلا مالىيە بۆلۈمىد-دىن رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى ، ئاندىن لى يۈڭنى خەۋەرلەندۈ-رۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىشخانىغا كىردى ، لېكىن ئۇلار بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى . ھېكمەت خاتىرىسىنى ئېلىۋالماق-چى بولۇپ كېلىشى خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئالد-قاندەك قەغەزنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ قال-دۇرغان خېتى بولۇپ ،ئۇنىڭدا «كەلگەن ھامان مېنى ئىزدە» دەپ يېزىلغانىدى .

ھېكمەت ئىجادىيەت يىغىنىغا ئۈلگۈرۈپ بېرىش غېمىدە قالغانىدى . ئەگەر ئەتە بېلەت ئالغان تەقدىردىمۇ ، ئۆگۈنلۈككە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ئۇ ، نەبى ياكى دىلنارنىڭ تونۇش-لىرى ئارقىلىق ئەتە ماڭىدىغان بېلەتنى ھەل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كالونغا كەلدى . ئۆيدە دىلناردىن باشقىسى يوق ئىدى .

— نەبى يەكەنگە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يۆتكىمەكچى ، — دېدى دىلنار سومكىغا كىيىملەرنى قاتلاپ سېلىۋېتىپ ، — شۇڭا

ماھىگۈل ئاچام بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى .

— قاچان ماڭماقچى ؟

— ئۇ سالقىندا يول ئاۋۇيدۇ ، دەپ داۋاملىق ئوتتۇرا كېچىدە يولغا چىقىدۇ ، شۇڭا بۈگۈن كېچە ماڭىدۇ .

— بولدى ، مەن ماھىگۈلنىڭ ئۆيىگە باراي ، — كۆڭلىدىن باشقىچە پىلان كەچكەن ھېكمەت نىمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىدى ، — خۇش ئەمىسە دىلنار .

ھېكمەت تاكسى بىلەن بىردەمدىلا مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىنىڭ ئائىلىكلەر قورۇسىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ توك قوڭغۇراقنى بېسىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماھىگۈل ئىشىكنى ئاچتى .

— ۋىيىەي ، ھېكمەت ئاكامغۇ ، غۇلجىدىن قاچان كەلدىڭىز ، — ماھىگۈل ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ تۇرۇشى نەبى ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى ، — ھېكمەت ئاكا ، بەك تېز قايتىپ كەپسىزغۇ ؟ — نەبى ھېكمەتنىڭ غەمكىن چىرايىغا قارىدى ، — ماھىگۈل ئاچام ئىككىمىز ئارقىڭىزدىن بارماقچىمۇ بولغان ، لېكىن تولۇق ئادرېسىڭىزنى بىلمىگەچكە بارالمىدۇق .

ماھىگۈل بىردەمدىلا چاينى قايتىدىن دەملەپ ، توقاچلارنى ئۇشتۇپ قويدى . ئاندىن قازاندا قېپقالغان قورۇمىنى ئۇستەلگە قويۇپ ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا :

— ھېكمەت ئاكا ، نەبىگە قورۇغان قورۇمىدىن ئېلىپلا كەلدىم ، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ، — دەپ قويدى .

— ماشىنىدىن چۈشۈپلا كېلىشىم ، قورسۇقىممۇ ئاچ ، — ھېكمەت راست گەپ قىلغانىدى . — چايمۇ ئىچەيلى ، گەپ قىلغاچمۇ ئولتۇرايلى .

ھېكمەت ، غۇلجىدىن نىمە ئۈچۈن تېز قايتىپ كەلگەنلىك سەۋەبىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى . «خوتەن» نىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا ماھىگۈلنىڭ خۇش چىرايىنى بىرخىل تۇمان قاپلىدى . ئەمما ، نەبى خۇشلۇقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ھېكمەت ئاكا، بۇگۈن كېچە مېنىڭ ماشىنامدىلا مې-ڭىڭ، — نەبى شىرەگە مۇشتلاپ قويىدى، — بەش كۈن ئىچىدە سىزنى يەكەنگە يەتكۈزۈپ، تونۇشلارنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قويىمەن.

— ماشىنا چىقماي يېتىپ قالىدىغانمۇ ئىش بولۇپ قالار-مۇ؟ — ھېكمەت 61 - يىلىدىكى ئىشلارنى يادىغا ئالدى، — ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا...

— ۋاي خاتىرجەم بولۇڭا، يەكەن كالونىدىن كۈندە نەچچە ئون ماشىنا مېڭىپ تۇرىدۇ. ناھايىتى كەتسە بۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئۇ ماشىنىغا يۆتكىلىسىز.

— ۋاي - ۋاي، پونى زەي سالماي ئاتىدىغان بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ.

— ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلمىسام پو ئاتامدىم؟ دۇنيادا بىر-بىرىنى تونۇمايدىغان شوپۇر يوق.

— خوتەندە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالامسىز؟ — سورىدى ماھىگۈل يالىتتىدە قاراپ، — ياكى يىغىن تۈگىگەن ھامان قايتىپ كېلەمسىز؟

— يىغىن تۈگىسە، يېزىلاردا بىرەر ئاي تۇرمۇش ئۆگە-نىش خىيالىم بار.

— ھېكمەت ئاكا، بۇگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ، قانداق دېدىم، — نەبى ھېكمەتنىڭ كۆزىگە قارىدى، — نېمە قونىمامسىز؟

— سائەت قانچىگە دېسەڭ شۇ چاغدا ئۇلگۈرۈپ كېلەي، لېكىن «قون» دېگەن گەپنى قىلما.

— ئەمىسە مەن ماشىنامنى كېچە سائەت ئىككىلەردە ئۆيى-ڭىزنىڭ ئالدىدا توختىتىپ سىگنال بېرىمەن.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، مەن ھازىر يولۇقمىسام بولماي-دىغان بىر يەر بار.

ھېكمەت ئالدىراپ قايتىپ كەتتى . ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ يۇلتۇز تۇدىلىرىنىڭ راسا قويۇقلاشقان ۋاقتى ئىدى . شۇڭا ئاسماندا ئاي بولمىسىمۇ ، ھەيۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن ئۈرۈمچى ئاسمىنى سۈس ھاۋارەڭ نۇر ئىلكىدە يورۇپ تۇراتتى . يىراقتىن غۇۋا قارىيىپ كۆرۈنگەن قىزىل تاغ خۇددى بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ ياتقان شىرغىلا ئوخشايتتى .

ھېكمەت بۇرۇن ئولتۇرغان قورۇغا كەلدى ، تۇرسۇنجان ئالىم ھازىرغىچە مەشەدە ئولتۇرۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئايالى سەلىمە «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ كوررېكتورى بولۇپ ، ئىككى قىزى تو- لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى . ھېكمەت كىرىپ كەلگەندە چوڭ بىر ئۆرۈم چېچىنى ئارقىغا بانتىلىۋالغان سەلىمە ، ئالدىغا پەرتۇق تارتقان ھالدا قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى . ئۇ ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئىللىق چىراي ، بۇغداي ئۆڭ ئايال ئىدى .

— بەللى ، ئىككى قىزىڭىز تۇرۇپ قاچا - قۇچىلار سىزگە قاپتىغۇ ، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ ، — تۇر- سۇن قاغجالىمىدىن تارتىپ قىزلىرىڭىزغىچە سىزنى بوزەك قىلى- دىكەن جۇمۇڭ .

— يىللىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى ، قىزلار مېھمان- خانىدا دەرس تەكرارلاۋاتىدۇ ، — سەلىمە كىچىك ھۇجرىنى ئىما قىلدى ، — ئۇ بىر نېمە يېزىۋاتىدۇ .

ھېكمەت كىچىك ھۇجرىغا مېڭىشى ، سەلىمە چاقىرىپ قالدى .

— ھېكمەت ، ئىككى پىلتا خېمىر بار ، سىلىپ بېرەيمۇ ؟

— ياق ، قورسىقىم توق ، ماھىگۈلنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ كەلدىم .

ھېكمەت بىلەن ئايالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۇرسۇنجان ھۇجرىدىن چىققانچە ۋارقىراپ كەتتى .

— يائاللا ، ئەجەب كەلمەسكە كاتتىڭا ، ئۆيۈڭ بىلەن ئىش- خاناڭنىڭ بوسۇغۇسىنى تېشىۋەتكۈدەك قىلدىم ، — تۇرسۇنجان

دوستىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى .

— ھەي مۇتتەھەم ، كەتكىنىمگە تېخى ئون كۈن بولمىدى-غۇ ، يۇر ئۆيدە پاراڭلىشايلى .

چىرايلىق جابدۇلغان ھۇجرىنىڭ دېرىزە ئالدىدىكى چاقچاقلاشقىنە ئۇستەلدە نۇرغۇن قول يازمىلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى . ھېكمەت كۆڭلىدە تۇرسۇنجاننىڭ بىرەر ئەسەرگە تۇتۇش قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ بىر بەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «زۇلمەتتىكى مەشئەل» دېگەن تېمىنى كۆرۈپ دوستىغا قارىدى .

— ماۋزۇنى ھەيۋەتلىك قويۇۋالغىنىڭغا قارىغاندا ، چوڭراق بىر نەرسىگە تۇتۇش قىلغان ئوخشىمامسەن ؟

— ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپمۇ قالدى . قېنى ئولتا ، تاماكا چەك ، — تۇرسۇنجان ھېكمەتكە تاماكا سۇندى ، ئۆزىمۇ بىرنى تۇتاشتۇردى ، — ئويلاپ باقسام تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان ئەڭگۈشتەرلىرىمىز كۆمۈلۈپ ئېتىبارسىز قېلىۋەردى . مەن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى قەلەمگە ئېلىپ بېقىشنى ئويلىدىم .

— پاھ ، غەيرىتىڭ بەك چوڭغۇ ، توپلىغان ماتېرىيالىڭ بارمىكەندە ، — ھېكمەت تۇرسۇنجانغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويدى ، — ئەسلىدە بەك قەدىمكىلىرىگە كۆچمىسىز يەتمىگەندىمۇ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزدىن سادىر پالۋان ، نۇزۇگۇم ، ئايخان ئانا ، تەۋفىق ئەپەندى ، ئابدۇقادىر داموللام ، رىزۋانگۈل قاتارلىق ئەل سۆيەر كىشىلىرىمىز — مەرىپەتپەرۋەر ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىشىمىز كېرەك ئىدى .

— قارا ، ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقىۋاتقىنىنى ، — تۇرسۇنجان مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ قويدى ، — ئويلاپ باق ، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ئاكا -

ئۇكا ھۆسەنباي بىلەن باۋۇدۇنبايلار 1885 ـ يىلى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا تۇنجى بولۇپ يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ ، يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى ياقتى . بۇ مەشئەلنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاتۇش ، تۇرپان ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا تاشاخۇنۇم ، مەخسۇت مۇھىتى ، ھامۇت ھاجى قاتارلىق مىللەتپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەرىپەت مەشئەللىرىنى ياقتى . 30 ـ يىللارغا كەلگەندە پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى زىلزىلىگە سالغان يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىدە ، مەمتىلى ئەپەندى زۇلمەتتىكى مەشئەل بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى . مەن ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنى كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە يورۇقلۇققا چىقارماقچىمەن .

— ئەگەر سەن بۇ كىتابىڭنى رۇياپقا چىقارماقچىكەنسەن ، قەتئىي مەخپىي تۇت ، — دېدى ھېكمەت جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ ، — ئۇ يەر ـ بۇيەردە داۋراڭ سېلىپ يۈرمە ، سوغۇق قول ئارىلىشىپ قالمىسۇن . بۇ ئەسەر نەشردىن چىقىپ بولغاندىلا خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن . ئەمما ، ھەرگىز گۆھەر زېمىن نەشرىياتىغا بەرگۈچى بولما…

— نېمىشقا ؟

— ئۇ يەردە نامان سوپى بار ، ئۇ بىلىپلا قالسا ئەسىرىڭنى بۆشۈكىدە بوغۇۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ .

— ئۇ يەردە نامان سوپى بار بولسا ، مېنىڭ قېشىمدا «تايغان» بار ئەمەسمۇ .

تۇرسۇنجان ئالىم ، گۈلدەستە نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن سەككىز ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرقۇر بايان قىلدى . كېرەم بۇجاڭ ، نۇردۇن خوجا ، پەيتۇل ، مەسۇم قابىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر سىرلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارلىقى ، ئۆزىگە ئىشەنمىگەچكە ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تولۇق ھوقۇقىنى بەرمەي ، بەزى ئىشلاردا بوغۇۋاتقانلىقى ، گۇمان نەزەرىدە قارايدىغانلىقى ، ھەتتا مەسۇم قابىلنىڭ خوشامەتلىرىگە-

چە ئالا قويماي سۆزلىدى . ھېكمەت ئاڭلىغانلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ، بۇ يەردە بىر ئويۇننىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى .

— سەن نەشرىيات ساھەسىدە ئىسلاھات قىلىمەن ، دەپ مەيدەڭگە ئۇرۇپ چىقتىڭ ، ئەمدى چېكىنەلمەيسەن . بىزدە «ئات كەينىگە مىنگەشمە ، مىنگەشكەندىن كېيىن كۆتۈم ئاغرىدى دې- مە» دېگەن گەپ بار ، — ھېكمەت سۆزىنى مىخ قاققاندەك باشلىدى ، — ھەرقانداق توسالغۇغا ئۇچرىساڭ ، بېسىمغا دۇچ كەلسەڭ ئېغىرلىق قىلغىنىڭ ، قېنىڭنى چاچما ! تىلىڭ يۇمشاق بولسۇن ، مەقسىتىمگە يېتىمەن دەيدىكەنسەن بىر مەزگىل بەزى تەرەپلەردە يول قويۇشۇڭغا توغرا كېلىدۇ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، ئوچۇقراق سۆزلە ؟

— سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭ ، ئىستەكلىرىڭ ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا خوپ كېلىشى ناتا - يىن ، — ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ كۆزلىرىگە قادالدى ، — شۇڭا ئۇلارغا يېلىنىشقا ، خۇشامەت قىلىشقا ، كۆچۈكلۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ .

— ئۇقتۇم ، — تۇرسۇنجان بىر چېكىتكە تىكىلىپ قال - غانىدى ، — سەن ۋىجدانىڭنى ، غورۇرۇڭنى ، ئىنسانىي پەزد- لىتىڭنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ قوي دېمەكچى .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ؟ ئۇ چاغدا سەن نېمە بولۇپ قالىسەن ؟ — ھېكمەت سۇلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى ، — زاما- نىمىزنىڭ داڭلىق نەزەرىيىچىسى خې شىن ئەپەندى مەملىكىتى- مىزدە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەستە ئۇنۇم قازىنىشىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن شەرھلىگەن : «جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە راستتىنلا سەرخىللارنى شاللاش مېخانىزمى بار . مۇن- داقچە ئېيتقاندا ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى مۇستەقىل پىكىر قىلىش روھىغا ، ئاكتىپلىق ۋە ئىجادىيلىققا ئىگە ئاشۇ بىر قىسىم سەرخىللار ئەڭ ئاسان زەربە يەيدۇ ۋە

زەخمىگە ئۇچرايدۇ. ئۇرغۇنلىرى بىخ ھالىتىدىلا قۇرۇتۇلىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى باش كۆتۈرۈشى بىلەنلا نابۇت قىلىنىدۇ. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ ئىجادىي خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە يوقىتىش شەرتى ئاستىدا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

— پاھ، مەسىلىنى ئاجايىپ دادىللىق بىلەن قويۇپتۇ، — تۇرسۇنجاننىڭ كۆزلىرى ياللىراپ كەتتى، — كىم دېدىڭا ئۇ نەزەرىيىچىنى؟

— تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى خې شىن ئەپەندى، — ھېكمەت دوستىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، — مەن ۋىجدانىڭنى، ئىنسانىي پەزىلىتىڭنى چۆرۈپ تاشلا دېمەكچى ئەمەس، بەلكى خې شىن ئەپەندى ئېيتقاندەك ئىجادىي خاسلىقىڭ، غورۇرلۇق روھىڭ، ئىسلاھاتچىغا خاس قەيسەرلىكىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، تەۋەككۈلچىلىك دېمەكچىمەن.

— ئۇنداقتا، ئۆمرۈم خۇشامەت، باشقىلار ئالدىدا چۈكۈلداش، يېلىنىش بىلەن ئۆتىدىكەندە. ھەتتا، — تۇرسۇنجان دىمىغىنى قاقتى، — مەسۇم قابىلدەك ئىتىلارغىمۇ!

— مەن سېنى نوقۇل ھالدا خۇشامەت قىل دېۋاتقىنىم يوق، — ھېكمەت قاتتىقلا تەگدى، — پەقەت تىلىڭ يۇمشاق، مىجەزىڭ ئېلىلىق، كەيپىياتىڭ تۇراقلىق بولسۇن. بۇنداق مۇئامىلىنى پەيتۇل، نۇردۇن خوجا، كېرەم بۇجاڭلارغىلا ئەمەس بەلكى مەسۇم قابىلغىمۇ ئوخشاشلا قىل. بولمىسا بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار ئارقىسىغا زوڭ ئولتۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

— مەن ئىسلاھات قىلىمەن دەپ چېكى يوق بىر جاڭگالغا كىرىپ قالدىمۇ، نېمە، — تۇرسۇنجان يەنە دېمىغىنى قاقتى، — ئېيتقانلىرىڭدىن بۇ ئىشلارنىڭ مەن ئويلىغاندەك ئاسانغا چۈش-

مەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن .

— توغرا ، سەندە ئىسلاھاتچىغا خاس بىر سەنئەت بولۇشى كېرەك . ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكىمۇ خېلىلا ماھىرسەن ، — ھېكمەت ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى ، — رەھبەرلەر ، قول ئاستىڭدىكى مۇھەررىرلەر ، جەمئىيەتتىكى يازغۇچى ، شائىر ، ئوبزورچىلار ، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەر بىلەن يېقىن مۇئامىلە ئورنات . بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئالدىدا كەمتەر ، سەممىي ، ئېھتىياتچان بول . بولمىسا بىر ئېغىز «قوشۇلمەن» دېگەن سۆزگە ئېرىشىش تاغنى يۆتكىمەكتىن تەسكە چۈشىدۇ . ئۇ چاغدا ئەمدىلا باشلىغان ئىشلىرىڭ سۇغا چىلىشىدۇ .

ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجان گۈلدەستە نەشرىياتىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق بىر سائەتتىن كۆپرەك مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . تۇرسۇنجان چاقچاق قىلىپ : «تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىدا پىشىپ كەتكەن راسا قاقۋاشسەن - دە» دەپ قويدى . ھېكمەت ئۇستەلدىكى قوليازمىلارغا قاراپ سورىدى :

— ئەمدى بۇ كىتابىڭنى نەگە بەرمەكچىسەن ؟

— ئەسلىدە گۆھەر زېمىن نەشرىياتىغا بېرەيمىكىن دېگەن ، لېكىن سەن باشقىچىلا گەپ قىلىۋاتىسەن .

— ھەي «قۇيۇن» تاز ، — ھېكمەت كۈلدى ، — چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دەپ ئۆز نەشرىياتىڭغا بەر . ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل تەھرىرلىكىنى پەيتۇل قىلىسۇن .

— پەيتۇلغا ؟ ! بۇ… بۇ… قانداق بولار ؟

— ھەي ، شۇنچە ئىشلارغا ئىشلىگەن كاللاڭ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىمۇ ؟ ، — ھېكمەت كۈلۈۋەتتى ، — «بىرقانچە مۇھەررىرلەر بۇ كىتابىمنىڭ تەھرىرلىكىنى تالاشقانىدى ، لېكىن سىز تۇرغان يەردە ئۇلارغا بېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، شۇڭا باشقىلار

ئۇقۇپ قالمىسا...» دەپ قويساڭ، ئۇنىڭ روھى بىرگەز ئۆسۈپ كەتمەمدۇ.

— ياﺋاللا، تۆلكىگە دەرس بېرىدىغان نېمىكەنسەن. توغرا، مەسۇم قابىل «تالاشقان» دەپ قويسامۇ بولغۇدەك.

— ئەڭ ياخشىسى بىر كىمنىڭ ئىسمىنى ئاتىما، چېنىپ قالسا ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلىدۇ، — دېدى ھېكمەت، — مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم كىتاب چىققاندا «مەسئۇل مۇھەررىرى پەيتۇل» دېگەننى كۆرسىلا مەسۇم تايغان «پۇراش» تىن تەپتارتىدۇ ئەمەسمۇ، نۇردۇن خۇجىنىڭمۇ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

— ۋۇ كاساپەت، — تۇرسۇن ھېكمەتنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇردى، — شۇڭا مەن سېنى بىكارغا ئىزدىمىگەندە. «دانا تەدبىر» دېگەن شۇ.

ھېكمەت ئۇزاپ ئىشىك تۈۋىگە چىققاندا، خوتەندىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا بارىدىغانلىقى، يىغىن تۈگىگەندە بىرەر ئاي تۇرمۇش ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، تۇرسۇنجان ئالىم خۇشال بولغان بولسىمۇ ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، «چاپسانراق قايتىپ كېلەرسەن» دەپ ئاقيول تىلىدى.

كېچە سائەت ئون بىر بولغانىدى. بايىلا ماھىگۈلنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان كۆپكۆك ئاسمان ئەمدىلىكتە سۇۋارى تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختاپ كەتكەچكە ھېكمەت تاكسىغا چۈشۈپ ئۆيىگە بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى. نەبى ماشىنىسىنى سائەت ئىككىلەردە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىت يەنە بارئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىككى قۇر كىيىم، خاتىرە، قەلەم دېگەندەك يېزىقچىلىققا كېرەكلىك ماتېرىياللىرىنى سومكىغا سېلىپ بىردەم تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ شىنجىنغا بارغىنىدا مەھبۇبە، ئۇچقۇنئاي ھەم گۈلچىنئايلارغا ئەۋەتمەن دەپ

سوۋغاتلىق كىيىم ـ كېچەك ئالغان ، لېكىن ئالدىراشچىلىقتا پوچتىخانىغا بېرىشقا ھازىرغىچە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى .
ھېكمەت كىيىملىرىنى ، خاتىرە ، قەغەز ، قەلەملىرىنى سومكا ۋە پوپكىسىغا قاچىلاپ ئۆي ئوتتۇرىسىغا قويىدى ـ دە ، ئۆزىنى كىيىملىرى بىلەنلا كارىۋاتقا تاشلىدى .
ئالىقانلىرىغا بېشىنى قويۇپ تۇرۇۋسقا تىكىلىپ ياتقان ھېكمەت قىزى ئۇچقۇنئاينى ئەسلىدى . ئۇ بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردى . بەلكىم ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن . مەھبۇبەنىڭ ، قىزىنىڭ يازغان خەتلىرىگە قارىغاندا ياخشى ئوقۇغانلىقى مەلۇم . ئۇچقۇنئاي يەنە بۇرۇنقىدەكلا يىلمان مۇئامىلە قىلارمۇ ؟ ھېكمەت خوتەندىن يۆتكەلگەن ۋاقتىدا ئۇ دادىسىغا خېلىلا ئىچەكىشىپ قالغانىدى . بىراق ، ئارىدىن تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . كىم بىلىدۇ ، بۇرۇنلا بالىلىق مېھرىنى ئۆچمەنلىك ئىگىلىگەن بۇ قىز ئاتىسىنىڭ قەدرىگە يېتەمدۇ ؟ ! ئۇنىڭ بۇنداق تاشبېغىر بولۇپ قېلىشىغا يەنىلا مەھبۇبە بىلەن ھېكمەت سەۋەبچى . ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا جېدەل ـ ماجىرا ، كۇنداشلىق ۋە مەنمەنلىك كېبىرلىرى يۈز بەرمىگەن بولسا ، ھاياتى ئېقىن سۇدەك بىر خىلدا ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولارئىدى . ئېھتىمال ئون بەش يىل تۇل ئولتۇرغان مەھبۇبە ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن . ئەگەر ئۇ ئېغىز ئاچالمىسا ، ھېكمەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن دېيىشىمۇ بولىدۇ . ئىش قىلىپ ، بۇ قېتىم ئارىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈل ـ كېسىل بىر تەرەپ بولمىسا ، ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈنمۇ تۈگىمەس بىر ئازاب .
ئۇچقۇنئاي دەسلەپكى يازغان خەتلىرىدە «ئانام بەكمۇ چۈش-كۈنلىشىپ كەتتى . تاڭ سەھەرلەردە جايىنامازدا ئولتۇرۇپ نېمە-لەرنىدۇر تىلەيدۇ ، قەبرىستانلىققا بارىدۇ ، ئۇ بەكمۇ بىچارە ، ئۇنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز» دېگەندەك ئىلتىجالارنى قىلغانىدى .

كېيىنكى يىللاردا ئۇ خەتنى تولىمۇ ئاز يازدى ، ھەتتا يازماس
بولۇپ كەتتى . ھېكمەتمۇ قىزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى سېلىش
بىلەنلا كۇپايىلەندى . شۇنداقتىمۇ بىر تال قىزىغا شاپائەت قولىـ
نى سۇنۇش بىر ئاتىنىڭ پاك ئېتىقاد يولىدىكى قەرزى ھەم
بۇرچى ئىدى .
ھېكمەت چىراغنى ياندۇرۇپ سائىتىگە قارىدى . بەلگىلەنـ
گەن ۋاقىت توشۇپ قالغان بولسىمۇ نەبىدىن تېخى خەۋەر يوق
ئىدى . ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ ، دىۋانغا چۆككىنىچە تاماكا چەكـ
تى . تولغىشىپ چىقىۋاتقان تۇتۇنلەر ئارا مەھبۇبەنىڭ يۇملاق
چوڭ كۆزلىرى ، پاكىز رۇخسارى ، ساددا كۇلۇمسىرەشلىرى
ئايان بولدى . ئۇنىڭ ھېكمەتنى يوقلاپ قوشكۆلگە كىرگەن چاغـ
لىرى رەسىدىلىك باغلىرىغا قەدەم ئېلىپ ، راسا تولغان ، ئوماق
چاغلىرى ئىدى ! تىزىغا كېلىدىغان قىسقا مايسارەڭ سوكنا پەلـ
تو ، سارغۇچ يۇڭ شارپا ، قارا ئەتلەس كۆڭلەك ، ئاپئاق قىرۇ
قونغان ئۇزۇن كىرپىكلەر مەھبۇبەنى خۇددى ماگىزىن تەكچىسىـ
دىكى قونچاققا ئوخشىتىپ قويغانىدى . بۇ كۆرۈنۈشلەر ھېكمەتـ
نىڭ خاتىرىسىدىن تېخى كۆتۈرۈلگىنى يوق !··· قوش زىناقلىق ،
قاپقارا توم قاشلىق ، مەرمەردەك لەۋلىرى قىزىل مارجاندەك
پارقىراپ تۇرغان بۇ ئۆزبېك قىزى سوۋېتتە ئىشلەنگەن خورما
رەڭ ئۆتۈكنىڭ ئۇچىدا كۇلتۇك قارنى جىجاپ تۇراتتى···
— تېتىدىمۇ ؟···
— تېتىدى··· تېتىدى··· تېتىدى··· !
ھېكمەت كۇلىۋەتتى . ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى كۇلدالغا
بېسىپ تۇرۇشى سىرتتىن ماشىنىنىڭ سوزۇپ بەرگەن سىگنالى
ئاڭلاندى .

# ئۇزۇن يوللار ، قەدىم يەرلەر

ماشىنا شەھەر كوچىلىرىدىن چىقىپ بولغۇچە بىر خىلدا ماڭغان بولسىمۇ ، ئۇلانبايىنىڭ قارىياغاچلىق يوللىرىغا ئۇلىشىپلا سۈرئىتى شۇنچىلىك تېزلىشىپ كەتتىكى ، ئىككى تەرەپتىكى تېلېگراف ئىستولبىلىرى خۇددى ئارقىغا يېقىلىۋاتقاندەك غىل - پاللا كۆرۈنۈپ ، ئورمانلار قۇيۇندەك ئارقىغا ئۇچماقتا ئىدى . ئۇيقۇسىز ھېكمەت قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى . ئۇ بىر چاغدىلا كۆزىنى ئېچىپ ، ئالدىدىكى قاتمۇ قات تاش تاغلار ، تاقىر تۆپىلىكلەر ئارقىسىدىن ئوتقاچتەك قىزارغان قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— ئۇيقۇڭىز قانغاندەكمۇ ھېكمەتكا ، — سورىدى نەبى يولدىن كۆز ئۈزمەي .

— نەلەرگە كېلىپ قالدۇق ؟

— توقسۇن ئارقىمىزدا قالدى ، ھازىر بىز «ئارغى بۇلاق» ئىچىدە كېتىۋاتىمىز ، — دېدى نەبى كۈلۈپ قويۇپ ، — ئەتىگەنلىك تاماقنى كۇمۇشتە يەيمىز .

— شۇنىڭغا قارىغاندا ئوبدانلا ئۇخلاۋاپتىمەن جۇمۇ .

ئۇلار شۇ كۈنى كورلا بېكەتتە قونۇپ ، يەنە يېرىم كېچە بىلەن يولغا چىقتى . كېچىدە قاتنايدىغانلار ئاز بولغاچقا ، نەبى ماشىنىسىنى بەكمۇ تېز ھەيدەيتتى . ئۇنىڭ تەمبەل بوي تۇرقى ، كۈچلۈك بىلەكلىرى شوپۇر بولۇشقىلا يارالغاندەك ئىدى . ئۇ كەسپىگە ئەستايىدىل ئىدى . ھەرقانچە سەھەر ياكى كېچىدە يولغا چىقسۇن ماشىنىسىنى سۈرتۈشنى ئۇنتۇمايتتى . ماشىنىسىمۇ ئىچكىرىدىن يېڭى كىرگۈزۈلگەن ماشىنا بولغاچقىمۇ بىرلا سۈرت-

سە ياپيېشىل پارقىراپ كېتەتتى . بېكەت سۇخانىلىرى ئېچىلمى-
غان كېچىلەردە ، ئۇ سىرتتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن سۇ
ئەكېلىپ بولسىمۇ ماشىنىسىنى تازىلايتتى . يول يۈرگەندە خۇد-
دى بىر نېمىسىنى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ماشىنىسىنى توختىتىپ ،
ماتور قاپقىقىنى ئاچاتتىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تەكشۈرەتتى .
چوڭ كۇلۇچتا ھەممە چاق بالونلىرىنى ئۇرۇپ قويۇپ ، سەللا
بوشىغان بولتىلارنى چىڭىتاتتى . ھېكمەت ئۇنىڭ رولىنى رۇس
تۇتۇپ ، قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا يولدىن كۆز ئۇزمەي ئولتۇر-
غان قىياپىتىدىن زوقلاندى .

بەزى ھاللاردا دۇنيانى ۋاپاسىز ، تۇرمۇشنى رەھىمسىز ،
ھاياتنى بىقارار دەپ ئاغرىنىدىكەنمىز ، تەقدىرى ئەزەلنىڭ شۇن-
داق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەنمىز . ئاتا ـ بو-
ۋىلىرىمىز شۇڭا «پېشانەڭگە شۇنداق يېزىلغان» ، «ئاللانىڭ
ئىجازىتىسىز تاپانغا تىكەن سانچىلمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق كۆ-
ڭۈللىرىگە تەسكىن تېپىپ ، ئەۋلادىنى شۈكۈر ـ ئىنساپقا ، سەۋر ـ
قانائەتكە ئۆگىتىپ كەپتۇ . ئەقىل كۆزىمىزنى چوڭ ئېچىپ قارى-
غىنىمىزدا ، دۇنيانىڭ ئۆزى بىر سەھنە ئىكەن ، ھەممىمىز
ئۆزىمىزگە چۈشلۈق رول ئالىدىكەنمىز . بەزىلەر جەبىر ـ زۇ-
لۇم ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ، دىشۋارچىلىق گىرىيانلىرىنى ئۇستىگە
ئېلىپ ھالىدىن كەتسە ، بەزىلەر ھەتتا ھاياتنى تىراگېدىيە بىلەن
ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۆمۈر مەنزىلىگە بەرھەم بېرىدىكەن . راھەت ـ
پاراغەت ، بەخت شەربەتلىرىگە چۈمۈلگەن ، بايلىق ـ مەئىشەت
خەزىنىلىرىگە كۆمۈلگەنلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۈق غەم ـ تەش-
ۋىشلىرى ، ھەسرەت ـ نادامەتلىرى بولۇپ تۇرىدىكەن . بۇ دۇنيا
سەھنىسىدىكى «ئويۇن» لار ئاخىرلىشىپ «ئۇھ» دېگەن چېغىڭ-
دا ، ئۇستۋاشلىرىڭنى قىرۇ بېسىپ ، تەنلىرىڭ تىنىق سۇدەك
ئېغىرلىشىپ ، ۋۇجۇدىڭدىن مادار ، كۆزلىرىڭدىن نۇر كېتىپ ،
ئۇ دۇنيا سەپىرى كۆزۈڭگە كۆرۈنۇپ قالىدىكەن . قىسقىسى ،

«بۇ دۇنيا سەھنىسىدە مۇشكۇلات كۆرمۇدۇم» دەيدىغان بەندىنى تېپىش. بەك مۇشكۇل.

ھېكمەتنىڭ «تەقدىرى ئەزەل» ھەققىدە كۆڭۈلسىز خىيال- لارغا بېرىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەن نەبىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۇرلۇك ھەم ياش- لىق مەزگىللىرىنىڭ بوران - چاپقۇنسىز ئۆتمىگەنلىكى، رە- ھىمسىز يىللار ئۇنىڭ مەسۇم چىرايىغا قامچىلاپ، تامغىلىرىنى باسقانلىقى، پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ، ئەركسىز قۇل بول- غانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلى- كىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. تەڭرىتائالانىڭ بۇ دۇنيا سەھنى- سىدە ئۇنىڭغا بەرگەن پاجىئەلىك روللىرى ئۆز قارارىنى تاپقاندى- مىدۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. لېكىن، ئۆلمەي تۇرۇپ جىنازىغا كىرگەن، ساددا ئۈچ ئېلىش ئارقىلىق خەقلەرنىڭ تۇمشۇقلىرى- نى چارلاشتۇرۇۋەتكەن، مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ لەگلەك ئويى- نىغان ئاشۇ بالىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىناق بىر ئائىلىنىڭ ساخاۋەتچىسى، ئوماق ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ كۆيۈمچان ئاتىسى بولۇپ قېلىشى ھېكمەتنى سۆيۈندۈرمەي تۇرالمايتتى.

ھېكمەت چەكسىز چۆل - باياۋانلار، توغراقلىق ئورمانلىق- لار، يامغۇر بولۇتىدەك يېپىلىپ ياتقان كەنت - يېزىلارغا مېھىر بىلەن قارىغاچ بەزىدە مۈگدەپ، بەزىدە كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈپ قونالغۇلارغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى. ئۇ يەردە بىرنەچچە سائەت كۆز يۇمۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا يەنە يولغا چىقاتتى. تۇرۇپلا ئۇلار قوش- كۆل، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى، كىرىيە تۇرمىسى، خوتەندىكى ئۇنتۇلغۇسىز كەچمىشلەر ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ قالسا، مەن- زىللەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلىنمەيتتى. كوچا، ئاقسۇ، قەشقەرلەر ئارقىدا قېلىپ، پاكار كۆرۈمسىز دۇكانلار، قويۇق بۇسقا تول- غان ئاشخانىلار، قەپەسلىرىدە ئىلى تورغايلىرى سايرىشىپ تۇر-

غان چايخانىلار ، ئىسلاشقان تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى بىلەن ئىپ-تىدائىي ئىللىق مېھرىنى ساقلاپ قالغان يىگىسانىڭ تار رەستى-لىك بازارلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

— ھېكمەت ئاكا ، يەكەننىڭ بوسۇغىسىغىمۇ كېلىپ قال-دۇق ، — دېدى نەبى ئۇزۇن يوللارغا قاراپ ، — ھۆرمەتسىز-لىك بولسىمۇ دەي ، بۇ قېتىم خوتەنگە بارغىنىڭىزدا مەھبۇبە ئاچامنى ئىلاجى بار قايتۇرۇپ كېلىڭ . بۇنداق يۇرتۇەرسەگلار ھەر ئىككىڭلارغا ياخشى ئەمەس .

نەبىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەن ھېكمەت خېلى بىر ۋاخلارغىچە ئۈندىمەي جىمىپ كەتتى . «ياق» نىڭ سەۋەبلى-رىنى دېيىشكە تىلى بارمىدى ، «ماقۇل» غا بولسا كۆڭلى ئۇن-مايتتى . بۇنى چۈشەندۈرمەكمۇ تەس ئىدى . ھېكمەت بىلەن مەھبۇبەنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈرەككە قاتمۇقات داغلارنى سېلىپ قويدى . ئوغلى ئەزىمەتنىڭ پىراق ئوتلىرى ھازىرغىچە ئۆچكىنى يوق ! قىزى ئۇچقۇنئايىنىڭ بالىلىق مېھرىدىن جۇدا بولۇشتەك نادامەت قەلبىدە جاراھەت ئىزلىرىنى قالدۇردى . گۈلزىبانىڭ بىر تال قېرىندىشى نەبىنىڭ ئون يىللاپ مەھبۇسلۇق كوچىلىرىدا قېلىشى ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتىدى . بو-لۇپمۇ ئۇنىڭ «ۋاپا» ھەم «خاتىرە ئويما» لارنى كۆيدۈرۈۋېتىش-تەك رەزىللىكى ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى بىر پارچە ئۇيۇلتاشقا ئايلاندۇرۇپ قويدى . شۇنداقتىمۇ نادانلىق ، مىكىر ، چىن سۆ-يۈش ، رەشىق ھەم قارا كۆڭۈللۈك ئارىلىشىپ كەتكەن قارىغۇ مۇھەببەت قاينىمىدا ئىسسىنى يوقاتقان بۇ مەزلۇمەگە ھېكمەتنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى . بىر ئەرگە ئون بەش يىللاپ ساداقەت كۆرسى-تىش ، قىلغان سەۋەنلىك - گۇناھلىرىغا توۋا ئىستىغپار ئو-قۇش ، شامۇ شەھەرلەردە ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەش — بۇ ئاسان يەتكىلى بولمايدىغان شىجائەت ئىدى . ئەمىسە ھېكمەت ئۇنىڭ ئاشۇ پىداكارلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلسۇنمۇ ؟ بۇ

چاغقچه بەرگەن قۇربانلىقلىرى يەتمەسمۇ؟ مانا بۇ بىر - بىرىنى تەرك ئېتىدىغان ۋاپا ۋە ۋاپاسىزلىقلار ھېكمەتنىڭ تىلىنى باغلاپ تۇراتتى.

— ھېكمەت ئاكا، خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — نەبى قايرىلىپ قاراپ قويدى، — مەن بۇ توغرۇلۇق ماھىگۈل ئاچام بىلەن بىر كېچە سۆزلەشتىم.

قېرىنداشىغا ئىچى ئاغرىغان نەبىنىڭ چىرايىنى ھەسرەتلىك بىر تۇمان ئورىۋالدى - دە، بىر ھازا جىمىپ كېتىپ «ئومۇ قوشۇلدى» دەپ ئاستا پىچىرلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق مىسكىن بىر ھالەتتە ئاچىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشى بىلەن ھېكمەتـ. نىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق بىر ئاغرىق مۇجۇپ ئۆتتى. تەرەببا، شاڭخەي خۇاڭپۇ باغچىسىدىكى «مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا...» دېگەن مۇڭلۇق بىر نىدا ۋە تەلمۈرگەن ئايدەك رۇخسار كۆڭۈل ئەينىكىدە پەيدا بولدى.

— ھېكمەت ئاكا، گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — دېدى نەبى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، — بىلىمەن، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى سورىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. بىراق، سىزـ. نىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق دەردكە كۆمۈلۈپ، تەنھالىق ئىچىدە مۇڭـ. لىنىپ ئۆتۈشىڭىزگە كۆڭلۈم زادىلا چىدىمىدى. سىز ئۆمرىـ. ڭىزدە باشقىلارنىلا ئويلاپ ياشىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى بولسا بۇ دۇنـ. يادا مەۋجۇت ئەمەستەك تاشلىۋەتتىڭىز. ئاشۇ يىللاردا بېشىڭىزـ. غا كەلگەن قاتمۇ قات جۇدالىقلار، خورلۇق - كۈلپەتلەر، سۈرـ. گۈن - جازالىنىشلارنى ئويلىسامىلا يۈرىكىم سىيرىلىپ كېتىدۇ.

ماشىنىنىڭ رولىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزىنى ئۇزۇن يوللارـ. دىن ئۈزمەي كېتىۋاتقان نەبىنىڭ يۈزىدىن چوڭ - چوڭ ياش تامچىلىرى دۇمىلاپ مەيدىسىگە تۆكۈلدى. ھېكمەت چوڭقۇر تىنـ. نىپ بېشىنى كۆتۈردى.

— نەبى، سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا ئېگىل بولدى، — دېدى

ھېكمەت تەمكىن ھالدا ، ـــ مەھبۇبە ھېلىمۇ مېنىڭ باش ئېگىپ ئالدىغا بېرىشىمنى ساقلاپ تۇرىدۇ ، مەن بۇنى ھار ئالمايمەن . ئەمما ، زادى كىم ـ كىمنىڭ ئالدىدا باش ئېگىش مەسىلىسى مېنى توسۇپ تۇرۇپتۇ .

ـــ ۋاي بولدىلا ، كۇنداشلىق ، مەنمەنلىك ، كۆرەلمەسلىك يولىدا كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان خوتۇن كىشىنىڭ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز ، ـــ نەبى كۇلۇپ قويدى ، ـــ بۇنداق ئەسەبىيلىك كوچىلىرىدا تەمتىرىگەن مەزلۇم ئۆزىنىڭ نېمە دەپ ، نېمە قويغانلىقىنىمۇ بىلمىسە كېرەك .

ـــ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سەن دېگەن ئەسەبىيلىكلىرى مې-نىڭ باش ئېگىشىمگە ئىجازەت بەرمەيدۇ .

ـــ ئۇنداقتا قانداق قىلماقچى ؟

ـــ ھازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن ، ـــ ھېكمەت بۇ سۆھ-بەتتىن ئۆزىنى قاچۇردى ، ـــ نەبى ، ئاقمۇللا ئىمامنىڭ قورۇ-سىنى سېتىۋېتىمگەن بولساڭ بۇ قېتىم شۇ يەردە تۇرىدىكەنمەن .

ـــ ھازىر ھەر ئىككىلا قورۇ يوق ، ـــ دېدى نەبى لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، ـــ بىزنىڭ ھويلا ـ ئارام ، ئۆيلەر يولغا چىقىپ كەتتى . ئاقمۇللا دادامنىڭ قورۇسى ئورنىغا بىنا چۈشتى ، ھەتتا ئاۋغان كوچىسىنىمۇ تاپالمايسىز .

سۆھبەتنىڭ ئاياغ ئۇچى بۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۇلار يەكەن دىيارىغا كىرىپ كەلدى . ماشىنا يۈك ئاپتوموبىلى كالونىغا كى-رىپ پۇشۇلداپ توختىدى . كالونغا ئاشلىق ، تايلانغانماللار ، دورا ـ دەرمەك يىلتىزلىرى ، گىلەم قاتارلىق يۈكلەر بېسىلغان ماشىنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇشاتتى . نەبى كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپلا غايىب بولدى ، ئارىدىن ئۇ-زۇن ئۆتمەيلا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، ھېكمەتنى باشلاپ كالون دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغان ماشىنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . كابىنكىدا ئېگەكلىرىنى قاپقارا ساقال بېسىپ كەتكەن ، كىيىم-

لىرى مايلاشقان، بويۇنلىرى قاسماق ئورۇق بىر بالا ئولتۇرا-
تاتتى .

— مەخەت، بايا گېپىنى قىلغان ئاكام مۇشۇ بولىدۇ، —
دېدى نەبى ۋارقىراپ، — يوللاردا هايال بولىدىغان بولساڭ
راست گېپىڭنى قىل، باشقا ماشىنىنى تاپىمەن . چۈنكى، ئاكام
خوتەندىكى مۇھىم بىر يىغىنغا ئۈلگۈرۈپ بارمىسا بولمايدۇ .

— ۋاي نەبىكا، ئەجەب ئەزۋەيلەپ كەتتىڭغا، — شوپۇر بالا
ئاق قوناق دانىسىدەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، — يولدا
مېنىڭ تۇتۇپ قويغان ئۆيۈم، قۇچىقىنى ئېچىپ تۇرىدىغان خوتۇ-
نۇم بولمىسا يا...

ھېكمەت نەبى بىلەن خوشلىشىپ كابىنىكىغا چىقتى . ماشىنا
ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ قوزغىلىپ چوڭ يولغا چۈشتى ـ دە،
توپا تۇماننى پۇرقىرىتىپ يۈرۈپ كەتتى .

شوپۇر بالىغا نەبىنىڭ گېپى ئۆتۈپ كەتكەنمۇ نېمە، ماشى-
نىسىنى ھېچ يەردە توختاتماي شۇنداق جېدەللەپ ماڭدىكى،
ئالدىدىكى ماشىنىلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كەچلىك تامىقىنى
گۇما ساغاندا يېيىشتى . ماشىنا چولاقنىڭ دەشتى باياۋانلىرىنى
ئارقىدا قالدۇرۇپ، پىيالمىنىڭ سېپىغا كىرگەندە قاراڭغۇ چۈ-
شۈپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەرھالدا خوتەنگە ئوتتۇرا كېچە
بىلەن يېتىپ كېلىشتى . ھېكمەت شوپۇر بالىغا رەھمىتىنى ئېيى-
تىپ، بېكەت مېھمانخانىسىدا يېتىپ قالدى . بىراق «خوتەن
قانداق بولۇپ كەتكەندۇ، چاپسانراق تاڭ ئاتسا بولاتتى» دېگەن
خىياللار بىلەن ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى .

ھېكمەت سەھەردىلا تۇرۇپ كوچىغا چىقتى، ئەمما كۆرگەن-
لىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىڭغىر ـ
قىيسىق ئۆيلەر، دۇكانلار ئورنىغا يېڭى بىنالار سېلىنغان بو-
لۇپ، تۇپتۇز كەڭ ئاسپالت يوللار گۈلباغقا تۇتىشىپ كەتكەن-
دى . ئىككى قاسناقتىكى ئەرمۇدۇن، چىنار كۆچەتلىرى كۆۋ-

كۆك ياشىرىپ شەھەرگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى . تو-
نۇش ھىدلار دىمىغىغا ئۇرۇلغانسېرى ھاياجانلانغان ھېكمەت ئەت-
راپقا تويماي قاراپ ، ياشلىق خاتىرىلەرنى ، مەڭگۇ ئۇنتۇلماس
جايلارنى ، قەدەم ئىزلارنى ئىزدەيتتى . ئۇ گۇلباغ رەستىسىگە
بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ، مەمەت قاسىم بىلەن كۆرۈ-
شۈش ئۈچۈن مەدەنىيەت يۇرتىغا كىردى . لېكىن ، «يېڭى قاش-
تېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانغانىدى .
ھېكمەت مەدەنىيەت يۇرتى خادىملىرىدىن سوراپ ، ئۇلارنىڭ لاس-
كويدا ئېچىلماقچى بولغان «ئەدەبىي - ئىجادىيەت مۇھاكىمە»
يىغىنىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتى . ئۇ دەرھال قايتىپ بېكەتكە باردى - دە ،
ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ لاسكويغا يۈرۈپ كەتتى . زېھنىياتلىق ئوقۇر-
مەنلىرىمىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك ، مەدەنىيەت
ئىنقىلابىدا ئەسىرگە چۈشكەن تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى
ھەم مىنبىگلار لاسكوي گۇڭشې ئىشخانىلىرىغا سولانغانىدى .
نەبى ئاچىسى گۇلرۇزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتەك پاجىئەنىڭ شۇ
كېچىسى رۇي بەرگەنلىكى ئېسىڭلارغا كەلگەندۇ ؟
ھېكمەت لاسكوي گۇڭشىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىر-
گەندە ، تال بوستانلىق ھويلا ئىچى جىمجىت ئىدى . ئالدى پېشاي-
ۋانلىق ھاۋارەڭ سىرلانغان ئۇزۇن بىر قاتار ئىشخانىلاردىنمۇ
ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى . ھېكمەت خوتەن «يېڭى قاشتې-
شى» ئەدەبىياتىدا بىللە ئىشلىگەن مەمەت قاسىمنى تېپىش ئۈيىدا
بىناغا قەدەم ئالدى . ھازىر ئۇ «يېڭى قاشتېشى» ئەدەبىياتى
تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى . قايسى ئىشخانىغا كىرىش ،
كىمدىن سوراشنى بىلمىگەن ھېكمەت كارىدور ئوتتۇرىسىدا تې-
ڭىرقاپ تۇرۇشى ، گۇڭشى بېغىغا چىقىپ كېتىدىغان ئۇدۇلدىكى
ئىشىكتىن مەمەت قاسىم كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدا قولىيازما
ئورىگىناللىرى بارئىدى .
— ھېكمەت ! — مەمەت قاسىم ئېتىلىپ كەلدى - دە ،

ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى ، ـــ قاچان كەلدىڭ ؟ مەن تېخى سېنى كېلەلمەيدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدىم .

ـــ ئاخشام كەلدىم .

مەمەت قاسىم ھېكمەتنى باشلاپ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى . ئىشخانىدا ئىككى كارىۋات ، بىر ئىش ئۈستىلى ئۈچ ـ تۆت ئورۇندۇق بار ئىدى .

ـــ كەلسە بىللە ياتارمىز دەپ ساڭا بىر كارىۋاتمۇ ئەكىرىپ قويغان ، ـــ مەمەت قاسىم بۇلۇڭدىكى كارىۋاتنى ئىما قىلدى ، ـــ ھە ، كېچىكىپ قالدىڭغۇ ؟

ھېكمەت ئاپىسىنىڭ تۇگەپ كېتىپ غۇلجىدا نەزىر ئۆتكۈزۈۋاتقاندا خەۋەر تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . مەمەت قاسىم سوراپ سالغانغا ئۆكۈنگەندەك بولۇپ تەسەللى بەردى .

ـــ شىنجاڭ بويىچە يەتمىشتەك يازغۇچى ، شائىر ـ ئوبزورچىلار يىغىلدى ، ـــ دېدى مەمەت قاسىم ئېغىر تەبىئىتى بىلەن ، ـــ تۈنۈگۈن ۋىلايەتلىك ئىككىنچى مېھمانخانىدا ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق . بۈگۈن ئەسەر ئوقۇش ، مۇھاكىمە قىلىشنى باشلايمىز .

ـــ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

ـــ ھەربىر گۇرۇپپىدا يىگىرمىدەك ئادەم بولغاچقا ، ئىشخانىلار ئىسسىپ ھاۋاسى بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن ، ـــ مەمەت قاسىم ئەمدىلا چارلاشقان يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ قويدى ، ـــ شۇڭا مۇھاكىمىنى باغدا ئېلىپ بېرىۋاتىمىز .

بۇ قېتىمقى خوتەندە ئېچىلغان «ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق كۆلىمى زور ، مۇھاكىمە دائىرىسى كەڭ بولغان ئەھمىيەتلىك يىغىن ئىدى . بۇنىڭغا ۋىلايەتنىڭ شۇجى ، ۋالىيلىرى قاتارلىق رەھبەرلىرى يازغۇچى ، شائىرلارنى كۈتۈۋېلىش ، ياتاق ، تاماق ، زىيارەت ، ئېكسكۇرسىيىلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش ئۇ-

چۈن پەۋقۇلئاددە تەييارلىق كۆرگەنىدى . ھەتتا ۋىلايەتلىك ، نا-
ھىيىلىك ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ كىچىك ماشىنىلىرىنى يې-
غىن ئەھلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى . دەرۋە-
قە ، خوتەن نامرات جاي بولسىمۇ ، باشقىلار ئۈچۈن ھېچنېمىسىد-
نى ئايىمايدىغان مېھماندوستلۇقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى .

— ھېكمەت ، يىغىلغان ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپ ، —
دېدى مەمەت قاسىم ، — بىراق ، ھەممىنى ئوقۇپ مۇھاكىمىگە
سېلىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ . شۇڭا ، سەن بۈگۈن - ئەتە
مۇھاكىمىگە قاتناشتۇرۇشقا بولىدىغان ئەسەرلەرنى ئايرىپ چىق-
ساڭ قانداق ؟

— بولىدۇ ، يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا
كەلتۈرمىسەم بولماس .

— چاقچىقىڭنى قوي ، — مەمەت قاسىم ئىشكاپتىن بىر
دەستە قولىيازمىنى ئۈستەلگە قويدى ، — ھەي ، بۇنىڭ ئىچىدە
مېنىڭ ئىككى ھېكايەم بار جۇمۇ ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىراق بول .

— توپلامى چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى كۆرمەيلا ئۆت-
كۈزۈۋەتسەممۇ بولار .

— ھەي ، ھەي ، خاۋس گەپنى ئاز قىلىپ ئىشنى باشلا .

مەمەت قاسىم چىقىپ كەتتى . ھېكمەت تىكىلگەن ، چاپلان-
غان ، سىخلانغان قولىيازمىلارنى بىر قۇر ئۆرۈپ - چۆرۈپ ،
تېمىلىرىغا قارىغاچ ۋاراقلاپ كۆردى . خۇددى چۈمۈلىنى سىياھقا
چىلاپ قويۇپ بەرگەندەك ئىجىر - مىجىر خەتلەر ، قاغا پۇتىدەك
قوپال يېزىلغان سەھىپىلەر ، ھەتتا ئورىگىنال سىزىقلىرىدىن
قىيىپ قىڭغىر - قىيسىق ، يانپاش كەتكەن قۇرلار بىلەن
«بېزەلگەن» ئەسەرلەرنى كۆرگەن ھېكمەت بېشىنى چايقاپ كۈ-
لۈپ قويدى . ئۇ چۈشكۈچە كىچىكرەك ئىككى ھېكايىنى كۆرۈپ
«بولىدىغان» غا چىقاردى . گەرچە خەتلەر ئەنە شۇنداق كۆرۈم-
سىز يېزىلغان بىلەن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى ، پىكرىنىڭ

ئۆزگىچىلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ھېكمەت، تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ بۇ ھەقتە «يازغۇچى، شائىر دېگەننىڭ قولىيازمىسىنى كۆرمەي، چىققان كىتابىنى كۆرسە بولىدىكەن» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ قالدى.

چۇشلۇك تاماق گۆشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك كۆچەتلىك باغدا بېرىلدى. يۇمىلاق شىرەلەر ئەتراپىدىكى ئورۇن-دۇقلاردا ئولتۇرۇشقان قەلەمكەشلەر چاقچاق، يۇمۇر، لەتىپە سۆزلەپ دەممۇ دەم كۈلۈشمەكتە ئىدى. ھېكمەت جاي ـ جايلار-دىن كەلگەن ئاپتورلار بىلەن كۆرۈشۈپ، چەتتىكى شىرەگە توپ-لانغان ئاتاقلىق دراماتورگ ھەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى، تۇردى سامساق، جارۇللا ئەخمىدى، زوردۇن سابىر، قادىر جېلىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان ھېكايىلىرى بىلەن شۆھرەت قازىنى-ۋاتقان يازغۇچى مېھرىدىن ھاشىر، مۇقىتجان باھادىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھوي، بىرنى بىر دېگۈلۈك دەيدىغان جاھىل خوتەن-لىك، — دېدى زۇنۇن قادىرى چاخچاق قىلىپ، — سەنمۇ كېپقاپسىنا، خوتەندىن رېزقى ـ نېسىۋەڭ تېخى كۆتۈرۈلمىگەن چېغى.

— خوتەندە يىگىرمە يىل تاشتۈز ئىچكەن نېمە بۇ، — تۇردى سامساق چاقچاققا قوشۇق سالدى، — پېشانىڭ سالمىغۇچە كۆتۈرۈلمەيدۇ.

— تۇردىكا، ئاڭلىساق تاش تۈزنىڭ قۇلىقىنى تاپمىغۇچە قوپارغىنى بولماسمىش، — دېدى مېھرىدىن ھاشىر، — شۇ-نىڭغا قارىغاندا بۇنىڭمۇ قۇلىقىدىن ئالمىغۇچە قوزغالمايدۇ دەڭا.

ھېكمەت ئۇلارنىڭ چاقچاق ـ ھەزىللىرىنى بىردەم ئاڭلاپ، ئۆز شىرەسىگە قايتىپ كەلدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار چۇشلۇك ئارام ئېلىپ يەنە باغقا يىغىلدى. ھېكمەت ئىككى كۈنگىچە مەمەت قاسىمغا ياردەملىشىپ ماتېرىيال كۆرۈپ ھەم ئەسەرلەرگە چۇش-

كەن پىكىرلەرنى رەتلەپ چىقتى . يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئىند-
سان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغاچقىمۇ كۈلكە - چاقچاق
بولۇپ ، ھەرخىل تېمىدىكى قىزىق ۋاقىئەلەر سۆزلىنىپ ئۆتكەن
كۈنلەر بىلىنمەيتتى . ئەسەرلەر ئوقۇلۇپ ، مۇھاكىمە يىغىنلىرى-
مۇ جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتەتتى . كەچ بولغان ھامان
تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلغان دېھقانلار ، يىپەك توقۇمىچىلىق
فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى گۈڭشى ھويلىسىغا توپلىنىپ كېتەت-
تى . ئۇلار ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ، رادىئولاردا ئاڭلاپ ، لېكىن
ئۆزىنى كۆرمىگەن يازغۇچى ، شائىرلارنى سورىشاتتى ، ئۇلارنى
كۆرگەن ھامان يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئارىغا ئېلىۋالاتتى - دە ،
ھەرخىل سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتەتتى . يىغىن رەھبەرلىكى ۋىلايەت-
لىك ھەم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ،
گۈڭشى كۇلۇبىدا ئويۇن كۆرسىتىپ ، كىنولارنى قويۇپ بېرەت-
تى . بەزىدە تال بوستان ئاستىدا تانسا ، كۆڭۈل ئېچىشلارمۇ
بولۇپ تۇراتتى . بۇ يەردىن تارقىغان قەلەمكەشلەر بىرەر ياتاقتا
ياكى گۈڭشى مەجلىسخانىسىغا توپلىنىپ ، ئوتتۇرا كېچىلەرگىچە
مېھرىدىن ھاشىر بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ دۇتار ، تەمبۇرلىرى-
نى ئاڭلاپ ، ئېلى ناخشىلىرىدىن پەيزى ئالاتتى . قىسقىسى ،
پائالىيەتسىز كۈن بولمايتتى .

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، يازغۇچى ، شائىرلار
قورۇدىكى تال بوستان ئاستىدا سەگىدەپ يۈرۈشەتتى . ھويلىغا
توپلىنىپ قالغان ئادەملەر ئارىسىدىن پاكار ، مۈرىلىرى پەس ،
چاك ياقىلىق ياسمانە كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ياندىن تۈگمىلە-
گەن ، ئېڭىكىدە بىر تۇتام ئاپئاق ساقىلى بار بىر ئادەم يورغىلاپ
چىقتى - دە ، ھېكمەتنىڭ ئالدىنى توستى :

— ئا ، مۇئەللىم ، مېنى تونۇمىدىلىما . ئەينىيا ، مەن
نەمەت مىرزى ، — نەمەت مىرزىنىڭ ساپ ئۆزۈمدەك ئېسىلىپ
تۇرغان يوغان پوقىقى ھېلىمۇ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى ، —

قومغايغاندا ئورما ئورىغىنىمىز خەتلىرىدە باتۇ ؟
يەرلىك شىۋىگە ئامراق قەلەمكەشلەر يەردىن ئۆنگەندەكلا ئۇ ئىككىسىنى ئورىۋالدى .
— شۇنداق ئۇز تۇرۇپلا ، هۆددەس قىرىماپلا ئەينا ، — نەمەت مىرزى جىيەكلىرى مايلاشقان چىمەن دوپپىسىنى پۇۋلىۋېتىپ قايتا كىيدى ، — بىزلەر بوۋىقۇتتەك قىرىپ كەتتۇق ، چاچ - ساقاللىرىمىز ئۇچتەك ئاقىيىپ ، چىشلىرىمىز ساغىيىپ ، بولالىقىمىز شۇ بولاپ قالدى ئەينا .
— نەدىكىنى ، ئۆزلىرىمۇ ئوتاندەك تۇرۇپلا ئەينا ، — هېكمەتمۇ يەرلىك شىۋى بويىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ، — ساقالمۇ قويۇپلا ، ئەددەسسىز يارىشىپتۇ .
— قىرىغاندا قويمىساقمۇ بومىيتىكەن ، ساقالسىز ئەرنىڭ كۆركى ، ساقاللىق پاقىنىڭ بۆكى دېگەن گەپمۇ بايا .
يىغلىغانلار هېكمەت بىلەن نەمەت مىرزىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەزىلىرى كۈلسە ، بەزىلىرى خاتىرىلىرىگە نېمىلەرنىدۇر يازاتتى .
— ئۇرۇمچىگە بىر كەتكەنچە بۇياقلارغا ئالدىلىرىنى قىلمىدىلا ، — دېدى نەمەت مىرزى ئاغرىنغان قىياپەتتە ، — بىز تېخى مۇئەللىم خوتەندىن لاتىمۇ لات تېنىپ كەتكەن چاغۋا ، دېيىشتۇق .
— قانداقمۇ تېنىپ كەتكىنى بۇسنا ، — هېكمەت نەمەت مىرزىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى ، — هەرقايسىلىرىدەك تۇز - تاماق يېيىشكەن ئاداش - ئايماقلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق چارىپاي بولۇپ كېتىمىزا .
شۇ كۈنى كەچتە قەلەمكەشلەر ئىچىدە خوتەن دىئالېكتىدىن ئىبارەت لېكسىكىنىڭ ئىنتايىن باي ، چوڭقۇر هەم كەڭرى مەنەلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى هەققىدە سۆھبەت قىزىپ كەتتى . بەزىلەر ئورتاق تىلدا ئىشلىنىۋاتقان «پەقەت» نىڭ «هۆددەس» ، «تەمە-

مەت» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك ۋارىيانتلىرى، يېنىك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ساي» سۆزىنىڭ شۇنداقلا «قىتۇ»، «ئېتىتۇ»، «بوتۇ» دېگەندەك تولدۇرغۇچى پېئىللارنىڭ «دىۋانى لوغەتىل تۈرك» تە «قىلاتۇ»، «ئىتەتۇ»، «بولاتۇ» دەپ قەيت قىلىنغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشتى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ھەر كۈنى ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئارقىلىق قىزىماقتا ئىدى. بىرقەدەر مۇكەممەل، ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر ئوقۇلغان ھامان تالاش - تارتىش، پىكىر ئىختىلاپلىرى، ۋارقىراش، قىزىشلارمۇ كۆپ بولاتتى. ھەتتا بىر ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن بىر كۈن يېتىشمەيتتى. بىراق، خامراق ئەسەرلەر ئوقۇلدىمۇ ھەممىسى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىمىپلا كېتەتتى. ھېچقانداق مۇنازىرە، تالاش - تارتىشلارمۇ بولۇنمايتتى. شۇڭا، بەزى گۇرۇپپىلار كۈنىگە ئۈچ - تۆت ئەسەرنى ئوقۇپ، مۇزاكىرە قىلىپ تۈگەتسە، بەزى گۇرۇپپىلار بىر ئەسەرنى ئىككى كۈنگىچە ئېزىپ سۈيىنى چىقىراتتى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بەشىنچى كۈنى ۋىلايەت ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ كىچىك ماشىنىلىرى گۇڭشى قورۇسى، شۇنداقلا چوڭ يوللارغا سانجاق تىزىلىپ كەتتى. قەلەمكەشلەر ئاياغ لاسكويدىكى باي بولغان بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىشقا ئاتلاندى. ماشىنىلار خۇددى ھاشار چۆمۈلىلىرىدەك تىزىلىپ يېزىنىڭ ئەگرى - بۈگرى توپىلاڭ يوللىرىدا كېتىپ باراتتى. ھويلا ئارام، خامان - ئېتىزلاردىن توپلانغان دېھقانلار، ئۇششاق باللار يولنىڭ قاسنىقىدا چاۋاك چېلىشاتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىشاتتى. مانا بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆز يازغۇچى، شائىرلىرىغا بولغان ھۆرمەت - ئىپتىخارى ئىدى. بىر ماشىنىدا كېتىۋاتقان تۆردى سامساق، زوردۇن سابىر، ھېكمەت، خوتەن ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئابدۇللا (بۇ ئادەم كىتابخانە-

لىرىمىزغا تونۇش ، ھېكمەتكە دراما يازدۇرۇش ئۈچۈن بوستانغا چىققان كادىر ) لار ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىماقتا ئىدى .
— بىزنىڭ خەلقىمىز نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ، ساددا دىل ، — دېدى تۇردى سامساق دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەي ، — قاراڭلار ، تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقىنىنى .
— شۇنداق ، ئۇلارنى ھېچكىم مەجبۇر قىلغىنى يوق ، — زوردۇن سابىر سۆز قىستۇردى .
— ئادەتتە «بىرەر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى كەپتۇ ، قارشى ئېلىشقا چىقىمىز» دېسە پىسەنتىگە ئېلىپ قويۇشمايدۇ ، — دېدى ئابدۇللا ، — مانا ، ھەرقايسىڭلار كەلگەندىن بېرى گۇڭشې ئالدى ھېيتلا بولۇپ كەتتى .
ماشىنىلار بىر ئۆستەڭدىن ئۆتۈپلا قەپەس ئايۋانلىق چوڭ قورۇ ئالدىدا توختاشتى . دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ساقاللىق ، ساقالسىز ، چىمەن دوپپا ، شاپاق دوپپا كىيگەن يەتتە - سەككىز ئادەم قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى . ئۇلار ۋىلايەتنىڭ شۇجى ، ۋالىيلىرى ماشىنىدىن چۈشكەن ھامان ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ نەچچە پۈكۈلۈپ سالام قىلىشتى . لېكىن ، زۇنۇن قادىرى ، تۇرغۇن ئالماس ، تۇردى سامساق ، زوردۇن سابىرلارنى تونۇمىغاچقىمۇ كارى بولمىدى . پەقەت ۋىلايەتنىڭ شۇجىسى ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ «قېنى ، مەرھەمەت قىلىشسىلا» دېگەندىن كېيىنلا ھېلىقىلار پايپېتەك بولۇشۇپ يول باشلاشتى .
يازغۇچىلار قەپەس ئايۋان تېگىدىكى كەڭ ھويلا ھەم سۇپىلارغا سېلىنغان گىلەم ، كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى . يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان قىز - چوكانلار داستىخانلارنى سېلىپ لېگەن - لېگەندە يازلىق ياما شاپتۇل ئېلىپ كىرىشتى . ئارقىدىن پۇرىقى دېماغنى يارغۇدەك قوغۇن تىلىملىرى تىزىلغان پەتنۇس - لېگەنلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇردى . شەربەت تېمىپ تۇرغان بۇ قوغۇنلارنىڭ قىزىل ، ئاق ، كۆك ئەتلىرىدىن

ئۇلارنىڭ «كۆكچى» ، «بەگىنەي» ، «شىكەر سۈيى» ئىكەنلى-
كىنى بىلگىلى بولاتتى .
كەنت باشلىقى بولسا كېرەك ، هويلا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە
تۇرغىنىچە باي بولغان دېھقان ھەمدۇل ھاجىمنى تونۇشتۇرماقتا
ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم «ھاجىم» ، «ھاجىم ئاتىمىز» ، «پەدەرد-
مىز» دەپ تىلغا ئالغىنىدا ، قىزغۇچ سۇپۇرگە قاشلىرى ئاستى-
دىكى ئورا كۆزلىرى چىمچىقلاپ ، چوكۇپ كەتكەن قوۋۇزلىرى
لىپىلداپ كېتەتتى . بۆرەكتەك ئېسىلىپ تۇرغان يوغان بۇرنى
بولسا ، قوشۇقتەك ئورۇق يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىگىلەپ ،
قىپقىزىل شەلۋەرەپ تۇراتتى . ئۇچىسىغا كىيگەن پورەڭ چىبەر-
قۇت ئىشتان - چاپىنىمۇ خۇددى قوزۇقتا ئىلگەندەك سېلىنىپ
چۈشكەنىدى .
— ھاجىم ئاتىمىزنىڭ ئىلكىدە ئاتمىش مو يەر ، يەنە ماي
چىقىرىش زاۋۇتى ، چىغرىق زاۋۇتى ، ئۇن تارتىش زاۋۇتى ،
خۇمدان ، توك تارقىتىش زەنى قاتارلىق بەش زاۋۇت بار ، —
كەنت باشلىقى كىچىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ كۆپچىلىككە
قاراپ قويىدى ، — ھاجىم ئاتىمىز غېرىب - غۇرۋا ، يېتىم -
يېسىر ، ئاجىز - ئورۇقلارنىڭ بېشىنى سىلايتۇ ، ئاش - تاماق
بېرىتۇ ، غىلتاڭ سوۋاپ ئىشلارنى قېتۇ ، پەدەرىمىز ئەھلى جەن-
نىتى بولۇش ئۈچۈن بەش زاۋۇتنى بەش ئوغلىغا تاپشۇرۇپ ،
ئۆزى ئىككىنچى قېتىم مەككە مۇكەررەمنى تاۋاپ قىلغىلى كەتتى…
— كەنت باشلىقى ، — دېدى خوتەنلىك ياش بىر شائىرە ، —
ئاڭلىساق ئاياغ لاسكۇي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپلىرى ئۆ-
رۈلۈپ چۈشۈپ ، ئوقۇغۇچىلار ئايدالادا ئوقۇۋاتقىنىغا تۆت ئاي
بوپتۇ . بۇنىڭغا ھاجىم مەرھەمەت قولىنى سۇندىمۇ ، يوق ؟
— بۇ… بۇ… — كەنت باشلىقى مۇدۇرچاقلار بېسىپ
كەتكەن بۇرنىنى سىلاپ قويىدى ، — ئەمدى ھاجىم ئاتىمىز…
— مەن… مەن چوڭ ئوغلى بولىمەن ، — دېدى قىرىق

بەش ياشلاردىكى كەكە ساقال ئادەم ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ، ــ
هاجىم دادام··· بىز··· بىزگە تاپشۇرغانىدى، بىز بەكلا ئالدىراش
بولۇپ كېتىپ ئەينا···

تەرەپ ـ تەرەپتىن سوئاللار چۇشۇپ كەنت باشلىقى ھەم
بەش ئوغۇل راسا ئوسالچىلىقتا چۇشۇپ قالغاندا، چەتتە ئولتۇر-
غان زوردۇن سابىر ھېكمەتكە ئىشارە قىلىپ يېنىدىكى قوشقانات-
لىق ئەگۈن ئارقىلىق ئارقا ھويلىغا چىقتى. ھويلا كەڭ، ئازادە
بولۇپ، سول تەرەپتىكى غاراللىق قوتاندا بىرەر يۈزدەك قوي ـ
ئۆچكىلەر تۇراتتى. خام كۆتۈلىكىنىڭ ئېتىكىنى بىلىگە يۆگە-
ۋالغان بىر ئايال جادۇدا ئوت توغراپ ئۇششاقلىسا، يەنە بىر
ياشقىنا چوكان غەلۋىردە تاسقايتتى. ئىككى ئەر قوتانغا يىغىلغان
چىلەنى تازىلاپ سىرتقا تاشلاۋاتاتتى.

ــ قوي ـ ئۆچكىلىرىڭلار راسا ئاۋۇپتۇ ـ ھە؟ ــ دېدى
زوردۇن سابىر قوتانغا قاراپ قويۇپ، ــ ئانچە ـ مۇنچە سېتىپ
خىراج قىلىپمۇ تۇرىدىغانسىلەر؟

ــ يوغسۇ، بۇ ھاجىمنىڭ ماللىرى، ــ جاۋاب بەردى
ئوت توغراۋاتقان ئايال، ــ بىز بېقىپ بېرىمىز شۇ.

ــ بېقىپ بەرسەڭلا ھەق بېرىدىغاندۇ؟

ــ يوغسۇ، بىز بىر ئائىلىلىك كىشىلەر، ــ ئايال چىلە
تازىلاۋاتقان چارساقال ئادەمنى ئىما قىلدى، ــ ئۇياق بىزنىڭ
مۇسۇمان، يېنىدىكى ئوغلۇم، بۇياق بولسا كېلىنىم.

ــ سىلەر دېھقانچىلىق قىلمامسىلە، ھۆددە ئالغان يەرلە-
رىڭلار يوقمۇ؟

ــ ھەي··· غوجام، ــ دېدى چارساقال ئارىسىغا تايى-
نىپ، ــ پىلە بېقىپ بەش پاتمان قەرزگە بوغۇلدۇق. سۇلياۋ
يوپۇق، ئاق ئوغۇت، دورا، سۇ ھەققى، يەر پۇلى دېگەنلەرگە
پۇل يوق، بىر غېرىچ كەلمىگەن مايسىنى ھاجىمغا سېتىۋەتتۇق.

ــ بىزنىڭ ئىش ھەققىمىز قارىسىلا، ــ ئايال ھويلا

ئوتتۇرىسىدىكى يوغان داش قازاننى ئېگىكىدە كۆرسەتتى ، —
ئەنە شۇ...

زوردۇن سابىر بىلەن ھېكمەت ، ئەتراپىغا كۆل ھەم توغراق ئوتۇنلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئوچاق بېشىغا بېرىپ قازانغا بويۇنداپ قارىدى . ئاق چامغۇردىن باشقا نەرسە سېلىنمىغان يېرىم قازان ئوماچ ساپسېرىق ئۇيۇپ قالغان بولۇپ ، كىملەردۇر «ئىش ھەققى» ئۇچۇن بىر تەرىپىنى ئويۇپ ئېلىپ كەتكەنىدى . قوتاندىن مېھمانلاپ كەلگەن چېۋىنلەر قازان قىرلىرىدا گاژىلداپ يۈرۈشەتتى . زوردۇن سابىر ھېكمەتكە ، بىردە ھېلىقى دېھقانلارغا قارىغىنىچە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى- دە ، ياندىكى كىچىك ئىشىك بىلەن باغقا چىقتى . چوڭقۇر ئېرىقلارنى بويلاپ نەچچە قاتار سوزۇلۇپ كەتكەن تال بوستانلار يەرگە ئالىقاندەكمۇ كۈن نۇرى چۈشۈرمەيتتى . ئوبدانلا چېكىلىپ قالغان ھەرخىل ئۈزۈملەر خۇددى ئاسماققا ئاسقاندەك يەرلەردىمۇ يېتىشاتتى .

زوردۇن سابىر بىلەن ھېكمەت ئۈزۈملەردىن زوقلانغىنىچە باغنىڭ ئىچكىرىسىگە ماڭدى . ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز تال تۈۋلىرىدىنى يۈمشىتىۋاتقان بىر بوۋايغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . بوۋاي سەل دوكراق بولسىمۇ ، تەمبەللىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزى ، ئېگىزلاپ قالغان چېچى ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ، مەيدىسىدىكى قويۇق تۈكلەرگىچە شۇنچىلىك ئاقىرىپ كەتكەنىدىكى ، كامالچىدەك ئېگىلگەن گەۋدىسى خۇددى ئاپئاق چېچەكلەر غۇچچىدە قاپلاپ كەتكەن قوڭغۇررەڭ ئۆرۈك غولىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ خام يەكتەكنىڭ بىر پېشىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان بولۇپ ، كەڭ پەنجىلىك پۇتلىرىنىڭ تاپانلىرى چاڭقىغان يەردەك يېرىلىپ كەتكەنىدى . بوۋاي كەتمىنىنى يالت - يۇلت پارقىرىتىپ بىر خىلدا چاپاتتى ، ياۋا ئوتلارنى ئېرىنمەي تېرىپ ئېرىق ئىچىگە دۆۋىلەيتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چوڭ دادا ، — زوردۇن سابىر

قولىنى سۇنۇشى ھودۇقۇپ قالغان بوۋاي ئالىقانلىرىنى ئىككى بىقىنىغا سۈرتۈۋېتىپ قولىنى سوزدى، — كەتمەننى قويۇپ بىردەم ئارام ئالسىلا.

— خوش، خوش، — بوۋاي قىر ئۈستىدىلا ئۆكسىنگە زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— ئاغرىق - سىلاق ① بولغان يىللىرى بەش ياش چېغىم بەيكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا سەكسەن ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىم بار.

— ياشىنىپ قاپلا، بۇنداق ئىشلىسىلە ئۈزۈلۈپ قالماملا؟

— ئا، غوجام، قورساق ھەممىنى قىلدۇرىدۇ دېسىلە، — بوۋاي ئاق تۈكلەر تولغىشىپ تۇرغان مەيدىسىنى تاتىلاپ قويدى، — يەتتە مو يەرگە قوغۇن تېرىۋىدىم، راسا سېرىق تال ۋاقتىدا ئاش - ئوزۇقتىن ئۈزۈلۈپ قالدۇق، ھاجىم پال سالغاندەكلا بالىلىرىنى ئەۋەتىپتىكەن، قوغۇنلۇقۇم بىلەن ئۈچ مۇ بۇغداي مايسىنى ئىككى تاغار قوناققا بېرىۋەتتىم ئەينا... سايتتىن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئېغىز تەگكىنى مېنىڭ قوغۇنلىرىم.

زوردۇن سابىرنىڭ چىرايى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ سۈرتۈپ، قايتا تاقاپ بولغۇچە گەپ قىلمىدى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىشلىگەنلىكلىرىگە، — ھېكمەت قەستەن كوچىلاپ باقتى، — ھەق ئالدىغانلا؟

— ياقەي، مۇتقا② ئىشلىيتىمىز ئەينا، — بوۋاي يېرىدىلىپ كەتكەن تاپانلىرىنى سىلاپ قويدى، — ئارقا ھويلىدىكى قازاننى كۆرگەنلا، ھەببەللى، ئۇنىڭدا قىشمۇ - ياز ئۇزۇلمەي

---

① ئاغرىق - سىلاق — ۋابا تارقالغان يىللار

② مۇتقا — بىكار، ھەقسىز

ئوماچ قايناپ تۇرۇپتۇ ، قانچىلىك ئىچسەك بىر كىم هاي دېمەي-
تۇ . ئاندىن بىرسىمىز ئېتىزغا ، بىرسىمىز قوي بېقىشقا ، يەنە
بىرسىمىز ئوتان يېرىش ، ئوت ئېلىش دېگەندەك كارىلارنى تې-
پىپ قېتىمىز . هاجىم نەدىن كەلدىڭ ، سېنى كىم چىللاپ
كەلدى ، نېمىش قىلىۋاتىسەن دەپ سوراپمۇ قويمايتۇ . ئايدا -
يىلدا چۇشى بۇزۇلۇپ قالامدۇ نېمە ، «خىراج قىل» دەپ بىر -
ئىككى كوي پۇلمۇ بېرىتۇ... ئىش قىلىپ خۇدايىم هاجىمنىڭ
ئۆمرىنى بەرسۇن .

زوردۇن سابىر مەيدە يانچۇقىدىن ئون سوملۇق پۇلدىن
ئىككى چىقىرىپ بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى -دە :

— چوڭ دادا ، سەپەرگە چىقىپ قاپتىمىز ، ئاز بولسىمۇ
چاي - تۇزغا ئىشلەتسىلە ، — دېدى . هېكمەتمۇ يېنىدىكى ئىك-
كى سوملۇق پۇلدىن بىرنەچچىنى چىقىرىپ بەردى .

— ئا ، غوجىلىرىم ، بۇ نېمە قىلىشقانلىرى ، هەرقايسىلى-
رى بىزگە ماهمان [1] تۇرۇشسىلا ، ئالسام ئەجەبىمدەي تۇرۇپتىم-
كەن ، ياق ، ياق بومىمايتۇ...

— بولدى خىجىل بولمىسىلا ، — دېدى زوردۇن سابىر
ئورنىدىن تۇرۇپ .

— بۇ... بۇ بىزگە بىر يىللىق خىراج دېسىلە .

زوردۇن سابىر بىلەن هېكمەت قەپەس ئايۋانلىق هويلىغا
كىرگەندە هەممىسى كېتىشكە تەرەددۇدلىنىپ سىرتقا چىقىشقا-
نىدى . شۇ كۈندىن باشلاپ مۇهاكىمە يىغىنى جەريانىدا كۈن
ئارىلاپلا باي بولغان دېهقانلار مېهمانغا چاقىرىشقا باشلىدى . هەتتا
ناهىيە ئاتلاپ خېرىدارلىق قىلىپ كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى .
بەزىلەر «باغ سەيلىسى» گە چاقىرىپ ، هەشەمەتلىك زىياپەتلەرنى
ئۇيۇشتۇراتتى . ئەل نەغمىچىلەر هەرخىل يەرلىك ئويۇنلارنى

---

① ماهمان — مېهمان

كۆرستەتتى . باغنىڭ ئوت باسقان يوللىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا
تىزىلىپ تۇرغان قىز ـ چوكانلار ئايىاق چۇچىلىق لۆڭگىلەرنى
تۇتۇپ تۇرۇشاتتى . ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى
كاكچانان ئوتتۇرىسىدىكى قوش مۇشتەك تونۇر كاۋىپى ھەم گۆش-
گىردىلەر ئۇچۇنلا ئون نەچچە قوينىڭ بېشى كېسىلگەنلىكى ئې-
نىق ئىدى . بەزى بايلار كاتتا مېھمان سارايلىرىغا ، گىلەم سې-
لىنغان ھويلا سەينالىرىغا چاقىرىشاتتى . ھەرخىل غىزا ، يەل ـ يې-
مىشلەر تارتىلىپ ، ئارقىدىن بوتۇلكىلارغا قاچىلانغان يەشىك ـ
يەشىك مۇسەللەسلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلاتتى . قىزىپ قالغان شا-
ئىرلار قەسىدىلەرنى ئوقۇپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشاتتى . نېمە
ئۇچۇندۇر قايسىلا باي چاقىرمىسۇن ئويۇن راسا قىزىغان ۋاقىتتا
توك كېتىپ قېلىش ئادەت ئىدى . ئەمما ، بايلار بۇنى بىلگەندەك
بىردەمدىلا نەچچە يۈزلىگەن شاملارنى يېقىپ ھويلا ـ ئارامىلارنى
سۈتتەك يورۇتۇۋېتەتتى . بىر كۇنى جارۇللا ئەخمىدى «توكنى
ئاتچۇي ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بېرىدۇ دەيسىلەر ، مۇشۇنداق
بېرەمدۇ ؟ » دەپ ئاچچىقلاپ قېلىۋىدى ، ساھىبخان باي ھىجىيىپ
قورۇلۇپ :

— بەزى ئىچى قوتۇر بايلار ، مەندىن ئارتۇق كۈتۈۋەتمى-
سۇن دەپ توكلارنى قەستەن ئۈزدۈرۈۋېتىدۇ . مۇشۇ سورۇندىمۇ
ئايغاقچىلىرى بار ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بىر قېتىم قارىقاش ئاقسارايدىكى بىر باينىڭ ئۆيىدە قەلەم-
كەشلەرنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان بەزمە ـ مەشرەپ
قىزىپ كەتتى . تال ـ بوستانلىق چوڭ ھويلا سەيناسىدىكى
گىلەملەردە ئولتۇرۇشقان يازغۇچى ، شائىرلار كۈچلۈك تاۋلانغان
مۇسەللەسلەرنى ئىچىشمەكتە ئىدى . تەلەپ بويىچە شائىرلار ئوت-
تۇرىغا چىقىپ شېئىر ـ نەزمىلىرىنى ، قەسىدە ـ مەدھىيىلىرى-
نى ئوقۇيتتى . ھويلا سۇپىسىدىكى كۆرپىدە ئولتۇرۇپ تەمبۇر
چېلىۋاتقان ئابدۇللا مەژنۇن نەۋائىي ، مەشرەپ ، نۆبىتىلەرنىڭ

ئالەمشۇمۇل غەزەللىرىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتاتتى . ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان شاگىرتلىرى كىچىك داپلىرىنى ئوينىتىپ ئۇستازىغا ياندىشاتتى .

گۇل ياقا چاك ئەيلەدى رۇخسارى ئالىڭنى كۆرۈپ ،
سەۋرى ئەرئەر تىتىرەدى نازۇك نىھالىڭنى كۆرۈپ .

مەھزۇنا ، مەي ئىستەسەڭ ، سىندۇر كۆڭۈلنى بول گەدا ،
دەير پىرى مەي بېرۇر سۇنغان سەفالىڭنى كۆرۈپ .

— ھوي خوتەنلىك ، قۇيماسەن زەمزىمىڭنى ، — غەزەلنىڭ كەيپىگە چۆكۈپ كەتكەن زۇنۇن قادىرى ھېكمەتكە ۋارقىرىدى ، — راسا ئىچىدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى دېگىنە .

ھېكمەت ئۆزلىرى تۇزۇۋالغان سورۇندىكى تۇردى سامساق ، زوردۇن سابىر ، تۇرغۇن ئالماس ، مېھرىدىن ھاشىرلارغا كۆپەرەك قۇيۇپ ، ياشىنىپ قالغان زۇنۇن قادىرىغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ماڭدۇرۇپ قوياتتى . لېكىن ، غەزەلنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئۆزىنى بېسىپ ئالالمىغان زۇنۇن قادىرى «تولدۇرۇپ قۇي» دېگىنىچە بىر پىيالە مۇسەللەسنى كۆتۈرۈۋەتتى .

يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ قىزىق پاراڭ ، چاقچاقلىرىنى ، شېئىر ـ نەزمىلىرىنى ئاڭلاشقا ، شۇنداقلا ئۇلارنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان دېھقانلار ، قىز ـ چوكان ، ئۇششاق باللار ھويلا ۋە باغ تاملىرىدىن مارىشىپ ئۇياق بۇياقتا يۈگۈرۈشەتتى ، دەل ـ دەرەخلەرگە يامىشاتتى ، كالتەك تۇتقان بىرنەچچە چاپارمەنلەر ئۇلارنى توسۇپ قوغلاپ ئاۋارە ئىدى .

— ھوي ساقال ، — زۇنۇن قادىرى ساھىبخان باينى چاقىرىدى ، — سەن ئۆتمۈشتىكى ئۆمەر شاڭيۇ بولمىغاندىن كېيىن كالتەكچىلىرىڭگە ھاي ـ دە ، دېھقانلارمۇ كىرىپ كۆرسۇن .

— خوش، خوش، — باي دېھقان ھويلىنىڭ چېتىگە بېرىپ كالتەكچىلەرگە ۋارقىرىدى، — ھاي، بولدى قىلىش، دېھقانلارنى توسۇشما! مەن سەنلەرگە دەۋاتىمەن، ھوي سارالڭ پىت چېقىۋالغان پەپىلىقۇش دېۋەڭلەر، ھەي ھوپ مەمەت، قۇلقىڭغا مەدەك تىقىۋالدىڭمۇ، ۋۇ يېشىل گەدەن، كىپەكۋاش تاز.

مېھمانلار شۇ كېچىسى ئوتتۇرا كېچە بىلەن لاسكوي گۇڭشېغا قايتىپ كېلىشتى. ھېكمەت ئەتىسى يىغىنغا قاتناشماي ياتىقىدا مەمەت قاسىمنىڭ ئىككى ئەسىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئىشىك تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرى قارا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ تۇرغان بىر قىز ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى. ھېكمەت ئۇنى دەماللىققا تونۇيالمىغان بولسىمۇ، يۈرىكى ئاللىبۇرۇن تونۇپ بولغانىدى.

— دادا! — قىز ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى، — جېنىم دادا، سىز بۇ جاھاندا بارمۇ؟

— قىزىم ئۇچقۇن، ئوبدان قىزىم، يىغلىماڭ، — ھېكمەتنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى.

ھېكمەت قىزىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ كەتتى. ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكەلگەن ۋاقتىدىكى ئۇچقۇنئاينىڭ بالىلىق مەسۇم چىرايىنى ئەمەس، بەلكى تولۇپ يېتىلگەن رەسىدە بىر قىزنىڭ ئايدەك رۇخسارىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئالىمجان زېھرۇللادىن ئەتىگەنلا ئۇقتۇم- دە، بۇ ياققا يۈگۈردۈم، — دېدى ئۇچقۇنئاي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — كەلگىنىڭىزگە ئون كۈندەك بوپتۇ، بىزنى يوقلاپ قويايمۇ دېمەپسىز.

— يىغىندىن ئايرىلىپ شەھەرگە كىرگىلى بولمىدى، — ھېكمەت قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، — ھە، ئوقۇشلىرىڭىز قانداق؟

— ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم ، نەتىجەم تېخى چىق-
مىدى ، لېكىن چوقۇم ئۆتىمەن .
— پاھ ، ئەجەب ئىشەنچىڭىز چوڭغۇ .
— چۈنكى مەن سىزنىڭ قىزىڭىزدە .
— قارا بۇ يىغلاڭغۇنىڭ گەپتانلىقىنى .
— يازغۇچىنىڭ قىزى گەپتان بولمىسا ، دادىسىنى قانداق
دورايدۇ .
هېكمەت قىزىنىڭ سۆزمەنلىكىدىن مەھبۇبەنىڭ ياشلىقىنى
ئەسكە ئالغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلى بىر قىسما
بولدى . ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇنجى بەرگەن تەسىرى تاشقا مۆھۈر
باسقاندەك تەسىر كۆرسىتىپ ، مۇھەببەت - نەپرەت ، شۇنداقلا
ھېسسىيات جەھەتتە سۇسلۇق ھەم روشەنلىك تۇيغۇلىرىنى ئويـ-
غىتىدۇ . بولۇپمۇ قىز بالىنىڭ شەرمىي - ھايالىق ، ئىپپەت
نومۇسلۇق بابىدا قىلغان تۇنجى مۇئامىلىسى كىشىدە ئۇنىڭدىن
ھېيىقىش ، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتسا ، يېنىك تەبىئىتى ئار-
قىلىق دەپ سالغان بىر ئېغىز سۆزى ھەرقانداق كۆڭۈلنى چىد-
گىپ قويىدۇ . شۇڭا ، ئېغىرلىق ، سۇلكەتلىك ، لاتاپەتلىك ھەم
شەرمىي - ھايا ، قىز بالىنىڭ بوينىدىكى زۇننارىدۇر .
هېكمەت قىزى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ھەققىدە
بىردەم سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇچقۇنئاي كەتمەكچى
بولۇپ ئورنىدىن تۇردى .
— دادا ، مەن ئانامغا دەپ قويمايلا كەلگەنىدىم ، ئۇ ئەنسى-
رەپ قالمىسۇن ، — دېدى ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ ناخۇش چىرا-
يىغا قاراپ ، — يىغىنىڭلار قاچان تۈگەيدۇ ؟
— يەنە بىرەر ھەپتە داۋاملىشارمىكىن ، بىر نېمە دېمەك
تەس ، — ھېكمەت سومكىسىدىن سۇلياۋ خالتىنى ئالدى ، —
بۇ كىيىملەرنى سىز بىلەن ئانىڭىزغا شىنجىنىدىن ئالغانىدىم ،
ئالغاچ كېتىڭ .

— رەھمەت دادا، — ئۇچقۇنئاينىڭ ئويىدىن نېمىدۇر كەچتى- دە، دومسىيىپ قالدى، — ئەمىسە، سىز ئۆيگە بارمامسىز؟

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز، يىغىن تۈگىگەندە بىر گەپ بولمامدۇ.

دادىسىدىن ئېنىق جاۋاب ئالالمىغان ئۇچقۇنئاي كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا ئۇزاپ چىقتى. ھېكمەت ئۇنى چوڭ يولغىچە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. چۈشتىن كېيىن يىغىندىكىلەر ئاقتاش كەنتىدىكى «زەنجىر تاپان» لەقەملىك، ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرغان بىر دېھقاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مەتسىيىت جۇدۇن بولۇپ، تۇنجى قېتىم زەنجىر تاپان تراكتور سېتىۋېلىپ بوز يەر ئاچقانلىقى ئۈچۈن «جۇدۇن» لەقىمى «زەنجىر تاپان» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن. ئۇ جىمغۇر، ئۇندىمەس، گەپ سورىسا «ھەئە، ياق» تىن نېرىغا ئۆتمەيدىغان، چىرايىنىڭ ئېچىلىپ ئۆتكىنىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، تۆۋەنگە ئالىيىپ، يۇقىرىغا توققۇز تەزىم قىلمايدىغان جاغدا ئادەم بولغاچقا، جۇدۇن لەقىمى ئۆلچەپ تىككەن كىيىمدەك سىڭىشىپلا قالغانىدى. ئۇ بېشىغا مايلىشىپ كەتكەن كۆك شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق خەسە ياسمانە كۆڭلەك، كۆل رەڭ كاجى تامبال كىيىۋالغانىدى. پۇتىدىكى شاقىلداپ تۇرغان كەشىسىمۇ كونىراپ ئاقىرىپ كەتكەنلىكتىن رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ھويلىسى باشقا بايلارنىڭكىدەك ھەشەم - دەرەملىك بولماي، ئادەتتىكى سوقما تاملىق ئۆيلەر بولۇپ، ۋەيرانە ھويلىسىدا كونا تراكتۇرچاقى، تېشىلگەن بالون، چاق قازىنى، بۇزۇلغان شامالدۇرغۇچ، ماشىنا ئوقى دېگەندەك نەرسىلەر ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە چېچىلىپ ياتاتتى. مەتسىيىتنىڭ ئارقىسىدا چاپانچىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان چاپارمەنلىرى بولمىغاچقا ئۆزى، خوتۇن - قىزلىرى بىلەن پالاقلاپ

يۇرۇپ تال بوستان ئاستى، سۇپىلارغا كونا كىگىز، يىرتىق پالازلارنى يېيىپ سېلىپ، يېشى چوڭ ھەم ھۆرمەتلىكلەرنى تەكلىپ قىلدى. قالغانلار ھارۋا شوتىلىرى، تونۇر سۇپىلىرى ھەم يەردىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. مەتسىيىتنىڭ قىزلىرى سوغۇق سۇغا مۇز، قېتىق قۇيۇپ ياسىغان بىر داس دۇغاپنى ھويلا ئوتتۇرىغا قويدى ـ دە، يېنىغا بىرنەچچە ھېجىرنى تىزىپ قويدى.

گۇڭشې كاتىپى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەتسىيىتنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇ بىر چەتتە ئۆكچىسىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى بىر كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك كالپۇك ئاستىدىكى ناسۋىلىنى تامشىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا كەتكەندەك قىلاتتى.

كاتىپ تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئەگەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرغان دېيىلسە، ئاشۇ «جۇدۇن» لەقەملىك غورا قاپاق دېھقانىنىڭ ئائىلىسىنى دېسە ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايتتى. ئۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان سەككىز ـ توققۇز يىل ئىچىدە ئۇچىسىغا تۇزۇك بىر نېمە ئارتماي، ئائىلىسىنى غورىگۇل ياشاشقا ئادەتلەندۇرۇپ، خۇددى قۇمدىن بىنا تىكلىگەندەك مىڭ بىر جاپادا ئىگىلىك تىكلىگەنىدى. مەتسىيىت دېھقانچىلىق بىلەن كۆنچىلىك ھۆنىرىنى بىرلەشتۇرۇپ كۆن، شاۋرۇن ئىشلەشتىن ئىشنى باشلاپ، بۈگۈنكى كۈندە بىر كومبايىن، ئىككى تراكتور، يۈك ئاپتوموبىلى، شال ئاقلاش ۋە تارتىش ماشىنىلىرى، سىيالكا، زامانىۋى سەككىز چىشلىق ساپان ھەم زەنجىر تاپان تراكتورلانىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ماشىنىلارنى، ئۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويغان بىرقانچە دېھقان ياشلىرىدىن باشقا، ئۆزى ۋە ئىككى قىزى ھەيدەيتتى. ئوغلىنى بولسا مەخسۇس يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش كۇرسىدا ئوقۇتۇپ، ئۇستا رېمونتچى قىلىپ

يېتىشتۇرگەنىدى . مەتسىيەت جۇدۇن يېزا يوللىرىنى تاشيول
قىلىپ ياساشتىن سىرت بىرقانچە كۆۋرۈك ۋە زاكۇلارنى سال-
دۇرغانىدى . ھەتتا ئۇ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنى خىش بىلەن
سېلىپ بېرىپتۇ ، ئۆز كەنتىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئىككى
بالىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى كۆتۈرۈپتۇ . ئۇ يەر ئاغدۇرۇش ،
بۇغداي ئورۇش ، خامان تېپىش ، شال ئاقلاشتەك دېھقانچىلىق-
نىڭ قاتىلاڭ مەزگىللىرىدە ، كومبايىن ، زەنجىر تاپانلىرىنى
گۇركىرىتىپ دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىغا ئېلىپ بارىدىكەن ، ھال-
لىق دېھقانلاردىن ئىش ھەققى ياكى ماي پۇلىنى ئالسىمۇ ، نام-
راتلارغا خالىسانە ياردەم قىلىدىكەن .

بىر يىللىرى مەتسىيىتنىڭ ئالدىغىمۇ «مايسىلىرىمىزنى
سېتىۋالغان بولسىلا ، ئاش - ئوزۇقتىن قىينىلىپ قالدۇق»
دەپ ئورۇغات دېھقانلار كەلگەنىدى . بىراق ، مەتسىيىت بىردىنلا
ۋارقىراپ چالۋاقاپ كەتتى :

— ۋۇ دېھقان تەلەتى يوق سايمالار ، مايسىلىرىڭنى سېتى-
ۋېتىپ ئوڭدا يېتىپ يېمەكچىمۇ سەن ؟ ئۇمۇ تۇگىسە خوتۇن -
قىزلىرىڭنى سېتىشامسەن ؟ مەن سەنلەرنىڭ مايسىلىرىڭنى سې-
تىۋېلىپ ، ئارقىدىن ئۆزلىرىڭنى سېتىۋالسام پومپىشچىكتىن نې-
مە پەرقىم قالدى . قاراپ بېقىش ، — مەتسىيىت دوپپىسىنى
ئېلىپ بېشى ۋە قاڭشىرىدىكى تارتۇقلارنى كۆرسەتتى ، — مانا
بۇلار شۇ چاغدا قالغان تاياق ئىزلىرى .

— ئەمدى ، گۇڭشىغا كىرسەڭ ئۇلارمۇ ئامال قىلالمايمىز
دېيىشتى ، — دېدى ئۇرۇق بىر دېھقان ، — ئۆيدە باللار ئاچ-
لىقتىن جۇلمەرەپ...

— ھۆكۈمەت قايسىبىرىڭنى يۆلەپ بولىدۇ ، بىرسىڭنى
يۆلىسە ئونىڭ يىقىلىپ تۇرۇشساڭ ، — مەتسىيىتنىڭ كۆزلىرى
ئالىيىپ كەتكەنىدى ، — چوقاڭ تەرلىگۇدەك ئىشلىسەڭ بولما-
دۇ ، مۇرەڭگە بېكىتىپ قويغىنى كاللا ، ئىشلەتمىسەڭ قاپاقتىن

نېمە پەرقى؟ بوپتۇ، ھەرقايسىڭغا يەتكۈدەك ئاشلىق بېرىپ تۇراي، لېكىن خامان ۋاقتىدا بىر تال داننى كەم قىلماي قايتۇرىسەن!

دېھقانلار كۆلۈپ، كۆچۈكلىنىپ قەرز ئالغان ئاشلىقلىرىنى ئۇلاغ، ھاۋىلىرىدا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، مەتسىيىتنىڭ ئوغلى رەنجىگەن ھالدا دادىسىغا:

— دادا، ئۇ بىچارىلەرگە ئەجەب قوپال تەگدىڭا، بېشىغا كۈن چۈشمىسە كېلەمدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قەرزنى قايتۇرىسەن» دېگىنىڭ نېمىسى، خۇددى كۈنۈڭ ئاشۇ تۆت تال ئاشلىققا قاراشلىقتەك، — دېدى.

— ھە، سەن نېمە بىلىسەن، ئاشۇنداق دېمىسەڭ تېخىمۇ ھۇرۇنلىشىپ، تەييار تاپ بولۇپ قالىدۇ. بۇ يىل مايسىسىنى سېتىۋەتسە كېلەر يىلى قانداق دېھقانچىلىق قىلىدۇ؟ — مەتسىيىت ئوغلىنى مەنستىمىگەندەك بېشىنى چايقىدى، — يىلدىن-يىلغا بەتتەرلىشىدۇ شۇ، سۆڭكىدىن ئۆتكۈدەك گەپ قىلىپ قويساڭ چۆچۈيدۇ، كېيىنكىلىكىنى ئويلايدىغان، كاللىسىنى ئىشلىتىدىغان دېھقانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنداقلارنى ئازراقلا يۆلىسەڭ، دەرھاللا يولىنى تېپىۋالىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن، مەن تېخى، — ئوغۇل خىجىل بولۇپ گەدىنىنى قاشلىدى.

— ھەي سەنزە، قاچانمۇ ئاچقان يەرگە بارغۇدەك پىشارسەن، — مەتسىيىت شاپاق دوپپىسىنى ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قېقىپ قويدى، — دېھقان دېگەن قارا، كېۋەزلىرىگە قۇرت چۈشسە، شاللىرىنى كېپىنەك بېسىۋالسا، بۇغدايلىرى ئالىلاپ كەتسە، ھەتتا ئاچ قالسىمۇ خۇدادىن كۆرىدىغان خەق. ئۇنداق بىر كېچىدە ئاسماندىن چەلپەك ياغىدىغان ساخاۋەت نەدە تۇرۇپتۇ. خۇدايىمنىڭ «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگىنى تىرىش، تىرماش، ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ ياشاشنىڭ يولىنى تاپ دېگىنى ئەمەسمۇ!

مەتسىيىت جۇدۇن جۇدۇنلۇقىنى قىلغان بىلەن دېھقانلارغا بۇغداي، قوناق، گۇرۇچ، ماي شۇنداقلا يېقىلغۇلارغىچە بېرىپ يۆلەيتتى. كۆز كەلگەندە ئىنساپ قىلىپ قايتۇرغانلارنى ئۇندىمەي ئالاتتى، قايتۇرمىغانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيتتى. شۇڭا، كەنتتىكى ياشانغان مويسىپىتلار كېيىنچە ئۇنى «مەتسىيتاخۇن ئىشلەشتە زەنجىر تاپان، تەنبىھ بېرىشتە جۇدۇن، سەخى ـ ساخاۋەتتە مەرد ھاتەم» دەپ تەرىپلىگەچكە، ئۇنىڭ لەقەملىرىگە «ھاتەم» دېگەن يەنە بىر لەقەم قوشۇلغانىدى. ھېكمەت ئاياغ ئاستىغا ياپپېشىل ناسۋال تۈكۈرۈپ، ھۆررەك قاپاقلىرىنى ئۇشۇرۇپ ئولتۇرغان مەتسىيىت جۇدۇنغا سىنچىلاپ قارىغىنىدا، ئۇنىڭ كۆرۈمسىز تۇرقىنى، ئىچىلمايدىغان چىرايىنى، يېرىلىپ كەتكەن تاپانلىرىنى ئەمەس بەلكى كونا، پۇرلەشكەن كۆڭلەك تېگىدە بىر مېھرىبان يۈرەكنىڭ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. مەتسىيتاخۇن مەككە ـ مۇكەررەمنى ئىككى قېتىم تاۋاپ قىلغان ھاجىمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا جانابىي ئاللا پاك ئىمان، پاكىز ئېتىقاد، ساپ دىيانەتنى ئايرىم بەندىلىرىنىڭ دىلىغا سېلىپ، شۇ قەدرى نۇرلىرىنى شۇلارنىڭ جىسمىدىن نامايان قىلسا كېرەك.

— ھەي غوراقاپاق، ھەي جۇدۇن، — دېدى زۇنۇن قادىرى ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ، — سەن بىزگە نازى نېمەت بەرمىگەن بولساڭمۇ، لېكىن جەننەت نېمەتلىرىنى ئاتا قىلغاندەك خۇش قىلىۋەتتىڭ. ياشا، خۇدا سېنىڭ بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن!

— مەن بىر قانچىلىغان بايلارنىڭ زىياپەتلىرىدە ئولتۇرۇپ بۇنچىلىك يايراپ باقمىغان، — دېدى جارۇللا ئەخمىدى، — مەكتەپ سېلىش، كۆۋرۈك، يوللارنى ياساش، ئاۋامنى يۆلەش ھەقىقىي مەرىپەت سۆيەر «مەرد ھاتەم» نىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

— مەتسىيتاخۇن، دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن، تېخىمۇ

گۈللەپ ياشناڭلار، — دېدى تۇردى سامساق ئۈنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

مەتسىيتاخۇنىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن ئاجايىپ ئۇلۇغ ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمگەن زىيارەتچىلەر قايتىشتى. شائىرلار نەزمە، داستانلىرىغا يېڭى بىر تېما تاپقاندەك ھاياجانغا تولغان بولسا، يازغۇچىلار كەلگۈسى ئەسەرلىرىنىڭ تېپىك قەھرىمانىنى كۆرگەندەك بولۇشتى.

ھېكمەت گۈڭشىغا قايتىپ كېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشى، تال بوستان تېگىدىكى شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئالىمجان زېھرۇللا، شادىمان، ئامانىللا قۇربانلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ھويلىدىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قىرىق ئىككى - قىرىق ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان دوستلىرىنىڭ تەمكىن، سالماق تەبەسسۇمىنى، سىن - سىپاتىنىڭ ئوتتۇرا ياشلارغا خاس تولغانلىقىنى كۆرگەن ھېكمەت ھاياجانلانماي تۇرالمىدى.

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، — ھېكمەت خىجىللىق بىلەن ئەپۇ سورىدى، — كەچۈرۈڭلار دوستلار.

— يىغىندىكىلەرنىڭ زىيارەتتىن قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى دېگەچكە، — دېدى ئالىمجان بۇرۇنقىدەكلا كۈلۈپ ھەم قىزىرىپ، — ساقلاپ ئولتۇرۇشىمىز ئىدى.

— سېنىڭ كەلگىنىڭنى كېچىكىپ ئاڭلىدۇق، — ئېغىر - بېسىق شادىمان گەپ قىستۇردى، — ئارىلىقتا كېلەيلى دېسەك سىلەرنىڭ قارىقاشقا كەتكىنىڭلاردىن خەۋەر تاپتۇق.

— قېنى، ھۇزۇرۇڭغا باشلىمامسەن، — دېدى ئامانىللا چاقچاق قىلىپ، — ياكى مەشەدىنلا قايتىمىزمۇ؟

— ۋاقىتنى فورمۇلاغا سېلىپ بىردەمدىلا ھېسابلاپ بولدۇڭ - دە.

ھېكمەت چاقچاق قىلغاچ دوستلىرىنى ياتىقىغا باشلىدى. ئۇ چايداندىكى قايناق سۇنى مەمەت قاسىمنىڭ چەينىكىگە قۇيۇپ

چاي دەملىدى . مەمەت قاسىم يىغىندىكىلەرنى ھەرخىل پائالىيەتـ
لەرگە ئۇيۇشتۇرۇش ، تاماق سۇپىتىنى ياخشىلاش دېگەندەك
ئىشلار سەۋەبىدىن ياتاققا كۆپ كىرمەيتتى ھەم شەھەردە قونۇپ
چىقاتتى . ھېكمەت دوستلىرى بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۆزـ
گىرىشلەرنى ، شەھەرنىڭ يېڭى قىياپىتى ، ئەمەلدار بولغان
دوستلىرى ، كىمنىڭ نەچچە بالىسى بولۇپ ، نەچچە ياشقا كىرـ
گەنلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە بىر دەم چاقچاق ھەزىل قىلىشتى .
— ئالىمجان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدا مۇئاۋىن باشـ
لىق ، ئامانىللا پاكولتېت مۇدىرى بوپسىلەر ، — دېدى ھېكمەت
يۇمۇرلۇق ئاھاڭدا ، — بىراق شادىمان يەنىلا شۇ لېرىك شېرـ
ئىرلار قايىنىمىدىن بەخت ئىزدەپ يۈرۈپتۇ ـ دە !
— سەن ئالىمجاننىڭ ئەمىلىنى ئەمەس ، ئۇنىڭ يېڭى
ئامىتىنى تەبرىكلىشىڭ كېرەك ، — دېدى ئامانىللا كۆزىنى قىدـ
سىپ قويۇپ ، — ئۇ دېگەن ئاق ئۇچمىنىڭ بودىكىدەك ، جىدـ
نەستىنىڭ دانىسىدەك ، ئېپار كېيىكنىڭ بالىسىدەك بىر نازدـ
نىننىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا ئەمرىگە ئېلىۋالدى . تېخى ئىسـ
مى نېمە دېمەمسەن ، مېھنىبانۇ .
ئامانىللادەك ماتېماتىكىچىنىڭ تەسۋىرلەشلىرىدىن ھەممىـ
سى كۈلۈشۈپ كېتىشتى .
— ۋۇي بۇ راستمۇ ؟ — ھېكمەت ئالىمجانغا قارىدى ، —
ئۇنداق بولسا بۇنى ئالاھىدە تەبرىكلەشكە ئەرزىگۇدەك خاسىيەتـ
لىك ئىشكەن .
— سەن ماڭغان يىلى ئۇچىنچى ئايدا توينى قىلىپ
قويغان ، — دېدى شادىمان ، — ھازىر قىزى ئۈچ ياشتىن ئېـ
شىپ قالدى .
— ئوغلۇڭ ئابدۇلەتىپچۇ ؟ — ھېكمەت قىزىقىپ سورىـ
دى ، — ئۇ چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ ؟
— ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ ، — دېدى ئالىمجان پەخىرلەنـ

گەن قىياپەتتە، — ھەر قېتىمقى خەتلىرىمدە سېنى ئىزدەشنى تاپىلايمەن، لېكىن ئۇ بەك يۈزى تۆۋەن بالا بولدى.

— ھەي، ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن، — شادىمان ھەسرەتلىككىنە كۈلدى، — ئەينى چاغلاردا ئاجايىپ جۇشقۇن يىگىتلەر ئىدۇق. ئاتمىشىنچى يىللار ئامەتتىن تولا ئاپەت ياغدۇ-رۇپ ياشلىقىمىزنى ئېلىپ كەتتى. مانا ئەمدى دەريا شاۋقۇنلىرى-دەك دەۋرلىرىمىز باللىرىمىزغا، تىنىق كۆلدەك ئاتىلار مىجە-زى بىزلەرگە ئالماشتى.

دوستلار يۈرۈڭقاش دەريا بويلىرى، ئىگەچى باغچىلىرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر، سۈرگۈندىكى ئېغىر كۈنلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمىدى. ئانار شەربىتىدەك قىزارغان قۇياش كۆجۈم باغلارغا باش قويدى. ئۇنىڭ قىيپاش چۈشكەن نۇرلىرى تال بوستاندا چېكىلگەن ئۈزۈملەرنى مەرۋا-يىتتەك چاقنىتىپ ئاستا ئۆچمەكتە ئىدى. ھېكمەت دوستلىرىنى ئۇزىتىپ چوڭ يولغىچە بىللە چىقتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە داۋاملاشقان «ئەدەبىي - ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» ئاياغلاشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يازغۇچى، شائىرلار لوپ، چىرىيە، كىرىيە، نىيە قاتارلىق قەدىمكى يۇرتلارنى زىيا-رەت قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىشتى.

# تىلىكى ئىجابەت بولغان مەزلۇم

«ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» ئاياغلىشىپ ، تۇر-
مۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن قېپقالغان ھېكمەتنىڭ ، خوتەن مېھمانخا-
نىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر كىشىلىك ياتاقتا يېتىۋاتقى-
نىغا تۆت كۈن بولغانىدى . ئۇ «ئۇيغۇر شىپاخانىسى» ھەققىدە
بىرنەرسە يېزىشنى ئۈزۈندىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتى . لېكىن ،
شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى دوستلىرى ئۇنى ياتاققا ئىز-
دەپ كېلىپ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشاتتى . شۇڭا ، ھەر كۈنى
يوقلاش ، پەتىلەش رەسمىيەتلىرى بىلەن تۆت كۈن ئۆتۈپ كەت-
تى . ئۇ تۈنۈگۈن قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر كېچە
مۇڭداشتى . قۇربان ھاكىم ھېلىمۇ قاتناش باشقارمىسىنىڭ باش-
لىقى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ . ماھىنۇر بولسا ئىككى يىل ئالدىدا
لوپلۇق بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن توي قىلىپ ، لوپ ناھىيىسىگە
يۆتكىلىپ شۇ يەرلىك بولۇپ قاپتۇ . ھازىر ئۇنىڭ بىر ئوغلى
بار ئىكەن . ھېكمەت ھازىرلا كامىلنىڭ ئاچىسى سەئىدەنىڭ
ئۆيىدىن كەچلەپ قايتىپ كەلگەنىدى . ئۇ گۈلچىنئاينى كۆرۈپ
خۇددى زۇمرەت ئۇ دۇنيادىن قايتىپ كەلگەندەك ھېسلارغا تول-
دى . ئەگەر گۈلچىنئاينىڭ ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ ئۆرۈۋالغان ئۇ-
زۇن چاچلىرى ، ئارقىدىن بوغۇلغان قوڭۇر قىرقىم چاچلارغا
ئالمىشىپ ماڭلاي ھەم قۇلاق تۈۋلىرىدە ھەشقىپېچەك يېپلىرى-
دەك يۆگىشىپ تۇرغان بولسا «زۇمرەت» دەپ ۋارقىرىۋەتكەنمۇ
بولاتتى . گۈلچىنئاي سىلىق قەدەملەر بىلەن كەلدى ـ دە ،
ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ئىسسەدەپ يىغلىۋەتتى . ئۇ شۇنچە
بەرنا ، لاتاپەتلىك قىز بولۇپ يېتىلگەن ئىدىكى ، ئۇنىڭدا زۇم-

ـرەتنىڭ شوخلۇقلىرىلا كەم ئىدى . بۇ بەلكىم باققان ئانىسى سەئىدەنىڭ خۇي ـ پېئىلى ئۇنىڭ جىسمىدا جۇلا بەرگەنلىكى بولسا كېرەك .

ــــ ھېكمەت دادا ، ئەسلىدە ئۇرۇمچىدە ئوقۇغۇم بارئىدى ، ــــ دېدى گۇلچىنئاي كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، ــــ لېكىن ئانام تىكەندەك يالغۇز قالىدىكەن . شۇڭا ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ناھىيىلىك سىفەندە ئىككى يىل ئوقۇدۇم . ھازىر گۇجان باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمغا يېرىم يىل بولۇپ قالدى .

ــــ ئوقۇتقۇچى بوپسىز ـ دە ، باريكاللا ، ــــ ھېكمەت ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىدى ، ــــ ئەگەر كامىل ئۇقسا چوقۇم خۇش بولىدۇ .

ھېكمەت ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، كامىلنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئوماق قىزى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى . بىراق ، بەك ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆرۈشەلمەي كەلگەنلىـ. كىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى . ئۇ بىر تەخسە لەڭمەننى يەپ ، ئاش سۈيى ئىچكەندىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى . ئاندىن گۇلچىنئايغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىنى بېرىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . چېكە چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن سەئىدە ، گۇلچىنئايغا قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشنى تاپىلاپ ، ھېكـ. مەتنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى . ئۇنىڭ نېمىدۇر دېـ. مەكچى بولۇپ دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھېكمەت :

ــــ سەئىدە ئاچا ، بىرەر گەپ ـ سۆز بارمىدى ؟ بولسا قورۇنماي دەڭ ، مەنمۇ ئۆز ئىنىلىرىدەك ، ــــ دەپ ئىلھام بەردى .

ــــ ھېكمەت ، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىغا كىرگەنلىك ، قىلىچ ئارىسىغا كىرگەنلىك ، دېيىشىدىكەن . سىز ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىسىز ، ــــ سەئىدە «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىنىپ قويدى ، ــــ مەھبۇبە بىچارىگە بەكمۇ ئۇۋال

بولدى . ئويلاپ كۆرۈڭ ، بىر ئاجىزغا ئون بەش يىل كۈتۈش ئاسانمۇ ؟ ئۇ پات ـ پات بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مۇڭلىرىنى تۆكۈپ كېتىدۇ ، بىھېساپ ياش تۆكىدۇ . ئۇنىڭ چەككەن ئاھلىرى ، شامۇ سەھەرلەردە قىلغان ناله ـ پىغانلىرى خۇدايىمغا يەتمەسمۇ ؟ سىزگە يانماسمۇ ؟ بىر ناتىۋاننىڭ ئۇۋالىغا قالماڭ . توغرا ، ئۇ ئەينى يىللاردا كەم ئەقىللىق قىلغان . سىز ئۇنى كەچۈرۈۋېتەلـ مەسسىزمۇ ؟ مەھبۇبە تۇنۇگۈن كەپتىكەن .

مەھبۇبە تۇنۇگۈن سەئىدەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئوتتۇرا كېـ چىلەرگىچە قار ـ يامغۇر يىغلاپ ، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن جۇدا ـ لىق ئازابلىرىنى ، پۇشايمان زەردابلىرىنى تۆكتى . ھېكمەتنىڭ ئون بەش كۈنلۈك يىغىنى تۈگىگۈچە ، ھەتتا شەھەرگە كىرگەن ئۈچ كۈندىن بېرىمۇ بىر قېتىم كېلىپ قويمىغانلىقى ، ئۇچقۇنـ ئاينىڭ كۆڭلىنى ياساپ «كېيىنچە بىر گەپ بولار» دەپ قويغانـ لىقىنى ئېيتىپ «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ : «ئاھ خۇدا ، ئاھ خۇدا ، مەندىن ۋاپاسىزلىق ، قارا كۆڭۈللۈك ئۆتكەنلىكى راست ، بىراق ئون بەش يىلدىن بېرى تۆككەن ياشلىرىم گۇناھـ لىرىمنى يۇيۇشقا يەتمەسمۇ ؟ گۈلزىبا ئاچامنىڭمۇ ماڭا رەھمى كەلمىدى . نېمە ئۇچۇن ئۇ ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغاندۇ ؟ ! ئەزىمەت توغرۇلۇق ئۆتكۈزگەن كىچىككىنە سەۋەنلىكىم ، ئۇچقۇنئايغا بولغان پەرزەنتلىك ئوتىدىن مەھرۇم قىلغان دېۋەڭلىكلىرىم بەدىلىگە ، مەڭگۇ ئۈچمەس قىساس ئوتلىـ رىدا كۆيىدۇرسە بولامدۇ ؟ بۇ قىساسنىڭ ئاخىر چېكى بارمۇ ، يوق ؟... » دەپ ناله ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنى كاچاتلىغاندا ، سەئىدە ئۇنى تەستە تۇتۇۋالغانىدى .

ـــ سەئىدە ئاچا ، ـــ ھېكمەت يەرگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى ، ـــ مەھبۇبە توغرا دەپتۇ ، گۈلزىبا مېنىڭ يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ بەرگىنى يوق . مەن مەھبۇبەگە يالغان مۇھەببەت ئاتا قىلغىم ، ياسىما چىراي بىلەن قارىغۇم ، ئۇنى يەنە ئالدىغۇم يوق... بۇ

چاغقىچە ئۆزۈمنى ئالداپ كەلگىنىممۇ يېتەر! بۇ ئالداش ئالدىـ
نىشلار مېنى بىر ئۆمۈر داغدا قويدى...
ئىككى تاش ئارىسىدا ئېزىلىپ، بېشى ئېغىرلىشىپ كەتكەن
ھېكمەت مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، مونچىغا يۈيۈنۈش
ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. ئۇ مونچىدىن خېلىلا سەگەكلىشىپ چىقـ
قاندا تامدىكى سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇردى. ئۇيقۇ ئۇنىڭـ
دىن، ئۇ ئۇيقۇدىن بىزار بولغاندەك، ئانار گۈللۈك گىلەم
سېلىنغان ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئارقا -
ئارقىدىن ئۇلاپ تاماكا چەكتى، چاي ئىچىپ باقتى، ھەتتا يېتىپ
يۇزگىچە ساناپ ئۇيقۇ چىللىماقچى بولدى. لېكىن، بىرقانچە
يۈزلەر سانالغان بولسىمۇ ئۇيقۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇنى
ۋىجدان ئازابى قىينىماقتا ئىدى. سەئىدە توغرا دەيدۇ، بىر
ئاجىزە ئۈچۈن ئون بەش يىل كۈتۈش ئاسانمۇ؟ بىھېساب ياشلار،
جۇدالىق ئازابلىرى، پۇشايمانلىق زەردابلىرى نېمە ئۈچۈن، كىم
ئۈچۈن تۆكۈلگەنىكەن! ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك — خاتالىقلىرىنى
يۈيۈش، ھېكمەتنىڭ قەلب سارىيىغا ساھىبخانا بولۇش ئۈچۈن
ئەمەسمىدى؟! ھېكمەت زادى كىمگە ساقلايدۇ؟ ماھىگۈلگىمۇ؟!
ياق، زىنھار مۇمكىن ئەمەس! بىر بەختسىز مەزلۇمەنى گۆرى
زىندانغا مۇپتىلا قىلىپ يەتكەن بەخت - سائادىتى زەھەر - زوقۇم
بىلەن يۇغۇرۇلغان بولمامدۇ! بۇ «بەخت شارابى» ئۇنى بىر
ئۆمۈر ئازاب كېپىنىدە كېپەنلەپ، ۋىجدان سورىقىغا قويىدىغانـ
لىقى راستقۇ! دۇنيادا ھەممىلا ئادەم بەختلىك بولۇپ يارالغان
ئەمەس! ئۇنداقتا بۇ دۇنيا جەننەت، ئادەملەر پەرىشتە بولۇپ
كەتمەسمىدى. مەھبۇبەنىڭ ئوت - ئۇۋالىغا قېلىپ كۆرگەن
ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن، بىر ناتىۋاننىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ چەكـ
كەن ئازابىنىڭ لەززىتى ئۇنىڭ تېنىنى پاكلىمامدۇ! ئازابىنىڭمۇ
ئۆزىگە چۇشلۇق لەززىتى بولىدۇ، بۇنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن
ئادەم چىن بەختلىكتۇر. ھېكمەت ئەمدى كەينىگە قايتمايدۇ. ئۇ

ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ كۆپ مۇساپىسىنى بېسىپ بولدى. ئەمدى هاياتلىقنىڭ كۈنى ئېگىلىپ ئاخشام قاراڭغۇلۇقىغا تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتىدۇ. مۇهەببەتتىن بەخت ئىزدەشتەك نۆۋەر چاغلىرى ئۆتۈپ كەتتى...

هېكمەت ئازابلىق خىياللار بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ ئۇخلاپ قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ياتاق ئىچى بىردىنلا كۆز چاقنۇدەك نۇرلار ئىلكىدە يورۇپ كەتتى. خۇددى ئاهاڭ دولقۇنلىرىدەك، تاش تاشلىغاندىن كېيىنكى تەۋرىگەن سۇ بېتىدەك، ئۇزۇلۇپ چۈشكەن قۇياش پارچىسىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن چېچىلىۋاتقان ئاق، سېرىق، قىزغۇچ نۇر زەرلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، ئەتراپتىكى هەممە ـ هەممىنى ئالتۇن نۇر بىلەن پۈركىدى! «ئاه خۇدا، بۇ شىۋقەدرى نۇرلىرىنىڭ جۇلاسىمۇ، بۇ نۇرغا نائىل بولغۇچىنىڭ تۇتقان هەرقانداق نەرسىسى زەر ـ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالارمىشقۇ!» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن هېكمەت قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ سىنچىلاپ قارىدى. «تۆبە ئىللالاهۇ توبىتەن نەسۇبها①» ئۇ توۋا كەلتۈردى. چۈنكى، نۇرلار مەركىزىدە ئاپئاق تۇتۇندەك سۈس هەم مەۋھۇم لىباسقا پۈركەلگەن نازۇك بىر سىيما بىر كۆرۈنۈپ، بىر غايىب بولاتتى... گاه ئايدەك رۇخسار جىلۋە ئەيلىسە، گاه قىپقىزىل خال چاقناپ تەبەسسۇم ئىلكىدە ناز ئىستىخنا ئىلتىپات قىلاتتى. ئۈزۈلمەي تارقىغان زەرلەر ئەنە شۇ سەرۋى سىيمانىڭ جىسمىدىن كېلەتتى!

— سىز... سىز زادى كىم؟ مەن... مەن پەقەتلا بىلەلمىدىمغۇ، — هېكمەتنىڭ تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك تەستە دۇ دۇقلىدى، — سىز... مېنى قورقۇتماڭ... سىز جەبرائىلمۇ ياكى جەننەت هۆرلىرىدىن بولامسىز؟ مەندەك... تەقدىر ـ

① ئاللا، توۋامنى نەسۇبهانىڭ توۋىسىدەك قوبۇل قىلغايسەن.

قىسمەتلىرى شورلۇق ، لېيى جاپا - مۇشەققەتتىن يۇغۇرۇلغان ،
ئۆمرى خورلۇقتا ئۆتكەن ، ھەممە — ھەممە نېمىسىدىن ، ھەتتا
جاراھەتلىك يۈرىكىدىنمۇ ئايرىلغان… غېرىبنى نېمە قىلماقچى
سىز ؟ ئېيتىڭا ، سىز زادى كىم ؟ مۇبارەك ئىسمى زاتىڭىز نېمە ؟
— شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ ، لېكىن بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى
يوق ، — نازۇك سىيمانىڭ ئاۋازى زىل تارىلاردىن تارقىغان
مۇزىكىدەك مۇڭلۇق ئىدى ، — ھېكمەت ، بىلەمسىز ، ئېتىقاد
يۈرەكتىكى بوستان . ئۇزۇن يىللار بولدى . بىقۇل ، بىناۋا بى-
-راۋلارنىڭ بوستاننى پايخان قىلىپ كەلدىڭىز… ئۇنچىۋالا تاش-
بېغىر ئەمەسىدىڭىزغۇ ، ھازىر ئۇنىڭ ئېتىقاد بوستانى خازانلىقتا
يۇزلەندى ، باغى ئىرەملىرىنى ئاپئاق قىرۇ باغلىدى . چىمەنزاز-
لىرى سارغايدى ، گۈللىرى قۇرۇپ قاقشال بولدى ، ئۈمىد چې-
چەكلىرى سولدى ، ئەمما يۇرىقى كەتمىدى !… ئۇ ھېلىمۇ سىز-
نىڭ يوللىرىڭىزنى كۆز ياشلىرىدا نەمدەپ ، كىرپىكلىرىدە سۈپۈ-
رۈپ تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتىدۇ… نېچۈن كۆڭۈل بېغىڭىزدىن
ئورۇن بېرەلمەيسىز ؟ !
— ئۇنىڭغا … ئۇنىڭغا بەرگۈدەك مەندە ھېچنېمە بولمى -
سا ، — ھېكمەت تولىمۇ بىچارە ئىدى ، — مەن… مەن يۈرد-
كىمنى بىرلا ، پەقەت بىرلا كىشىگە ئاتىۋەتكەن… ئۇ ئېلىپ
كەتكىنى نەۋاخ… — ھېكمەت يىغلىدى ، — تەقدىرى ئەزەل
بەرمىگەن تەلەيدە نېمە ھەققىم بار ، ئەزەلدىن پېشانەم شورلۇق ،
زۇۋۇلام ئازابتىن يۇغۇرۇلغان ، شۇڭا كۆرمىشلىرىم تولا . بى-
لەمسىز ، ئادەم جىسمى بىر سىقىم تۇپراق ، ئۇ تۇپراقنى بەرسەم
ئۇنىمۇ ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدايدىكەنمەن… ۋىجدان ئازابى لەھەتنىڭ
ۋەھشىيىتىدىن يامان ئىكەن .
— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، مەن بىئارام بولىدىكەن -
مەن ، — سەرۋى سىيما شامالدىكى ئاق شايىدەك ئەلەڭلەپ
تۇراتتى ، — سىزنىڭ تەڭلىك تارتىپ قالغانلىقىڭىز ماڭا ئايان

بولدى . ۋىجدان ، ۋىجدان دەيسىز ، بىر ئاجىزەنىڭ ئېتىقاد بوسـ-
تانىغا زىمىستان چىللاپ كېلىشكە ۋىجدانىڭىز چىدىدى…
ئىسىڭىزدىمۇ ، سىز بىر كىتابتىن : «ۋىجدان ئاللانىڭ نامايەندىـ-
سى» دېگەن سەھىپىلەرنى ئوقۇپ بەرگەندىڭىز… ھازىر بۇ سۆزـ-
ڭىزنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىللە ، يۈرىكىڭىزنىـ-
مۇ ئاشۇ بىر ۋۇلارغا بېرىۋەتتىم… — نۇرلۇق سىيما يىغا ياكى
كۆلكىگە ئوخشىمايدىغان زەپمۇ مۇڭلۇق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ
غايىب بولدى .
— گۈلزىبا !… زىبا ! !…
ھېكمەت قاتتىق ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى . مۇگدەپ قالـ-
غان نۆۋەتچى خادىم چۆچۈپ ئويغاندى- دە ، كارىدۇرغا ئېتىلىپ
چىقتى . لېكىن ، بۇ ۋەھىمىلىك ئاۋازنىڭ قايسى ياتاقتىن كەلـ-
گەنلىكىنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى . ئاندىن نۆۋەتچى
خانىغا كىرىپ كەتتى . ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ، يالاڭ ئاياغلا
گىلەم ئۈستىدە قالايمىقان چۆرگىلەپ يۈردى . ئولتۇرۇپ تاماكا
چېكىپ باققان بولسىمۇ ، كۆڭلىدىكى غەليان بېسىقمىدىغاندەك
ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلزىبانىڭ : «ئېتىقاد بوسـ-
تانىنى پايخان قىلدىڭىز» ، «ۋىجدانىڭىز چىدىدى» ، «يۈرىكـ-
ڭىزنى بېرىۋەتتىم…» دېگەن سۆزلىرى ئۇزۇلمەي تەكرارلىنىپ
تۇراتتى . بۇ چاغدا سائەت ئۈچ يېرىم بولغانىدى . ھېكمەت سوـ-
غۇق سۇدا يۇزلىرىنى يۇدى- دە ، كىيىملىرىنى كېيىپ سىرتقا
چىقتى . ئۇ گۈلزىبانىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تاۋاپ قىلماقچىدى .
تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق سۇس يورۇق تۇمانغا ئايلىنىپ
جىمجىت ئاسفالىت يوللار ، ئىككى قاسناقتىكى چىنار كۆچەتلىـ-
رى ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تىمتاس كوچىلاردا كوچا سۈـ-
پۈرگۈچىلەر ئەمدىلا پەيدا بولغانىدى . ھېكمەت قىزىق دەرۋازىغا
كېلىپ بۇرۇنقى قىڭغىر - قىيسىق توپا يوللارنى ، پاكار - پاكار
ئىسلىشىپ تۇرىدىغان ئاشخانا ، چايخانا ، دۇكانلارنى ، لەمپىلىك

بوتكىلارنى تاپالمىدى . كەڭ ھەم تۈز ئېلىنغان ئاسفالىت يولدىن
جامەنىڭ كۆڭ خىشلىق ئېگىز تاملىرىنى كۆرگىلى بولاتتى . ئۇ
ھەتتا ئاۋغان كوچىسىنىڭ نەدە قالغانلىقىنىمۇ مۆسەللىيەلمىدى .
چۈنكى ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىز - پەس بىنالار ، ھەر-
خىل ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان شىركەت ، ماگىزىنلار سېلىنىپ كەت-
كەنىدى . ئۇ پەقەت ئىككى بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قال-
غان «ئەخمەتجان» كوچىسىنى پەرق ئېتەلىدى . ئەگەر پىلانلى-
غۇچىلار جامەنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يولنى ئۇنىڭ ئالدىغا
توغرىلىمىغان بولسا ، ھېكمەت ئېزىپ قايتىپ كەتكەنمۇ بولاتتى .
جامەنىڭ ئالدىدىكى ئاۋغان كوچىسىنىڭ ئورنىدا ئۈچ قەۋەتلىك
بىر سۇس سېرىق بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ھېكمەت ئالدىغا
مېڭىپ مەھبۇبەنىڭ ھەيۋەتلىك ئەنجان قورۇسىنىڭ ئورنىدا تۆت
كوچا تۇرغانلىقىنى كۆردى ، شۇنداقتىمۇ ئەتراپىنى كونا - يېڭى
ئۆيلەر قورشىۋالغان دۆڭدىكى مازارنى پەرق ئېتەلىدى . لېكىن ،
ئۇنىڭغا قەيەر بىلەن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنى-
دا ، بامدات نامىزىغا ماڭغان بىر ئادەم يولنى كۆرسىتىپ قويدى .
ھېكمەت دوقمۇشتىن ئايلىنىپ تار چىغىر يولغا قايرىلىشى يەرگە
بېكىتىپ قويغان تاختايدىكى خەتلەرگە كۆزى چۈشتى . ئۇنىڭدا ،
يېڭى مېيىت قويۇشقا بولمايدىغانلىقى ، كونا مېيىت ئىگىلىرى
بىر ئايغىچە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتىنى يېڭى قەبرىستان-
لىققا يۆتكەش ھەققىدە يېزىلغانىدى . ھېكمەت لويلا ، ئاچچىق
ئوت ، ياۋا قومۇش بېسىپ كەتكەن قەبرىلەر ئارا ئالغا ئىلگىرىلى-
دى . بىراق ، گۈلزىبانىڭ قەبرىسىگە ئون قەدەمدەك قالغاندا
زەئىپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى . ئۇ
ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار ئارىسىدىن تونۇش قەبرە ئالدىدا ئاپئاق
رومالغا پۈركىلىپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ دۈمبىسىنى كۆ-
رۈپ قالدى . ھېكمەت تېۋىش چىقارماي بىرنەچچە قەدەم ئار-
قىغا چېكىنىپ ھېلىقى گەۋدىنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالدى .

بۇ تونوش مۇڭلۇق ئاۋازنىڭ ئىگىسى مەھبۇبە ئىدى !
— گۈلزىبا ئاچا ، مەن سىزگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈ-رەي ، بۇ دۇنيادا سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلالمىغان بولسام ، ئۇ دۇنيادا دېدەك قۇلىڭىز بولاي ، ماڭار يوللىرىڭىزغا پاياندازا بولۇپ ، كۆز ياشلىرىم بىلەن چاچلىرىڭىزنى تاراي... بىلىمەن ، سىزنىڭ كۆڭۈل كۆكسىڭىز بىپايان دەريا ، سىز مەندەك قارا كۆڭۈلنى كەچۈردىڭىز... ئون بەش يىلدىن بېرى مېنى يالغۇز قويماي سىرداشتىڭىز ، جاراھەتلىك يۈرىكىمگە مەلھەم ، دەرد-لىك كۆڭلۈمگە شىپالىق يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدىڭىز... مەن بۇ-لارنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي...
مەھبۇبە جىمىپ قالدى . ئارقىدىن زەن سېلىپ تۇرغان ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ نازۇك دۇمبىلىرىنىڭ سىلكىنىشىدىن ئۇنـ-سىز ئىسسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى . يىغا ئارىلاش زەئىپ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى :
— گۈلزىبا ئاچا ، تاڭ سەھەر چۈشۈمدە سىزنى ئاپئاشكارا كۆردۈم . سىز ماڭا «بۇ ھېكمەتنىڭ ئامانىتى ئىدى ، ئەمدى سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي» دەپ قىپقىزىل بىر ئالمىنى ماڭا سۇندىڭىز ، مەن قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن ھېلىقى ئالما قان تەپچىپ تۇرغان يۈرەككە ئايلىنىپ قالدى . قارىسام يۈرەك ئىچىـ-دە ھېكمەت ئىككىمىزنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم... ئەمدى ئۇ ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ... چوقۇم كېلىدۇ ... مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ ! مەن ئۇنىڭ باغرىغا بىر نەپەس بېشىمنى قويسام ، مەيلىدى ، ئەزرائىل جېنىمنى ئالسا...
مەھبۇبە دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى :
— ئاھ تەڭرىم ، گۈلزىبا ئاچامغا يەتتە جەننىتىڭنى ئاتا قىل ، نۇرى ئىمسانلىرىڭنى ئۇنىڭ ئىپار بويلىرىغا چاچ ، ياتقان يەرلىرىنى بېھىشنىڭ گۈل - چېچەكلىرى بىلەن پۈركە...
مەھبۇبە تىزلىرىغا تايىنىپ ئارانلا تۇردى ۋە ئارقىغا بۇرۇل-دى - دە ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . چۈنكى ئۇ ، ئون بەش يىل زارىقىپ كۈتكەن ئادىمىنى كۆرگەنىدى . ھېكمەت ئېتىلىپ بې-

ـرىپ ئۇنى يۆلىۋالدى .
— مەھبۇبە ، مەھبۇبەم ، مېنى كەچۈرۈڭ .
— ھېكمەت ! مېنىڭ ھېكمىتىم... ئۆمرۈم كەچۈرۈم
سوراش بىلەن ئۆتتى . مېنى ئەيىبلىمەڭ ، مەن سىزدىن يەنىلا
كەچۈرۈم سورايمەن... ئەمما سىز قايتىپ كەلدىڭىز... — مەھ-
بۇبە ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ھېكمەتنىڭ مەيدىسىگە يۈزلىرىنى
سۈۋاپ ، مۇشتۇملىرى بىلەن بوش ئۇرۇپ نالە قىلىشقا باشلى -
ـدى ، — ئاھ مېنىڭ تاش يۈرىكىم... ئاھ مېنىڭ باغرى تېشىم...
ئاھ رەھىم ـ شەپقەتنى ئۇنتۇغان ئېرىم ... سىز نېمىشقا ئەمدى
كەلدىڭىز ؟ قارىڭا ، مېنىڭ قېرىپ كەتكىنىمنى . . .
مەھبۇبە گەرچە ياشلىقىدىكى شوخلۇق ھەم شۇللۇق ، تاتلىق
خۇلۇقلىرىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، خۇددى سىرلىق قاچىنىڭ سى-
ـرى چۈشكەن بىلەن سېنى قالىدۇ دېگەندەك ، سىنچىلاپ قارىغاد-
ـسېرى ئۇنىڭ رۇخسارىدىن پاك مەسۇمەنىڭ گۈزەللىكى يېلىن-
جاپ تۇراتتى . بىراق ، ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى چارلىشىپ كەت-
ـكەن بولۇپ ، روھىمۇ سۇنغاندەك قىلاتتى .
ھېكمەت مەھبۇبەنى يۆلەپ قەبرىستانلىقتىن چۈشتى . بام-
ـدات نامىزىدىن يانغان بىرەر ـ يېرىم ئادەم ئۇچراپ قالاتتى .
يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قاسناقلىرىدىكى لۈپ ، جىيا ، گېجى ،
چاھار باغ كەنتلىرىنىڭ كۆجۈم باغلىرى ئوتقاچتەك قىزارغان
ئاسمان تەپتىدىن بىنەپشە رەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى . بازارنىڭ باش -
بۇرنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتقان ناۋاي ، سامسىپەزلەر
توغراق ، بەقەم ، سۆكسۆك ئوتۇنلارنى يېرىپ تونۇرلىرىغا ئوت
يېقىشماقتا ئىدى . ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈۋاتقان شادلىق ياشلىرىنى
سۈرتۈپ كېلىۋاتقان مەھبۇبە ھېكمەتنى قارىقاش يولىغا تۇتاشتۇ-
رۇلغان چوڭ يول ئارقىلىق ئېلىپ كېتىۋاتاتتى .
— مۇسەللىيەلەمسىز ، مانا مۇشۇ يەردە بىزنىڭ ئۆيلىرد-
ـمىز بولىدىغان ، — دېدى مەھبۇبە تۆت كوچا ئېغىزىنى ئىما
قىلىپ ، — ھازىر ھەممە يەر تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى . ئۆيلە-
ـرى چېقىلغانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بەردى .

— ھەقىقەتەن خوتەندە ئۆزگىرىش بەك تېز بوپتۇ ، — ھېكمەت ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — مەنمۇ ئادىشىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم ئەمەسمۇ .

— مەن مەسچىتتىن بىرنەچچە ئادەمنى چاقىرىپ نەزىر بېرىۋېتىپ ، ئاندىن گۈلزىبا ئاچامنىڭ جەسىتىنى يۆتكىمەكچى بولۇپ تۇراتتىم ، — دېدى مەھبۇبە ھېكمەتكە لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، — مانا ئەمدى سىز ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كەلدىڭىز .

— قاچان يۆتكىسەك بولار ؟

— بۈگۈن بازار كۈنى ئادەم كۆپ ، شۇنداقتىمۇ مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە تۈتۈش قىلمىساق ، بەلگىلەنگەن بىر ئايمۇ توشۇپ قالدى ، قېنى بۇياققا ، — مەھبۇبە ئوڭ تەرەپتىكى تار كوچىغا قايرىلدى ، — باشقىلار يۆتكەپ بولۇشتى . ئالدىرىمىساق قەبرىستانلىقنى توپا تۇرتۇش ماشىنىسىدا تۇرتۇپ ئازگاللارغا تېقىۋېتىدۇ ياكى سەھۋالىمغا ئاپىرىپ تۆكىدۇ .

— ئەتىگە قىلساق ، تەييارلىق قىلىپ بولغىنى بولارمۇ ؟

— بولىدۇ ، بىرنەچچە ئادەم بىلەن مەزىن ئاخۇنۇمغا ھېچ-قانچە تەييارلىق كەتمەيدۇ ، — مەھبۇبە قوش قاناتلىق يېشىل ئەگۈن ئالدىدا توختىدى ، — قېنى كىرىڭ ، مۇشۇ بىزنىڭ قو-رۇ . تۇل خوتۇننىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى دەيسىز ، مۇشۇنچىلىك سېلىپ قويدۇم .

ھويلا كىچىك بولسىمۇ ھەرخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۆگزىگە ياماشتۇرۇۋەتكەن چاققانغىنا تال بوستاندا سەي-ۋە ، مۇناقا ، قىزىل ئۈزۈملەر مەرۋايىتتەك ساڭگىلىشىپ تۇرات-تى . تال بوستان تېگىگە بۇرۇنقى چوڭ كات قويۇلۇپ ، ئۇستىگە گىلەم سېلىپ قويۇلغانىدى . ئۆي ئارانلا ئىككى ئېغىز بولسىمۇ ، ئوتتۇرىدىكى دەھلىز بىلەن ئۈچ ئېغىز ئۆيدەك كۆرۈنەتتى . دېگەنبىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەر ، گۈللەر قاپلىغان پاكىز ھويلا كىشىگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى . ئۇلار دەھلىزگە كىرىپ ، سول تەرەپتىكى كەڭ - ئازادە سېلىنغان مېھمانخانىغا قەدەم ئېلىشتى . مەھبۇبە ئىشكىلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان

ھۇجرىغا قاراپ بېشىنى چايقىدى ـ دە : «ھەي ، بۇ قىز شۇ چاغقىچە تۇرماپتۇ ـ دە» دەپ قويۇپ بوش ئاۋازدا :

— ئۇچقۇنئاي ، ئۇچقۇن قىزىم ، قاراڭ ، كىم كەلدى ؟ چىقىپ كۆرۈشمەمسىز ، — دېگىنىچە ھىم يېپىلغان ئىشىكنى چېكىپ قويدى .

مەھبۇبە چەينەكنى كۆتۈرۈپ ، تال بوستان تېگىدىكى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى . ھېكمەت مېھمانخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ساندۇق ئۈستىگە قاتلاپ قويۇلغان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە ، ئۇنىڭغا يېپىلغان ئاپئاق تورلارغا ، تامغا قىڭغىر ـ قىيسىق شەكىل چىقىرىپ مىخلانغان ئاتكىرىتكىلارغا ، مەھبۇبە بىلەن ئۇچقۇنئاينىڭ چوڭئايتىلغان سۈرەتلىرىگە قاراپ ، ئۆي تۇتۇشقا ھەپسىلىسى قالمىغان مەھبۇبەنىڭ ھاياتىغا ئېچىندى . ئۇنىڭ بۇ ئون بەش يىلنى بىر ئۇندە ، بىر تۇندە ئۆتكۈزگەنلىكىگە كۆزى يەتتى . ھېكمەت ئايالى توغرۇلۇق خىيالغا پېتىپ تۇرغىنىدا بوسۇغىدا قىزى پەيدا بولدى .

— دادا !··· — ئۇچقۇنئاي ئېتىلىپ كېلىپ ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى ، — مەن تېخى سىزنى كەلمەسمىكى دېگەنىدىم .

— قىزىق گەپ بولدى ، نېمىشقا كەلمەيدىكەنمەن ، سىز مېنىڭ قىزىم تۇرسىڭىز ، مەھبۇبە سىزنىڭ ئانىڭىز تۇرسا ، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۆيۈمگە كەلمەي نەگە بارىمەن .

— مۇنۇي ، ئۇستاتىلىقىنى ، ئەمىسە نېمىشقا لاسكۇيدا لىڭگىر ـ تاقتاق گەپ قىلىسىز ؟

— لىڭگىر ـ تاقتاق گەپ قىلغان ئۆزىڭىز . دادىسىنى «ئۆيگە بارامسىز ؟» دەپمۇ سورامدۇ ؟

— ۋاي خۇدايىم ، ئەمدى گۇناھنى ماڭا ئارتىپ قويغىنىنى ، سىز ئەسكىكەنسىز ، ئەسكىكەنسىز .

ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ مەيدىلىرىگە ئۇرۇۋاتقاندا ، مەھبۇبە كىرىپ قالدى . ئۇ ئاتا ـ بالىنىڭ ئامراقلىق يۈزىسىدىن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ : «بۇرۇنلا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مېھىر ـ شەپقەتكە نائىل قىلغان بولسام ، شۇنچە

ئۇزۇن يىل سورۇقچىلىق تارتماسىدىم» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆت-
كۈزدى .
— ھەي ئۇچقۇن ، تورپاقتەك تۇرۇپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا
چىقىۋالغىنىنى قارا ، — دېدى مەھبۇبە ئاتا - بالىغا زوقى
كېلىپ ، — مېڭىڭ ، يۈگۈرۈپ چىقىپ تاۋىدىن ئەمدىلا قومۇر-
غان گۆشگىردىدىن ئېلىپ كىرىڭ ، نان قېتىپ قاپتۇ .
— ۋاي - ۋۇي ، دادامنى ئاران تاپقاندا ، بىردەممۇ ئول-
تۇرغىلى قويمىغان ، — ئۇچقۇنئاي تۇمشۇقىنى دومسايتىپ
ئورنىدىن تۇردى ، — ئەتىگەندە گۆشگىردە بارمۇ ، يوقمۇ .
— ئۇچقۇنئاي قىزىم ، ئانىسىغا بۇنداق مۇئامىلە قىلغان
بالىنى مەن ياخشى كۆرمەيمەن جۇمۇڭ ، — ھېكمەتنىڭ تەلەپپۇ-
زى قاتتىقراق چىقتى ، — قىز بالىنىڭ پەزىلىتى ئاتا - ئانىغا
بولغان ھۆرمەتتە سىنىلىدۇ .
— ياقەي دادا ، ئوينىشىپ قويدۇم ، — ئۇچقۇنئاي دادى-
سىنىڭ چىرايىدىن ئەندىكتى ، — مەن ھازىرلا كېلىمەن .
ئۇچقۇنئاي مەھبۇبەدىن پۇل ئېلىپ چىقىپ كەتتى .
— ئاتىسىز چوڭ بولغان بالا شۇنداق بولامدىكىنتاڭ ، —
دېدى مەھبۇبە پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ ، — قىزىڭىزنىڭ قىل-
غان - ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەرسەم بىر داستان بولىدۇ… ئاشۇ
كۈنلەردە كۆرگەن كۈنلىرىم ، ئاڭلىغان تىل - ئاھانەتلىرىم
چېچىمنى ئاقارتىۋەتتى .
— مۇنداق دەڭ ، — ھېكمەتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى ، —
ئۇچقۇن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم دەيدىغۇ ، راستمۇ ؟
— راست ، ئوقۇشى مەكتەپ بويىچە ياخشى ، ئۆتۈپ كېتىد-
شىدە گەپ يوق .
— ھېكمەت قىزى توغرۇلۇق گەپنىڭ بېشىنى ئاڭلاپ
ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولدى . بىراق ، ئۇياقتىن كېلىپ ،
بۇ ياقتىن كوچىلاشنى خالىمىدى . شۇنداقتىمۇ پۇرسەت تېپىپ
«داستان» بولغۇدەك ئىشلارنى ئاڭلاپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .
— ھېكمەت ، گۈلزىبا ئاچامنىڭ جەسىتىنى يۆتكىمەكچى

بولساق ، مەن بۈگۈن مەزىن ئاخۇنۇمغا دەپ قويسام ، ئەتە ئەتىگەن بامداتتىن يېنىپ بىرنەچچە جامائەتنى ئېلىپ كىرىدۇ ، — دېدى مەھبۇبە يېنىككىنە خورسىنىپ قويۇپ ، — شۇڭا بۈگۈن نەزىرىگە كېرەكلىك سەۋزە ، گۈشلىرىنى ئەكىرىپ قوياي ، سىز ئالىمجان زىھرۇللامنىڭ ماشىنىسىنى سۆزلىشىپ قويسىڭىز بولامدىكىن ؟

— بولىدۇ ، مەن چاي ئىچىپلا ئالىمجاننىڭ ئۆيىگە باراي ، قايتاشىمدا بازارنى بىر كۆرگۈم بار ، — ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ بۆشىلەردەك كىيىۋالغان كەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىگە ، ئاق داكا رومىلىغا قاراپ قويدى ، — سىزگە بىرگەپ قىلسام تەتۈرلۈكتىڭىزگە ئالماڭ جۇمۇڭ .

— قېنى دەڭ ، — مەھبۇبە تۇيغاندەكلا ئۇچىسىغا قاراپ قويدى ، — كىيىملىرىم كۆزىڭىزگە سىغمىدى ، شۇنداقمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، سىز ئەمدى ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىردىڭىز ، راسا تولغان ۋاقلىرىڭىز ، — دېدى ھېكمەت قاتتىقراق تەلەپپۇزدا ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچى تۇرسىڭىز ، بۇنداق ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن . بۈگۈنلا مەن ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇڭ .

— ئۇ كىيىملەر بەكلا غەلىتىكەن... ئادەمنى يىگىرمە ياش كەينىگە ياندۇرۇۋېتەمدۇ ، نېمە ؟

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش توغرۇلۇق سۆزلىرى ئەمدىلا باشلىنىۋېدى ، ئۇچقۇنئاي داستىخانغا ئورالغان گۆشگىردىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ شىرەگە تۆكتى . خوتەننىڭ بۇ نېمىتى باشقا يۇرتلاردا يوق ئىدى ، بولغاندىمۇ خۇرۇچلىرىنى تەڭشەپ خوتەندىكىدەك ئوخشىتالمايتتى . ھېكمەت ئىككى گۆشگىردىنىڭ ھۆلىنى سوغۇق سۇغا تەگكۈزۈپ ھوزۇرلىنىپ يېدى ، ئۇچقۇنئاي كۆڭلۈمگە تېگىدىكەن ، دەپ ئارانلا بىرنى يېيەلدى .

— ئەمىسە مەن ئالىمجاننىڭ ئۆيىگە بارغاچ بازارنى چۆرگىلەپ كېلەي ، — دېدى ھېكمەت قوللىرىنى سۈرتۈپ ، — چۈشكىچە قايتىپ كېلىمەن .

— مەنمۇ دادام بىلەن بىللە چىقىمەن ، — دېدى ئۇچقۇن-ئاي ئورنىدىن تۇرۇپ ، — باشقىلار مېنىڭ دادامنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن .
— دادىڭىزنى ئاۋارە قىلمىسىڭىز بولمامدۇ ، — مەھبۇبە خاپا بولغاندەك ئالىيىپ قويدى .
— مەيلى ، چىقسۇن ، مېھمانخانىدا قالغان نەرسە - كې-رەكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرمەمدۇ .
— ۋاي خۇدايىم ، مەشەدە تۇرامسىز ؟ — ئۇچقۇنئاي خۇ-شاللىقىدا دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ، — ئەمدى بەك ياخشى بولدى .
ھېكمەت بىلەن ئۇچقۇنئاي ئەمدىلا قىزىشقا باشلىغان بازار-نى چۆرگىلەپ ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىغا كەلدى . بۈگۈن يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈن بولغاچقا ، ئالىمجان ئۆيدە بارئىدى . ئۇ ھېكمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلى-كىنى ئۇققاندىن كېيىن ، ماشىنىسىنى ئەتە ئەتىگەن قەبرىستاز-لىق قېشىغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى .
— ھېكمەت ، خاپا بولما ، ئەتە يىغىنىمىز بولمىغان بول-سا ، مەن ساڭا ياردەملىشەتتىم ، — دېدى ئالىمجان ئۆزرە سو - راپ ، — چاي ئىچىپ ماڭمامسەن ؟
— سىرتتا قىزىم قالغان ، مەن چىقاي .
ھېكمەت قىزىنى باشلاپ خوتەن مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كەل-دى . ئۇچقۇنئاي تېگىگە ئانار گۈللۈك گىلەم سېلىنغان ياتاققا كىرىپ ھەيرانلا قالدى . ئۇ تام ئەينەك ، قوش دېۋان ئوتتۇرىسى-دىكى پارقىراپ تۇرغان چاي شىرەسى ، ئۈستەل چىرىغى قاتار-لىقلارنى سىلاپ كۆردى . مۇنچىدىكى ئاپئاق چىنە ۋاننا ، پەرداز قىلىش بۇيۇملىرى ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالدى .
— دادا ، سىز مۇشۇ ياتاقتا ياتامسىز ؟ — سورىدى ئۇچ-قۇنئاي يۇمشاق كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — ھەرقاچان قىممەت-تۇر - ھە ؟
— ئانچە ئەمەس .

ئۇلار مۇنچىدىكى يېپىغلىق كىيىملەرنى، خاتىرە، چىش پاراشوك قاتارلىقلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندىمۇ ئۇچقۇنئاي ياتاققا پايلىمايلا قالدى.

— دادا، بىزنىڭ ئۆيگە كۆندەلەمسىزكىن؟ — دېدى ئۇچقۇنئاي ساددىلىق بىلەن، — بۇ يەردىكىدەك ئالىي ئەمەس.

— ھەي ساددا قىز، — ھېكمەت كۈلۈۋەتتى، — دادىڭىز ھەممە يەرگە كۆنۈك. ئۇ شاڭخەي، شىنجىنلاردىكى بىر كېچىلىكى نەچچە يۈز سوملۇق ياتاقلاردىمۇ، قاراڭغۇ تۈرمىلەردىمۇ، ھەتتا زەي زىندانلاردىمۇ يېتىپ كۆرگەن. ئۆيگۇ يەر تاللىمايدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىكەنسىز - دە.

ئۇلار سومكا ھەم ماتېرىيال پوپكىلىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىققاندا ئۇچقۇنئاي جىمىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئانىسى بىر چاغلاردا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر توقۇلغان رىۋايەتلەر بولماي، بەلكى دادىسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي پاجىئەلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەكتە ئىدى. ئۇ «توۋا، ئەجەب بىر زامانلار بوپتىكەن - ھە، ئۇلار نېمە تالىشىپ شۇنچە دۈشمەنلىشىپ كەتكەن بولغىيتتى؟ بىر - بىرىدىن ئالالمىغان قانداق ئۆچ ئاداۋەتلىرى باردۇ؟ بۇنداق دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى كىملەر چاچقاندۇ؟ ئادەمنىڭ قۇرت - قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرنىمۇ دەسسىگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن دەريا - دەريا ئاققان قىپقىزىل قانلار ئېرىقتىكى لاي سۇ ئەمەستە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

«ھەي ئۇچقۇنئاي، ئۇچقۇنجانلار، پېقىر ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇشنى لايىق تاپتى. بىلمىدىم، مۇبارەك خاتىرەڭلارغا خۇپ كېلەمدۇ، يوق. مەن شۇنچە دەستە - دەستە قەغەزلەرنى ئىسسىق قان، ئاچچىق ياشلىرىم بىلەن بويىۋەتتىم. بىكارغا دەۋا قىلغىنىم، چۇقان كۆتۈرگىنىم يوق! نېمە قىلاي قۇرۇقتىن - قۇرۇق قاقشاپ... پەقەت ھەرقايسىڭلاردەك نودەر قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانا، بوۋىلىرىنىڭ كۆرگەن كۆرمىشلىرىنى

ئۇنتۇپ قالمىسكەن ، بىز سادىر قىلغان ئاشۇ خاتالىقلارنى قايتا تەكرارلاپ قالمىسكەن ، دەپلا كۆلدە كۆمەچ بولۇپ كېتىۋاتىمەن ! مۇبادا سىلەر بۇ ئۆمۈر قىسسەمنى ئوقۇۋېتىپ ھايات ياشاۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ، باقىيغا رەھلەت قىلغان موما ، بوۋىلىرىڭلارنى «ئاھ بىچارىلەر ، بىزنى بۇ كۈنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلىپ ئەجەب دەردلەرنى تارتىپتىكەن ! » دېگەن بىر ئېغىز سۆزىنى زىكرى قىلالىساڭلار تارتقان جاپالىرىم كۆزۈمگە كۆرۈنمەي «ئۇھ» دەپ ھاردۇقۇم چىققان بولار ئىدى !

— قىزىم ، ئاڭلىسام بىر ئەركىن بازار بارمىش ، تۇخۇمىنىڭ سۇتىدىن باشقىسى تېپىلىدۇ ، دېيىشىدۇ ، — دېدى ھېكمەت ئۇچقۇنئايغا ، — شۇ يەرگە قانداق بارىدۇ ؟

— ۋىيىيەي دادا ، ئۇ يەرگە مەن بىللە بارمىسام تېنەپ قالىسىز ، — ئۇچقۇنئاينىڭ ھېكمەتتىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى ، — شۇنچىلىك چوڭ ھەم قاينام بازاركىن ، قەيەردىن كىرىپ قەيەردىن چىقىشنى بىلمەيلا قالىسىز .

— قارا بۇ ھىيلىگەرنى ، «مېنى كەتكۈزۈۋەتمىسۇن» دەپ قىلغان گېپىڭىزغۇ بۇ .

— ئىشەنمىسىڭىز بارغاندا كۆرۈسىز .

ئۇچقۇنئاي دادىسىنى باشلاپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كېتىدىغان يولغا ئېلىپ كەلدى . لېكىن ، دوقمۇشتىكى مۇقامچى مىرزاپشا ئاكىنىڭ قورۇسى كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ئورنىدا قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەنىدى . كەڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا خادىك ھارۋىلار تىزىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ھارۋىكەش باللارنىڭ «بەش مۇچەن» دەپ ۋارقىراشلىرىدىن بۇ يەرنىڭ «باش بېكەت» ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . ھېكمەت مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغان بالىغا بىرسوم بېرىپ ئۇچقۇنئاي بىلەن ھارۋىغا چىقتى . ئەسلىدە ئەركىن بازار ئانچىمۇ يىراق ئەمەس ئىدى . لېكىن ، زامان تەرەققىي قىلسا ئادەملەرنىڭ پىيادە ماڭغۇسى كەلمەمدۇ ياكى

يولنى قىستا ـ قىستاڭ دەمدۇ ، ئىش قىلىپ خادىك ھارۋىلاردا بىرىشاتتى .

ھېكمەت بىلەن ئۇچقۇنئاي تۆت كوچا ئېغىزىدا چۇشۇپ قېلىشتى . بۇنداق گىرەلىشىپ كەتكەن كوچىلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، لەڭپۇڭچىلار غالتەكلىرى . ھەرخىل يەل - يېمىش سېۋەتلىرى ، قوغۇن تىلىپ ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چىللاپ ۋارقىراشلىرى ، ھارۋىكەشلەرنىڭ «ھەي تەلپەك ، سىڭا سۆڭگەچ ئېتىڭنىڭ ساغرىسىنى تارت» دېگەن تىللاشلىرى ، دىۋانىلەرنىڭ نالىلىرى ، ئۆچكىلەرنىڭ ئاچچىق مەرەشلىرى ، ئالىمانىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن تولغانىدى . ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئۇرۇلۇپ ، سوقۇلۇپ ، قىستىلىشىپ ماڭغىلى بولمايتتى . يەردىن كۆتۈرۈل- گەن توپا ـ چاڭ بىلەن تەڭ ، شىرنىدا ، تونۇردا ھەم بۇسلاپ پىشۇرغان كاۋىلارنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغلارنى غىدىقلايتتى . ناۋان ـ ناۋاندا جارچىلارنىڭ ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇپ : «ئەيىيۇ- ھەنناس ، ئىشتىڭلارمۇ ئامۇ خاس ، موللا نىياز ھوشۇرقارىنىڭ قىزىل لاتىدا پىيى بوغۇلغان ، قۇلاق تۇۋىدە مۇخىكى بار ، ئۆزى چىپچەن ، قارا تەخىيى يوقالدى . ھازىر ئۇنىڭ ئانىسى بوز مادا ھاڭراپ نالە ـ پەرياد كۆتۈرمەكتە . خەۋەر قىلغۇچىلارغا سۆيۈن- چىسى باردۇر» دېگەندەك ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ۋارقىراشلىرى قۇلاقلارنى سىرقىرىتىۋەتسە ، تۇرۇپلا داتلىشىپ كەتكەن ئامبۇر- لىرى يوتىلىرىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان بازار چىش تارتقۇچىلىرىنىڭ «چىش تارتىمەن» دېگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى . مۇشۇنداق قەدەم ئالغۇدەك يەر تۇتىيا كۆرۈنۈۋاتقان كوچىنىڭ ئوتتۇرىدا يانپاشلاپ ياتقان ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قول سۇنۇۋات- قان ھۇرۇن دىۋانىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى بىزار قىلاتتى . لېكىن ، ھېكمەت ئۇلارنىڭ قېشىدا بىردەم توختاپ مۇڭ بىلەن ئېيتىۋاتقان ھۆكمەتلىرىنى ئاڭلىدى .

— يۇرۇڭا دادا ، ئەجەب ھابدالنىڭ ناخشىسىغا ئامراقكەن -

سىز ، — ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ بىلىكىدىن تارتتى ، — بۇ كوچىلار قىيامەت قايىم ، ئاۋۇ سودا بازىرى خېلى ئازادە .
هېكمەت ئۇستى لەمپىلەنگەن ، ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئەركىن بازار ئىچىگە كىرىپ كەتتى . بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان زىچ دۇكانلاردىكى ئەتلەس ، دۇردۇن ، هەرخىل شىپۇن دۇخاۋا ، كالۇتۇنلۇق تۈركىيە ماللىرى ، كۆز چاقناتقۇدەك زىبۇزىننەتلەر ، ئەقىل لال قالغۇدەك نەفىس ساما-ۋار ، چىلاپچا ، نەقىشلەنگەن مىس چۆگۈنلەر ، پار - پۇر چىنە - قاچىلار ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتەتتى . ئەركىن بازار مال تۈرى بويىچە ئايرىم قاتارلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، گىلەم ، رەخت ، سانائەت بۇيۇملىرى ، زىب - زىننەت ئالتۇن بۇيۇملار ، مىس هەم تۆچتىن ياسالغان ئۆي سايمانلىرى قاتارلىرى بىرەرسىنى ئايلىنىپ بولغۇچە چۈش بولاتتى . هېكمەت بىلەن ئۇچقۇنئاي ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن هالدا زىبۇ زىننەت ئالتۇن بۇيۇملار قاتىرىغا كىرىپ قالدى . ئالتۇندىن تولىمۇ زىل ئىشلەنگەن بىلەزۈك ، پوپۇزا ، بۇلاپكا ، زەنجىر ساتىدىغان دۇكانلاردا قورساق سالغان سەرراپلار سېمىز مايلاشقان يۈزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇشاتتى . مەرۋايىت ، كەهرىۋا ، قاشتېشى ، برىلىيانت ، مارجان ، هەرخىل ياقۇت قوندۇرۇلغان ئۈزۈكلەر ئەينەك ساندۇق ئىچىدە جۇلا بېرىپ تۇراتتى . «كېلىڭ خېنىم ، ئالمىسىڭىزمۇ كۆرۈپ قويۇڭ ، كۆزۈڭىزگە روشەنلىك ئاتا قىلىدۇ» دەيتتى ئەتتارلار بۇقا گەدەنلىرىنى سۇرتۇشۇپ .
هېكمەت قىزى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ ، بىر ئايال سەراپنىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختاشتى . چۈنكى ، ئۇچقۇنئاينىڭ ئەينەك جاهاز ئىچىدىكى سەيۋەرەڭ قاشتېشىدىن يۈرەك قويۇلغان ئالتۇن زەنجىرگە كۆزى چۈشكەندى . ئايال سەرراپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ «ئالتۇن نىسبىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ ساپ تۈركىيە مېلى ئىكەنلىكىنى ، بولمىسا ئالغان پۇلى هارام بولىدىغانلى-

قى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ ، ماركسى ھەم ئىسپات قەغەزلە-
رىنى كۆرسىتىپ كەتتى . ئايال سەرراپنىڭ ئەتىگەندىن بېرى
سودىسى بولمىغانمۇ نېمە «بوپتۇ ، دەسلەپ قىلاي ، نان تەگسۇن-
مۇ ؟ » دېدى ـ دە ، باھاسىنى خېلىلا ئەرزەن چۈشۈرۈپ بەردى .
ئۇچقۇنئاي خۇشاللىقىدا «قۇتاپ قالسۇنمۇ ؟ » دېۋىدى . ئۇمۇ
«قۇتاپ قالسۇن» دەپ ئۇچقۇنئاينىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى .
ھېكمەت بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قىزىغا ئۆزى تاللىغان كىيىم-
لىرىنى ئېلىپ بەردى .
— قىزىم ، سىز بەك شەخسىيەتچىكەنسىز جۇمۇڭ ، —
دېدى ھېكمەت چاقچاق ئارىلاش ، — ئاپىڭىزنى ئېغىزىڭىزغا
ئېلىپمۇ قويمايسىز !
— ئېسىمدىغۇ باتتى ، — ئۇچقۇنئاي قىزاردى ، — سىز-
نى ئاياپ...
— خاتىرجەم بولۇڭ ، يەتكۈدەك پۇلۇم بار .
— دادا ، بۇنىڭدىن كېيىن ئانامنى «ئاپا» دەپ چاقىرسام
بولغۇدەك ـ ھە ؟
— ئۇرۇمچىگە بارماي تۇرۇپلا شىماللىق بولۇپ كەتتى-
ڭىزمۇ نېمە ؟ ئىختىيارىڭىز .
ئۇلار رەخت دۇكانلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، مەھبۇبەگە بىر
كىيىملىك شىپۇن دۇخاۋا ئالغاندىن كېيىن ، بازار كۆرگەچ
بايىقىدىنمۇ بەتتەر قاينام كوچىغا چىقىپ قالدى . بۇ يەردە ئالغۇ-
چى ، ساتقۇچىلاردىن دېۋانە كۆپ ئىدى . ئۇلارنىڭ ھۆكمەت ،
غەزەللىرى ، نالە ـ پىغانلىرى ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى .
ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ، بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن نېپىز
سەللە ئورىغان ، ساپايى ھالقىلىرى تولا ئۇرۇلۇپ ، خام يەكتىكى-
نىڭ ئوڭ مۈرىسى كۆكۈرۈپ كەتكەن ، چىگىش ئاقساقاللىق
دەرۋىش دېۋانىنىڭ ئارقىسىدا توختىدى . دېۋانە ساپايىسىنى شا-
راقلىتىپ ھۆكمەت ئېيتماقتا ئىدى :

ئۆمرۇم ئاخىر بولغاندا ، نە قىلغايمەن خۇدايا ؟
جان ئالغۇچى كەلگەندە نەقىلغايمەن خۇدايا ؟
جان بەرمەكنىڭ ۋەھىمىدىن ، ئەزرائىلنىڭ زەخمىدىن ،
شەپقەت بولمىسا سەندىن ، نە قىلغايمەن خۇدايا ؟

زىكرىيادەك بۇ بېشىمغا ھەرە قويسام ،①
ئەييۇپتەك بۇ تېنىمگە قۇرتنى قويسام ②
مۇسادەك تۇرتاغىدا تائەت قىلسام③
بۇ ئىش بىرلە يارەب سېنى تاپقايمۇ مەن...

ھېكمەت دەرۋىشكە بىر سوم تۇتقۇزۇپ ئارقىغا يېنىشى ، ئۇستۋاشلىرى ئىنتايىن مەينەت ، كىيىملىرى جۇلجۇل ، قوللىرى قارىياغاچ يىلتىزىدەك قاپقارا ، گەدەنلىرىدە تولغىشىپ تۇرغان چاچلىرى كىگىزلىشىپ كەتكەن . ئاپئاق بۇژغۇر ساقاللىق بىر قېرى دىۋانە ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالدى .
— سەخى جەننىتى ، خۇدا رەھمىتى... ھەي پېشانىسىدىن

① كۇپارلار قوغلاپ كەلگەندە زىكرىيا پەيغەمبەر دەرەخنى «يېرىل» دېدى - دە ، ئىچىگە كىرىۋالدى . ئۇ ئاللاغا تېۋىنماي ، دەرەخكە تېۋىنغانلىقى ئۈچۈن ، كۇپارلار ئۇنى ھەرە بىلەن ئىككى پارە قىلىۋەتتى .
② ئەييۇپ پەيغەمبەر باي ئادەم ئىدى . ئاللا ئۇنى سىناش ئۈچۈن جەبرائىلنى دىۋانە سىياقىدا ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . بىراق ، ئەييۇپ پەيغەمبەر ئۇنى ئىشىك ئالدىدىن ھەيدىۋەتتى . ئاللا ئەييۇپ پەيغەمبەرگە ئىنتايىن يامان كېسەل بېرىپ ، تەنلىرى قۇرتلاپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قۇرتلارنىمۇ بەدىنىگە سېلىپ قويدى .
③ مۇساپەيغەمبەر ئاللانىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەركۈنى سۇدا ئېقىپ كەلگەن بىر تال سەۋزىنى يەپ تۇرتاغدا قىرىق يىل ئىبادەت قىلغان .

نۇر ، كۆزلىرىدىن شەپقەت تېمىپ تۇرغان ساخاۋەتچى ، ماڭا خۇدا يولىدا سادىقات بەر ، — دىۋانە جالاقلاپ تىترەيتتى . ئۆلۈك سىياقىغا كىرىپ قالغان چىرايىدىن ئېغىر كېسەللىكى چىقىپ تۇراتتى ، — مەن ساڭا دۇئا قىلاي ، خۇدا سېنى كۆرۈنە - كۆرۈنمەس بالا قازادىن ، ئاغرىق - سىلاقتىن ساقلىغاي ، بالىلىرىڭغا ئىنساپ - دىيانەت ئاتا قىلغاي .

ھېكمەت دىۋانىنىڭ قاماللىۋالغان قوللىرىنى تەستە ئاجراتتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىپ جىن چىراغدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە ، قىزغۇچ مىس رەڭ تەلەتىگە قاراپ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى . ئۇ يېنىدىن ئون سوم چىقىرىپ دىۋانىنىڭ قاسماق قوللىرىغا تۇتقۇزدى .

— ۋاي خۇدايىمەي دادا ، بۇنداق بېرىۋەرسىڭىز ، دىۋانىلەرگە پۇل توشامدۇ ، — ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ قولىدىن تارتتى ، — قانداق مۇتەھەم دىۋانەبۇ ، ئادەمنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىۋالىدىغان .

— خۇدا ، خۇدا رەھمەت قىلسۇن ساڭا ، — دىۋانە قاتمال قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى ، — خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن ، ئامەت ساڭا يار بولغاي !

چىرايى سۇپسۇزۇك ئاقىرىپ كەتكەن ھېكمەت قىزى بىلەن كېتىپ قالدى ، بىراق ئۇ كۆڭلىدە : «كېچىكتىڭ ، بەكمۇ كېچىكتىڭ ، ئاشۇ تىلەكلىرىنى يىگىرمە يىللار ئىلگىرى دېگەن بولساڭچۇ كاشكى ، ھۇمايۇن قۇشۇم بېشىمدىن ئۇچۇپ كەتمىگەن بولارئىدى . لېكىن ، بەخت ۋە ئامەتلىرىمنى تارتىۋالغانمۇ سەن ! بارلىق ھاياتىمنى نابۇت قىلىپ ، گۈلزىبانىڭ ياش ئۆمرىگە ئەجەل چىللاپ كەلگەنمۇ سەن !» دېگەن خىتابلارنى قىلاتتى . چۈنكى ، بۇ مۇتەھەم دىۋانە قايىت ئىدى... ھېكمەت ئارقىغا قايرىلىپ قاينام بازارغا قارىدى . ئالىقان ھەم تىزلىرى لاي بولۇپ كەتكەن قايىت ئالىمان ئارىسىدا ئۆمۈلەپ يۈرەتتى . بىراق ،

ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ خىرەلىكنى سوزۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ھۆكمەت ئاۋازى بېسىپ كەتتى :

پىر رىزاسى ھەق رىزاسى بولۇر دوستلار ،
ھەق تائاللا رەھمىتىدىن ئالار دوستلار ،
ئۇنداق قۇللار ھەققە ياۋۇق ① بولار ئەرمىش...

— دادا ، چىرايىڭىز نېمانچىلا سارغىيىپ كەتتى ، — ئۇچقۇنئاي قايرىلىپ قارىدى ، — شۇنداق ئاچچىقىڭىز كەلدى - ھە ، بېشىنى يەيدىغان دىۋانە .

— ياق قىزىم ، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى ، ئۇ كېسەللىكەن ئەمەسمۇ .

دەرۋەقە ھېكمەتنىڭ ئىچى پىغانلىق زەردابقا تولغانىدى . ئۆمرى ساۋابلىق ئىشلاردىن مۇستەسنا بولغان قايىت قىمار ئويناش ، نەشە چېكىش ، ئوغرىلىق قىلىشتىن ئىبارەت گۇناھلار پاتقىقىغا پېتىپ ، ئاخىرى قالغان كۈنى شۇ بولدى . ئۇنىڭ خۇدا دېگىنى بوغۇزىغا پىچاق تاقالغاندا ئۆچكىنىڭ مەرىشىگە ئوخشاش كاززاپلىق بولسا ، باشقىلاردىن سەدىقە ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىلىگەن «بەخت ، ئامەت» تىلەكلىرى يالغانىدى . بۇنداق ئادەملەر دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندا ، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن دىل قارىلىقى ياخشىلىق تىلەشكە ئىجازەت بەرمەيدۇ . ئۇلار ھامان باشقىلارنىڭ ئازابىدىن شادلىنىدىغان ، شادلىقىدىن ئازابلىنىدىغان ئىبلىسلاردۇر . قاراڭ قايىتقا ! ئۇ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالسىمۇ ، ئۆتمۈشتىكى ھاياتىدىن يالدام بولۇپ قالغان مۇتەھەملىك قوپاللىقلىرى ھېلىمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ . نېمىشقىمۇ ئادەملەر بۇ دۇنيانىڭ «ئۆتنە ئالەم» ئىكەنلىكىنى ئويلاشمايدىغاندۇ ! كىشىنىڭ كېتىشى ، يامانلىقنىڭ جازاسى ، ياخشىلىقنىڭ ساخاۋىتى ،

---

① ياۋۇق - يېقىن

جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ شېرىن مېۋىسى ، هاياتلىقنىڭ كۆشەندىسى ئۆلۈمنىڭ بارلىقى ئېنىققۇ !

— دادا ، مەن ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتسەم ، — دېدى ئۇچقۇنئاي هېكمەتنى خىيالدىن ئۇيغىتىپ ، — ئاپام يەنە يالغۇز قالارمۇ ؟

— نېمىشقا يالغۇز قالغۇدەك ، بۇ قېتىم هەر ئىككىڭلارنى ئېلىپ كېتىمەن .

— راستىما ؟ — ئۇچقۇنئاي دادىسىنى قۇچاقلىماق بولدىيۇ ، ئەتراپىغا قاراپ توختاپ قالدى ، — بەك ياخشى بولدى ، سىز نېمىدېگەن ياخشى ، ئۇنداقتا ئاپامنى كەچۈرۈۋېتىپسىز - دە .

— ئارىمىزدا كەچۈرۈپ ـ كەچۈرمەيدىغان هېچقانداق ئىش يوق ، ئۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ .

ئەتىگەندىن بېرى ئانىسى توغرۇلۇق كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ تۇرغان ئويلىرىغا تاتلىق جاۋاب ئالغان ئۇچقۇنئاي هېكمەتنى تار كوچىلار ، ئەگرى ـ بۈگرى يېقىن يوللاردىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى . لېكىن ، ئۇ دادىسى بىلەن لاسكويدا تۇنجى ئۇچراشقان ۋە بۈگۈنكى بولۇنغان سۆهبەتلەردىن كېيىن هېكمەتتىن ئەيمىنىپ قالغانىدى . بۇرۇنقى شوخلۇق هەم گەپتانلىقى بېسىقىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى هۆرمەت ۋە لاتاپەت ئىگىلىگەندەك قىلاتتى . ئۇلار گەپ بىلەن بىردەمدىلا قورۇ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى . ئۇچقۇنئاي يېڭى چىققان «تىلى» بىلەن «ئاپا» دېگىنىچە ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەتتى . هېكمەت پوپەكسىنى تال بوستان تېگىدىكى كاتقا قويۇپ ئەمدىلا بوسۇغىغا قەدەم ئېلىشى ئۇچقۇنئاي يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى .

— دادا ، كۆرۈملۈك بەرمىسىڭىز ئاپامنى كۆرسەتمەيمەن ، — ئۇچقۇنئاينىڭ كۆزلىرىدىن ئۆيدە بىر يېڭىلىق بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى ، — مەن سىزگە بۇرۇنقى ئاپامنى ئەمەس يېڭى

ئاپامنى كۆرستىمەن .

ھېكمەت كۆرۈملۈك ئۈچۈن يانچۇقىغا قول سېلىۋىدى ، ئۈچقۇنئاي مەڭزىنى تۇتۇپ سۆيۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى . دەرۋەقە ، ئۇ بوسۇغىدىن قەدەم ئېلىپلا ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . چۈنكى ئۆيدە قوشكۆلگە سامبۇسا ئېلىپ كىرگەن قىز تۇراتتى... لېكىن ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى قىسقا يېشىل پەلتو ئورنىغا ئالدى كەشتىلەنگەن ھاۋا رەڭ كاستۇم ، گارمۇن ئېتەكلىك يوپكا ، ياقىلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قويغان ناۋات رەڭ كوپتا ھەم ئالتۇن بۇلاپكا ئالماشقانىدى . مەھبۇبە قاپقارا ، قۇندۇزدەك چاچلىرىنى ئارقىغا چىڭ قىلىپ ئۆرۈۋالغاچقا ، بىر خىل لاتاپەت ، گۈزەللىك چېھرىدە يېلىنجاپ تۇراتتى .

— ياپىرىم بۇ... بۇ ھېلىقى سامبۇسامنى يەۋالدىڭ دەپ ئۇرۇشقان قىزمۇ نېمە ؟ ! — ھېكمەت ھەزىل بىلەن ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلدى ، — توۋا ، يەنە ئۇرۇشۇپ يۈرمىگىدى...

— ئەمدى ھەرگىز ئۇرۇشمايمەن ، لېكىن مېنى مەسخىرە قىلماڭ .

ئۈچقۇنئاي ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەنىدى . ھېكمەت بىئىختىيار ئاستا كېلىپ مەھبۇبەنىڭ شاكىلىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان چۆچىدەك يۇمران قوش ئېڭەكلىرىنى كۆتۈردى ۋە ھېچ ھېيىقماي ئاستا ئېڭىشتى... مەھبۇبەنىڭ پاك ۋۇجۇدىدىن مەززىلىك بىر ھىد تارقىلىپ ھېكمەتنى تېخىمۇ بىھوشلۇق بۆشۈكىدە تەۋرەتتى...

— ئۈچقۇنئاي كىرىپ قالىدۇ... — نەپەس يەتكۈزەلمىگەن مەھبۇبە يېنىك ھاسىرايتتى...

— كىرمەيدۇ ، — پىچىرلىدى ھېكمەت .

— قانداق بىلىسىز ؟ — شىۋىرلىدى مەھبۇبە .

— دەرۋازىنىڭ يېپىلغىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ !

— ئاھ ، سىز بىلەن توي قىلىپ ، بۇنداق شېرىن لەزىز-

لېكىن ھېس قىلماپتىكەنمەن…
— نېمە بۇ ، شۇنچە مەززىلىك پۇرىغان ، تەڭرىم جەننەت-
نىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتىمۇ ؟…
— مۇشكى ئەمبەر…
— مېنى ئالدىماڭ… تەڭرىم راستتىنلا جەننەت ئىشىكلى-
رىنى ئېچىۋېتىپتۇ… — ھېكمەتنىڭ تېنىنى قانداقتۇر چاڭقاق
بىر تەشنالىق لەرزىگە سالدى…
— ياق… ياق… ۋاقتى ئەمەس… كەچۈرۈڭ ھېكمەت !…
ئۆزىنىڭ قانداق ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىل-
غان ھېكمەت ، مەھبۇبەنىڭ بىلەكلىرىنى قويۇپ بەردى ۋە كۆڭ-
لىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي ، ئايالىنىڭ قۇلىقىغا «مۇشۇ
تۇرقىڭىز بىلەن بىر ئويناپ كېلەيلى» دەپ شىۋىرلىدى .
— مۇشۇ كىيىملەر بىلەنما ؟ — مەھبۇبە قىزىرىپ كەت -
تى ، — خەقلەر مازاق قىلىدۇ .
— ھەي مەھبۇبە ، مەھبۇبە ، سىز نېمە بولۇپ قالغان ، —
ھېكمەت بېشىنى چايقىدى ، — بۇرۇن بۇنداق ئەمەسىدىڭىز .
مەن سىزنىڭ قوشكۆلگە كىرگەن چاغلىرىڭىزنى شۇنچىلىك ياق-
تۇرىمەن .
— بىراۋلارنىڭ ئوت - پىراقى مېنى شۇنداق قىلىپ
قويغان ، — مەھبۇبە ئېرىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ تۆكۈلۈپلا
كەتتى ، — سىز مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتىڭىز . قارىڭا
چېكىلىرىمدىكى ئاقلارغا ! مېنىڭ بۇ قىرروۋغا مۇپتىلا بولىدىغان
چاغلىرىممۇ ؟ ! سىزگە بولغان دىلىمنىڭ ئاقلىقى چاچلىرىمدا
نامايان بولدى !… قىشنىڭ تاڭ ئاتماس تۈنلىرىدە چۈشلىرىمدە
سىز… يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىدە خىيالىمدا سىز… ماڭسام
يولۇمدا ، ياتسام باغرىمدا يەنىلا سىز… — مەھبۇبە ئۆكسۈپ -
ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى ، — ئاھ خۇدا ، ئىشقى سەۋداسىدەك
يەڭگىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى يارىتىپ قويۇپ ، بەندى-

لىرىڭنى نېمىچۈن دوزاخ ئازابىدا قىينايدىغانسەن ؟ ! ھېكمەت ، ھېكمەت ، مېنىڭ ھېكىمىتىم ، ئەمدى مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ، جۇدالىق پىراقلىرىغا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ! ئېيتىڭا ھېكـمەت ، بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ؟ شۇنداق بوپقالسا باغرىڭىزدا مەڭگۈ ئويغانماي ئۇخلاپ قالاي .

ھېكمەت ئايالىنىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى ، قىيان سۇدەك پارتلىغان نىدالىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەۋاتقاندەك خىجىللىق ھېس قىلدى . بولۇپمۇ چۈشىدە گۈلزىبانىڭ «ئۇزۇن يىللار بولدى ، بېقۇل ، بىناۋا بىراۋلارنىڭ كۆڭۈل بوستانىنى پايخان قىلىپ كەلدىڭىز» ، «ۋىجدان ئاللانىڭ نامايەندىسى» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلگىنىدە ، ئۆزىنىڭ تېخى مۇكەممەل ئادىمىيلىك ھەقدادىغا يەتمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى . چۈنكى ، ھەقىقىي چىن ئىنسان ، ئۆزگىلەرنىڭ شادلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ بەخت جامىنى چاقالايدۇ . ئۆزى ئوغا ئىچىپ ئازابلانسىمۇ ، باشقىلارغا بەخت شارابى سۇنىدۇ .

ھېكمەت ئايالىنى ئېلىپ چوڭ يولغا چىقتى . ئىككى قاتار ئەرمۇدۇن تېرەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېمونت ئېرىق لېۋىدە قول ياغلىقىنى يۇيۇپ ، سىقىپ ئولتۇرغان ئۈچقۇنئاي ئۇلارنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ ئانىسىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئەندىككەن بولسىمۇ ، بەخت ئۈچقۇنلىرى چاقنىغان چېھرىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپتى . چۈنكى ، بەخت يامغۇرلىرى تۆكۈلگەندە ھاسىلى مۇرات مايسىلىرىنىڭ ياشناپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى :

— قىزىم ، بۈگۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بوپتىمىز ، — دېدى ھېكمەت قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — ئاپىڭىزنى راسا ئوينىتىپ كەلسەك قانداق ؟

شۇ كۈنى ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ بىللە تاماق يېگەندىن كېيىن ، كەچلىك بازارنى ئايلىنىپ ، مەھبۇبەگە يېڭى مودىدىكى

پوپايكىدىن بىرنى سىتىۋالدى . ئاندىن «قىزىل يۇلتۇز» كىنو-خانىسىدا كىنو كۆرۈپ كېچىلەپ قايتىپ كېلىشتى .

ئەتىسى ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن قايتقان مەزىن ئاخۇنۇم ئىككى ياش تالىپنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . ئۇلار بىرلىكتە نەزىر ئېشىنى يەپ قىرائەت قىلغاندىن كېيىن ، ھېكمەت بىلەن بىللە قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى . مەزىن ئاخۇنۇم قەبرىنى كولاشتىن ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم قىرائەت قىلىپ دۇئا قىل-دى . ئىككى تالىپ بالا كەتمەن - كۈرەكلەر بىلەن يۇمشاق قۇمساڭغۇ توپىنى گۇپۇلدىتىپ سىرتقا ئېتىشقا باشلىدى . ئۇلار-نىڭ پېشانە ، دولىلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىغاندا لەھەت ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى . بىراق ، لەھەت ئېغىزىغا قويۇل-غان خام كېسەكلەر ئۇركۇپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . تالىپ بالىلار ئاۋايلاپ توپىنى سىرتقا تارتقاندىن كېيىنلا ، قاپقاراڭغۇ گۆر ئىچىدىن ئورنىغىلا تۆكۈلۈپ قالغان ئاپئاق سۆڭەكلەرنىڭ ئازراقى كۆرۈندى . مەزىن ئاخۇنۇم پوتىسىدا ئېغىز - بۇرۇنلى-رىنى يۆگەپ ، نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ھۆرگەندىن كېيىن ، ھېك-مەت بەرگەن ئاق خالتىنى ئېلىپ لەھەت ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

— غوجام ، بۇ چاچنى ھىدلاپ ، كۆزلىرىگە سۈرتۈۋالسى-لا ، — مەزىن ئاخۇنۇم لەھەت تۆشۈكىدىن چىقىپ ، ئالىقىنى-دىكى ئازىراقىنا قارا چاچنى ھېكمەتنىڭ ئالىقىنىغا تۆكتى ، — چاچ ئۆز پېتىنى ساقلاپ قاپتۇ ، تۇتسام ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ .

— چاچ ، گۈلزىبانىڭ چېچى !

ھېكمەت چاچنى ھىدلاپ ، كۆزلىرىگە ئەكېلىپ بولغۇچە ، بىلىنەر - بىلىنمەس شامال بىلەن تەڭ پۇررىدە توزۇپ يوقاپ كەتتى .

مەزىن ئاخۇنۇم ئانچە كۆپ ھايال بولماي ئاغزى بوغۇلغان يېرىم خالتا سۆڭەكنى تالىپ بالىلارغا سۇنۇپ بېرىۋېتىپ ، ئاغ-زى ئېچىلىپ كەتمىسۇن ، كۈن كۆرسە يامان بولىدۇ ، دەپ

قويدى . هېكمەت خالتىنى ئۆلارنىڭ قولىدىن يۇقىرىغا سۇنۇۋال-
دى . ئۇ توپىدا تىزلانغىنىچە يېرىم خالتا شاراقلاپ تۇرغان
سۆڭەكنى باغرىغا بېسىپ ، يۈزلىرىگە سۇۋاپ بۇقۇلداپ يىغلى-
ماقتا ئىدى . تۇۋا ! ئاللا ئۆزىنىڭ پەزلى كەرىمى بىلەن يەرنى
بىنا قىلدى ، ئارقىدىن بەندىنى ئاپىرىدە قىلدى . كائىناتتىكى
جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلار تەڭرىنىڭ مۆجىزاتى بولغان ئۇ-
لۇغ ئادەم ئۈچۈن خىزمەتتە بولدى . ئەجەبا ، ئىنساننى تەڭداش-
سىز يارىتىپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا ئەجەلنى ھەمراھ قىلىپ قويغىنى
نېمىسى ! ئەجەلدىن ئىبارەت ئوۋچى ئادەملەرنى ئوۋلاپ ، يەرنى
بېقىۋاتقىنىغا نەچچە مىليون يىللار بولغاندۇ . يەر قاچان ئادەم
يەپ تويۇپتۇ ! ئەجەل ئوۋچىلىقىنى قاچان قويۇپتۇ !··· نۇرى
ئېھسانى قۇياشنى خىرە قىلغۇدەك ئۇلۇغ زاتلار قېنى ؟ جاھاننى
تەۋرەتكەن شىرى - غىرياندەك پالۋانلار نەگە كەتتى ! ئىلمي
ئىرپان دەريالىرىنى قازغان دانالارچۇ ؟ ! تەڭرى ئالەم ئۇزۇكىگە
كۆز قىلىپ ياراتقان ، پانىي سارىيىنىڭ كۆركى - زىننىتى
بولغان گۈزەللەرنى ئەجەل ئاياپ قويدىمۇ ؟ ! كۆرۈڭ ، نى - نى
يىگىتلەرنى ئوتتىن ئېلىپ سۇغا ، سۇدىن ئېلىپ ئوتقا تاشلى-
غان ، ئۆزىنىڭ ھۆسنى كامالى بىلەن ئاللانىڭ كارامىتىنى ناما-
يان قىلغان ئاي يۈزلۈك ، شەھلا كۆزلۈك ، تۇمار چاچلىق قىز
يېرىم خالتا قاقشال سۆڭەككە ئايلىنىپتۇ ! يەنە يىللار ئۆتسە ،
بۇ ساھىبجامالنىڭ مۇبارەك سۆڭەكلىرىمۇ يوقاپ ئانا تۇپراققا
قوشۇلۇپ كېتىدۇ··· شۇڭا ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى بۇ ئالەم-
نىڭ بىۋاپالىقى ، ئۆمۈرنىڭ بى قارارلىقى ، ئەجەلنىڭ شەپقەت-
سىزلىكى ھەققىدە ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن مۇنۇ سەھىپىلەر-
نى قالدۇرۇپتىكەن :

سەن-مەندىن ئالدىن ھەم تۈن-كۈن بار ئىدى ،
ئايلانغان پەلەك ھەم پۈتۈن بار ئىدى .

تۇپراقتا ئاۋايلاپ قەدىمىڭنى قوي ،
بۇ تۇپراق قارا كۆز بىر نىگارئىدى .

جانىمىز بۇ تەننى تەرك ئېتىپ كېتەر ،
ئىككى خىشتىن گۆرىمىز كۆزىن بېركېتەر .
كېيىن باشقا گۆرگە خىشت قويماق ئۈچۈن ،
بىزنىڭ تۇپراقلارنى ئېزىپ لاي ئېتەر .

— غۇجام ، سەۋر قىلسىلا ، — دېدى مەزىن ئاخۇنۇم ھېكمەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ، — دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار ؟ ھەممىمىز كېتىمىز… ئەبىدىلىك باقىيغا مەنسۇپ ، بىز پانىيغا تۆت كۈنلۈك مېھمان .

مەزىن ئاخۇنۇم دۆڭ قەبرىستانلىقتىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا : «پاھ ، پاھ ، نېمىدېگەن چاچلار ئۇ ، ئالىقانداپ ئالدىم ، دەسلەپتە لەھەتكە قارا يىلان كىرىۋالغان ئوخشايدۇ ، دەپ قورقۇپ كەتتىم ، سىنچىلاپ قارىسام ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان چاچ… » دەپ غودۇڭشىپ قويدى .

ئۇلار ئالىمجان ئەۋەتكەن ماشىنىغا چۈشۈپ ، توساللا يولىغا يۇرۇپ كەتتى . يېرىم خالتا سۆڭەكنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ھېكمەتنىڭ يول بويى يېشى قۇرۇمىدى . ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالاي دەپ باققان بولسىمۇ ، خۇددى يىلتىزى چوڭقۇر بۇلاقلاردەك ، ياشلار نە - نەلەردىن كېلىپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ گويا قۇرۇم كۆلىدىكى يالغۇز ئارالدا بىراۋلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى قولىغا يۆگەپ ئويناۋاتاتتى . دەريا بويىدا مۈگدىشىپ سىرداشماقتا ئىدى ، دەرەخ غولىغا بىللە خاتىرە قالدۇرۇپ ، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تويماي قارىشاتتى… ئاھ تەڭرى قىسمەت ، ئادەم ئۆمۈر مۇساپىسىدە ھەقىقىي چىن سۆيگۈگە ئېرىشمەك شۇنچە مۇشكۈلكەن ، ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنتۇماقمۇ تەس ئىكەن .

ئۇلار چەكسىز سايلىقتىكى يېڭى قەبرىستانلىقتا يېتىپ كېلىشتى. يولنىڭ چېتىگە تارتىپ سېلىنغان بىر يۈرۈش دەپنە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كۆچەتلەر ئانچە ئاينىپ كەتمىگەنىدى. ھېكمەت مەسئۇل خادىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ھەيرانلا قالدى، چۈنكى بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىللە ئىشلىگەن ئابلائىمىن ئولتۇراتتى. ئەخمەت ھوشۇر تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئابلا ئىمىن ئۇنىڭ بۇغالتىرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھېكمەتكە ئاش ـ تاماق جەھەتتىن كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغانىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇق، ئېگىز، كىچىك كۆزلىرى كولۇپلا تۇرىدىغان، بۇغداي ئۆڭ بالا بولۇپ، بىكار بولۇپ قالسىلا ۋاسكىتبول مەيدانىدىن چىقمايتتى.

— ۋوي، بۇ ھېكمەتقۇ، — ئابلا ئىمىن كولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشى كۆزلىرى يوقاپلا كەتتى، — قانداق بولۇپ كېلىپ قالدۇق، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟

— بىر ئىش بىلەن كېلىپ قالدىم، ھە ئۆزۈڭ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايىنىڭ خىرەلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، — تېخى باشلىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋاپسەن.

— كېسەللىك ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا يار بەرمىدى، — ئۇ نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى دېمىدى، — شۇڭا يۇقىرىدىن مەشەگە يۆتكەپ قويدى.

ئابلا ئىمىن ھېكمەتنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەپنە قىلىش رەسمىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى. قەبرىستانلىقتا ئالدىن كولانغان يەرلىكلەر بارئىدى. ئاددىي تۇپا بىلەنلا كۆمۈش، چوڭ ـ كىچىك مەقبەرە ياساش، خاتىرە ئابىدە ئۇچۇن تاش ياكى سېمونت تاختا ئىشلىتىش، ھەتتا چاقچۇقلۇق گۈمبەز سېلىش قاتارلىقلارنىڭ باھاسىمۇ ئوخشىمايتتى. ھېكمەت ئۆزىنىڭ ھالىغا بېقىپ پىلاننى دېگەندىن

كېيىن ئابلا ئىمىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۈلۈپ كەتتى .
— بولىدۇ ، گۈلزىبا مېنىڭمۇ خىزمەتدىشىم ، ئۇ بەكمۇ مۇلايىم ، ئاق كۆڭۈل ئىدى ، — ئابلائىمىن قەغەز ، قەلەم ئې‐لىپ ئۈستەلگە قويدى ، — بۇنىڭغا مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغان ھەم قازا قىلغان يىل ، ئاي ، كۈنلىرىنى يېزىپ بەر . مەن ھەممىنى ئۈستىدە تۇرۇپ قىلدۇرىمەن .
— رەھمەت ساڭا ، — ھېكمەت قەغەزنى تولدۇرۇپ ئابلا ئىمىنگە سۇندى .
— پاھ ، قالتىس نېمىلەرنى يېزىۋېتىپسەنغۇ ، بوپتۇ سەن ئۈچۈن بىر ئارقا ئىشىك قىلىۋېتەي ، — دېدى ئابلا ئىمىن ، — ئوتتۇرا مەقبەرىگە كىچىك مەقبەرىنىڭ ، تاش ئابىدە ئۈچۈن سېمونت ئابىدىنىڭ پۇلىسىنى تۆلىسەڭ بولدى .
ھېكمەت رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولغاندا ، ئابلا ئىمىن ئىك‐كى ئىشچى بىلەن بىللە بارماقچى بولدى . ئۇلار دەپنە ئىشخانىسى ئالدىدىكى كېسەكتىن ئون نەچچىنى ماشىنىغا باسقاندىن كېيىن ، قەبرە ئوتتۇرىلىرىدىكى يوللار بىلەن ئېگىز‌پەس تەييار قېزىل‐غان يەرلىك ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى . مەزىن ئاخۇنۇم سۆڭەك سېلىنغان خالتىنى لەھەتكە ئېلىپ كىرىپ كېتىپ ، بىردەمدىلا قايتىپ چىقتى . ئارىدىن لەھەت كۆزى كېسەكلەر بىلەن ئېتىلدى ‐ دە ، قولمۇ قول توپا تاشلاندى . بۇ چاغدا ئۈچىسىغا مەللە تون بېشىغا ئۈچلۈق كۆلا كىيگەن ، ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى مۇرد‐لىرىدە چېچىلىپ تۇرغان بىر دەرۋىش دىۋانە ئىككى قولىقىنى تۇتقان ھالدا تولىمۇ مۇڭلۇق ھۆكمەت ئېيتىپ قەبرىلەر ئارا ئايلىنىپ يۈرەتتى :

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار ، مىگەرچە ئاسمان بولساڭ ،
ئۆلەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن ، سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ .
قېنى مىڭ ياشىغان لوقمان ، ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان ،

مۇشنىڭ دۇنياغا بەل باغلاپ ، جېنىغا تاپمىدى دەرمان .
ئايا دوستلار ھۆۋەيدا ئېيتىدۇ يىغلاپ ،
بارچىگە ئۆلۈم ھەقتۇر...

ھېكمەت مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ قىرائىتى ئاياغلاشقاندا ، ئابلا ئىمىننىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— مەن يەنە بىرەر ئاي تۇرىمەن ، شۇ چاغقىچە پۇتەرمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ چاغقىچە ئىشچىلار ئۇخلىمدۇ ، خاتىرجەم بول ، كۆڭلۈڭدىكىدەك قىلدۇرۇپ بېرىمەن .

ھېكمەت ئابلا ئىمىن بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىغا چىقتى . ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ ئۇچقۇنئاينىڭ ۋېلىسىپىتىنى ھويلىدا سۆرتۈپ تازىلىدى . چۈنكى ، ياشلىقى ئۆتكەن بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى ، دوستلىرى ئەخمەت ھوشۇر ، توختى قۇربان ، ئەزىز تارمۇشلار ، بولۇپمۇ مۇرات ھەم زۇمرەتلەرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى ئۇنى تاقەتسىزلەندۈرمەكتە ئىدى .

— دادا ، ۋېلىسىپىتتە جاپا تارتىپ قالىسىز ، — دېدى ئۇچقۇنئاي دادىسىغا ياردەملىشىۋېتىپ ، — ھازىر بوستانغا ئايدىغى ئۆزۈلمەي ماشىنا قاتناپ تۇرىدۇ .

— ماشىنا دېگەن ئۇ يەر - بۇيەرنى كۆرۈپ بولغۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ ، — دېدى ھېكمەت ، — مېنىڭ ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭغۇم بار ، قىزىم .

— بوپتۇ قىزىم ، دادىڭىزنى ئىختىيارىغا قويۇڭ ، — ئاشخانىدا چاي تەييارلاۋاتقان مەھبۇبە گەپكە ئارىلاشتى ، — دادىڭىز بەلكىم بوستان يوللىرىنى سېغىنغاندۇ ، جاپا چەككەن يەرلەر ئۇنتۇلمايدۇ ئەمەسمۇ .

— قاچان قايتىپ كىرىسىز ؟

— ئەتە چۈشلەرگىچە .

— ۋاي خۇدايىم ، ئۇ ياقتىن كېلىپ بۇ ياقتىن بوستانغا چىقىپ كەتسىڭىز .

— قىزىقكەنسىز ، ئەتە قايتىپ كېلىپ بىر ئايغىچە ئۇيغۇر شىپاخانىسىدا تۇرمۇش ئۆگەنسەم يەنە سىلەر بىلەن بىللە بولـمەن ئەمەسمۇ . قانداق دېدىم مەھبۇبە ، ئاندىن ئۇچىمىز ، — ھېكمەت ئاسمانغا قاراپ ئالىقىنىدا ئايروپىلاننى دەۋرىدى ، — غۇيىيىدە ئۇچىمىز .

— ئايروپىلاندا كېتەمدۇق ، — ئۇچقۇنئاينىڭ خۇشاللىقى بىردەمدىلا يوقىلىپ سۈلتىيىپ قالدى ، — ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭلار ، سىلەر ئىككىڭلار مەندىن جىق گەپلەرنى يوشۇرىدىكەنسىلەر .

— تېخى ئاخشام قىلىنغان مەسلىھەت تۇرسا ، — دېدى مەھبۇبە ئېرىگە مەنە بىلەن قاراپ قويۇپ ، — سىز تېخى ھېلىلا ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز .

كېچىدىن ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە خېلى بىر چاغلارغىچە مۇڭداشتى . ھېكمەت مەھبۇبەنى مەكتەپ تەشكىلىدىن ئالتە ئايلىق رۇخسەت بىلەن ئېلىپ كېتىپ ، شۇ جەرياندا ئۇرۇمچىدە بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئورۇن تاپقاندىن كېيىن ، رەسمىيەتلىرىنى يۆتكەيدىغان بولۇشتى . ئىشانوفنىڭ ھېكمەتكە : «تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالدىڭىز ، ئائىلىڭىزنى يۆتكەپ كېلىڭ ، بىز نەشرىيات تەرىپىدىن ئايالىڭىزنىڭ خىزمەت ئىشىنى ھەل قىلىمىز» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغان مەھبۇبە خۇشاللىقىنى باسالمايلا قالدى .

مەھبۇبە بىلەن ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنى چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ قويۇشتى . ئۇزۇن يىللار ۋېلىسىپىت مىنمىگەن ھېكمەت دەسلەپتە رولنى تەستە باشقۇرۇپ ئاستىراق ھەيدىگەن بولسىمۇ ، كېيىن بارا ـ بارا تېزلەپ كۆزدىن غايىب بولدى . ئۇ شەھەردىن چىقىپلا ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ ئاسفالىتلانغان

شورۋاغ يولىغا چۈشتى . خوتەندىكى چوڭ ئۆزگىرىش كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى . شەھەر كېڭىيىپ بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن تۆت كوچىلار ، يول بويلىرىغا سېلىنغان ئىدارە - جەمئىيەت ، مەكتەپلەرنىڭ رەڭدار بىنالىرى چوڭ شەھەرلەرنى ئەسكە سالاتتى . ئېتىز - ئېرىقلارمۇ رەتلىنىپ مەيدانلىشىپ كەتكەنىدى . شورۋاغ ئۆستىڭىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئۈزۈم كارىدورى ۋە سانجاق - ساڭگىلىشىپ تۇرغان ھەرخىل ساپ ئۈزۈملەر ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا خوتەن قىزلىرىنىڭ چاچ تەڭگىلىرى ، بويۇنلىرىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك جۇلالىنىپ تۇراتتى . ھېكمەت ئاشخانا ، كاۋاپخانا ، ناۋايخانىلار قىزىپ كەتكەن تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە ، شورۋاغ ئوتتۇرا مەكتىپى مۇدىرى ئەخمەت ھوشۇر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى - دە ، سول تەرەپتىكى توپا يولغا قايرىلدى . ئۇ مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ ئىككى تەرەپتىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان سىنىپلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇدۇلىدىكى ئىككى قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى ئالدىغا ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ پەلەمپەيگە قەدەم ئالدى . ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇسسۇپلا كىردى . خىزمەت ئۈستىلىدە بىر نېمە يېزىپ ئولتۇرغان ئەخمەت ھوشۇر بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن مەڭدەپ قالدى بولغاي ، ئورۇندۇقلارنى تاراقلىتىپ يۆگۈرۈپ كەلدى - دە ، ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى . ئۇلار بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ تۆت كوچا ئېغىزىدىكى كاۋاپخانىغا كىرىشتى . كاۋاپخانا خوجايىنى ئەخمەت ھوشۇر بىلەن كونا ئىلپەت بولسا كېرەك ، بىردەمدىلا بىر لېگەن تونۇر كاۋىپى بىلەن راسا تاۋلانغان چاي ئېلىپ كەلدى .

— قارا ھېكمەت ، مەن سېنىڭ بىلەن بوستانغا چىقىپ كەتسەم بولاتتى ، — دېدى ئەخمەت ھوشۇر گۆشنى پارچىلاۋېر -

تىپ ، — لېكىن مەكتىپىمىزگە ياپونلۇقلارر كەلمەكچى ، مەن
شۇلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتىم .
— ئۇلار نېمىشقا كېلىدىكەن ؟
— زىيارەت قىلىپ كېلەمدىكىن ، ئەتىگەنلا مائارىپ ئىدار
ىسىدىن ئۇقتۇردى . قېنى كاۋاپتىن يېگىنە ، — ئەخمەت هوشۇر هېك-
مەتنىڭ تەخسىسىگە بىر پارچە گۆش سېلىپ قويدى ، — ئۇلۇش-
يىل ياپونلىقلار 2 - مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى ئىككى
قەۋەتلىك قىلىپ قالتىس هەيۋەتلىك سېلىپ بەردى .
— قالتىسقۇ ئۇلار ، بەلكىم خوتەندىن بىرەر خام ئەشياغا
كۆزى چۈشكەندۇ تايىنلىق .
— ياقەي ، بەينەلمىنەل روهى بويىچە دېگىنە .
— ئۇنداقتا سىلىمۇ خام تەمەدە ساقلاپ ئولتۇرۇپتىلىدە .
— ئەمدى هېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، قىيىنچىلىقىمىزنى
كۆپتۇرۇپ سۆزلىگىلى تۇرساق بىر گەپ بوپقالار . ئۇ پاكارلار-
نىڭ مويى تەۋرەپ قالامتى .
— ئۇنداقتا مۇهىم ئىشكەن ، — دېدى هېكمەت قوللىرد-
نى سۇرتۇپ ، — مەن ماڭاي ، بوستانغا قاچان قايتىسىلە ؟
— كەچكە قالماي چىقىمەن ، بۇگۇن بىزنىڭ ئۆيدە قوند-
ىسەن جۇمۇ ، كېچىچە مۇڭدىشىمىز .
— چاتاق يوق .

هېكمەت ئەخمەت هوشۇر بىلەن خوشلاشتى- دە ، بوستان
يولىغا قاراپ ۋېلىسىپىتىنى قويۇۋەتتى . ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز
ئۆسكەن سەگۇلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى . قىزىل هەم
سېرىق مارجانلاردەك غۇژمەك ئېسىلىپ كەتكەن قاغا جىگدىلەر
شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي يوللارغا يېتىۋالغانىدى . ئەينەك بېتىد-
ەك تۈپتۈز ئاسفالت يولغا زوقلىنىپ كېتىۋاتقان هېكمەت هې-
لىقى يىللاردىكى ئىشلارنى ئەسلىمەكتە ئىدى . ئۇ دوستلىرى
بىلەن يىپلىرى باغلانغان ئاياغلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىپ ، يالاڭ

ئاياغ ئوشۇققىچە توپا كېچىپ شەھەرگە كېرىشەتتى . مۇرات يول
بويى قىزىق چاقچاق ، سەت يۇمۇرلارنى سۆزلەپ كۈلدۈرەتتى .
بىرەر ماشىنا ياكى شاخ باسقان هارۋىلار كېلىپ قالسا ، كۆتۈ-
رۈلگەن توپا – بوغىناق دەستىدىن ، خۇددى هېلىلا گۆردىن
چىققاندەك توپىغا كۆمۈلۈپ ، بۇرۇن ، قاپاق ، قۇلاقلار پۇتۈپ
كېتەتتى . خوتەن مېهمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇستۋاشلى-
رىنى قېقىشتۇرۇپ ، ئېرىقتىكى لاي سۇدا پۇتلىرىنى يۇيۇپ
ئاياغلىرىنى كىيىۋالاتتى .

هېكمەت ياشلىق ئەسلىمىلىرى بىلەن ئاتچۇي ئىلەك يارلى-
قىدىن ئۆتۈپ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى يېنىدىكى بۇۋىم مازىرىغا
كېلىپ قالغانىدى . ئۇ ۋېلسىپىتنى يولغا تىكلەپ قويۇپلا قويۇق
قومۇشلار ئۆسۈپ ، قېرى قاقشال جىگدىلەر شاخاراپ چاتقاللى-
شىپ كەتكەن قەبرىلەر ئارا تەستە مېڭىپ ، ئىزناسى يوقىلىشقا
باشلىغان تونۇش قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇ ، ئۆزى
بىلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، سۈكۈت ئىچىدە يەنە بىر
دەم تۇردى .

— مۇرات ، زۇمرەت ، مەن كەلدىم . سىلەردىن ئايرىلغى-
لى تۆت – بەش يىل بوپتۇ . «بىزنى تاشلىۋەتتى» دەپ ئاغرىن-
دىڭلار تايىنلىق . دوستۇم مۇرات ، گەپ قىلمايسەنغۇ ، ئاچچىق
هەزىللىرىڭدىن بىرەرنى قىلساڭچۇ ، مېنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭ
راست ، چۈنكى سەن زۇمرەت بىلەن هۆر – غىلمانلار ئارىسىدا ،
جەننەت ئارا سەيلە قىلىۋاتىسەن . مەندەك باغرى يارا ، پانىينىڭ
دەردۇ – بالاسىنى بولدى دېگۈچە تارتقان دوستۇڭنى ئېسىڭگىمۇ
ئېلىپ قويمايسەن...

— ئا... نېمە دەۋاتىدىغانسەن مۆمىناخۇن ، — قەبرە ئى-
چىدىن بىر ۋەهىي كەلگەندەك بولدى ، — باقىينىڭ تىنچ –
ئامانلىقىدىن ، شېرىن ئۇيقۇسىدىن ، پانىينىڭ غوۋغاسى ياخشى-
كەن . مەن بۇ يەردە جېدەل – ماجىراسىز ، كۈلكە هەم يىغى-

سىز ، قايغۇ ۋە ھەسرەتسىز زېرىكىپ قالدىم دېگىنە . پانىيدىكى مەنپەئەت ۋە مەئىشەت يولىدا بىر - بىرىگە قان چېچىشلار ، غەيۋەت - شىكايەت ، ئورا كولىغۇچىلار بىلەن بولغان ئېلىشىش-لار ، ھەقىقەت ئۈچۈن ئازاب چېكىشلەر ھاياتلىقنىڭ زىنىنتىكەن ئەمەسمۇ .

— قويغىنا بۇ گېپىڭنى ، سەنغۇ ھېيلىگەرلىك بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىدىكەنسەن ، بالاغا قالىدىغىنى يەنە شۇ مەنغۇ...

— كىم سېنى مۆمىناخۇن بولسۇن دەپتۇ ، بىلىپ قوي ، پانىيدا ياۋاشقا ، ئالىيجانابقا ، شەپقەتلىك ئادەمگە كۈن يوق !

— ھەي قاشقالىق ، باقىيدىمۇ زۇمرەتنىڭ قولىغا ئوت يېقىپ يۈرمىگەنسەن ؟

— «مۆمىناخۇن» دېگىنىمگە ئاچچىقىڭ كېلىۋاتىدۇ - ھە ، مۆمىناخۇن...

قەبرە بېشىدا دوستى بىلەن ئازغىنە تاكاللىشىپ ، غايىۋانە مۇڭدىشىۋالغان ھېكمەت يۇزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، بېشىنى ئېگىپ يەنە بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن «خوش» دېگىنىچە قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كەتتى . ئۇ ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ كەلدى . تەتىل ۋاقتى بولغاچقا مەكتەپتە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ ئارقا قاتاردىكى توختى قۇربانىڭ ئۆيىگە باردى . ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ قارىقاشقا كەتكەنىدى . زىكرۇللا غوجىنىڭ ئۆيىمۇ قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى . بىر - ئىككى يېڭى ئوقۇتقۇچىنى ئۇچراتقان بولسىمۇ ، تونۇمىغاچقا گەپ قىلمىدى .

ھېكمەت ، ئاجايىپ ۋاقىئە ، پاجىئەلەرنىڭ شاھىدى بولغان گىل رەڭلىك ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرىپ ، كۈرەش قىلىنغان ، سولانغان ، شېرىن خىياللارنى سۈرگەن ئىشخانا ، ئوقۇغۇچىلار ئۈيۈشمىسى ، مۇدىر ئىشخانىلىرىنى ئايلىنىپ يېنىپ چىقتى . ئۇنىڭ بىراق ، ئارقا ئېتىزدىكى لەخمە زىندان كۆرۈنمەيتتى .

ئورنىدا ئېگىز ئۆسكەن قوناقلىق كۆكىرىپ تۇراتتى . ھېكمەت مەكتەپ بېغىغا كىرىپ شاپتۇل ، سۆت ئالمىلارنى تېرىپ يۈر- گەن ئەمەت شۇلاقنى كۆرۈپ قالدى . كىتابخانىلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك ، ئۇ ئەسلىدە ، كۈزدە بەش كېپىل ، قۇتقۇزىدىغان نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىدىغان تىككۈچى ئۇس- تام بولۇپ ، يازلىقى باغ ھەم كۆكتاتلىقلارغا قارايتتى . ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ قولىدىكى يەل - يېمىش سېلىنغان پۇلىقىنى كۆتۈرگىنىچە ، كەشىسىنى شاقىلدىتىپ يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ پاكار گەۋدىسى ئوغۇتىغا قانغان تۇرۇپتەك تېخىمۇ دىقماقلى- شىپ ، ساقال باسقان ياپىلاق يۈزىدە قورۇقلار كۆپىيىپ قالغانىدى .

— ھامىنىلا ، يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدىلىيا ، بىر تۇرۇپ شۇمىكىن دېيتمەن ، بىر تۇرۇپ ئوخشاپ قاتقان ئادەم چاغۋا دەپمۇ ئويلىدىم .

— قانداق ئەمىتاخون ، ئوبدان تۇرغانلا ، — ھېكمەت كۆلۈپ قولىنى بەردى ، — ھېلىمۇ شۇ كونا كەسپلىرىنى قى- لىۋېتىپلا .

— قايداغ قىتمىزا مۇئەللىم ، جۇۋازغا قاتقان ئۇيدەك ، ئېتىمىز ، باغ ، تىكىمچىلىكتىن نېرى كېتەلمەيمىز ئەينا ، — ئەمەت شولاق پۇلىقىنى يەرگە قويدى ، — شاپتۇل يېسىلە ، شۇنداق ھۆل - ھۆل پىشقان ياما شاپتۇل ، شەۋەتلىرى ئېقىپ تۇرۇتۇ .

ھېكمەت بىرنەچچە تال شاپتۇلنى شوپۇلاپ يېگەندىن كېيىن قولىنى سۈرتتى . ئەمەت شولاقنىڭ خىيالىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى .

— ھۆددەس خەتىمدىن چىقىپتىيا ، كاللەك سەي بىلەن يىسۋىلەككە سۇ باشلاپ قويغان ئەينا ، — ئەمەت شۇلاقنىڭ كۆز- لىرى چەكچىيىپ كەتتى ، — قېنىمدىن تېشىپ كەتسە ، سۇ دې- گەن ھېشىق ، بۇرنىنى تەشمىگەن بۇقىدەك قىرلارنى غۇلىتىپ ،

بولمىسىلا ماقۇما .
يار قويۇۋېتىدىيا ، ئۆندەرەپلا كەتتى دەپ خاپا
— بولدى بېرىۋەرسىلە ، مەن باغنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ
كېتىمەن .
ئەمەت شۇلاقنىڭ ئېتىزغا سۇ باشلاپ قويغانلىقىنى ئاڭلى-
غان ھېكمەت ، رېجىم ئاستىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىكى بىر
ئىشنى ئەسلەپ قالدى . باھار ئاخىرلىشىپ ، ياز تەپتى ئەمدىلا
باشلانغان چاغلار ئىدى . نىزاخۇن جۇرىن ھېكمەتكە مۇشۇ باغدا
سۇلاغ (سۇ تۇتۇش ) قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى . گۇگۇمدىن
تاڭ سەھەرگە بەلگىلىنىپ بېرىلگەن بىر تاشلىق سۇ ئېرىقلاردىن
يامراپ كېلىشكە باشلىدى . ھېكمەت كەتمەندە گۇپۇلدىتىپ توپا
تاشلاپ ، غول ئېرىقلارنى بوغۇپ ، باغ چۆنەكلىرىگە ماڭدۇراتتى .
سۇغا قانغان ھامان قىر ئېغىزلىرىنى لاي بىلەن ئېتىپ ، قوشنا
چۆنەكلەرنىڭ ئېغىزىنى ئاچاتتى . ئۇ غول ئېرىق ، چۆنەك ،
قىرلاردا يۇگۇرۇپ يۇرۇپ چۇش پېشىن بولۇپ كەتتى . لېكىن ،
ئۇنىڭغا ھېچكىم ئەتىگەنلىك ياكى چۇشلۇك تاماق ئەكېلىپ بەر-
مىدى . ئۇنىڭ كەتمەن تۇتقان قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ، تىز-
لىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى . قورساق ئاچلىقتىن مەيدىسى مۇ-
جۇپ ئاغرىپ ، كۆڭلى ئاينىماقتا ئىدى . كىشىلەر «ئەشەددى
شيۇجىڭجۇيىچى» دىن ئىبارەت سىنىپىي دۇشمەنگە تاماق ئەكې-
لىپ بېرىش ئەمەس ، ھەتتا قاش كۆتۇرۇپ قارىمايتتى . ئەگەر
باغنى تاشلاپ كېتىپ قېلىپ بىرەر ئېتىز يار ئېلىپ كەتسە ،
بۇ سىنىپىي دۇشمەننىڭ «نەق بۇزغۇنچىلىقى» ھېسابلىنىپ ،
دادىغاھقا تارتىلاتتى . قورساق ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالاي دېگەن
ھېكمەت تۇمشۇقىدىن چېچەكى تۆكۇلمىگەن ئۇرۇقچىدەك ئالما ،
ئۆرۇك غورىلىرىنى چېچەك ـ غازاڭلىرى بىلەن يېيىشكە باشلى-
دى . بىراق ، ھايال ئۆتمەي ئۇ شۇنداق قەي قىلدىكى خۇددى ئىچى ـ
باغرى ئۆرتىلىپ تۆكۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى . مانا شۇن-
داق بىر پەيتتە ئائىلىلىكلەر ئۆيلىرىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىلى-

-رىنىڭ بىرسى ئېچىلدى- دە ، تۇنۇگۇن دەپنە ئىشخانىسىدا ئۇچ-
-راتقان ئابلا ئىمىن ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ، ئېتىز -
قىرلاردىن سەكرەپ ناھايىتى تېز كەلدى - دە ، چاپىنىنىڭ
ئىچىگە يوشۇرغان يوغان بىر زاغرىنى ھېكمەتنىڭ قوينىغا تىقىپ-
-لا يۈگۈرگىنىچە دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ كەتتى . ھېكمەت
كاۋا ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلغان مەززىلىك زاغرىنى ئاچ كۆزلۈك
بىلەن چايناپ ، ئېرىقتا لىخشىپ ئېقىۋاتقان لاي سۇنى ئوچۇمداپ
ئىچكىلى تۇردى . ئوماچتەك قۇمساڭغۇ سۇ ئۇستىدە لەيلەپ
كېلىۋاتقان چىرىگەن پاسار پارچىلىرى ، ئات - ئېشەك تېزەكلى-
-رى ، ھەرخىل غەلىغەشلەر ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى ...
ھېكمەت بۇ ساخاۋەتلىك ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى . ھەر
قېتىم چاي ئىچكەندە ، تاماق ئۇستىلى ئالدىغا كەلگەندە ، بىرەر
پارچە نان قولىغا چىققاندا ئابلا ئىمىن كۆزىگە كۆرۈنەتتى .
ئۇنىڭ بەرگىنى ئاددىي زاغرا ئەمەس ، بەلكى ئۇ قۇياش ئىدى... بۇ
قۇياش ھېكمەتكە ھارارەت ، تۈگىمەس قۇۋۋەت ، نۇر بەخشەندە
قىلغان !

ھېكمەت ئاشۇ ئۇنتۇلماس شاپائەت يۈز بەرگەن باغ قىرلى-
-رىغا ، غول ئېرىقلارغا ، «غورىلىرىمنى ئۈزدۈڭ» دەپ خاپا بول-
-غان ئالما - ئۆرۈكلەرگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن
باغدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ مېڭىشى دەرۋا-
-زا تەرەپتىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان ئەخمەت ھوشۇرنى
كۆرۈپ قالدى .

ھېكمەت شۇ كۈنى ئەخمەت ھوشۇر بىلەن بىر بوتۇلكا
ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ ، بىر كېچە مۇڭداشقاندىن كېيىن ، ئەتى-
-سى ئەزىز تارمۇشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولدى . ئۇ يەردىن
چۈش بىلەن قايتىپ مەكتەپ ئالدىغا كەلدى ، چوڭ دەرۋازا
ئالدىدا توختى قۇربان ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆيگە كىرىپ
چاي - پاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، ھازىر نەشىردىن چىققان

ھېكايە ، پوۋېست توپلاملىرى ، رومانلار ھەققىدە سۆھبەت قىزىپ
كەتتى . توختى قۇربان 58 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستى-
تۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، تا ئوقۇتقۇچى بول-
غانغا قەدەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ ، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئەدەبىي ئاخبارات ، ئىل-
مىي ماقالە ، ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان ئەدەبىيات نەزەرىيە
تەتقىقاتچىسى ئىدى . ئۇ زېھنى ئۆتكۈر ، تىلغا باي ، ناتىقلىقى
بىلەن ھەممىنى قايىل قىلاتتى . توختى قۇربان مەدەنىيەت ئىنقى-
لابى تېما قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە
مۇنداق دېدى :

ــــ خەنزۇ يازغۇچىلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىر-
لىرىدىلا ئويغىنىپ ، چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىپ پۇخا-
دىن چىققۇدەك يازدى ، ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرى بويى-
چە ئاق يەر قالمىدى . مەسىلەن ، ئەي چىڭنىڭ «رىمدىكى گلادى-
ئاتورلار مەيدانى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك سىياسىي لىرىكىسى ،
«ئىرەن» ، «فۇرۇڭ بازىرى» غا ئوخشاش ئەسەرلەر . خەنزۇلار
بۇ يازغۇچىلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىدى ، بېشىغا ئېلىپ
كۆتۈردى . بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ، كۆزىنىڭ
چاپىقىنى سۈرتۈپ بولغۇچە ۋەزىيەت تېزدىن بۇرۇلۇپ ئىسلاھات
تېمىسى بازار تاپتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى چورۇق
بىلەن خامىنغا سەكرەپ ئىسلاھات تېمىسىغا كىرىشىپ كەتتى .
بۇ يېڭى تېمىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى . خەنزۇلارغا نىسبەتەن چۈ-
شىنىكسىز بولغان يېڭى تېمىنى بىزنىڭ يۇرتداشلىرىمىز ئاران
«يەرنى ھۆددىگە بېرىش» ، «ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۈزۈم ، يا-
ڭاق ئاپىرىپ سېتىش» ، «كۆپرەك پۇل تېپىش» ، «كاستۇم ـ شى-
لەپە كىيىپ ياۋروپاچە ياسىنىش» دەپ يۈزە چۈشىنىپ قالدى .
ــــ شۇنداقتىمۇ پىروزىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ، ــــ
دېدى ھېكمەت توختى قۇرباننىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ ، ــــ

60 ـ 70 يىللارغا قارىغاندا ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ
قىلماي بولمايدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق، ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئەھۋالى شېئىرد-
يەتنىڭكىدىن بىرقەدەر ياخشىراق بولسىمۇ، ئومۇمەن ئادەمنىڭ
كۆڭلىنى سۆيۈندۈرگۈدەك ۋەزىيەت يارىتىلغىنى يوق، — توخ-
تى قۇرباننىڭ تەلەپپۇزى جىددىيلەشكەنىدى، — يازغۇچى خەلق-
نىڭ نىداسىنى تىڭشىماي، ھەقىقىي رېئاللىقا يانداشماي، ئۆت-
كۈنچى ئەمىر ـ پەرمانلارنىڭ، يالغان ـ ياۋىداق سۇئىي خەۋەر-
لەرنىڭ، قاش ـ كىرپىكىنى تۈزەيدىغان ئۇستا بولۇپ قالسا،
ئۆز مىللىتىنى ئەخمەق ئەتسە خەلق ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ. ھازىر
بىر قىسىم يازغۇچىلار مىللىتىمىزنىڭ ئىللىتى ھەققىدە بەدىئىي
ئەسەر، ماقالىلەرنى يازدى. بۇ ئېغىر كېسەلنىڭ ئېگىرىشىغا
ئوخشاش ناھايىتى ئاجىز ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلىرىمىز
«كىر» نى يازدى دەپ ئاغرىنىپ، تىللىشىپ يۈرۈشمەكتە.
— بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يېزىپ بېقىشنى ئويلىشىپ
باقمىدىڭلارمۇ؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئېنىقراق
بىلىش ئۈچۈن كوچىلاپ سورىدى، — مەسىلەن، ئوبزور، ئىل-
مىي ماقالە دېگەندەك.
— كېسەللىك سەۋەبىدىن بىر يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىغا ئائىت مۇھىمراق ئوبزور ئوقۇغىنىم يوق، يەنە ئوبزور-
چىلارنىڭ ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىن ئارىيەت
ئېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تاڭغان چىرايلىق ھەم غەلىتە ئېلان
ماركىلىرىنىڭ نامىنىمۇ بىلمەيمەن، — توختى قۇربان ئېغىر
تىنىپ قويدى، — دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇ-
رۇن سوتسىيالىزم لاگېرىدىن شۇنچە كۆپ ماركا ئۆتنە ئېلىپ،
نامرات جۇڭگونى بېزىمەكچى بولغانىدى. ھەتتا «كوممۇنا» نى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كولخوز، سوۋخوزىدىن بىر دەرىجە يۇقى-
رى، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى، جەننەتكە كى-

ـرىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى دېيىشكەنىدى. پوشكىنىنىڭ «ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك» دېگەن ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك، ئالتۇن بېلىق ئاچچىقلاپ قۇيرۇق بىلەن سۇنى بىر داۋالغۇتىۋە-ـدى، بېلىقچىنىڭ ئاچ كۆز خوتۇنى كونا پۇچۇق تەڭنىسى، قىڭغىر كەپىسى بىلەن نامرات ھالىتىگە قايتقاندەك، بىراقلا «تۆ-ۋەن باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم» ئىكەنلىكىمىز ئايان بولدى. مەن بىر قىسىم تەنقىدچىلەرنىڭ ئۇرۇمچى قىزلىرىغا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قىز - ئاياللىرىنىڭ مودا كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى «دۇنياغا يۈزلەندۇ-رۇش» كە ئۇرۇنغىنىدەك، نامرات خەلقنىڭ نىمجان، بىچارە ئەدەبىياتىغا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئالتۇن ھەللىك نەقىش-لىرىنى تاقىشىنى ياقتۇرمايمەن. پەلسەپىنىڭ «بازىس - ئۈستى-قۇرۇلمىنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن نۇقتى-ئىنەزەرىگە ئاساسلانغاندا ھەم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەنبەسى بولغان تۇرمۇش شەكلىمىز، ماددىي مەنىۋى تۇرمۇش دەرىجىمىزدىن قارىغاندا (تۇرمۇشنى نەشە چېكىشۈپلىپ كۆزەتمىگەن بولساق) ئەدەبىياتىمىز ھەم رومانچىلىقىمىز ھەققىدە سەمىمىيلىك بىلەن راست گەپ قىلىشىمىز لازىم.

— «ئىز»، «ئابرال شاماللىرى» دېگەن رومانلارنى كۆ-رۈپ باقتىڭلارمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، — بۇ رومانلار سىلىدە قانداقراق تەسىر پەيدا قىلدى؟

— خەلقلەر ماختىشىدۇ، بىراق بىزنىڭ بۇ چەت يېزىلارغا كېلىپ باقمىدى، لېكىن سىلىنىڭ بىر قانچىلىغان پوۋېست - ھېكايىلىرىڭلارنى ئوقۇدۇم، ئالدىدا ماختاش ياخشى ئەمەس ئە-ـدى، — توختى قۇربان كۈلۈپ قويدى، — سىلەر ئەسەر يې-زىشتا پۇتنى يونۇپ ئۆتۈككە ماس كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللان-ـماي، پۇتقا قاراپ ئۆتۈك تىكىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپسىلە،

سيۇژىت تۈزۈشتە رېئاللىققا سادىق بولۇپ، ياسالمىلىقتىن خالىي بىر بەدىئىي مۇھىت يارىتىپسىلە، تۇرمۇش بەك چاكىنىلىشىپ كەتمەپتۇ. پېرسوناژ خاراكتېرى، ئىندىۋىدۇئاللىقى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ. بىراق، ھازىر ئەسەرنى ئەمەس يازغۇچىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان تەنقىدىي ماقالىلەر كۆپىيىپ قالدى. سىلىنىڭ ئەسىرىڭلىمۇ مۇشۇ چوڭ قايىنامدا قانداق ئاتاقلارغا، جۇدۇنلارغا دۇچ كېلەر؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن سىلىدە ئىدىيە تەييارلىقى بولۇش كېرەك. بىر كالتەك بىلەن تۇنجۇقۇپ قېلىش ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ ۋىجدانىغا يات...

ئەدەبىيات ھەققىدە بولۇنغان سۆھبەتكە قانمىغان ھېكمەت كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇلار توختى قۇربانىنىڭ ئايالى ئېلىپ كىرگەن بىر لېگەن مانتىنى يەپ، يەنە بىر ئاز مۇڭداشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ قايتتى.

بىردەمدە قاراڭغۇ چۈشتى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە غۇۋالىق ئىچىدە ئېرىپ كەتمەكتە ئىدى. خۇددى چەكسىز دېڭىزغا چېچىۋەتكەن گۈل توزۇندىلىرىدەك ھېسابسىز نۇرغۇن يۇلتۇزلار سۈزۈك كۆك ئاسماننى قاپلاپ تۇراتتى. ئۇپۇق چېگرىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ياش ئاي ئوغىقى، سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمگەن قاراڭغۇ باغلار ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ خىرە - شىرە قىزىل نۇرىدا ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئوچۇق بولمىغان شەكىللىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كۆزگە چېلىقاتتى.

خوتەننىڭ ئاۋغۇست كېچىلىرى شېرىن - شەربەت مېۋىلەرنىڭ، ھەرخىل ئېچىلغان گۈللەرنىڭ ھىد - بۇيلىرى بىلەن تولىدۇ. قايسىدۇر قوغۇنلۇقتىن «بوڭ» ڭىدا ئېتىلغان قوغۇنلارنىڭ پۇراقلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلسا، شور تاملىق باغلاردىن كېلىۋاتقان بېھى ۋە ياما شاپتۇللارنىڭ مۇشكى ئەنبەردەك ھىدلىرى تەنلەرگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. بۇنداق سالقىن كېچىلەردە ھەرقانچە ئۇزۇن سەپەرمۇ ھېچقانچە بىلىنمەيتتى.

كېچىلەپ شەھەرگە يېتىپ كەلگەن ھېكمەت كوچىغا قايرىلىشى ، دەرۋازا ئالدىدىكى ياغاچ سۇپىدا بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ياشلىقىدىن كۆزىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ سىيما مەھبۇبە ئىدى . ئۇ مۈگدەپ قالغان بولسا كېرەك ، ۋېلسىپىتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى .

— كەلدىڭىزما ؟ ئەجەب ھايال بولۇپ قالدىڭىزغۇ ؟

— توختى قۇربان بىلەن گېپىمىز تۈگىمەي ، ئۇچقۇنئاي قېنى ؟

— ئۇ قىز بۈگۈن بىر كۈن يولىڭىزغا قارىدى ، — مەھبۇبە دەرۋازىغا كىلىتاڭنى سالدى ، — ھېلى چىقىدۇ ، ھېلى كىرىدۇ ، كوچىدا ۋېلسىپىت جىرىڭلىسا بوراندەك چىقىپ كېتىدۇ ، ھەتتا خوتەن مېھمانخانىسىغىچە بېرىپ كەلدى . تېخى ئالدىڭىزدا ئۆيگە كىرىپ كەتكەن . ھە راست گۈلچىنئايمۇ كەپتىكەن .

ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۇچقۇنئاي ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى . ئۇنىڭ مەڭزىدە تىترەپ تۇرغان بىر تامچە ئاي يورۇقىدا چاقناپ تۇراتتى . ئۇزۇن يىللار ئاتا مېھرىدىن سۇ ئىچمىگەن يېتىم قەلب ، ئۇچقۇنئاينى بىرەر دەقىقە دادىسىدىن ئايرىلىشقا يول قويمىغانىدى .

— كەچۈرۈڭ قىزىم ، چۈشكە ئۈلگۈرۈپ كېلەرمەن دېگەنىدىم ، ئامال قىلالمىدىم .

— دادا ! — «كەچۈرۈڭ قىزىم» دىن ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن ئۇچقۇنئاي پاڭگىدە ئېتىلىپ كەتتى ، — گۈلچىنئاي ئاچامۇ كەپتىكەن ، ئۇمۇ ساقلاپ كېتىپ قالدى .

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ بىر پىيالىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن ، ئۇچقۇنئاي «ياخشى چۈش كۆرۈڭلار» دېگىنىچە دادىسىنى سۆيۈپ قويۇپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى .

— سىزمۇ ئارام ئېلىڭ ، چارچاپ قالغانسىز ، — دېدى مەھبۇبە كارىۋاتقا ئورۇن سېلىۋېتىپ ، — ئەتە يەنە بىر يەرگە بارامسىز ؟

— ئۇيغۇر شىپاخانىسىدا ئىگىلەيدىغان ئازراق ئىشلىرىم بار ، — ھېكمەت چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كارىۋاتقا چىقتى ، — بۈگۈن مېنى بىر كىم ئىزدەپ كەلمىگەندۇ ؟

— پەقەتلا ئېسىمدىن چىقىپتۇ ، ئەتىگەندىلا شادىمان دوس-تىڭىز كەپتىكەن .

ھېكمەت پەي ياستۇقنى كارىۋات يۆلەنچۈكىگە تىكلەپ ، يۆ-لىنىپ ئولتۇردى - دە ، ئەمدىلا ئورۇنغا كىرگەن ئايالىغا قايرى-لىپ قاراپ قويدى . ئېرىنىڭ بىر نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن مەھبۇبەمۇ رۇباشكىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ، تولغان ئاپئاق كۆكسىنى يېپىپ ياستۇققا يۆلەندى . ئون بەش يىل بىر ياستۇققا باش قويماي ، ھىجران ئازابىدا قىينالغان مەھبۇبە سۆيۈملۈك ئېرىگە نىسبەتەن شۇنچە ئامراقلىق قىلىپ سۇۋانسىمۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر ھېكمەتنىڭ چىرايىغا قارىسىلا قىزىرىپ كېتەتتى .

— بىلىپ تۇرۇمەن ، — مەھبۇبە ئېرىنىڭ بىلەكلىرىدىن ئۇچلاپ ، مۇرىسىگە بېشىنى قويدى ، — بىرنېمە دېمەكچى بولى-ۋاتىسىزغۇ دەيمەن .

— سىز بەك يامان جۇمۇڭ ، — ھېكمەت ئايالىنىڭ ئېڭە-كىنى كۆتۈردى ، — دەيدىغانغۇ گېپىم بارئىدى ، نەدىن باشلاش-نى بىلمەي تۇرۇمەن .

— ئۆزىڭىز مۇھىم دەپ بىلگەن يەردىن باشلاڭ .

ھېكمەتنى بەش - ئالتە كۈندىن بېرى ئويلاندۇرۇپ قويغان ئىش مەھبۇبەنىڭ «قىزىڭىزنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەرسەم بىر داستان بولىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئىدى . ئۇچقۇنئاي ھازىر ئون يەتتە ياشقا كىردى . ئۇ مۇشۇ يېشىدا «داستان» بولغۇدەك نېمە ئىشلارنى قىلغاندۇ ؟ مەھبۇبەگە بىر

يىل ئىچىدىلا چېچىنى ئاقارتىۋەتكۈدەك زۇلۇم سالغانمىدۇ؟ ناۋا-
دا ئۇ ئەخلاقى جەھەتتىن نومۇسسىز ئىشلارنى قىلغان بولسا،
بۇ ئاتا - ئانا ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئاھانەتتە.

— سىز بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسىز، — دېدى مەھ-
بۇبە يوتقاننى مەيدىسىگە تارتىپ قويۇپ، — ئېسىڭىزدىدۇ،
ھېلىقى ئىنقىلاب يىلى ئىككىمىز يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان
غوپۇرنىياز، لوپتىكىچۇ؟

— ئېسىمدە، ئېسىمدە، — غوپۇرنىيازنىڭ ئىسمى چىقىد-
شى بىلەن ھېكمەت جىددىيلەشتى، — ئەنۋەر دېگەن نەۋرىسى
بار. تېزرەك سۆزلەڭ.

— قىزىڭىز ئاشۇ ئەنۋەر دېگەن بالا بىلەن يۈرۈپ قېلىپ،
مېنى جىق ئاھانەتلەرگە قويدى؟

— نېمە، ئەنۋەر بىلەن؟ — ھېكمەت ئۆزىنىڭ قاتتىق
ۋارقىرىۋەتكىنىنى سەزمەي قالدى، — بۇ... بۇ... مۇمكىنمۇ؟!...

— بۇ ئىش مۇنداق بولغان...

# يانغان قىساس

ئۇچقۇنئاي توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى، ئۇلارنىڭ سىنىپىغا ئونىنچى سىنىپتىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئەنۋەر غوپۇر ئىسىملىك بىر چوڭ بالىنى ئەكىرىپ قويدى. بوي - تۇرقى قاملاشقان، قاپقارا بۇدۇر چاچلىق، بۇرۇنلىرى ناچىدەك چىرايلىق، كۆزلىرى مۇزايىنىڭ كۆزلىرىدەك مۇلايىم، قىز بالىلاردىمۇ كەم تېپىلىدىغان ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرى ئاق سۇزۇك يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان بۇ بالا ياۋاش، كەمسۆز، مىسكىن چىراي ئىدى. ئۇچقۇنئاي ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىشى، ئۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. بالىلار ئەڭ چەت بۇلۇڭدىكى پارتىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئۇياتچان ئەنۋەرگە تەئەججۇپ ۋە ياراتماسلىق نەزىرىدە قاراشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ بەزى شەپشەك قىزلار «قويلار ئارىسىغا تۆگە كىرىپ قالسا ئەجەب تۇرىدىكەن» دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى «شۇنى دېگىنە ئاداش، خامانىنىڭ مومىسىنى تىكلەپ قويغاندەك» دېيىشىپ مەسخىرە قىلىشتى.

ئۇچقۇنئاي ئەنۋەرنى كىچىكىدىن تارتىپ تونۇيدۇ ھەم ئۇلار بىر مەھەللىدە دېگۇدەك چوڭ بولدى. ئۇلار مەكتەپ قورۇلىرىدا، ئوقۇغۇچىلار تەكرار قىلىۋاتقان دەرەخ سايىلىرىدە، كۇتۇپخانىلاردا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا بىر - بىرىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇچقۇنئايىنىڭ ئۇنى بەش ياش چېغىدا «ھابدال، دىۋانە» دەپ تىللىغىنى ھېلىمۇ خىرە - شىرە ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ، بۇ ئىشنى ئېسىگە ئالسىلا قىزىرىپ كېتىدۇ. لېكىن، كېيىن بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساۋاقداشلىقنى دوستلۇققا يېقىنلاشتۇردى. ئۇچقۇنئاي

لوپ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئالتىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلى-
رى بولسا كېرەك ، ئىلمىي مۇدىر غاپپارنىڭ ئايالى ئۇنى ئاچ-
چىقسۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . ئۇ بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ لوپ
بازىرىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدىكى ئاچچىقسۇ ، لازا ، جاڭيۇ ، تۇز
دېگەندەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان تۇڭگاننىڭ بوتكىسىغا كەلدى .
ئۇنىڭغا سۇڭدىشىپلا ئەنۋەرمۇ بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ
قالدى . تۇڭگان ھەر ئىككىسىنىڭ بوتۇلكىلىرىغا ئاچچىقسۇ كەم-
چەنلەپ بەردى . بىراق ، ئۇچقۇنئاي تۆت - بەش قەدەم ماڭمايلا
قولىدىكى بوتۇلكا چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كەتتى . تۇغقانلار-
نىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان بۇ قىز ئۆيگە نېمە دەپ كىرەرمەن ، دەپ
تەڭلىكتە قالدى بولغاي مىچچىدە يىغلىۋەتتى . بۇنى كۆرۈپ
تۇرغان ئەنۋەر يېتىپ كەلدى .
— بۇنى ئېلىپ كېتىڭ ، — ئەنۋەر ئاچچىقسۇ تولدۇرۇل-
غان بوتۇلكىنى تەڭلىدى ، — مەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بو-
تۇلكىدىن بىرنى ئەكەلسەم بولمىدىمۇ .
— بۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ ، — ئۇچقۇنئاي كۆزلى-
رىنى سۈرتتى ، — سەت تۇرمامدۇ ؟
— ئا… قانداق قىز بالا بۇ ، ئوخشاش كۆك بوتۇلكا
بولغاندىن كېيىن چانمايدۇ ياكى «دىۋانە ، ھابدال» نىڭ دەپ
ياراتمايۋاتامسىز ؟
— ياق ، ئۇنداق دېمەيمەن ، — ئۇچقۇنئاي قىزىرىپ
كەتتى ، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق دېمەڭ ، مەن خىجىل بولى-
دىكەنمەن . شۇ چاغدا سىز «مەن دادا قىلىۋالىمەن» دېگەچكە
ئاچچىقىم كېلىپ…
— شۇ چاغدا ھېكمەت ئاكاشنىڭ قىزى بولۇپ قالمىغان
بولسىڭىز ، ئاغزىڭىزغا سالاتتىم . ئۇ دېگەن شۇنداق ياخشى ئا-
دەم . ئاشۇ چاغدا سىزگە شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتكەن ، — ئەنۋەر
يۈز - خاتىر قىلىشنى بىلمەيتتى ، — ھازىر دادىڭىز كېلىپ
تۇرامدۇ ؟

— ياق ، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار ئۇچرىشىپ قالسا بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرەپ ، باش لىڭشىتىپ قوياتتى . كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇچقۇنئاي مەكتەپ كۆلىنىڭ بويىدىكى تەتۈر سۆگەتلەر سايىسىدە دەرس يادلاپ ئولتۇراتتى ، ئەنۋەر بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خۇش خەۋەرنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— ئۇچقۇنئاي قاراڭ ، بۇ كىمنىڭ كىتابى؟ — ئەنۋەر كىتابنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، مۇقاۋىسىنى ئاچتى — دە ، ئاپتورنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتتى ، — تونۇدىڭىزمۇ؟

— دادامنىڭ ! — ئۇچقۇنئاي چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ، — ئەكېلىڭا كۆرۈپ باقاي ، جېنىم دەپ كېتەي ئەنۋەر .

ئۇچقۇنئاي كىتابنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى ، ئالىقانلىرىدا سىلىدى ، مۇقاۋىدىكى «قۇشلار ماكانىغا قايتتى» دېگەن خەتلەرگە ئۇزۇن قارىدى ، ئاندىن يەنە دادىسىنىڭ خىيالچان تۇرغان رەسىمىگە تىكىلىپ قالدى .

— شىنخۇا كىتابخانىسىدا بىرسىلا قاپتىكەن ، — ئەنۋەرنىڭ مەغرۇرلانغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى ، — «ھېكمەت ئېلى» دېگەن ئىسمىنى كۆرۈپلا سېتىۋالدىم . چۈنكى ، مەن ئۇ ئادەمنى بەك ياخشى كۆرۈمەن .

— مەن بىر ئوقۇۋالايچۇ؟ — ئۇچقۇنئاي يېلىندى ، — پەقەت كىر قىلمايمەن .

— ئەمىسە بايىقىدەك «جېنىم دەپ كېتەي» دىن يەنە بىر قېتىم دېسىڭىز بېرىمەن...

— قېلىن !... ئۇچقۇنئاي قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، — ئەمدى... سوراپ قويسام سەتلىشىۋاتقىنىنى...

— بولدى ، بولدى ، دومسايماڭ ، ئويىنىشىپ قويدۇم ، — ئەنۋەر كىتابنى تەڭلىدى ، — ئېلىڭە ، ئالمامسىز ، مانا بەردىم-

غۇ ، ۋاي ـ ۋۇي تاۋى نازۇك .
ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۇچقۇنئاينىڭ بىر چد-
-رايلىق ئالىيىپ تۇرۇپ كىتابنى ئېلىشى ، يىگىتلىك بوسۇغد-
-سىغا كېلىپ قالغان ئەنۋەرنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويدى .
گەرچە ئۇ ئۇچقۇنئايدىن بىر سىنىپلا يۇقىرى ئوقۇسىمۇ ، مەك-
-تەپ بويىچە چوڭ باللار قاتارىدا ئىدى . ئۇلار تەنەپپۇسلاردا
ئۇچرىشىپ قالسا پاراڭلىشاتتى ، بەزىدە مەكتەپ كۇتۇپخانىسى-
-نىڭ ئۇستەللىرىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ،
ژۇرناللارنى بىللە كۆرەتتى . كېيىنچە ئەنۋەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇ-
-ۋالغان ، خۇشپېئىل ، هايالىق پەزىلەتلىرى ئۇچقۇنئاينىڭ ئالمد-
-دەك يۇرىكىگە سىرلىق هەم شېرىن تۇيغۇلارنى سېلىپ قويدى .
ئۇ بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەز-
-مىدى . مانا ئەمدىلىكتە ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئەنۋەر
غوپۇرنى توققۇزىنچى سىنىپقا ئېلىپ كىرگەن ئىلمىي مۇدىر
غاپپارنىڭ : «دەرسلەردە يېتىشەلمىگەنلىكى ئۇچۇن سىلەرنىڭ
سىنىپىڭلارغا چۈشۈرۈلدى ، ئاراڭلارغا ئېلىپ يېقىندىن ياردەمدە
بولۇڭلار » دېگەن سىلىق ئەمما ئاهانەتلىك تەلەپپۇزى ئۇچقۇنئاي-
-نى گويا هاڭدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك زەربىگە مۇپتىلا قىلدى .
ساۋاقداشلىرىدىن تۆت ـ بەش ياش چوڭ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ
يۇقىرى سىنىپقا ئۆرلىمەي چۈشۈپ كېتىشى ، ئۇكىلىرىدەك
باللار ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ ئولتۇرۇشى ئۆزىگە نىسبەتەن
ئېغىر خورلۇق ئېلىپ كەلسە ، باشقىلار ئۇچۇن ئېچىنىش ،
مەسخىرە ، كەمسىتىشنىڭ نىشانى بولۇپ قالاتتى .
— ۋاي جېنىم ، دۆت ، قاباقۋاش بولمىسا سىنىپتىن ـ
سىنىپقا چۈشۈپ كېتەمتى ، — دەيتتى ئۇچقۇنئاي بىلەن ئەنۋەر-
-نىڭ يېقىنلىقىنى بىلىدىغان بەزى قىزلار گەپ سېپىتىپ ، —
چىرايى بولغىنى بىلەنلا هېساب ئەمەس ، ئەقىل بولسا بولىدۇ .
— شۇنى دېمەمسەن ، ئۇنىڭ يېشىدىكى باللار ئالىي

مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ ، — دەيتتى ئۇچقۇنئاينىڭ كۆشەندىلىرى بىگىز سانجىپ ، — كۆرۈپ تۇرۇڭلار ، ئۇ بىزنىڭ سىنىپىمىزدىمۇ قولىغا تاياق ئېلىپ ھەممىنى ئالدىدا قوغلاپ ماڭمىسا…

بالىلار ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ ئاسمانباقتى بولغىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈشتى . ھەتتا بىر تازچاق ئورۇق بالا ھەممىگە ئاڭلىتىپ : «بۇنىڭغا باشلانغۇچتىن تارتىپ ھەريىلى چېكىنىپ ئوقۇش ساتىراشنىڭ باش ئوۋۇلىغىنىدەك كونا ھۆنەر بولۇپ قالدى » دەپ كۈلكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . بۇنداق ئاھانەتلىك خورلۇقلار پات - پات ئەنۋەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ بىر كۈنى ئۇچقۇنئايغا «ئوقۇمايمىكىن» دەپ يىغلاپ سالدى . ئۇچقۇنئاي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ : «ئۇ بېشىنى يەيدىغان سايمالار نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن ، لېكىن ئوقۇمايمەن دېمەڭ » دەپ يالۋۇردى . ئەتىسى مەكتەپتە تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى . ئەنۋەر مەكتەپ بويىچە ۋاسېكتبول ئويناشقا ئۇستا ئىدى ، ھەتتا قېرىنداش مەكتەپلەر ئارا مۇسابىقە بولۇپ قالسا ئۇنى ئوقۇتقۇچى ئورنىدا سەپلەپ چۈشۈرەتتى . ئۇچقۇنئايلارنىڭ سىنىپى شۇ كۈنى پاراللېل سىنىپلار بويىچە ھەممىنى ئۇتۇۋالغان بولسىمۇ ، مۇسابىقە ئاخىرىدا مەيداندا جېدەل چىقىپ كەتتى . چۈنكى ، قارشى سىنىپلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى چىدىماسلىق قىلىپ ، ئەنۋەرگە شاپاق ، شاپتۇل شۆپۈكى ، سېسىق پەمىدۇرلارنى ئېتىپ ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى .

— نومۇس قىلساڭچۇ ھەي دوزاخ شوتىسى ، كىچىككىنە بالىلار ئارىسىغاكىرىۋالغۇچە .

— ھەي دۆت ، كالاپوقى ، دەرسكىمۇ شۇنداق ئۇستا بولساڭ بولمامدۇ ! ؟

— ئەنۋەر دېگەن قاپاقۋاش دېگەن مەيداندىن چىقىپ كەتسۇنمۇ ؟

— چىقىپ كەتسۇن !

— ئېشىكنى باقسۇن !

غەزەپتىن تېرىسىگە سىغماي قالغان ئۇچقۇنئاي بىر بالىنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ چىقتى - دە ، بىرنەچچە كاچات ئۇرۇۋەتتى ، ئۆزىمۇ تاياق يېدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ توختاپ قالماي ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر - ئىككى قىزنىڭ چېچىدىن قامالللاپ ئاستىغا بېسىۋالدى . ئۇچقۇنئايلارنىڭ سىنىپىدىكى بىر تۈركۈم قېنى قىزىق ئوغۇل - قىزلارمۇ يەڭلىرىنى شىمايلاپ «جەڭ» گە ئاتلاندى . توپ مەيداننىڭ ئەتراپىدا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ پاتىپاراقلىشىپ كەتتى . مەكتەپتىكى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇچقۇنئاينى ئىلمىي مۇدىر غاپپارنىڭ قىزى دەپ بىلگەچكە ، ئۇنىڭغا ئانچە چېقىلالمايتتى . بىراق ، بۇ «خامباستى جېڭى» دە ھەممىسى ئوخشاشلا تاياق يەپ ، يۈز - بۇرۇنلىرى قاناپ ، كىيىملىرى يىرتىلدى . ئۇچقۇنئاي بۇ «جەڭ» دە «ھەقىقەتنى قوغدىغۇچى قەھرىمان» دېگەن نامغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئەمما مەكتەپتە يۈرگۈسىز سەت ئاتاققا قالدى . ئەتىسى مەكتەپنىڭ ئاپئاق ئاقارتىلغان كوچا تېمىغا ياغاچ كۆيۈندىسى بىلەن بىر قىز ، بىر ئوغۇلنىڭ سۆيۈشۈپ تۇرغان رەسىمى ..غان سىزىلىپ ئاستىغا «ئۇچقۇنئاي ، ئەنۋەر» دەپ يېزىلغانىدى . بۇنداق ھارسىز رەسىم ، پاسكىنا سۆزلەر تام ، دوسكا ، سېمونت پەلەمپەي ، دەرەخ غوللىرىغا بىرەر ئايغىچە يېزىلىپ كېيىن بېسىقىپ قالدى . يۈزى تۆكۈلگەن ئەنۋەر ئونىنچى سىنىپقا كۆچۈش يىللىق ئىمتىھانىغا قاتناشماي مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى . ئۇچقۇنئاي ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر - ئىككى قېتىم ئىزدەپ بېرىپ سۆزلەشكەن بولسىمۇ ، ئۇ قەتئىي ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى .

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇلار لوپ بازار ئىچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان «بولجالىق» قا كەلدى . بۇ ئورمان ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، ئەمما توغراق ، مۇشا ، كۆك تېرەك ، ئەرمۇدۇن دېگەن

ىدەك خىلمۇخىل دەرەخ ۋە چاتقاللار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ،
ئورمان ئوتتۇرىسىدا يىلان باغرى بىر كىچىك ئېقىنمۇ بارئىدى .
ئەنۋەر ئېرىق بويىدىكى قېلىن ئوتلاقتا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ
غەمكىن ئولتۇراتتى . ئۇچقۇنئاي بولسا بىر تۇپ تېرەككە يۆلەن-
گىنىچە ئۆرە تۇراتتى .
ـــ بىلىمەن ئۇچقۇنئاي ، سىزنىڭ كاللىڭىزدا مەن توغرۇ-
لۇق جىق گۇمانلار بار ، ـــ دېدى ئەنۋەر ئېرىقتىكى سۇغا قارى -
غىنىچە ، ـــ ئويلاپ باقسام ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئاھانەتلى-
رى ، سالغان خورلۇقلىرى يوللۇقكەن . ئۇلار راست دەيدۇ ، مەن
مۇشۇ يېشىمدا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇسام توغرا بولاتتى ، لې-
كىن ئۇ ئارزۇلىرىمغا يېتەلمىدىم . نېمە ئۇچۇن دەپ سورىماي-
سىزغۇ ؟ بۇلارنى سۆزلەپ كەلسەم ئىچىم خۇن بولۇپ كېتىدۇ .
ئەنۋەر بۇدۇر چاچلىرىنى قاماللاپ ، يۇزلىرىنى مەقسەتسىزلا
سىلاپ ، بىر يۇزىگە ئالىقىنىنى قويدى - دە ، «توۋا ، شۇ چاغقى-
چە زادىلا چۈشىنەلمىدىم» دەپ قويدى .
ـــ ئېسىڭىزدىمۇ ، سىز بەش ياش چاغلىرىڭىزدا دادىڭىز
سىزنى ئىزدەپ كەلدى . مەن ئۇ چاغلاردا ئىككىنچى سىنىپتا
ئوقۇيتتىم . دادىڭىزنى مەن يىغلاپ تۇرۇپ كىرىيە تۇرمىسىگە
ئۇزىتىپ قويدۇم . ياشلىرىم نېمىشقا تۆكۈلۈۋاتىدۇ ، نېمانچە
بىئارام بولىمەن . بۇمۇ ماڭا چۈشىنىكسىز ئىدى . بەلكىم دادى-
ڭىزنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ سۆزلىگەن ئوغلى
ئەزىمەت توغرۇلۇق چەككەن دەرد - ھەسرەتلىرى ، تارتقان سو-
رۇقچىلىقلىرى مېنىڭ باللىق قەلبىمنى ئېزىپ قويغان چېغى .
شۇ چاغدا ئۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلاپ بەرگەن ئون سوم
پۇلنى خەجلىمەي تا ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن . نېمە ئۇ-
چۇن شۇنداق قىلدىم ، ئۆزۈممۇ بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمەن .
چۈنكى ، ھېكمەت ئاكام مەندە تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بول-
مايدىغان ئاجايىپ خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى . بىلمىدىم ، شۇ

كۈنى كېچىسى ئانام بىلەن دادام بىر كېچە كۈسۈرلىشىپ چىقتى ـ دە ، ئەتىسى مېنى كىرىيىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ تۆت ئايدا قايتىپ كەلدۇق . مەھەللىدىكى قوشنىلار مېنىڭدىن : «قەشقەر قانداقكەن ، ئەجەب ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىڭلارغۇ» دەپ سورىشىدى ، مېنىڭ ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى . مەن شۇ يىلى ئوقۇشتىن قالغاچقا كېلەر يىلى يەنە ئىككىنچى سىنىپنى قايتىلاشقا توغرا كەلدى .

ئەنۋەر شىقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە جىمىپ قالدى . ئۇ بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇچقۇنئايغا قاراپ «زىرىكتىڭىزمۇ» دەپ سوراپ قويدى .

— ئېيتىڭا ئەنۋەر ، سىزنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇپ ، بارمىسا بولمايدىغان قانداق ئىشكەن ئۇ ، — ئۇچقۇنئاي ئەنۋەرگە تىكىلدى ، — توۋا ، مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم .

— دادامنىڭ قول ـ ئىلكىدە بار بىر ئىنىسىنىڭ ئىشى بولمامدۇ ، ئۇ داۋاملىق بارساقلا نەچچە ئايلاپ تۇتۇۋالىدۇ .

— قېنى سۆزلەڭ .

— 81 ـ يىلى ئانامنى داۋالاتقىلى ئۈرۈمچىگە كەتتۇق ، قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئانام قازا قىلدى ، — ئەنۋەر ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى ، — مەن يەنىلا بۇرۇنقى سىنىپىمغا كىرىپ ئوقۇپ ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتمىدى ، دادام مېنى يەنە كىرىيىگە ئېلىپ كەتتى . بۇ قېتىم يېرىم يىلدا قايتىپ كەلدۇق . مەن دادامغا مەكتەپكە بارايمۇ ، دېسەم ئۇ : «ئەمدى يېتىشەلمەيسەن ، كېلەر يىلى قايتىلاپ ئوقۇ» دېدى . مانا شۇنىڭ بىلەن چېكىنىپ ـ چېكىنىپ ئاخىر قالغان كۈنۈم مۇشۇ بولدى .

— توۋا ، ئاجايىپ ئاتا ـ ئانىلار بار ـ ھە ، — دېدى ئۇچقۇنئاي ئاچچىقىنى يوشۇرالماي ، — ئوقۇۋاتقان . بالىلىرىنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىنى ئويلىمايدىغان .

— ئۇچقۇنئاي ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ ، —

ئەنۋەر باشقا ياقلارغا قارىۋالغانىدى، — غاپپار مۇئەللىممۇ ماڭا
خېلى بەك قاتتىق گەپلەرنى قىلىۋەتتى.

— ھەرقانداق ئادەم مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا، شەخسىي ئىسە-
تەكلىرىمگە ئارىلىشالمايدۇ، — ئۇچقۇنئاي ئاستا كېلىپ ئەن-
ۋەرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — ئېيتىڭا ئەنۋەر، يۈرىكىڭىزدىكى
گەپنى قىلىڭ، مېنى ياخشى كۆرەمسىز، كۆرمەمسىز؟

— ئۇچقۇنئاي!… — ئەنۋەر ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان
قىزنى باغرىغا بېسىپ يىغلىۋەتتى، — بۇنىمۇ سوراش كېتەم-
دۇ؟ سىزنى ياخشى كۆرۈشۈم يۈرەككە تالىق مۇھەببىتىم، دادى-
ڭىزنى ياخشى كۆرۈشۈم ھۆرمەت بىلەن سۇغىرىلغان مۇھەببە-
تىم، بىراق قورقىمەن…

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— دادىڭىز سىزنى ھامان بىر كۈنى ئېلىپ كېتىدۇ، —
ئەنۋەر باغرىدىكى قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇراتتى، — ئې-
لىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئېگىز ئوقۇرغا ئېسى-
لىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. چۈنكى، سىز ئاتالغان ئادەم-
نىڭ قىزى، مەن بولسام بىر يېتىم بالا.

ئۇچقۇنئاي ئەنۋەرنىڭ دادىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى،
ئۇنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئانىسىنىڭ
ئەرگە تېگىپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى بۇرۇن ئەنۋەردىن ئاڭلى-
غانىدى.

— ئانىڭىز ئەرگە تەگكەندىن كېيىن سىزنى ئىزدەپ پە-
قەتلا كېلىپ باقمىدىمۇ؟

— چىراي شەكلىنىمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا، مەن بوۋام
بىلەن مومامنى «دادا، ئانا» دەپ چوڭ بوپتىمەن.

— ئوقۇمىسىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ —
ئۇچقۇنئاي ئۆنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، — دېھقان
بولامسىز؟

— ياق ، تراكتورچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا تىزىملى-
تىپ قويدۇم ، ئالدىمىزدىكى ئايدا ئوقۇش باشلىماقچى .
ئۇلار كۆن ئولتۇرۇپ ، دەل - دەرەخلەر ئارىلىقلىرىدىن
خۇددى شاتىۋاردەك يول - يول چۈشكەن قىزىل نۇر ئوتمان
ئېچىنى سۇس بىنەپشىرەڭ نۇرغا تولدۇرغاندا ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇشتى . ئۇچقۇنئاي ئۆزىنىڭ سۆزگە چېۋەرلىكى بىلەن ، ئەن-
ۋەرنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىۋەتتى .
ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى شەھەر
سىرتىدىكى توغراقلىقلارغا بېرىپ ئوينايتتى ، كېچىلىرى كىنو
كۆرەتتى . بەزىدە ئەنۋەر ئۇچقۇنئاينى ئۆيىگە باشلاپ ئاپارسا ،
يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇچقۇنئاي ئۇنى شەھەردىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ
مېھمان قىلاتتى . مەھبۇبە ياۋاش ، يۇزى تۆۋەن ، ئەدەپلىك ئەن-
ۋەرگە ئامراق بولۇپ قالدى . بولۇپمۇ بۇ بالىنىڭ قاملاشقان
سىن - سىپاتى ، خۇددى چوڭلاردەكلا سىلىق مۇئامىلىسى مەھ-
بۇبەدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى
سۈرۈشتە قىلىپ ، غوپۇر نىيازنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى بىلى-
گەندە ، 67 - يىلى لوپنىكى ئىنقىلابتا ، ھېكمەت ئىككىسى بىللە
كىرگەن ئۆي ئىگىسىنى يادىغا ئالدى . ئۇ كۆڭلىدە «ھېلىقى
‹دادىي › دەپ يىغلىغان بالا شۇ ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى .
مەھبۇبە دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى «ساۋاقداشلىق» مۇنا-
سىۋىتىگە سەل قارىدى ، لېكىن كېيىن ئايرىۋېتىشكە ئامال قى-
لالمىدى .
— قىزىم ئۇچقۇن ، سىز تېخى ئەمدى ئون يەتتە ياشقا
كىردىڭىز ، — دېدى مەھبۇبە بىر كۈنى ، — ھازىرچە يىگىت
قوغلىشىدىغان ۋاقتىڭىز ئەمەس ، ياخشى ئوقۇسىڭىزلا ئىستىقبا-
لىڭىزنى تاپالايسىز .
— ياخشى ئوقۇماي قانداق قىپتىمەن ، ۋېيىي ، — ئوچ-
قۇنئاي يۇزىنى ئۆرۈدى ، — سىزمۇ ئون بەش - ئون ئالتە

بېشىڭىزدا دادامنى قوغلىشىپتىكەنسىزغۇ...

«قارسلا» قىلىپ ئاغزىغا ئۇرۇلغان بىر شاپىلاقتىن «بالا» تېرىلدى . ئۇچقۇنئاي ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ ، يەردە يۇمىلاپ ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى . بۇ ئىش يۈز بېرىپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە لوپتىن غاپپار كەلدى . ئۇ سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئۇزۇنغىچە قاپىقىنى تۈرۈپ ، پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئاخىرى ئۇچقۇنئاينىڭ مەكتەپتىكى ھېكايىلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ قايناپ قالدى .

— قىزىڭىزنى خوتەنگە يۆتكەپ كېتىڭ ، مەن ئەنسىرەپ قالدىم ، — دېدى غاپپار تۇغقانچىلىق يۈز - خاتىرىسىنى قىلماي ، — كېيىنچە بىزنىڭ ئۆيدە بىرەر نومۇسسىز ئىش يۈز بېرىپ قالسا ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن .

— جېنىم تاغا ، ئۇچقۇنئاينىڭ تەبىئىتى يېنىك قىز بولغىنى بىلەن ، — مەھبۇبە قىزىغا ئىشىنەتتى ، — ئۇ ئۇنداق يامان يولغا كىرمەيدۇ ، مەن ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن . مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا ئاز قالغاندا يۆتكىسەم چوقۇم ئوقۇشقا تەسىر يېتىدۇ .

— ئۇغۇ شۇنداق ، بىراق ئۇ كېيىنچە بىرەر ئىش تېرىپ قويسا ، مەن ئىگە ئەمەس جۇمۇڭ...

— بولدى ، ئۆزۈم ئىگە .

بۇنداق ئاھانەتلىك جېدەل تاغا - سىڭىل ئوتتۇرىسىدا بىر - نەچچە قېتىم بولۇپ ، سەۋر - قاچىسى تولغان مەھبۇبە ، ئۇچقۇنئاي بىلەن «سەن ، پەن» گە چۈشۈپ تۇتۇشۇپ قالدى .

— سەن ئۇ بالا بىلەن باغمۇ باغ ، ئورمانمۇ ئورمان بىللە يۈرسەڭ ، مەن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن ، — ۋارقىرىدى مەھبۇبە ، — ھەتتا كېچىلىرى كىنولارغا كىرىدىكەنسەن...

— كىرىمەن ، يۈرىمەن ، قانداق قىلىسەن ؟ ! — ئۇچقۇن-

ئايمۇ توقۇمنى قارىنىغا ئالدى، — چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى
كۆرۈمەن، سەن ماڭا ئىشەنمىگەندىن كېيىن، ئەمدى كۆر،
قانداق ئويناپدىكەنمەن...
كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان مەھبۇبەنىڭ قولىغا قاچانلاردا
لاخشىگىر چىقىپ قالدى، ئۆزىمۇ ئۇقماي قالدى. قىزىنى قارد-
قويۇق ئۇرۇپلا كەتتى. پېشانىسىنى قاماللىۋالغان، بارماق ئارد-
لىقلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرغان ئۈچقۇنئاي «ئەمدى مېنىڭ
ئۆلۈكۈمنىمۇ كۆرەلمەيسەن» دەپ يىغلىغىنىچە سىرتقا ئۆزىنى
ئاتتى. مەھبۇبە مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بۆلۈنۈپ،
قۇرۇم كۆلى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، لوپ ئورمانلىقلىرىغىچە
بەش كۈن ئىزدەپ قىزىنى تاپالمىدى. ھەپتىدىن ئاشقاندا شەھەر-
دىكى بىرقانچىلىغان دوستى ئۈچقۇنئاينى ئۆيىگە ئەكېلىپ قوي-
دى. يۈزلىرى قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن ئۈچقۇنئاي قۇرۇم
كۆلىگە يېتىپ بارغاندا، بىر توپ بولۇپ سەيلىگە چىققان قىز
دوستلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەنىدى.
يېنىدا ياتقان ئۈچقۇنئايغا قاراپ ئولتۇرغان مەھبۇبە يۇم-
يۇم يىغلىدى. ئۇ ئېرىدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، قىزىدىن ئايرد-
لىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ھېكمەت بىلەن ئۆزىنى بىردىنبىر
باغلاپ تۇرغان ئاخىرقى ئۈمىد يىپىمۇ شۇ ئىدى. ھەسرەتلىك
قەلبىدە چاقنىغان ئاشۇ كىچىككىنە ئۈمىد يۇلتۇزىمۇ كۆچۈپ
كەتسە، ئۇنىڭ ھاياتىدا يەنە نېمە قالسۇن؟! ھېكمەتنىڭ يۈرىكد-
دىن تامغان ئاشۇ بىر تامچە قان، ئۇنىڭ ياشاشقا بولغان ئىشەند-
چىسىنى ئاشۇرۇپ كەلمىدىمۇ؟!
— قىزىم ئۈچقۇن، ئاناڭنى كەچۈر، — مەھبۇبە يىغلاپ
تۇرۇپ قىزىنى قۇچاقلىدى، — ئىقبال - تەقدىرىڭ ئۆزۈڭگە
مەنسۇپ، ئۇنى قوغدامسەن ياكى دەپسەندە قىلامسەن، ئۆزۈڭ
بىلىپ بىر يولغا ماڭارسەن. مەن ئەمدى سېنىڭ ئىشلىرىڭغا
ئارىلاشمايمەن.

— جېنىم ئانا، ماڭا نېشەنمەمسىز؟ — ئۇچقۇنئاي مەھ-
بۇبەنى قۇچاقلىدى، — ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن سىزنىڭ ھەم
ئۆزۈمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن...
— مەن سىزگە ئىشىنىمەن قىزىم، ئىشەنمەيمۇ ئامالىم
يوق، — مەھبۇبەنىڭ چىرايىدىن بەكمۇ بىچارىلىك چىقىپ تۇ-
راتتى، — لېكىن دادىڭىز ئاڭلىسا نېمە دەر؟ ئۇنىڭغا يۈز كې-
لەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ قويماڭ...
— دادامنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيمەن، كىم بىلىدۇ، ئۇ-
رۇمچىدە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدۇ.
— ئاغزىڭىزغا كەلگەننى بىلجىرلىماڭ، دادىڭىز ئۇنداق
ئادەملەردىن ئەمەس، بولدى ئۇخلاڭ.
ئۇچقۇنئاي ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ ئانىسىغا «مەكتەپكە
بارىمەن» دەپ قويۇپلا، خوتەن ناھىيىلىك تراكتور زەنى ئاچقان
كۇرسانتلار سىنىپىغا ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەنۋەرنىڭ بۇ
يەردە ئوقۇۋاتقىنىغا تۆت ئايدىن ئاشقانىدى. ئۇچقۇنئاي ئانىسى-
نىڭ «قۇشۇلغانلىق» خۇش خەۋىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەندىن
كېيىن، لوپقا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ مەكتىپىگە كېتىپ
قالدى. ئۇ بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتنى تۈگىتىپ، پوپكىسىنى
مۈرىسىگە ئاسقان ھالدا خىيال بىلەن ئۆيىگە قايتىشى، ئەنۋەر
يىراقتىنلا يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.
— قاچان كەلدىڭىز؟ — ئۇچقۇنئاي خۇشاللىقىنى يوشۇ-
رالمىدى.
— ھازىرلا ماشىنىدىن چۈشۈشۈم، بۈگۈن شەنبە بولغاز-
دىن كېيىن بالدۇرراق قويۇپ بەردى، — ئەنۋەر ئەتراپىغا قا-
راپ قويدى، — ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىردەم پاراڭلىشاي-
لى دېۋىدىم.
— دادىڭىز يەنە، خوشى كەلسە ئېچىلىپ، خوشى كەلمى-
سە تۇتۇلۇپ، ئادەمنى خىجىل قىلىپ قويارمىكىن؟

— ۋاي... ئادەم قېرىغاندا ئاشۇنداق بولۇپ قالامدىكىن-تاڭ، ھەممىلا ئىشنى كوچىلاپ، چىپىلىپ باقىدىكەن، — ئەنۋەر كۈلۈپ قويدى، — دېمىسىمۇ يەتمىش سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى دەڭگا.

— يەتمىش سەككىزگە، ئۇچقۇنئاينىڭ كۆزلىرى چەك-چەيدى، — ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئۆزى نېمە دېگەن تېتىك.

ئۇلار خۇشال كۈلۈشۈپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، ئاپئاق ساقاللىق غوپۇرنىياز تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۆرۈك چېچەكلىرىنى سۈپۈرۈپ بىر يەرگە دۆۋىلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەگرى ھاسىدەك گەۋدىسى ئېغىر تەۋرىنىپ، چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. ئاپئاق ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى خۇنى قاچقان كۆزلىرى بولسا، ئىسلاشقان ئەينەكتەك گۇنسىز پارقىرايتتى. ئۇ قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ بالىلارغا تىكىلدى.

— دادا، مەن كەلدىم، — ئەنۋەر دادىسىنىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئالدى، — سەن قىلمىساڭمۇ بولاتتىغۇ، ئۆزۈم سۈپۈرۈۋېتەتتىم.

غوپۇرنىياز ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم كەلگەن ئۇچقۇنئاينى تونۇغاچقىمۇ، «ھە، قىزىم سىزمۇ بارمىدىڭىز» دېيىش بىلەن كۆپايىلەندى- دە، بېلىگە ئىككى قولىنى قويغىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەنۋەر بىلەن ئۇچقۇنئاي ھويلىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ بولۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى.

— ئۇچقۇنئاي، سىز كۆكتاتلارنى يۇيۇپ تەييارلاڭ، مەن خېمىر يۇغۇراي، دادام ئۇزۇپ تاشلاپ ئەتكەن سۇيۇق ئاشقا ئامراق، سىزنىڭمۇ قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟ — دېدى ئەنۋەر كاساڭغا ئۇچۇملاپ ئۇن سېلىۋېتىپ، — يا ئىشقا سالدى دەپ خاپا بولامسىز؟

— ياقەي، — ئۇچقۇنئاي يەڭلىرىنى تۈردى، — سىز

ئوقۇۋاتسىڭىز دادىڭىز ئاش - تاماقنى قانداق قىلىدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن شۇڭا بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن كەچتە قايتىپ كېلىپ، دادامغا تاماق ئېتىپ، نانلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىپ كېتىمەن، — ئەنۋەر كۈلۈپ قويدى، — مەن بولمىغان چاغلاردا بازاردىن ئەكىرىپ يەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن ھەر كۈنى كەچتە كېلىپ تامىقىنى ئېتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ — ئۇچقۇنئاي ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — مېنى ئوخشىتىپ ئېتەلمەيدىكەن دەمسىز؟

— ئۇنداق ئويلىمىدىم، ئەمدى… سىزنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولىدۇ.

— قويۇڭا ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى، — ئۇچقۇنئاي پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — ھەي، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلەمدۇ؟

— ئۆزىمۇ سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆتكەندە «ئۇ سىڭ-نىڭ خىۋالاشقان قىزىڭ ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇچقۇنئاي قىزىرىپ كەتتى. ئۇلار ئىچىگە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىنى شىۋىرلاپ دېگۈدەك سۆزلىشىپ يۈرۈپ سۇيۇق ئاشنىمۇ تەييار قىلىشتى، ئاندىن يۇمىلاق شىرەدە ئولتۇرۇشۇپ تاماق-قا تۇتۇش قىلىشتى. غوپۇر نىياز پات - پاتلا «پاھ، پاھ بۈگۈنكى سۇيۇق ئاش بەلەن ئوخشاپتۇ» دەپ قوياتتى.

— دادا، بۈگۈنكى تاماقنى ئۇچقۇنئاي ئەتتى، — دېدى ئەنۋەر ئۇچقۇنئايغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بۈنىڭدىن كېيىن ھەر كەچلىكى تامىقىڭنى ئېتىپ بەرمەكچى.

— ياخشى، ياخشى، قولىڭىز تاتلىق ئىكەن قىزىم، — بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى، — ئۆزىڭىز خېلى ئەدەپلىك كۆرۈنۈ-سىز، ئېيتىڭا قىزىم، سىز كىمنىڭ قىزى؟

— دادا، سەن ئۇچقۇنئاينىڭ دادىسىنى تونۇيسەن، — ئۇچقۇنئاي ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ئەنۋەر جاۋاب بەردى، — ھېلىقى بىر يىلى قىزىنى ئىزدەپ كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدە ئوغلى

ئەزىمەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ھېكمەت ئاكام يادىڭدا باردۇ؟ ھە؛ شۇ كىشىنىڭ قىزى بولىدۇ.

— ھېكمەت!... — بوۋاي گېلىدىكى چۆپنىمۇ يۇتماي، ئاغزى ئوچۇق ھالدا تۇرۇپلا قالدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئوبدانلا تىترەۋاتقان قولىدىن ياغاچ قوشۇق يەرگە چۈشۈپ كەتتى، — ھېكمەت!... ھېكمەت! !...

— دادا، دادا، ساڭا نېمە بولدى؟ — ئەنۋەر يەردىن قوشۇقنى ئالدى، — مىجەزىڭ يوقما؟

— يۈرىكىم... يۈرىكىم بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — بوۋاي يېرىملاشقان ئېشىنىمۇ ئىچمەي، دەلدۈگۈنۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بىر ئوبدان گەپ قىلىپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ «ھېكمەت» دېگەن ئىسىم چىقىش بىلەنلا ئۆزگىرىپ قېلىشى ھەر ئىككىسىنى تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قويدى. ئۇلار قوشۇقلىرىنى تۇتقان ھالدا، بىر - بىرىنىڭ يۈزلىرىگە قارىيالماي ئولتۇرۇپ كەتتى. «شۇ يىللىرى دادام غوپۇر نىيازنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكۇدەك بىرەر ئىش قىلمىغان بولسا، بۇ بوۋاي بۇنداق بىئارام بولارمىدى» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ئۇچقۇناي ئېشىنىمۇ ئىچمەي ئورنىدىن تۇردى - دە، چىقىپ كەتتى. ئەنۋەر بولسا: «ھەي خۇدا، قېرىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەك نىمىدېگەن تەس. كىچىك بالىدەك ھېلىدىن - ھېلىغا ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئەگەر دادام بىلەن ئانام ھەغدا بولغان بولسا، بۇ كۈنلەرگىمۇ قالماس ئىدىم» دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ كەچتە دادىسى ياتقان كىچىك ھۇجرىغا ئاستا تىۋىش چىقارماي كىرىپ كەلدى. غوپۇر نىياز كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان ھالدا تۇرۇسقا تىكىلىپ ياتاتتى.

— دادا، ئادەمنى خىجىل قىلىپ نېمە قىلغىنىڭ ئۇ، — ئەنۋەرنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — ئۇچقۇناي ئىزا تارتقىنىدىن تاماقنىمۇ يېمەي چىقىپ كەتتى.

— ئېيتقىنا ، راستىڭنى ئېيت ، — غوپۇر نىياز خىرقىـ
ـرىدى ، — سەن راستىنلا ئاشۇ قىز بىلەن توي قىلماقچىمۇ —
هە ؟
— بۇ ئۆزۈڭگە ئايانغۇ .
— پوق يېمە ، ئاناڭ هايات ۋاقتىدا كىرىيىدىكى كىچىك
داداڭنىڭ قىزىغا سۆز سالدۇرۇپ قويغان تۇرساق ، — غوپۇرنىـ
ىيازنىڭ يالغان ئېيتمۇاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى ، —
سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى پوق قىلماقچىمۇ ؟ ئاناڭنىڭ روهى قوـ
رۇنامدۇ ؟
— كىچىك دادامنىڭ قىزى ، — ئەنۋەر ئاچچىقىدا پۇشۇلـ
ـداپ كەتتى ، — ئۇ ، ئۇنى ئانا قىلامتىم··· مەندىن شۇنچە چوڭ
تۇرسا .
— سەن··· سەن··· — غوپۇر نىياز ئىنجىقلاپ يۈرۈپ
تەكىيىگە جەينەكلىدى ، — سەن قېرى داداڭغا گەپ ياندۇرغۇـ
دەك بولدۇڭما ؟ ۋۇي ۋىجدانسىز ناكەس ، يوقال كۆزۈمدىن ،
مېنىڭ كۆزۈم پىلدىرلاپلا تۇرىدىكەن ، ئۇ قانجۇق بىلەن توي
قىلالمايسەن !
— ئۇ قىزنىڭ نەرى يارىمىدى ساڭا ؟ — مۇهەببەت ئادەمـ
ـنى يۈرەكلىك قىلىۋېتەمدۇ ، نېمە ، ئۆمرىدە ئاتا ـ ئانىسىغا قاش
كۆتۈرۈپ قارىمىغان ياۋاش ئەنۋەرگە زۇۋان كىرگەنىدى ، — هەتتا
ئۇچقۇنئاينىڭ دادىسى سەن هوشۇڭدىن كەتكەندە سېنى يۈدۈپ
ئۆيۈڭگە ئەكېلىپ قويۇپتىكەن ، شۇ ياخشىلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ
قالدىڭمۇ ؟
— ئۇنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولما ، — غوپۇر نىياز هاـ
سىراپ تۇراتتى ، — توۋا قىلدىم خۇدايىم ، توۋا قىلدىم ! ئۆزۈن
يىل بولدى ، بىر ئەرۋاهنىڭ سايىسىنى ئەجەب هەمراه قىلىپ
قويدىڭا··· مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالۋاستى جىنىنى ئەۋەتتىڭ ، ئاه
تەڭرىم ، بۇ ماڭا ئەۋەتكەن قىساس شەپىسىمۇ ! ؟

غوپۇر نىيازنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، كۆكرىكى ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ، جان بېرىشى تەس بولۇۋاتقان سەكراتتىكى بىماردەك هالغا چۈشۈپ قالدى. ئەنۋەر بۇ هالدىن ئەندىككەن بولسىمۇ، لېكىن هېكمەت ۋە ئۇنىڭ قىزى هەققىدە بولۇنغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلىگە چوڭ تۈگۈچتىن بىرسى تۈگۈلۈپ قالدى. قېرىپ مېڭىسى يىگىلەپ، زېهنىياتى سۇسلاپ كەتكەن غوپۇر نىيازمۇ، ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئالجىغانلىقىنى هېس قىلىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئېغىزدىن چىققان سۆز «ئېتىلغان ئوق، قىنىدىن تاشقان سۇ» دەيدىكەن كونىلار، ئەمدى بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ زىنهار مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، غوپۇر نىياز يۈزىگە قارىنى سۈۋاپ ئوغلىغا يالغان سۆزلەش ئارقىلىق يەنە بىر گۇناهقا پاتتى، شۇنداق قىلمىسىمۇ ئامال يوق ئىدى.

— بالام بايىقى سۆزلىرىمدىن هەيران بولما، — غوپۇر نىياز ئەپچىللىك بىلەن نازۇك تۆهمەتتىن بىرنى توقۇدى، — هېكمەت سودا سارىيىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەندە، ماڭا دەهشەت خىيانەتنى ئارتىپ، تۈرمىگە سولىتىۋەتكىلى تاس - تاماس قالغان…

— قىزىق گەپ، — ئەنۋەر هەيران بولدى، — هېكمەت مېنى يۇدۇپ ئېلىپ كەلگەن چاغلاردا، مەن پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن دېمىگەنمىدىڭ، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

— شۇنداق دېگەنمىدىم، — ئۇ… ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار بالام، ئارىمىزدىكى دۈشمەنلىك كېيىن يۈز بەرگەن. سەن ئۇ چاغلاردا تۆت ياشلاردا ئىدىڭ، — غوپۇر نىياز قونغان شېخى ئېگىلسە، يەنە بىر شاخقا قونىدىغانلاردىن ئىدى — ئۇ، مېنىڭ بوغۇلۇپ بولغان نەچچە ئون يىللىق بوغالتىرلىق هېساباتىمنى قايتا تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن تالونلارنى «تامغىسى ئېنىق ئەمەس»، «يالغان» بەزىلىرىنى «ئاق هۆججەت» دەپ هېسابقا

كىرگۈزمەي ، مېنى تۇتۇپ ئاپىرىپ نەچچە ئاي سولاپ قويدى .
شۇ چاغلاردىكى ئاناڭنىڭ يىغىسىنى دېمەيلا قوي... قىسقىسى ،
ئائىلىمىزنى بىلىنى رۇسلىيالمىغۇدەك ۋەيران قىلىۋەتتى .
— ئەجەب بۇ ئىشلارنى مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن .
ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى خىرەلەشتى . بولۇپمۇ ئۆزى ئېتىقاد قد-
لىپ كەلگەن ھېكمەتنىڭ ئۇنداق رەزىللىكنى قىلىدىغان قارا
كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئادەم ئەپتد-
دىن بىلىنۇر دېگەندەك ، پاكلىق ، دىيانەت ، پاكىز ئىمان ، سە-
مىمىيەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان چىراي بەجايىكى ئېچىقلىق
تۇرغان ھۆسۇن خەتتۇر . ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن پۈتۈكلەر ئۆزىنىڭ
ھادىس گۈزەللىكى بىلەن بەھرىگىنى ئاچسا ، ئەينەكلىكى ۋە تارازا
مىزانلىقى ئارقىلىق ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ ، قىزارتىدۇ ، ئۆرتەي-
دۇ . دىيانەتسىز ، ناباپ ، ناشۇكۇر ئادەملەرنىڭ چىرايى بولسا ،
ھامان تېگىدىكى تاشلارنى كۆرسەتمەيدىغان لاي سۇدەك ، يورۇققا
بېخىل دۇتلاشقان ئەينەكتەك ، ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان
قاراڭغۇ گۆردەك سۇرلۇك ھەم سىرلىق بولىدۇ . بۇنداق چىراي-
لارغا قارىغان ھامان كۆڭۈل غەش بولۇپ ، يۈرەك ئەنسىز سالد-
دۇ . شۇنداق ھاللارمۇ رۇي بېرىدۇكى ، سەن تۇنجى ئەسرا
بولغان ئادەمگە بىرلا قاراپ ئۆچ بولىسەن ياكى ئامراق بولۇپ :
«ئەجەب مېھرى ئىللىق ئادەمكىنا» دېگەن خىيال كۆڭلۈڭنى
كېزىپ ئۆتىدۇ . مانا بۇ ئادەم روھىنىڭ ئىدراكقا سىگنال بېرد-
شى ، ئىدراكىنىڭ ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغىتىشىدۇر .
غوپۇر نىيازنىڭ دېگەنلىرى ئەنۋەرنى ئەنە شۇنداق تۇيغۇلارغا
كەلتۈرۈپ قويدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ، بوۋاينىڭ تۈنۈگۈنكى ھا-
لىدىن ئەنسىرىگەن ئۇچقۇنئاي ھال سورىغان بولۇپ كىرىپ كەل-
دى . بۇ چاغدا غوپۇر نىياز تەرەت ئېلىش ئۈچۈن چۆگۈننى
كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىققانىدى . ئۇ ئەگرى قوزۇقتەك ئېگىشكەن
ھالدا ، نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ، بىگىزدەك قا-

دىلىپ شۇنداق ھومسىيىپ تۇردىكى، ئۇچقۇنئاي ئۇنىڭ توختىماي مىتىلداۋاتقان تۇكلۇك كالپۇكلىرىغا، چىڭگىشلەشكەن بومبا ساقاللىرىغا، چۈگۈن تۇتقان قوللىرىنىڭ توختىماي تىترەشلىرىگە قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

— خېنىم، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمىسىلە، ماقۇلما، — غەزىپىنى تەستە بېسىپ تۇرغان بوۋاينىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەۋاتاتتى، — ئەگەر يەنە ئىزدەپ كەپقالسىلا مەندىن ئاغرىنمىسىلا.

— بوۋا، بۇ نېمە دېگەنلىرى، مەن ئەنۋەر بىلەن...

— ھە، ئەنۋەر بىلەن نېمىش قىلماقچىدىلا، قانداق قېلىن قىز بالابۇ، — غۇپپۇر نىياز ئاچچىقىدا بىر سىلكىنىۋىدى، چۆگۈندىكى سۇ ئايىغىغا تۆكۈلدى، — بىلىپ قويسىلا، بالامنىڭ خۇۋالاشقان ئادىمى بار، سۆز سالدۇرۇپمۇ بولغان، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شىنىدەك قىسىلىۋالمىسىلا... .

— مەن ئىشەنمەيمەن، ئەنۋەر مېنى ئالدىمايدۇ، — «قېلىن قىز بالا» دېگەن ھاقارەتتىن ئۆتى تاشقان ئۇچقۇنئايمۇ قاتتىقلا تەگدى، — چوپچوڭ ئادەممۇ يالغان ئېيتىدىكىنا.

— ئوغۇل بالا دېگەننىڭ ھەممە تاماقنى تېتىپ باققۇسى كېلىدۇ، — تەرەت ئېلىشقا چىققان «مۇسۇلمان» ئەتىگەندىلا نەۋرىسىدەك قىزغا تىل سېلىۋاتاتتى، — قانداق ئەرسىراپ قالغان بۇقا[1] بۇ، تېخى بوۋىسىدەك ئادەم بىلەن تەڭ تاكاللىشىدىيا.

— ئاڭسىز، — ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان سەت تىللاردىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ئۇچقۇنئاي ئۇنى ئاياپ قويمىدى، — ئىسىت، شۇنچە يىل دۆلەت كادىرى بولغان ئادەمنىڭمۇ ئاغزى شۇنداق پاسكىنا بولامدۇ، سىلىنىڭ نەلىرى مۇسۇلمان؟!

— يوقال جىن تاكا، كۆزۈمدىن يىت دەيمەن، ۋۆي ئېزىتقۇ، — كېچىككىنە قىزنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىگە مىختەك

---

① خوتەندە پەدىشەپنى بىلمىگەن قىزلارنى «بۇقا» دەپ تىللىشىدۇ.

قادالغان غوپۇر نىياز بۆرە جۇۋىسىنى ئەتۇر كىيدى، — ئەمدى ئەنۋەرنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولساڭ پاچىقىڭنى چاقىمەن.

ئىچكىرىكى ئۆيدە تراكتورغا ئائىت كىتاب كۆرۈۋاتقان ئەنۋەر دادىسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىشى، بوۋاي چۆگۈننى كۆچەپ ئاتقانىدى، چۆگۈن دەرۋازىغا تېگىپ شالاخلاپ تۆكۈلگەن سۇ، ئۇچقۇنئاينىڭ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇچقۇنئاي يىغلىغىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، نېمانداق سەپراسەن؟

ئەنۋەر دادىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچىنىڭ ئايىغىدىكى سۆگەتلىك كۆل بويىغا بارغاندا ئۇچقۇنئايغا يېتىشىۋالدى. ھەر ئىككىلىسى ھاسىراپ نەپەس يېتىشتۇرەلمەي قالغانىدى. ئۇلار سەل ئۆزلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، كۆل بويىدىكى پور سۆگەتنىڭ دالدىسىغا كېلىشتى.

— كىرىيىدە خۇۋالاشقان قىزىڭىز تۇرۇقلۇق مېنى نېمىشقا كولدۇرلىتىپ يۈرىسىز؟ — ئۇچقۇنئاينىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى، — سىزنى بۇنداق ئالا كۆڭۈل دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— قەسەم قىلىپ بېرەي، ئۇنداق ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، — ئەنۋەرنىڭمۇ قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى، — بۇ دادامنىڭ ئويدۇرۇپ تاپان گېپى.

— ئۇ بۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى - ھە؟ — ئۇچقۇنئاينىڭ ئاچچىقى بېسىلماي تۇراتتى، — قېرىغان چېغىدا ئاغزىدىن نېمە پوق ئېقىۋاتىدۇ، ئاڭلىغانسىز؟ توۋا قىلدىم، تونۇگۈنكى بىر ئوبدانلا ئادەم بۈگۈن غالجىر بوپتىغۇ، غالجىر... ئېيتىڭا زادى نېمىچۈن؟

— سىز بۇنداق قىستاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېيتسام ئېيتاي، — ئەنۋەر يەرگە قارىدى، — بۇ دادامنىڭ دادىڭىزغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن كېلىپ چىققان قىساس.

— دادام؟ — ئۇچقۇنئاي دېمىغىنى قاقتى، — ئېھىي،
ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، دادام دادىڭىزغا ياخشىلىق قىپتىكەن.
ياخشىلىققا جاۋاب ياندۇرغىنى شۇ بولسا، بىلمىدىم، سىلەرنىڭ
مىزانىڭلاردا ياخشىلىقنى قانداق چۈشىنىسىلەر؟

— دادامنىڭ دېگەنلىرىگە مەنمۇ ئىشەنمىدىم، — دېدى
ئەنۋەر خىجىللىق بىلەن، — شۇنداقتىمۇ ئۆزىڭىزنى بېسىۋې-
لىڭ.

ئەنۋەر، ھېكمەتنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ كېلىپ
دادىسىغا قەستەن نۇرغۇن خىيانەت ئارتىپ جازالىغان جەرياننى
تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇچقۇنئاينىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈ-
شۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دادىسىنىڭ ئۇنداق ئىپلاسلىقنى
قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى.

— دادامنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، دىيانەتلىك قەلبى، —
دېدى ئۇچقۇنئاي ھەربىر گېپىنى مىخ قاققاندەك قىلىپ، —
ئۇنداق نومۇسسىزلىقنى قىلىشقا يول قويمايدۇ. بۇ خۇددى ئو-
سۇرغاققا ئارپا نېنى بانا دېگەندەك، دادىڭىزنىڭ ساغرىسىغا ئۇ-
رۇپلا تاپقان گېپى.

— شۇڭا دەۋاتىمەنغۇ، — ئەنۋەر تېرىككەندەك بولدى، —
ئۇنىڭ گەپلىرىگە مەنمۇ ئىشەنمەيمەن.

— بولدى خوش، — ئۇچقۇنئاي قايرىلىپلا ماڭدى، —
مەن بۈگۈنلا ئانامدىن ھەممىنى ئېنىقلايمەن.

ئۇچقۇنئاي غاپپارنىڭ ئۆيىگىمۇ بارماي، ئۇدۇل ئاپتوبۇس
بېكىتىگە باردى - دە، بېلەت ئېلىپ خوتەنگە مېڭىپ كەتتى.
ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاچچىق قاپلىۋالغاچقا، ناھايىتى زىل
ھەم تىرتەك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئاپتوبۇستا سۈرۈشۈپ
ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاغزى - بۇرنىغىچە
تويغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ھېلىدىن - ھېلى چىشلىرىنى غۇچۇر-
لىتىپ، بارماقلىرىنى قايرىپ قارس چىقىرىپ، غەزەپلىك تول-

غىنىشلىرى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى . «قىلىن قىزبالا» ، «شىـ
ىندەك قىسىلىۋالمىسىلا» ، «ئەرسىراپ قالغان بۇقا» ، «ئېـ
ـزىتقۇ» دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن سېسىق تىللار ئار ـ نومۇسىنى
ساقلاپ كېلىۋاتقان غورۇرلۇق بىر قىز ئۇچۇن يۇيۇپ بولمايدىـ
غان ھاقارەت ئىدى .

ئۇچقۇنئاي خوتەن بېكىتىدە ماشىنىدىن چۇشۇپلا ، يۇگۇرۇپ
دېگۇدەك ئۆيىگە كەلدىـ دە ، تال بوستان تېگىدە تاپشۇرۇق
تەكشۇرۇۋاتقان ئانىسىغىمۇ قارىماي ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى .
نېمىدىندۇر يۇرىكى ئۇيغان مەھبۇبە ، ئۇنىڭ كەينىدىن كىرگەندە
ئۇچقۇنئاي كارىۋىتىدە دۇم يېتىپ يىغلاۋاتاتتى . ئۇنىڭغا تەسەلـ
لى ، بەزلەش تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

ــــ «ئىچىمدىكىنى تاپ» دەپ بۇنداق يىغلاۋەرسىڭىز ، ماڭا
نېمە ئامال ، ــــ مەھبۇبە ئاچچىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ، ــــ قاـ
چان دېگىنىڭىز كەلگەندە شۇ چاغدا دەرسىز .

ــــ ئانا ! ــــ ئۇچقۇنئاي مەھبۇبەنى قۇچاقلىۋالدى ، ــــ ئۇ
قېرىنىڭ تىللىرىغا مەن زادىلا چىدىيالمىدىم ، ئۇ... ئۇ ئەنۋەر
ئىككىمىزنى ئايرىۋەتمەكچى .

مەھبۇبە دەسلەپتە چۆچۇگەندەك قىلسىمۇ ، ئىچىدە خۇشال
بولدى . ئۇنىڭ ، ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتماقچى بولغان قىزىنى ،
تراكتور شوپۇرىغا بېرىش خىيالى يوق ئىدى .

ــــ شۇنىڭغا شۇنچىلىك ياش تۆكۇپ كېتەمدۇ ؟ ــــ مەھبۇـ
بەنىڭ گەجگىسىدىن قورۇدى ، ــــ ئۇ تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىـ
دى ؟ قېنى سىزدىكى غورۇر ، ھېچكىمگە يول قويمايدىغان جۇرـ
ئىتىڭىز نەدە قالدى ؟

ــــ جېنىم ئانا ، مەن ئۇنىڭغا ئازابلىنىۋاتقىنىم يوق ، ــــ
ئۇچقۇنئاي سۆزدە كەتكۇزۇپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولدى ، ــــ
ئۇ چاۋاش قېرى دادامغا تۆھمەت چاپلاپتۇ ، ئەنۋەر ھەممىنى دەپ
بەردى .

— دادىڭىزغا نېمىشقا تۆھمەت چاپلاپتۇ؟ ھېكمەت ئۇ قېرىنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇپتىمۇ، تېخى ياخشىلىق قىلغان تۇرسا.

ئۇچقۇنئاي ئەنۋەردىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. مەھبۇبەنىڭ بىردە ئاچچىقى كەلسە، بىردە كۆلگىسى كېلەتتى. خۇددى ئېشىمدا يوق پۇرچاق تىزىكىمدە نېمىش قىلسۇن، دېگەندەك غوپۇرنىيازنىڭ ھېكمەتكە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان يالىنى چاپلىشى، ئامالسىزلىقىدىن بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئوغلىنى قورۇش يۈزىسىدىن باشقىلارغا يالا چاپلاپ يۈز - ئابرويىنى تۆكۈشى توغرا ئەمەس ئىدى.

— قىپقىزىل تۆھمەت بۇ، — مەھبۇبە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — مەن بېرىپ ھېكمەتنى ئاقلاپ كەلمىسەم بۇ قېرى يەنە نەلەردە ئاغزىدىن پوق ئېقىتىپ يۈرۈيدۇ. ئەگەر لوپتىكى تۇغقانلارنىڭ قولىقىغا يېتىپ قالسا بۇ نېمە سەتچىلىك!

— ئانا، چۈشلۈك چېيىڭىزنى ئىچىپ مېڭىڭ، — دېدى ئۇچقۇنئاي ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ھازىرلا چاي دەملەي.

— بولدى، ئۆزىڭىز ئىچىپ ئىچىڭ.

مەھبۇبە نېپىز روملىنى ئارتىپ بېكەتكە كەلدى - دە، توشۇپ قالغان ئاپتوبۇسقا قىسىلىپ چىقتى. ئۇ يولدا بارغۇچە غوپۇر نىيازغا نېمىلەرنى دېيىش، قانداق چۆچۈتۈپ قويۇش ھەققىدە ئويلاندى. «نېمىدېگەن مۇتەئەسسىپ قېرى، ياشلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئارىلىشىۋالىدىغان نېمە ھەققى بار! ھازىر قايسى دەۋر، زامان قانداق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇلارنى چۈشەنمىسە» دېگەندەك خىياللاردىمۇ بولدى. ھېكمەت بىلەن ئىككىسى بۇ رودۇپاي قېرىنى يۇدۇپ، يۆلەپ ئۆيىگە ئاپارغان ئىشلار يادىغا كېلىش بىلەن ئىچىدە «يۈزىسىز» دەپ تىللاپمۇ قويدى. بولۇپمۇ، تېخى يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزنى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ سەتلەپ كېتىشى ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادى ئۆتمەيتتى.

مەھبۇبە ماشىنىدىن قانداق چۈشتى ، قايسى كوچا ، كۆۋ-
رۈكلەردىن ئۆتتى ، بىر چاغدا ئۆزىنى غوپۇر نىيازنىڭ ئۆيىدە
كۆردى . ھويلىدا ئوتتۇن يېرىۋاتقان ئەنۋەر بويۇنلىرىغىچە قىزار-
غان ھالدا ئۇنى مېھمانخانىغا باشلىدى . مەھبۇبە تۆردىكى كۆرپە-
گىمۇ چىقماي ، سۇپا قىرىدىلا ئولتۇردى . ئۇنىڭغىچە ھاسىسىغا
تايانغان غوپۇر نىياز يالغان يۆتىلىپ كىرىپ كەلدى . ئۇ مەھبۇ-
بەنى ئون سەككىز يىل ئىلگىرى كۆرگەچكىمۇ تونۇمايتتى .
لېكىن ئەنۋەر ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويغانمۇ
نېمە ، خۇددى ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىنلىق دېگەندەك ،
ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ نەۋرىسىدەك قىزغا سالغان پاسكىنا
تىللىرى ، ھېكمەتكە قىلغان تۆھمەتىدىن ئوسال ئەھۋالغا چۈ-
شۈپ قالغان غوپۇرنىياز ، دېمىققاندەك بولۇپ سۇسلا سالاملاش-
تى . ئۇلار گەپنى نەدىن تېشىشنى بىلمەي بىر - بىرىگە ھومى-
يىپ خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن ، غوپۇر نىياز يەنە يالغان
يۆتەلدى ، بۇ ، گەپنى مەن باشلاي دېگەندىن نىشانە ئىدى .
— ئۆزلىرى ئۇچقۇنئاي خېنىمنىڭ ئانىسى بولىدىكەنلا ، —
دېدى غوپۇر نىياز كۆزەئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — ئەتىگەن
ئاچچىقىمدا قاتتىق - قۇرۇق گەپلەرنى قىلىۋېتىپتىمەن .
— غوپۇركا ، بۇ گەپلەرنى تەگىمەي تۇرايلى ، — مەھبۇ-
بەنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى ، — سىلى مېنى خەتلىرىگە
كەلتۈرەلەمدىلا ؟ بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل ئىلگىرىكى ئىشنى
سىنەكەپ باقسىلا .
— ئۆزلىرى··· — بوۋاي خۇددى قونداق ئىزدەۋاتقان
توخۇدەك بېشىنى سىڭايان قىلىپ خېلى سەپسالدى ، — خەتمە-
دە ، خەتمىدە ، ھېلىقى ھەربىيچە فورما كىيىپ ، قىزىل پەتتە
باغلاپ ، شەپكىسىگە ماۋجۇشىنىڭ ئىزنىكىنى قاداپ بىزنىڭ ئۆيى-
گە كىرگەن كىچىككىنە قىز سىلى ئوخشىمامىلا ؟
— رەھمەت ، ھەر نېمە بولسا ئۇنتۇماپلا ، گەپنىڭ ئۆزىگە

كېلەي ، مەن هازىر لوپ سودا سارايدىن كەلدىم ، — مەھبۇبە-
نىڭ توقۇغان يالغىنىدىن غوپۇر نىياز چۆچۈپ كەتتى ، — ئۇلار
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە
كادىرلىرى چۈشكەن . 69 ـ 70 يىللىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى
ئىدارىمىزغا كېلىپ باقمىدى» دېيىشتى . ئۇنداقتا ھېكمەت ئۆز-
لىرىگە قاچانلاردا زىيانكەشلىك قىلسۇن؟

— بۇ... بۇ... — بوۋاينىڭ بېشى ساڭگىلاپ ، دېمى
ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

— 67 ـ يىلى بىز لوپتا ناھەق جازالانغانلارنى ئازاد
قىلىپ ، قارا ئەنزىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن شەھەرگە
قايتىپ كەتتۇق ، — مەھبۇبە ھۇجۇمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاش-
تۇردى ، — ئۇزۇن ئۆتمەي ھېكمەت ئىككىمىز توي قىلىپ
غۇلجىغا كېتىپ قالدۇق . ئۇ يەردە ھېكمەت ئالتە ئاي رەسىم
سىزدى . شۇنداق ئىكەن ، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە خىيانەت
ئارتىپ جازالىتىۋەتسۇن؟ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلسۇن؟

— ئەمدى... ئەمدى ، چىمپىششىق گەپنى قىلسام ، —
بىر ـ بىرىدىن ۋەزنى ئېغىر سوئاللاردىن جىددىيلىشىپ قالغان
غوپۇر نىيازنىڭ كەيپى چېگىشلەشتى ، — بۇ... بۇ ، ئامالسىز-
لىقتىن بولدى . قىزلىرى خۇددى چىچقاق پاخلانغا چۈشىن ئەگە-
شەر ، كۈلگەك چوكانغا يىگىت ئەگىشەر دېگەندەك ، ئوغلۇمنىڭ
بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، مۇشۇنداق دەپ رايىنى
ياندۇردۇم ئەينا .

— سىلى مېنىڭ قىزىمنى ھاقارەتلەشكە ھەددىلىرى ئە-
مەس . بىلىپ قويسىلا ، ئۇ تەربىيە كۆرگەن بىر بىلىملىك
ئادەمنىڭ قىزى ، — مەھبۇبەنىڭ غەزىپى تاشقانىدى ، — ئەگەر
ئوغۇللىرىنىڭ لايىقى بار بولسا ، يولىدا چۈشەندۇرسىلە بولىدۇ-
غۇ ، بۇنىڭغا سۈيىقەست ، تۆھمەت ئىشلىتىپ باشقىلارنى قارد-
لاش ، ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن قىزنى ھاقارەتلەش كېتەم-

دۇ؟ سىلىنىڭ نەلىرى مۇسۇلمان!

— ئا... تولا داتاڭ سوراقا تارتىۋەرمىسىلە، — ھەر تەرەپتىن قاپسىلىپ قالغان غوپۇر نىياز چىچاڭشىپ قورقۇتماقچى بولدى، — ماڭا ۋەز ئوقۇغۇچە قىزلىرىنى باشقۇرسىلا، تولا غىلجىڭلىق قىلىپ ئوغلۇمنىڭ كەينىگە كىرىۋالمىسۇن.

— ئاغزىڭنى يۇم قېرى! — بۇ گەپنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى مەھبۇبە ئۆزىمۇ ئۇقالمىدى، — ئەمدى قىزىمنى ھاقارەتلەيدىغان بولساڭ ئاغزىڭنى يىرتىۋېتىمەن!

مەھبۇبە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ سۇپ-سۇر ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن غوپۇر نىياز راستىنلا قورقتى. ئۇ كۆڭلىدە «بۇ بېشەم خوتۇن غوۋغا كۆتۈرۈپ قۇلۇم-قوشنىلار ئاڭلاپ كەتسە، نېمە ئىشلار يۈز بېرەر» دېگەن خىيال ئۆتۈشى بىلەن بايىقى سەپرالىقى نەلەرگىدۇر يوقاپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئىت چېغىدا قانجۇقنى تالىمايدۇ غوپۇر نىيازنىڭ ئۇچقۇنئايىنى، مەھبۇبەنى تىللىغىنىنى ئاڭلىغانلار ئۇنى پوقىدا كۆمۈۋەتمەمدۇ.

— ئەمدى... ئەمدى... مەھبۇبەخان... ئادەم قېرىغان چېغىدا، — غوپۇر نىياز ئۆز پېيىدا ئېسىلىپ قالغانىدى، — كىچىك تەرىتىنى تۇتالمىغاندەك، نېمە دەپ، نېمە قويغىنىنى بىلمەيدىكەن، خاپا بولمىسىلا.

— سىلى قانۇننى بىلەمدىلا يوق، — بىر ئېغىز كەچۈرۈم سوراشتىن مەھبۇبە پەسكارىغا چۈشكەن بولسىمۇ، پەيلىدىن ياندىماي تۇراتتى، — ھازىر يېڭىدىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن قانۇننى پۈتۈن ئىدارە-جەمئىيەت، مەكتەپ، كارخانىلار مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ. سىلىنىڭ ھېكمەتكە قىلغان تۆھمەتلىرى قانداق جىنايەتكە ياتىدۇ؟ بىر ئوقۇغۇچى قىزنى ھاقارەتلىگەنلىرىچۇ... سىلى مەندىن ئاسان قۇتۇلالمايلا، سوتقا ئەرز سۇنىمىغىنىمنى كۆرسىلە...

— مەھبۇبەخان ، قارىسلا ئەمدى ، بۇ ئىشنى بۇنداق چىڭغا چىقارمايلى ، — يېڭى قانۇن ھەققىدە ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ قالغان ھەم گېزىتلەردە كۆرگەن غوپۇر نىياز دەرۋەقە مەھبۇبەنىڭ پەيلىدىن چۆچۇدى ، — مەن سىلىگە كۆڭۈل قويسام بولمىدىمۇ .

— مەن بۇگۇنلا ھېكمەتكە تېلېگىراممىا بېرىمەن ، — ئۇچقۇنئاينى ھاقارەتلىگەن تىللار تېخىچە مەھبۇبەنىڭ كۆڭلىدىن چىقماي تۇراتتى ، — سىلى سوتتا ئۇنى يا ئاق قىلىدىلا ياكى قارا… بۇ دېگەن بىر ئادەمنىڭ تەقدىر - ئىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش… مېنى قورقاق سېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىسىلىمۇ مەيلى ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىدىلا…

— ھاي ، ھاي ، مەھبۇبەخان ، توختىسىلا دەيمەن ، — ئورنىدىن تۇرغان غوپۇر نىياز مەھبۇبەنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ قالدى .

مۇشۇ جېدەلدىن كېيىن ئۇچقۇنئاي ئەنۋەرنى ئىزدىمىدى . چۈنكى ئۇ ، ھېلىقى داپ ساقال قېرى كەچۇرۇم سورىمىغۇچە ، ئەنۋەرنى كەچۇرمەيدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . دېمىسىمۇ مۇشۇ قايناق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بىر تونۇتۇۋالمىسا ، كېيىنچە ئۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگىنىدە «سوغۇق زەللە» بولۇپ قالامدۇ . ئۇ چاغدا تېخىمۇ بوزەك تاپار . ھەتتا ئۇچقۇنئاي ئەنۋەرگە «مەن باشقىدىن ئويلىشىپ باقسام بولغۇدەك» دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك سېلىپ بىرنەچچە ئاي قىينىماقچىمۇ بولدى . ئۇ ، بۇ ئويلىرىدىن لەززەتلىنىپ ئون كۈندەك ئۆتۈپ كەتتى . بىراق ، ئەنۋەر ئىزدەپ كەلمىدى . بەلكىم ئۇ ، دادىسى كاززاپنىڭ قىلغان ئۆكتەملىكىدىن نومۇس قىلىپ كېلەلمەيۋاتقاندۇ ؟ كىم بىلىدۇ ، «ئۇچقۇنئاينىڭ ئاچچىقى يانغاندىراق باراي» دەپ ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . بۇنداق ھەمدەم خىياللار بىلەن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . يۈرىكىنى سېغىنىش ،

تەقەززالىق ، قېيداش چىرمىۋالغان ئۇچقۇنئاي بىر كۈنى كوچا
دوقمۇشىدا تونۇش دەرۋازىنى كۆزىتىپ خېلى ئۇزۇن تۇردى .
بىر چاغدا ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ يوچۇنلا بىر ئادەم چىقىپ
كەتتى . ئۇ «بارايمۇ ، بارمايمۇ» دەپ بىر ئالدىغا مېڭىپ ، يەنە
كەينىگە قايتىپ خېلى بىر ۋاخلارغىچە ئىككىلىنىپ چۆرگىلەپ
يۈردى . ئۆزىنى «ئەرزان» قىلىپ بارسا ، ھېلىقى يۈزسىز قېرى-
نىڭ تىلى ئۇزىراپ «سىلىنىڭ يۈزلىرى نېمانداق قېلىن ، ئەر
تېپىلمىغاندەك يەنە كەپلا» دېسە ھەق بولۇپ قالامدۇ . قىسقى-
سى ، غورۇر ، نومۇس ئۇچقۇنئاينىڭ پۈتنى چىرماپ ماڭغىلى
قويمىسا ، سېغىنىش ، تەلپۈنۈش ئۇنى ھەدەپ مېھرى ئوتلۇق
ھويلىغا سۆرەيتتى . ھەر ھالدا تومۇرلىرىدا دادىسىنىڭ قېنى
ئېقىۋاتقان ئۇچقۇنئاينىڭ غورۇرى ئىشىق سەۋداسىنى يەڭدى .
ئۇ ئاستا ئارقىغا قايتتى . ئەمما غورۇر ، سالاپەت ، نومۇس دېگەن-
لەر يىگىرمە كۈنگە پايلىمىدى . تەقەززالىق ئىلكىدە ئىچىگە
ئەنسىزلىك كىرىۋالغان ئۇچقۇنئاي ، يەنە ھېلىقى دوقمۇشقا كې-
لىپ تونۇش دەرۋازىغا تەلپۈندى ، لېكىن ئاياغ باسالمىدى .
«توغرا ، ئەنۋەرنىڭ ئالتە ئايلىق كۇرسىمۇ ئاياغلىشىپ
قالغىلى خېلى بولدى ، بەلكىم ئۇ شەھەردە ئىمتىھان بېرىۋاتقان
بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەن خىيال ئۇچقۇنئاينىڭ ئېسىگە كېلىش
بىلەن ، ھېچ ئىككىلەنمەي شەھەرگە كىردى . بىراق ، تراكتور
شوپۇرلىرى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ : «ئەنۋەر
ئاخىرقى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان كۈنلەردە يوقاپ كەتتى . شۇن-
داقتىمۇ بۇرۇنقى نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن شوپۇرلۇق
پىراۋىسىنى ساقلاپ قويدۇق» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ئۇچقۇن-
ئاينىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر قامالليۋالغاندەك بولدى . ئۇ لوپقا
قايتىپ ھايا ـ نومۇس دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويماي غوپۇر نىياز-
نىڭ قورۇسىغا كىردى . ھويلا ئىچىدە ئىككى بالا يەرنى كولاپ
ئۇدىكام ئويناۋاتاتتى . بىر ئايال پاكىز يۇيۇلغان سامانغا كېپەك ،

كۆنجۈر ئۆۋۈندىلىرىنى چىپچىپ ھەلەپ ئەتمەكتە ئىدى .
— كەلسىلە خېنىم ، بىر كىمنى ئىزدەمىلا ، — دېدى قاراقۇمچاق ئايال .
— بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىلىرى نەگە كەتتى ؟
— نەگە كەتكىنىنى ئۇقمايمىز ، بۇ قورۇنى بىز سېتىۋال-غان .
— سېتىۋالغان ؟ ! — ئۇچقۇنئاينىڭ چىرايى بىردەمدىلا تاتىرىپ كەتتى ، — قاچان ؟
— ئۇن بەش كۈندەك بوپقالدىغۇ دەيمەن .
يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان-دەك بولۇپ قالغان ئۇچقۇنئاي قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ سۈرۈشتۈردى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «كىرىيىگە كەتتىمىكىن» دېسە يەنە بەزىلىرى «قەشقەر ، يەكەنلەردە تۇغقانلىرى بولىد-غان» دېگەندەك ئىككىتايىن گەپلەرنى قىلىشتى . ئۇچقۇنئاي ئاخىرىدا ، غوپۇر نىيازنىڭ تام قوشنىسى — سەكسەن ياشلىق بىر بوۋاينىڭ قورۇسىدىن گويا ئۇن يىل كېسەل تارتقان بىمار-دەك چىرايى سارغىيىپ ، چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، دەل-دۈش ، دېۋەڭلەردەك قايتىپ چىقتى - دە ، ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى...

# ئۇۋسىغا قايتالمايدىغان قۇشلار

— مانا شۇنىڭدىن كېيىن غوپۇر نىياز بىلەن ئەنۋەر خۇددى قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولدى، — دېدى ھېكمەتنىڭ يالاڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان مەھبۇبە قىزى توغرىسىدىكى «داستان» نى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇچقۇنلاي بىردىنلا شۇكلەپ، جىمغۇرلىشىپ، ئەنۋەرنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالماسلا بولۇپ كەتتى. سىز كەلگەندىن بېرى خېلىلا روھلىنىپ قالدى، لېكىن ئۇ مەندىن نېمىدۇر بىر ئىشنى يوشۇرغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

— كۆرگەن چۈشلىرىم بىكار ئەمەس ئىكەن - دە، — ساراسىمە ئىچىدە قالغان ھېكمەتنىڭ خىياللىرى قۇيۇنغا ئۇچرىغان غازاڭدەك پىرقىرىماقتا ئىدى، — ئۇ چوقۇم ئەزىمەت! مەھبۇبە، ئاڭلاۋاتامسىز، ئەنۋەر ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەزىمەت!...

— ئەزىمەت؟!... — مەھبۇبە چۆچۈپ ئېرىنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قارىدى، — بۇ مۇمكىنمۇ؟

ھېكمەت ئىككى قېتىملىق چۈشىنى سۆزلىدى. ئۇ ئۇچقۇنئاينى ئىزدەپ لوپقا بارغىنىدا ئون ياشلىق ئەنۋەر ئۇچرىشىپ بىر كۈن ئەسرا بولدى. خۇددى تونۇش قانلار بىر - بىرىگە تەلپۈنگىنىدەك بۇ غۇبارسىز گۆدەك ھېكمەتتىن ئايرىلىشقا پايلىماي يىغلىدى. ھېكمەت قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چۈشىدە يىراقتىن «دادا» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىككى يېرىم ياشلىق ئەزىمەتنى باغرىغا باستى. بىراق، ئۇ ئون ياشلىق ئەنۋەرگە ئۆزگىرىپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم كۆرگەن چۈشىدە ئون ئالتە ياشلىق ئەنۋەر ھېكمەتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ: «دادا، مەن

سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەزىمەت ئەمەسمۇ ، مېنى تاشلاپ نەگە كەت-
مەكچىسىز ؟ » دەپ زار - زار يىغلىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۇرۇمچىگە
مېڭىشنى كېچىكتۇرۇپ ئوغلىنى ئىزدەپ لوپقا باردى . ئەمما ،
غوپۇر نىياز نەۋرىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە كەتكەنىدى .
— ئويلاپ كۆرۈڭ مەھبۇبە ، — دېدى ھېكمەت ھاياجان -
لىنىپ ، — غوپۇر نىيازنىڭ بىرىنچى قېتىم ئون ياشلىق نەۋ-
رىسىنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇپ كىرىيىگە ئېلىپ كېتىشىگە مې-
نىڭ ئەنۋەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىم سەۋەب بولغان . ئىككىنچى
قېتىمدا ئۇ ، مېنىڭ لوپ ، ئۇرۇمچىلەردە بالىنى سۈرۈشتە قىلى-
غىنىمدىن خەۋەر تېپىپ ئەنۋەرنى تۇيۇقسىزلا ئېلىپ قاچقان .
بۇ ناھايىتى ئېنىق تۇرمامدۇ .
— ۋاي خۇدايىم ، ئۇنداقتا ئۇچقۇنئاي··· — مەھبۇبە گې-
پىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى ، — بۇ نېمىدېگەن دەھشەت ئىش !
— توغرا دەيسىز ، — ھېكمەتنىڭ چىرايى جىددىيلىشىپ
كەتكەنىدى ، — غوپۇر نىياز ئۇچقۇنئاينى تاماقتا ئۇستىكەنىسىز
دەپ ماختايدۇيۇ ، «ھېكمەت» دېگەن ئىسىم چىقىش بىلەن قول-
دىن قوشۇق چۈشۈپ كېتىپ يۈرەك كېسىلى تۇتۇپ قالىدۇ ،
ھەم ئەتىسى ئۇچقۇنئاينى ئاغزىغا كەلگەن تىللار بىلەن ھاقارەت-
لەيدۇ . يەنە «ئۇزۇن يىل بولدى بىر ئەرۋاھنىڭ سايىسىنى
ھەمراھ قىلىپ قويدۇڭ ، ئەمدى ئۇنىڭ ئالۋاستى جىننى ئەۋەت-
تىڭ ، ئاھ تەڭرىم ، بۇ قىساس شەپىسىمۇ» دەپ نالە قىلىدۇ ؟
بۇ ، ئاتىسى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىپ مال ئورنىدا
سېتىۋالغان بىر نارەسىدىنىڭ چەككەن ئاھلىرى ئۇچۇن يانغان
قىساس !
— ئاپا··· دادا !··· — دەھلىزىدىن ئۇچقۇنئاينىڭ يىغلى-
غان ئاۋازى ئاڭلاندى ، — مەن··· كىرسەم بولامدۇ ؟
— بىردەم توختاڭ ، — دېدى مەھبۇبە ئىرگە لەپپىدە
قاراپ .

ئۇلار ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى كىيىپ كىرىشكە ئىجا-
زەت بەردى . روباشكىسى ئۇستىدىن پوپايكا كىيىۋالغان ئۇچقۇن-
ئاي يالاڭ ئاياغلا يۈگۈرۈپ كىرىپ دادىسىنىڭ تىزلىرىنى قۇ-
چاقلاپ ھۆتارتىپ يىغلاپ كەتتى ئۇ دەھلىزدە ئۇزۇن تۇرغاچقىمۇ
بىلەكلىرى مۇزلاپ كەتكەندى .
— ئاپا ، دادا ، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنىڭ ھەممىسىنى
ئاڭلىدىم ، — ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆرتۈنۈپ چىقىۋاتقان يىغىدىن
ئۇچقۇنئاينىڭ پۈتۈن تېنى تىترەيتتى ، — ئەنۋەر ئۇ... ئۇ... ئاكام
ئەزىمەتكەن !...
ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە بىر ـ بىرىگە سىرلىق قارىشىپ
قويدى .
ئۇچقۇنئاي غوپۇر نىياز ، ئەنۋەرلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىك
خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تام قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە
كىرگەندە ، سەكسەن ياشلىق بوۋاي مۇنداق ۋاقىئەنى سۆزلەپ
بەردى :
غوپۇر نىيازنىڭ ئوغلى تۇرسۇن توختى ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ
كېلىپ ، ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بول-
غان ، كۆڭلىدىكى سۆيگەن قىزىغا ئۆيلەندى . گەرچە ئۇ بەختلىك
بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئايالى تۇغماس چىقىپ قالدى . بۇ ئىش
نەۋرە كويىدا كۆيۈۋاتقان بوۋاي بىلەن مومايىنى بەكمۇ بىئارام
قىلدى ، بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقان ئائىلىنى ئاجراشتۇرۇۋېتەيلى
دېسە ، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپتتى . چۈنكى ، تۇرسۇن توختى
ئايالىنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىيالمايتتى . شۇڭا ، ئۇلار نەلەر-
دىندۇر ئىككى يېرىم ياشلىق بىر بالىنى بېقىۋېلىپ «ئەنۋەر»
دەپ ئىسىم قويدى . ئەنۋەرنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلەپ «دادا» دەپ
يىغلاشلىرى ، يېتىم بوتلاقتەك بوزلاشلىرى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ
تۇراتتى . گۆدەك نارەسىدىنىڭ ئاھ ـ نالىرى خۇداغا يەتكەنمۇ
نېمە ، ئاز ئۆتمەيلا تۇرسۇنتوختىنى ئىنقىلابچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى .

خۇدا ، دەسلەپ قىلىپ غوپپۇر نىيازدىن گۆدەكنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردى .

— بىر كۈنى ، — دېدى سەكسەن ياشلىق بوۋاي مەشۇت-تەك ئاپئاق ساقاللىرىنى سىپاپ قويۇپ ، — ئەنۋەر بوغماق قوللىرىدا ئىككەك تىرەپ دەرۋازا بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ ، «دادا...» دەپ ئىگرىغىنىچە كوچىلارغا تەلمۈرۈپ ئۇنچىدەك ئۇششاق ياشلارنى تۆكۈپ يىغلاۋاتاتتى . بىچارە بالا مېنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە : «بوبىا ، مېنى دادامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇڭ» دەپ يەكتىكىمنىڭ پېشىغا ئېسىلدى . مەن ئۇنىڭدىن : «داداڭ كىم بولىدۇ بالام» دەپ سورىسام ئۇ چۆچۈلداپ : «دادام-نىڭ ئىتى ھېكمەت ، كىتاب ئوقۇيدۇ ، ئاكام نەبى مېنى كۆتۈرد-دۇ... مەن ئۇخلىسام ئۇ مېنى ‹ئەزىمەت › دەپ قىچقاردى...» دەپ يىغلاپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ «كىتاب ئوقۇيدۇ» دېگەن سۆزد-دىن دادىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى مۇسەللىدىم .

— ئاھ خۇدايىم ، بۇ نېمىدېگەن رەسۋالىق... — ئەنۋەر-نىڭ ئۆز ئاكىسى چىقىپ قالغانلىقىدىن قىزىل قىيامەت ئىچىدە ئۆرتەلگەن ئۇچقۇنئاي زەئىپ ئىگرىۋەتتى ، — توۋا ، توۋا قىلدىم...

— غوپپۇر نىيازنىڭ خۇي پېئىلى ئۇسال ، باغرىتاش ئادەم ، — دېدى بوۋاي ئۇچقۇنئاينىڭ پىغانىنى تۇزلا چۈشىنىپ ، — ئۇ ئەنۋەرنى دادىسى ھېكمەتتىن ئەيىپچىپ يۈرۈپ ئوقۇشى بىلەنمۇ كارى بولمىدى ، كەلگۈلۈك ئاشۇ بىچارە بالىغا كەلدى .

ئۇچقۇنئاينىڭ سىرتقا چىقىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتكىنى شۇ ئىدى . ئۇ ، بۇ سەتچىلىكنى مەڭگۈ سىر تۇتۇشنى ئويلىغانىدى . لېكىن ئۇ ، ئۇخلاش ئالدىدا شامالدا ئىچىلىپ كەتكەن دەھلىز-نىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىش ئۈچۈن ھۇجرىسىدىن ئاستا چىقىشى ، دادىسىنىڭ «نېمە ، ئەنۋەر بىلەن...» دېگەن ئۈنلۈك ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى . ئۇچقۇنئاينىڭ يۈرىكى «قارت» لا قىلد-دى - دە ، ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ سەتچە-

لىكتىن دادىسىنىڭ خەۋەر تېپىپ قېلىشىدىن بەكمۇ نومۇس قىلاتتى . بىراق ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ كېچىدىكى سۆھبىتى سىرنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلغانىدى .

— تۇرۇڭ قىزىم ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، — دېدى ھېكمەت ئۇچقۇنئايىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، — دۇنيادا بۇنداق پاجىئەلەر كۆپ بولغان ، بۇ سىزنىڭلا بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئەمەس . نېمىلا بولسا بىر قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ كېتىپسىز ، شۇ غەنىيمەت .

— جېنىم دادا ! — ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ باغرىغا تاشلاندى ، — مېنى توغرا چۈشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت سىزگە ! مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئويىغىمۇ كەلگەن ، سىز مېنى ئەجەل ئالقىنىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالدىڭىز... ئۆمرۈم بويى سىزنىڭ ئايىغىڭىزغا تاۋاپ قىلىپ ئۆتىمەن !

— لېكىن ، مېنىڭ بىر شەرتىم بار ، — دېدى ھېكمەت قىزىنىڭ ياشلىق مەڭزىنى چىمداپ قويۇپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن شوخ ، تېتىك ، جانلىق مىجەزىڭىز بىلەن ئەسلى ئۇچقۇنئاي ھالىتىڭىزگە قايتىسىز ، بولمىسا مەن سىزنى ـ ھە !

— مېنىڭ پەرىشتە دادام ، — ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ يۈز - بويۇنلىرىغا سۆيۈپ كەتتى .

ئۇچقۇنئاي ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدا ئازراقلا ناشتا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، مائارىپ ئىدارىسىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . چۈنكى ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چاپلانغانىدى . ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە چايلىرىنى ئالدىرىماي ئىچىپ بولغۇچە بىر - بىرىگە سۆز قىلىشمىدى . لېكىن ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىيال تۈگىچىنىڭ چېگىشىنى يېشەلمەي تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . مەھبۇبە ئېغىز ئېچىپ ، ئېرىنىڭ

كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشنى راۋا كۆرمىدى . ھېكمەت بولسا زادى قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى . بۇ بولسىمۇ ئەزىمەتنى ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن زىل ۋە نازۇك بىر مەسىلە ئالدىدا تۇراتتى . ئەگەر ئۇچقۇنئايىنىڭ ئاكىسى بىلەن بولغان «غەيرىي مۇناسىۋەت» بولمىغان بولسىدى ، بۇ ئاسان ئىدى ، بۇنچىلىك باش قاتۇرۇشمۇ كەتمەيتتى . ھېكمەت تەرەپ - تەرەپكە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ، رادىئودا ئېلان قىلىپ بولسىمۇ ئوغلىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان بولاتتى . بىراق... مانا مۇشۇ لەنىتى «بىراق» ھەممە يوللارنى چىتەنلەپ ئېتىۋەتكەنىدى .

— ئۇچقۇنئايىنى خاتىرجەم قىلىپ بەك ئوبدان قىلدىڭىز ، كۆڭلۈممۇ ئارامىغا چۈشتى ، — دېدى مەھبۇبە مەمنۇن بولغان ھالدا ، — ئەمدى ئەزىمەتنى ئىزدەپ تاپساق ياخشى بولاتتى . سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز ؟

— كېچىدىن بۇ ئىشنى ئويلاپ پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى ، — ھېكمەت قىزىرىپ قالغان كۆزلىرىنى مەھبۇبەگە تىكتى ، — بۇ سىز ھەم مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس . قېنى دەپ بېقىڭا ، مەن ئەزىمەتنى تاپقانمۇ بولاي ، ئۇنى ھېلىقى جاھىل قېرى بىرەرمۇ ؟ بەردىمۇ دەيلى ، ئەزىمەت ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان بىز بىلەن بىرگە تۇرۇشقا ئۇنارمۇ ؟ مۇمكىن ئەمەس ، بەلكىم ئەبەدىلئەبەت بىزدىن يېرىپ كېتىدۇ . ئۇ ھازىر ئۆۋىسىغا قايتالمايدىغان قۇش بولۇپ قالدى...

— راست ، بۇ يەرلىرى بەك نازۇككەن ، — مەھبۇبە خىيالغا پاتتى ، — مەن سىزنى ئوبدان بىلىمەن ، غوپۇر نىياز بەرگەن تەقدىردىمۇ ، سىز سەكسەنگە ئۇلاشقان ئادەمنىڭ كۆز - ياشلىرىغا بەرداشلىق بىرەلمەيسىز ، بەربىر ئۆزىڭىزگە ئازاب يۈكىنى ئارتىۋالىسىز .

— ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بىر قېرىنى ، بىردىن-

بىر تېۋىنغان ھىماتىدىن ئايرىۋېتىشمۇ ئادىمىلىك ئەمەس .
— ئەمىسە بالىنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىمىزمۇ ؟
— مەنمۇ بىلەلمىدىم ، بىرەر پۇرسىتى كېلەر ، شۇ چاغدا ئىزدىسەكمۇ كېچىكمەيمىز . بىرلا ئارمىنىم — ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى بىرلا قېتىم باغرىمغا بېسىۋالسام دەيمەن ، — دېدى ھېكمەت يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولۇپ ، — مەھبۇبە ، مەن سىزگە بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي دەپ يۈرەتتىم ، بىلمىدىم ، خۇپ كۆرەمسىز يوق .
— قايسى بىر ئىشىڭىزنى خۇپ كۆرمىگەنىدىم ، ئاۋۋال دېمەمسىز .
ھېكمەت تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئاپئاق ساقاللىق قايتنى كۆرگەندىن بېرى ، كۆڭلى بىر كۈنمۇ ئارامىغا چۈشمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئېغىر كېسەل ئىدى . ئەگەر ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا ئۆلۈكى ئىتنىڭ تاپىدىن خار بولۇپ ، كوچا - كويلاردا قالاتتى . دەرھەقىقەت ، ئۇ ئىنسانىي ۋىجداننى پايخان قىلىپ ، ئادىمىيلىك ديانەتنى ئۇنتۇپ خوتۇن - بالىلىرىغا ھەم باشقىلارغا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى . لېكىن ، ئۇ يامان بولسىمۇ بىر ئاتا ! خۇدا ئۇنىڭ پانىيدا ئۆتكۈزگەن گۇناھى كەبىر ، گۇناھى سەغىرلىرىگە لايىق جازا بەردى . خورلۇق نېمە ، ئازاب نېمە كۆزىگە كۆرسەتتى ! ئاللا ئازغۇن بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ··· «سەن تۇزەلگەندىن كېيىن ، مەن ساڭا تاشقى دۇنيانى تۈزەپ كۆرسىتىمەن » دېگەن ئەمەسمىدى . ئەمدى ئۇنىڭ قېپقالغان تۆت كۈنلۈك ئۆمرىنى توۋۋا ئىستىغبار بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، خاتىرجەم كۆز يۇمۇشىغا بىر شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەرقانداق ئىمانى كامىل كىشىنىڭ بۇرچى ! — شۇڭا ، مەن قايىتنى تېپىپ ، دوختۇرخانىدا داۋالىتاي دەيمەن ، — دېدى ھېكمەت ئايالىنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىگە قاراپ ، — ساقايغاندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىپ نەبى ھەم ماھىگۇللەرگە تاپشۇرماقچىمەن .

— ياخشى كۆڭلىڭىزنى چۈشەنسىغۇ ياخشى ، لېكىن...

— ئۇنىڭ پۈشتىدىن بولغان ئوغۇل ھەم قىزى بەھۇزۇر راھەتتە ياشاپ تۇرۇقلۇق ئاتىسىنى قوبۇل قىلمىسا ، — ھېكمەتنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى ، — مەنمۇ ئۇنداق سىڭىل ، ئىنىلىرىمنى تونۇمايمەن . نەچچە يىل ياشىيالىسا ، شۇ چاغقىچىلىك ئۆزۈم كۈتىمەن . لېكىن ، ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ .

— توۋا ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئەجەب - ھە ، — مەھبۇبە ئېرىگە مېھرى بىلەن قارىدى ، — بوپتۇ ، شۇنداق قىلايلى .

— دادا ، ئاپا ! — ئۈچقۇنئاينىڭ ۋارقىراپ كىرىپ كېلىشىدىن ھەر ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى ، — خۇش خەۋەر ، ئىمتىھان نەتىجەم چىقىپتۇ ، شۇنداق يۇقىرى...

ھېكمەت ماشىنكىدا بېسىلغان ئىككى ئېلىك قەغەزدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش ئىككى نومۇرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە ئۇنى قايتا - قايتا تەبرىكلىدى .

— رەھمەت قىزىم ، مېنى بۆلەكچىلا خوش قىلىۋەتتىڭىز ، — دېدى ھېكمەت قىزىنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلاپ ، — ئەمدى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە تاللىنىشىڭىزدا گەپ يوق . شەرتىڭىز توشۇپ ئېشىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ .

— بۇ يىل ئوقۇشقا قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى نومۇر چېكى ئىككى يۈز سەكسەن ئىكەن ، — ئۈچقۇنئاينىڭ كۆزلىرىمۇ كۈلۈپ تۇراتتى ، — مېنىڭ چەكلىمىدىن سەكسەن ئىككى نومۇر ئارتۇقكەن .

بۇ خۇش خەۋەر بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئومۇمىي شادلىققا چۆمدۈردى . ھېكمەت ئەركىن بازارغا بېرىپ قايتىنى تېپىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى . دادىسىنىڭ بازارغا چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن ئۈچقۇنئاي ئانىسىنىڭ جىمىلەشلىرىگە قۇلاق سالماي ، ھېكمەتتىن بۇرۇن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا ئىدى . ئامالسىز قالغان

ھېكمەت قىزىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى . ئۇلار ئەركىن بازارنى
نەچچە چۆرگىلەپ قايىتنى تاپالمىدى . ئۇچقۇنئاي دادىسىنىڭ بىر
دىۋاننى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆڭلىدە ، ئۆتكەنكىدەك
ھۆكمەت ئاڭلايدىغان ئوخشايدۇ ، دەپلا چۈشەندى . چۈنكى ، بۇ-
داق قەدىمكى نەزمىلەر يازغۇچىلار ئۇچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك
ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ بىلەتتى . ھېكمەت ئەتراپتىكى دۇ-
كانچى ھەم دىۋانىلەردىن سوراپ ، قايىتنىڭ جامەمەسچىت ھوي-
لىسىدىكى جىنازا ، غېرىب يوپۇقى ، مېيىت يۇغۇچىلار ئىشلىتى-
دىغان نەرسىلەر قويۇلىدىغان قازناقتا ياتىدىغانلىقى ، لېكىن ئۈچ
كۈندىن بېرى كېسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇقتى . شۇڭا ،
ئۇ يولدىن سامسا ئېلىپ قىزىغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

ھېكمەت بىلەن ئۇچقۇنئاي قاراڭغۇ قازناققا كىرگەندە ، كىر
ھەم تەر ئارىلىشىپ كەتكەن بىر سېسىق پۇراق ئۇلارنىڭ دىمىغى-
نى ئېچىشتۇرۇۋەتتى . خوتەن قەغىزى چاپلانغان شادا پەنجىرى-
دىن چۈشكەن ناھايىتى ئاجىز نۇردىن قازناقتىكى جىنازا ، مې-
يىت يۇيىدىغان تاختىپۇچ ، ئۇنىڭ يۆتكەلمە پۇتلىرى ، قوزۇقتى-
كى كىرلەشكەن يوپۇقلار غۇۋا يورۇپ تۇراتتى . ھېكمەتنىڭ
كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنگەندىن كېيىنلا بۇلۇڭدىكى ئەسكى -
تۈسكىلەر ئىچىدە تۈگۈلەپ ئىڭراپ ياتقان ئورۇق ، ئاجىز تەننى
كۆردى . ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئاستا تۈۋلىدى :

— قايىتكا... قايىتكا ، ئاڭلاۋاتامدىلا ؟ — قايىت مىدىراپ
قويغان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرمىدى ، — قارىسىلا ، مەن كىم ،
مېنى تونۇدىلىمۇ ؟

ھېكمەت ئۇنى بىر - ئىككى قېتىم تۇرتكەندىن كېيىن ،
قايىت ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ تامغا يۆلەنمەكچى بولدىيۇ ، ماغدۇرى
يەتمىدى . ھېكمەت ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ دۈمبىسىگە تۇتقى-
لى بولمايدىغان جۇلجۇل ھەم مەينەت چاپاننى قويۇپ بەردى .
ئۆمۈر بويى تىغ تەگمىگەندەك ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرى

قولاق ، بۇرۇن ، ئېغىز ، كۆزلىرىنى بېسىۋالغاچقا ، قايىتنىڭ
بېشى خۇددى بالىلارنىڭ يۈگۈدىن ياسىۋالغان يوغان ئاق پومزىكى-
گە ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ ئېغىر ھاسىرايتتى ، چوڭقۇر تىناتت-
تى . مەيدىسىگە قويۇۋالغان قوللىرى خۇددى قاغا پۇتىدەك ئو-
رۇق ھەم مەينەت بولۇپ ، ھاياتلىقتىن نىشان بېرىپ تۇرغان
كۆزلىرى ئاقۇچ پارقىرايتتى .
— قايىتكا ، قانداق ئەھۋاللىرى ، مېنى تونۇغاندەك تۇ -
راملا ؟ — ھېكمەت تىرىك مۇردىغا ئېگىشتى ، — مەن سىلىنى
يوقلاپ كەلدىم .
— مەن… مەن ئۆزلىرىنى ، — دېدى قايىت زەئىپ
ئاۋازدا ، — ئۆتكەندىلا تونۇغان… شۇ كۈندىن باشلاپ ئەزرائىل
يېنىمدىن كەتمىدى… ياكى ئالىدىغان ئامانىتىنى ئالمىدى ، مەڭ-
گۈ ئارام ئالغان بولاتتىم…
— ئۇنداق دېمىسىلە ، مەن سىلىنى دوختۇرخانىغا ئاپى -
رىپ ، — ھېكمەتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا قايىت «گەپ قىلما»
دېگەندەك قولىنى كۆتۈردى .
— مەن شۇ چاغدا… سىلىگە بەخت ، ئامەت تىلىدىم ،
لېكىن سىلى كۆڭۈللىرىدە «بەخت ، ئامىتىمنى تارتىۋالغان سەن… »
دەپ ئويلىدىلا . باشلىرىنى چايقىمىسىلا… قىلغانلىرىم ئۆزۈمگە
ئايان تۇرسا… مېنىڭ قارا يۈرىكىم شۇ چاغدىن باشلاپ ماڭا
ئاراملىق بەرمىدى… توۋا ، ئۆز ۋاقتىدا نەبى بالام تىرىك تۇرۇپ
جىنازىغا كىرگەنىدى . مانا ھازىر مەن جىنازىلار ئارىسىدا تۇ-
رۇپمۇ شۇ ئامەتكە يېتەلمەيۋاتىمەن… قىزىم ماھىگۈلنى قەرزىم
ئۈچۈن قىمارۋازلارغا مۇشۇ قوللىرىم بىلەن ، — قايىت قۇرت-
تەك توختىماي مىدىرلاۋاتقان قوللىرىغا قاراپ قويدى ، — تۇ-
تۇپ بەردىم . لېكىن ، ئۇ مېنى تۇرمىگە ئالايتەن يوقلاپ باردى .
بۇمەرەم دۇمبا - تېپىكلەردىن نېرى بولالماي ئالەمدىن ئۆتتى…
گۈلزىبا خۇيما مۇلايىم بالا ئىدى ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدىم . سىلى-

ـمۇ ماڭا ، ئائىلەمگە دەپ ئېيتقۇسىز ياخشىلىقلارنى قىلىپ ئې-
ـرىشكەنلىرى خورلۇق ھەم دەرد ـ ئەلەم بولدى···

قايىت ئاپئاق پاخما قاشلار ئارىسىدىكى ئارانلا پىلدىرلاپ
تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم تۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ ئېغىر
ھاسىرىشىدىن سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىققان كۆكرىكى ئېگىز ـ پەس
كۆتۈرۈلەتتى .

ـــ بىراق ، ھېكمەت ئەپەندىم ، بۇ ئىشلارنى مەندىن كۆرسە
بولامدۇ ؟ ھەممە ئادەم پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ ؟
پەقەت خۇدا ، بەندىلىرىگە سالماقچى بولغان زۇلۇمنى مېنىڭ
قوللىرىم ئارقىلىق قىلدى··· مېنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ ،
ئۆزى ئارقىغا ئۆتۈۋالسا بۇ ئادىللىق بولماس !··· ـــ قايىت
قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى ، ـــ
ئويلاپ باقسام خۇدا بەندىلىرى ئارىسىغا بىزدەك پاسىقلارنى چې-
چىۋېتىدىكەن ، بەندىلەر بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى بىزدىن
كۆرۈپ قارغايدىكەن ، تىللايدىكەن ، ئاللاغا يىلىنىپ بىزگە دىش-
ۋارچىلىقلارنى چىللايدىكەن··· سىلەردەك پۈتۈكچىلەر بولسا
ئەسلى جاھاننىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن كۆرمەي ، بىزلەرنى ھەر نېمە-
لەرگە ئوخشىتىپ ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلماقچى بولۇسى-
لەر . ئاللا بىزلەر ئارقىلىق جەننەتتى بەندىلىرىنى تاللىۋالىدىغاذ-
لىقىنى ئويلاپمۇ قويمايسىلەر ! بۇ خۇددى رەزىللىك پاكلىقنى ،
قارا ئاقلىقنى ،بېخىللىق سەخىلىكنى ، يامانلىق ياخشىلىقنى ،
مۇناپىقلىق ساپلىقنى ، دىيانەت ئىمانسىزلىقنى يورۇتقىنىدەكلا
بىر ئىشقۇ··· ـــ قايىت كالتە ـ كالتە يۆتىلىپ مەيدىسىنى
قامااللىدى ، ـــ مېنىڭ كۆپ ئويلاپ يەتكىنىم ، تەڭرى قىسمەت
نا ئادىلكەن··· ئۇ ئاخىرقى قارارىدا بىزدەك خىزمىتىنى بىجاندىل
ئورۇندىغان قۇللىرىنى جازالاپ ، بۇگۇنكىدەك خار ھەم زەبۇن
قىلىپ ، تەقۋادار ، تېقىمى پوق بەندىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ
بېرىدىكەن . بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك !··· بىزنى مەلئۇن تەبى-

ئەتلىك يارىتىپ، دىلىمىزغا يامانلىقنى يار قىلغان ئۆزىڭغۇ...
بىزدە نېمە گۇناھ، نېمە نۇقسان! ئەگەر بولمىسا بىزنىڭ تۆھپە ـ
ئەجرىمىزنى بولسىمۇ ئويلاپ قويسا بولاتتى. بۇ خۇددى گۆش
بىلەن ماي بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن دېگەندەكلا
ئىشكەن. قىسقىسى، بىزدەك گۇناھكار يارىتىلغان بەندىلەر
ھەممىڭلارنىڭ قۇربانىكەنمىز...
ــ قايىت ئاكا، مەن بۈگۈن ئۆزلىرىنى ئاتايىتەن ئىزدەپ
كېلىشىم...
ــ بىلىمەن ھېكمەت ئەپەندىم، سىلى ماڭا يەنىلا ساخاۋەت
قولىرىنى سوزماقچى، لېكىن ماڭا ئۇنىڭ كېرىكى يوق، ــ
قايىت ھېكمەتنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، ــ قارىسىلا، مەن
بايا ئېيتقىنىمدەك بۇ سەۋەب ئالىمى ئىكەن، سەۋەبسىز ئىش
يوق ئىكەن. تەۋراتتا شۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن. مۇسا
ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا چىقىپ ئاللانىڭ نۇرى بىلەن سۆزلەـ
شەتتى: «ئەي ئاللا، بەندىلىرىڭ ئىچىدە پىتنە ـ پاسات، يالغان ـ
چىلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق، ناھەقچىلىك
كۆپىيىپ كەتتى، سېنىڭ كۆزۈڭ كورمىدىمۇ؟» دېدى. ئاللا
ئۇنىڭغا: «ئەي مۇسا، تاغدىن چۈشسەڭ بىر تۈپ چىنار تۈۋىدە
بىر بۇلاق بار، سەن شۇنى يىراقتىن كۆزەت» دېدى. مۇسا
ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ دېگىنىدەك قىلدى. بۇلاق بېشىغا بىر
بايۋەچچە ئاتلىق كېلىپ تۇلۇمدىكى ئالتۇننى چىنار شېخىغا ئىلـ
دى ـ دە، سۇ ئىچتى، ئاندىن تولۇمنى ئۇنتۇپ كېتىپ قالدى.
بۇ ئەسنادا بىر قويچى بۇلاق بېشىغا كېلىپ تۇلۇمنى ئېلىپ
كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر يولۇچى كېلىپ بۇلاقتىن
سۇ ئىچىپ تۇرۇشى، ھېلىقى بايۋەچچە يېتىپ كېلىپ: «ئالتۇن
سالغان تۇلۇمنى سەن ئوغرىلىدىڭ» دەپ ئۇنى ئۇرۇپ، قامچىلاپ
ئېلىپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ناھەقـ
چىلىك، ئالتۇننى قويچى ئالسا، قاراپ تۇرۇپ بىر گۇناھسىز

بالاغا قالدى» دېدى. لېكىن، ئاللادىن شۇنداق ۋەھيى كەلدىكى: «ئەي مۇسا، دۇنيادا ئىشلار سەۋەبسىز ئەمەس. بايۋەچچىنىڭ دادىسى ئۇ ئالتۇنلارنى قويچىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تارتىۋالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلى نامراتلىشىپ قويچى بولۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇ ئالتۇنلار ئىگىسىگە قايتتى. ئەمدى ناھەق تاياق يېگەن ئادەمنىڭ دادىسى بايۋەچچىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى، ئەمدى بايۋەچچە بەلكىم ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن...» دېدى. شۇنداق، ھېكمەت ئەپەندىم، بۇ مۇشۇنداق جاھان...

ئۇچقۇنئاي ئۆلۈم قۇچىقىدا تېپىرلاۋاتقان بۇ دېۋانىنىڭ سۆزلىرىدىن تېنى شۈركۈنۈپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى. ھېكمەتكە بولسا، قايىت بۇ سەپسەتىلىرىنى ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى بېشىدا تىكىلىنىپ تۇرغان ئەجەل ئەلچىسى ئەزرائىلغا دادلاپ، تەڭرى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىلىندى. بەلكىم ئۇ قاباھەت ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىنى ئاللاغا ئارتىش ئارقىلىق كۆڭلىگە تەسكىن تاپماقچىدۇ. شۇڭلاشقا قايىت «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن ئۇلۇغ ۋەھيىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايتتى.

— قايىت ئاكا، كۆپ سۆزلەپ كەتتىلە، ئۈزۈلۈپ قالدىلا، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭغا سەل ئېگىلىپ، — مەن سىلىنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي، ساقايغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ئوغۇللىرى نەبى، قىزلىرى ماھىگۈل بىلەن يۈز كۆرۈشىدىلا.

— ياق... ياق، — قايىت غەلىتىلا ھىنجىيىۋىدى، يۈزلىرى تارتىشىپ، ئاپتاپتا قالغان تېرىگىلا ئوخشاپ قالدى، — باللارنىڭ قېشىغا ئاپارغىچە مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىرى تۈزۈك. دوختۇرلارنى بولسا كۆرەر كۆزۈم يوق. مەن ئەزرائىل ئامانەتنى ئالغۇچە مەشەدە ياتىمەن... مۇنكىر - نەكىرلەر سوئال - سورىغىلى باشلىغاندا، مېنىڭ ئۇلارغا دەيدىغان گەپلىرىم بار...

بۇنىڭغىمۇ كۆپ قالمىدى… قىزىم گۈلرۇز چۈشلىرىمدىن چىق-
مايدىغانلا بولدى ، ئۇ مېنىڭ قوللىرىمدىن يېتىلەپلا يۈرۈيدۇ…
سىلى كەتسىلە ، مېنى ئارامىمدا قويسىلا ، ئۆزلىرىنى كۆرگەن
كۈنۈمدىن باشلاپ ، مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالغىنىممۇ يېتەر !

قانچە گەپ قىلىپ قايتنى قايىل قىلالمىغان هېكمەت ئور-
نىدىن تۇردى . ئۇ ئىچىلمەي ئۇيۇپ قالغان بىر هېجىر ئوماچنىڭ
قېشىغا ، ياغلىققا ئورالغان سامسىنى قويۇپ ، قازناقتىن چىقىپ
كەتتى . لېكىن كۆڭلىدە : «ئەگ بولمىسا يوتقان - كۆرپە ئەكې-
لىپ بەرسە ، بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى .

— دادا ، — ئۇچقۇنئاي هېكمەتنىڭ جىددىيلەشكەن چىرا-
يىغا قارىدى ، — بۇ ئادەم نەبى ئاكام ، ماهىگۈل ئاچاملارنىڭ
دادىسى بولىدىكەن - هە؟

هېكمەت «شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . لېكىن ،
ئىچىدە : «قايتىمۇ ئۇۋۇسىغا قايتالمايدىغان قۇش ، ئۇنى چۈشى-
نىش كېرەك» دەپ ئويلىدى .

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى . ئالىمجان ، شادىمان ، ئامانىللا ،
مەمەت قاسىم قاتارلىقلار ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى . ئۇلار چۈش-
كىچە مېهمان بولۇپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، سەئىدە قىزى
گۈلچىنئاينى باشلاپ كەلدى . ئۆينىڭ ئىچى يەنە ۋاڭ - چۇڭ
خۇشاللىققا چۆمدى . قىزلار ، ئايالىلار قولمۇ قول مانتا تۈگۈش-
تى . تاماق يېيىلىپ ، قايتىدىن چاي دەملەندى . ئۆتكەن -
كەچكەن ئىشلار ھەققىدە پاراڭ قىزىپ ، كېچە بىر ۋاق بولۇپ
قالغاندى . سەئىدە قىزىنى باشلاپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارمۇ
يېتىپ قېلىشتى . هېكمەت مەهبۇبەگە قايتىنىڭ ئەهۋالىنى سۆز-
لەپ بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئىسسىقراق يېپىنغۇدەك بىر نەرسە ئاپىرىپ
بېرىش هەققىدە مەسلىهەت سالدى . مەهبۇبە ئەتە ئەتىگەنگىچە
تەييارلاپ بەرمەكچى بولدى .

هېكمەت ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ، مەهبۇبە تەي-

يارلاپ بەرگەن كېگىز ، يوتقان ـ كۆرپىنى باغلاپ جامە مەسچىد-
تىگە باردى . ئەمما ، قازناق پاكىز سۈپۈرۈلگەن بولۇپ قايىت
كۆرۈنمەيتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ تولا يېتىپ بېسىلىپ ھەم ئۇۋۇلۇپ
كەتكەن قوتۇرما قەغەز ، ئەسكى چاپان ، كونا لاتا ـ پۇتىلارمۇ
يوق ئىدى . ھېكمەت مەسچىت ھويلىسىنى سۈپۈرۈۋاتقان بىر-
نەچچە تالىپلاردىن سورىغانىدى . ئۇلار :
ــــ قايىتاخۇن تۈنۈگۈن سەھەر قازا قىلغانىدى ، چۈش
پېشىن بىلەن ئاچىقىپ كۆمۈۋەتتۇق ، ــــ دەپ جاۋاب بېرىشتى .
ھېكمەت ئون نەچچە كۈن ئۇچقۇنئاينىڭ ۋېلىسىپىتىدە ئۈي-
غۇر شىپاخانىسىغا قاتناپ ، كېرەكلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بول-
غاندىن كېيىن ، باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ مەھبۇبەگە ئالتە
ئايلىق رۇخسەت ھەل قىلدى . بۇ ئارىلىقتا ئۇچقۇنئاينىڭ «شىنـ-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارالىق مالىيە باشقۇرۇش» كەسپىگە
قوبۇل قىلىنغانلىق چاقىرىق قەغىزى كەلدى . ھېكمەت چاقىرىق
قەغىزى ئارقىلىق قىزىنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ
تەييار قىلىپ قويدى . ئاندىن ئۆي جابدۇقلىرىنى ئۇچقۇنئاينىڭ
ھۇجرىسىغا توشۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويدى . چۈنكى ، مەھبۇبە
ھويلا ـ ئاراملاردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈل خوتۇنغا
مېھمانخانىنى بەرمەكچى بولغانىدى .
«ئۈچ بۇرجەك» بازار ئاشخانىسىدا بارلىق دوست ـ بۇرا-
دەرلىرىگە خوشلىشىش چېيى بەرگەن ھېكمەت ، مەھبۇبە ، ئۇچ-
قۇنئايلار ، سېنتەبىرنىڭ 3 ـ كۈنى ئايروپىلان ئىستانسىسىغا
يۈرۈپ كېتىشتى .

# جاپاكەش ئىسلاھاتچى

يىل ئۆرۈلۈپ، پات - پاتلا چىقىپ قالىدىغان ئاچچىق
لەگلەك شامىلى باھارنىڭ ئىللىق پۇرىقىنى دىماغلارغا ئېلىپ
كېلىۋاتقان كۈنلەردە، تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ پۇت - قوللىرى
يەرگە تەگمەي قالدى. ئۇ گۈلدەستە نەشرىياتىغا كەلگەن ئون
ئالتە ئاي ئىچىدە تۈزۈكرەك قېنىپ ئۇخلىيالمىدى. بېشى ياس-
تۇققا تەگكەن ھامان، تۈگۈچى يېشىلمەس خىياللارغا باغلى-
نىپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئالىي مەكتەپلەردىكى دوت-
سېنت، پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەرگە ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر-
خىل مەزمۇندىكى ئىجادىي ياكى تۈزۈلگەن ئەسەرلەر، تەرجىمە
ئەسەرلەر، كىچىك ھەجىمدىكى لۇغەتلەر، ئائىلە ئېلېكتر ساي-
مانلىرىنى رېمونت قىلىشقا دائىر كىتابچىلار، شۇنىڭدەك باللار
ئۈچۈن «قىزىقارلىق فىزىكا»، «مىڭ بىر نېمە ئۈچۈن» دېگەن-
دەك تېپىشماقلىق كىتابچىلارنىڭ ئالدى زاۋۇتلاردىن بېسىلىپ
چىقىپ، شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا بەس - بەستە سېتىلىۋاتاتتى.
بەزى مەكتەپلەر، كەسپىي ئورۇنلار، شەخسىي كىتابپۇرۇچلار،
كىتاب سېتىش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنغان ئورۇنلار ئالدىن
تۈزگەن كېلىشىمنامىدىكى كىتابلىرىنى ماشىنىلارغا، قول ھار-
ۋىلىرىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىشمەكتە ئىدى. تىراژى كۆپ بولى-
دۇ، دەپ پەرەز قىلىنغان كىتابلارنىڭ بەزىلىرى زاۋۇتتا بېسى-
لىۋاتسا، بەزىلىرى تەھرىرلىك ئۈستىدە ئىدى. بولۇپمۇ تۇر-
سۇنجان ئالىمنىڭ «زۇلمەتتىكى مەشئەل» رومانى نەشىردىن
چىققاندىن كېيىن، بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلىنىپ ئىنتايىن
تېز سېتىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان

پەيتۇل خۇشاللىقىدا بىر مۇنچە ھەقەمسايىلىرىنى چاقىرىپ ، ئالغان قەلەم ھەققىنى «يۇيۇپ» مۇ بەردى . چۈنكى ئۇ ، بۇ كىتابتىن خېلىلا كۆپ تەھرىرلىك قەلەم ھەققىگە ئىگە بولغاندى .

پەيتۇل بۇرۇن بىرقانچە ئىدارىدە كاتىپ ، تەرجىمان ، مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن ، كېيىن مەلۇم گېزىتخانىنىڭ ئەدەبىي بېتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەچكە رومان ، پوۋېست ، بەزى تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشكە «تەرىتى» بوش ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەشرىياتقا كەلگەن ئەسەرلەرنى تەقسىم قىلغاندا ، قەلىمى پىشقان ، بىر قانچە ئەسەر ئېلان قىلغان نامى بار قەلەمكەشلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئۆزىگە قالدۇراتتى . چۈنكى ، بۇنداق ئەسەرلەرگە كۆپ «ياماقچىلىق» كەتمەيتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ باش مۇھەررىر بولغاچقا ، باشقا مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىگەن كىتابلىرىنى تەكشۈرۈپ ، تەستىقلاش ھوقۇقى بارئىدى . بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىنى ۋاراقلاپ ئانچە - مۇنچە قىزىل قەلەم تەگكۈزگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،كۆپىلىرىنى بىرەر - ئىككى ھەپتە «توپا باستۇرۇپ» ، كۆرۈپ چىقتىم ، مەسئۇل مۇھەررىر يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقسا بولىدۇ ، دەپ ئاستىغا قول قوياتتى . بۇ ئۇسۇل جاۋابكارلىقتىن ئۆزىنى تارتىشنىڭ ئەپلىك چارىسى ئىدى . ئۇنىڭ كۆچ سەرپ قىلىنمايدىغان ياخشى كىتابلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ «تەھرىرلىك» قىلىشى ئاسانلا قەلەم ھەققى ئېلىش ، شۇنداقلا «نام چىقىرىش» ئۈچۈن ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ نەشرىيات باشلىقى ، باش مۇھەررىر قاتارلىق ئەمەلىي بولسىمۇ ، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قول مۇدىرلىقىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكىدىكى سەۋەبمۇ شۇ ئىدى . بىراق ، تۇرسۇنجان كۆڭلىدە «ئەمەل شوتىسىغا يامىشىش تۆۋەن بالداقتىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ساددا ئۇقۇمۇ بىلەن ھازىرقى «مۇئاۋىن» لىققا قانائەت قىلىپ ، پەيتۇل-

نىڭ سىزغان رامكىسى ئىچىدە ئەركىن قانات قاقالمايۋاتاتتى .
«زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ لۇقمىنىسىدىن دەندەپ قالغان پەيتۇل ، مەسۇم قابىلىنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۇرۇپ كەت-تى . ئۇلار ھېكايە ، پوۋېست ۋە رومان يېزىۋاتقان ئەدىپلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ يۈرگەن كۈنلەردە ، شىمالىي شىنجاڭغا كەتكەن تۇرسۇنجان ، باغۋەنچىلىك ، باقمىچىلىق ، مال دوختۇرلۇق ، كۆكتاتچىلىقتا ئائىت كىتابلار توغرۇلۇق كىتابخانىلار بىلەن كېلىشىم تۈزەپ ، تىراژ توپلاپ قايتىپ كەلگەنىدى .
گۈلدەستە نەشرىياتى «بالا» نەشرىيات بولغاچقىمۇ ، ئۇيۇ-غۇر ، خەنزۇ چوڭ تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ تەركىبىدىكى تەھرىر ئىشخانىلىرىدا بىردىن ئۈچكىچە مۇھەررىر ئىشلەيتتى . ئۇنىڭ-دىن باشقا مالىيە بۆلۈم ، نەشر بۆلۈم ، تارقىتىش بۆلۈملىرىدى-كى خادىملارنى قوشقاندا بۇ يەردە ئوتتۇزدەك ئادەم ئىشلەيتتى . ئۇلاردا شۇجى ، مۇئاۋىن باشلىق ياكى باش مۇھەررىر بولمىغاچ-قا ، پەيتۇل نەشرىيات باشلىقى بولۇپ مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈز-سە ، يەنە بىرياقتىن باش مۇھەررىر تاجىسى ئارقىلىق نەشرىيات-نىڭ ئىلمىي يۈگىنىنى قولدا تۇتاتتى . قىسقىسى ، بۇ يەردە ھوقۇق ، ئەمەل ، ئىمتىياز بىر ئادەمگە مەركەزلەشكەن بولۇپ ، پەيتۇلنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغانىدى . بىراق ، ئۇلار-غا ، ئىقتىسادىي ھەم مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى ئورگان رەھبەرلىك قىلاتتى . تۇرسۇنجان ئالىم ئەڭ ھالقىلىق مەسىلەر ئۈستىدە پەيتۇلغا گېپىنى يېگۈزەلمەي قالغىنىدا ، باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ ياش شۇجىسى جياڭ پىڭ ، مەمۇرىي باشلىق ئەكرەم نىيازلارنى ئىزدەيتتى ۋە شۇلارنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆزى دېيەلمىگەننى دېگۈزەتتى . ئەگەر پەيتۇل «بۇ تۇرسۇنجاننىڭ كۆز قارىشىغۇ» ياكى «تۇرسۇنجان قويغان پىلانمۇ بۇ؟» دەپ قالغۇ-دەك بولسا ، ئۇلار «ئۇ مۇشۇنداق دېگەنمىدى؟» دېيىش ئارقى-لىق ھەر ئىككىسىنى زىددىيەتتىن قاچۇرۇپ خىزمەت نورماللى-

قىنى ساقلاپ قالاتتى . جىياڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازلار يۇقى-
رىدىن بېكىتكەن «تۆمۈر باشلىق» پەيتۇلنىڭ چىشىغا تېگىشنى
خالىمايتتى . شۇڭا ، ھازىرغىچە تۇرسۇنجان ئالىم بىلەن پەيتۇل
ئوتتۇرىسىدا «ئاناڭ - قىزىڭ» دېگۈدەك سۇركىلىشلەر بولۇپ
باقمىدى . پەيتۇل ئېغىزىدا دېمىگىنى بىلەن ، ئۇنىڭ تۇرسۇنجانغا
بولغان قايىللىقى كۆپ ھاللاردا چىرايىدىن بىلىنىپ قالاتتى .
چۈنكى ، ئۇ كەلگەندىن بېرىقى نەشرىياتتىكى ئۆزگىرىش ، ئىل-
گىرىلەشلەر ، مەسئۇلىيەت تۇزۇمى بىكىتىلگەندىن كېيىنكى
تەھرىرلەردىكى جەڭگىۋارلىق ، كۆپ بولمىسىمۇ ئۇزۇلمەي كى-
رىپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىساد ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆزگە كۆرۈنۈپ
تۇرغان كىرىم مەنبەلىرى ئۇنى خۇشال قىلماي تۇرالمايتتى .
بۇرۇن يىلىغا يىگىرمە - يىگىرمە بەش كىتاب چىقىرالايدىغان
نەشرىيات تۇرسۇنجان كەلگەن ئاز كەم بىر يېرىم يىل ئىچىدە
سەكسەن تۆت كىتابنى باسما زاۋۇتىغا ماڭدۇردى . ئۇنىڭ ئۇچ-
تىن بىر قىسمى نەشردىن چىقىپ كىتابخانىلارغا ئۆتكۈزۈلدى .
تۇرسۇنجان تۆۋەنگە بېرىپ كېلىشىم تۈزگەن چارۋىچىلىق ، باق-
مىچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، كۆكتاتچىلىققا دائىر كىتابچىلار چى-
قىش ئالدىدا تۇراتتى . تىراژىغا كىتابخانىلار ، كەسپىي ئائىلى-
لەر ، شەخسىي ۋە كارخانىلار ئىگە بولغان بۇ كىتابلار ھېچقانداق
توسالغۇسىز لوق گۆش ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا روھى جەھەتتىكى
جەڭگىۋارلىق ئۆسكەنىدى . ھەپتىدە بىر نۆۋەت يېرىم كۈنلۈك
كەسپىي ئۆگىنىش ۋاقتى بېكىتىلىپ ، بۇ كۈنلەردە تۇرسۇنجان
«تەھرىرلىك ئەخلاقى» ، «تەھرىرلىك ئىستىلى» «تەھرىرلىكتە
دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار» قاتارلىق تېمىلاردا دەرس
ئۆتەتتى . ئۇ ھەر قېتىم «كوررېكتورلۇق» ، «بىر ئەسەرنىڭ
كىتاب بولۇپ چىقىش جەريانى» ، «نەشر ھوقۇقى» ، «ئاپتور
ھوقۇقى» ، «تارقىتىش بۆلۈمى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار»
تېمىلىرىدا لېكسىيە تۈزگەندە تاڭ ئاپئاق ئېتىپ كېتەتتى . ئۇ-

نىڭ كۇندۇزكى ۋاقتى باسما زاۋۇتلىرىغا بېرىپ كىتابلارنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئۈيۈشتۈرۇلغان كىتابلارنى سۈيلەش، تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇش، كىتاب مۇقاۋىلىرىنى سىزدۇرۇش دېگەندەك ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىشلار بىلەن بەنت بولسا، كېچىلىرى ئەسەر يېزىش، تەھرىرلىك قىلىش، ئىسلاھاتقا ئائىت خەنزۇچە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ مۇھەررىرلەرگە دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھېكمەت كۆپ ھاللاردا ئۇنى لېكسىيە تېمىلىرى، ھەرخىل ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن چوڭراق تېما ھەققىدە سۆزلىتىش ئۈچۈن سىرتتىن كەسپىي خادىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەسۇم قابىلغا «باللار كىتابلىرىنى ئىشلەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇنىڭ قىياق كۆزلىرى دەسلەپتە بىر قىسىملا قىسىلغان بولسىمۇ، كېيىن بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ: «تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، باشلىقىمنىڭ لەۋزىنى يەردە قويسام بولامدۇ» دەپ سايراپلا كەتتى. قىسقىسى، تۇرسۇنجان ھېكمەتنىڭ «خاسلىقىڭغا، ئىسلاھاتچىغا خاس قەيسەرلىكىڭگە تەسىر يەتمىگەن ئاساستا، دوست ـ دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭگە رام قىل» دەپ داۋاملىق تاپىلاپ تۇرغان تەنبىھلىرىنى چىشىنى چىشىغا بېسىپ ئەمەل قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۇ باشلىغان ئىشىدا مەغلۇپ بولۇپ كۈلكىگە قالماسلىق، كۆزلىگەن رېجىسىغا يېتىش ئۈچۈن بىر چوقۇپ ئۈچ قېتىم قاراش تاكتىكىسىنى قوللىنىش قارارىغا كەلگەنىدى.

شۇنداق، تۇرسۇنجان ئەپەندىم! جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، پوپايكىنى چۇۋۇپ، يۇڭ ئىشتان توقۇغاندەك ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھازىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقانلارغا نەزەر

سال ! زاۋۇت ، كارخانا ، شىركەت ، رېستۇران ، بىناكارلىق ،
يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرغان ئىسلاھاتچى-
لارنىڭ قايىسسى تۇزۇم ، ئەنئەنىۋى قاراش ، ئىقتىسادىي چەكلى-
مە ، پىشمىغان نەزەرىيىچىلەرنىڭ قارشىلىقلىرىغا ئۇچرىمىدى !
بەزىلىرى ۋەيران بولۇپ تۈگەشتى ، بەزىلىرى تۈرمىلەرگە تاشلان-
دى ، يەنە بەزىلىرى ئىسلاھات دولقۇنىغا تۇنجۇقۇپ ، جان تۇمشۇ-
قىغا كەلگەندە بەللىرىنى رۇسلاپ باش كۆتۈرۈپ چىقالىدى .
شۇڭا ، بۇ ھەقتە خىشىن ئەپەندى ئىسلاھاتچىلارنى مۇنداق ئاگاھ-
لاندۇرغانىدى : «ئىختىساسلىقلارنىڭ چۆكۈرۈلۈشى ، سەرخىللار
نىڭ شاللىنىپ قېلىشى ، ناچارلارنى تاللاش مېخانىزمى ئىجتىما-
ئىي مەدەنىيىتىمىزدىكى ساقايماس كېسەللىكتۇر ! بۇنداق مېخا-
نىزم قۇرۇلمىلىق ئۇنۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ئەنئەنىۋى جەم-
ئىيەت تەرتىپىگە باغلانغان تۇرغۇنلۇق ۋە مۇقىملىقنى ساقلاپ
قېلىشقا پايدىلىق . چۈنكى ، بۇ ئۇچ مېخانىزم ئىجتىمائىي مەدە-
نىيەتتىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئامىللىرىنى شاللاپ تاشلاي-
دۇ... جۇڭگودا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەستە ئۇنۇم قازىنى-
شىمۇ يۇقىرىقى ئۇچ مېخانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك... »
كىتابلار ھەققىدە ئۇچۇر ئىگىلەش ئۇچۇن كاماندىروپكىغا
چىقىپ كەتكەن تۇرسۇنجان قايتىپ كېلىپلا ، ئۇرۇمچىدىكى ئا-
لىي مەكتەپ ، قانۇن ئورۇنلىرى ، ئەدلىيە مەكتەپ ، ساقچى
مەكتەپ قاتارلىق خېلى كۆپ ئورۇنلار بىلەن بىر ھەپتىدەك
ئالاقىلەشتى . ئۇ تارتقان جاپا - ئەجرىگە چۇشلۇق ئېرىشكەن
نەتىجىسىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا ، بۇگۇن ئەتىگەندىلا نەشرى-
ياتقا كېلىپ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى . پەيتۇل
ئۇنى كۆرۈپلا كۆلۈمسىرىگىنىچە دىقماق گەۋدىسىنى لىككىدە
كۆتۈرۈپ قولىنى ئۇزارتقاچ چاقچاق قىلدى .
— ھە ، خورجۇن كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىلى بىر ئايدەك
بولدى ، شۇنىڭغا چۇشلۇق نېمەت بارمۇ ، يوق ؟

— پەيتۇلكا ، ئەگەر خۇدايىم ئىشتىھايىڭىزنى بەرسە ، نېمەت ئالدىڭىزدىن ئېشىپ قالىدۇ .

— ۋۇي شۇنداقمۇ ، بەك چوڭ سۆزلەيسىزغۇ ، قېنى سۆزلەڭ .

تۇرسۇنجان كونا دېۋانغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ تاماكا تۇتاشتۇردى . ئۇنىڭ «خۇدايىم ئىشتىھايىڭىزنى بەرسە» دېيىشىدە مەلۇم ئاساس بارئىدى . ئۇ ، بۇ قېتىم شىنجاڭنىڭ شىمالىي ھەم جەنۇبىنى چاقماق تېزلىكىدە ئايلىنىپ بارلىق شىنخۇا كىتابخانىلىرى ، كۇتۇپخانا ، يېزا مەدەنىيەت ئۆيلىرى ، ھەتتا كىتاب بوتكىلىرى خادىملىرى بىلەن ئالاقىلەشتى . ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىپ ئالغاندەكلا ، سىياسىي نەزەرىيىۋى كىتابلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى دېيىشتى . تۇرسۇنجان بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېنىقلاش ئۇچۇن ، قانۇن ئورۇنلىرى رەھبەرلىرىنىڭمۇ تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى . قايتىپ كېلىپ ئۇرۇمچىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ يەنىلا شۇ «سىياسىي نەزەرىيىۋى كىتابلار» ھەققىدە بولدى . چۈنكى ، بۇ يىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە دېڭ شياۋپىڭ 1990 - يىلىغىچە خىزمەتتىكى ئەللىك ياشتىن تۆۋەن كادىرلارغا مۇنتىزىم تۈردە ماركسىزم - لېنىنىزملىق سىياسىي تەلىم - تەربىيە بېرىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەنىدى . دېمەك ، سىياسىيغا ئائىت كىتابلارنىڭ بازىرى چىقىش ئالدىدا تۇراتتى .

— پەيتۇلكا ، چىرايىڭىزدىن «ھازىرقى ۋاقىتتا سىياسىي نەزەرىيىۋى كىتابلارنى كىم ئوقۇيدۇ» دېگەن مەسخىرە بىلىنىپ قېلىۋاتىدۇ ، — دېدى تۇرسۇنجان دادىللىق بىلەن ، — مېنىڭچە ھازىر «كىم ئوقۇيدۇ» مەسىلىسى ئەمەس ، بەلكى «ئوقۇيدىغان كىتاب قېنى ؟ » مەسىلىسى مەۋجۇت . ئاڭلاپ بېقىڭ ، مەن بەزىبىر ستاتىستىكا مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم .

ئاپتونوم رايون بويىچە يىگىرمىدەك ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي ئالىي تېخنىكوملار بارئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەربىيىلەيدىغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدىن بىر يۈز سەككىزى بار بولۇپ، بۇلاردا ئون مىڭدەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. بۇلارغا سىياسىي - نەزەرىيىۋى دەرسلىك، قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا دەرسلىك بولمىغاچقا ئوقۇش باشلىيالماي ياكى شېپىگرافتا بېسىپ قىسمەن ئېھتىياجىنى تەمىنلەۋاتاتتى.

— پەيتۇلكا، بۇ بىر پۇرسەت، — تۇرسۇنجان قىزىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — بۇ قېتىم ئېنىقلاپ چىقىشىمچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا ئالتە مىڭ، ئەدلىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىدا ئىككى مىڭ، سوت، تەپتىش سىستېمىسىدا ئىككى مىڭ بولۇپ، سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىدا جەمئىي ئون مىڭدەك ئۇيغۇر كادىر - خىزمەتچى بار. دۆلەت بۇ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى قانۇن - تۈزۈمنى 1990 - يىلغىچە ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپىنى قويدى. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىز بىرىنچى ئايدا قانۇن ساۋاتسىزلىقىنى يۇيۇش رەھبەرلىك كومىتېتى قۇرۇپ چىقتى.

پەيتۇلىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇچۇر ئىگىلەشتە بۇنداق سان - سىپىر، دەلىل - ئىسپات، ئىنچىكە تەكشۈرۈش كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن. بۇ خۇددى بىر پەنجە ئۇرۇش بىلەن قاماللاپ چىقىدىغان شۇڭقارنىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ. يا، ياق، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق جان كۆيەرلىك بولسىلا پەيتۇلنى كۆزلىگەن رېجىسىغا يەتكۈزگۈدەك. ھېلىمۇ بىر يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا نەشرىياتنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، ئورنىدىن دەست

تۇرمىدىمۇ ! ئىش يۈزىدە كۆرۈلگەن شۇنچە ئەمەلىيەت بۇ شۇڭ-
قارغا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .
— ئەگەر شۇنداق بولسا ، — پەيتۇل دەرگۇماندا سورى-
دى ، — تىراژ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كۆردىڭىزمۇ ؟ ئەنسىرە-
ۋاتقىنىم ، مەبلەغ سېلىپ نەشر قىلغان كىتابلىرىمىزنى توپا
بېسىپ قالماس ؟
— بارغانلا يېرىمدە سۆزلەشتىم ، ئۇلار «ئاۋۋال زاكاز
تالونى تارقىتىڭلار ، بىز كېرەكلىك ساننى يېزىپ ئەۋەتەيلى»
دېيىشتى ، — تۇرسۇنجان پەيتۇلنىڭ سوئالىنىڭ غەلىتىلىكىدىن
كۈلدى ، — ئەلۋەتتە ، ئۇلار يوق كىتابقا ئالدىن تىراژ بېرەل-
مەيدۇ - دە .
— ئۇنداقتا ، — پەيتۇل بىمەنە سوئالىدىن خىجىل بولدى
بولغاي دەرھال گەپنى يۆتكىدى ، — ئىشلىمەكچى بولغان سىيا-
سىي قانۇن كىتابلىرىنىڭ مەنبە مەسىلىسىنى ئويلىنىپ كۆردۈ-
ڭىزمۇ ؟
— ئىزدىنىپ كۆردۈم ، — تۇرسۇنجاننىڭ تۇرقىدىن ئە-
شەنچ يېغىپ تۇراتتى ، — يۇقىرى سوتتا كوللېكتىپ تۈزۈلگەن
ۋە شەخسىي يازغان «قانۇندىن سوئال - جاۋابلار» ، «كومۇنىس-
تىك ئەخلاق توغرىسىدا لېكسىيىلەر» دېگەن ئىككى كىتاب بار ،
ھازىر ئۇستىدىن كۆرۈپ ئۆزگەرتىۋاتىدۇ . مەن ئۇلار بىلەن
كېلىشىم تۈزۈپ قويدۇم . بۇ كىتابلارغا ئۆزلىرى تىراژ بېرىدى-
غانلىقىنى ئېيتتى ، شىنجاڭ بويىچە قانۇن ئورگانلىرىغا بىر
تۇتاش تارقىتىدىكەن .
— كېلىشىم تۈزۈپ بولدۇم دەڭ ، — پەيتۇل ئىچىدە
«قارا ماۋۇنىڭ بېشىنىڭ چوڭلۇقىنى» دەپ ئويلىدى ، — ئەل-
ۋەتتە ئىككىمىز بارمەسلىھەت بىر نېمە دېسەك ياخشى بولاتتى .
خەير بوپتۇ ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىمۇ بارمۇ ؟
— «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» ، «سىياسىي ئىقتى-

ساد لۇغىتى» ، «ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «ماركسىزملىق ساۋاتتىن سوئال ـ جاۋابلار» ، «ماتېرىيالىس-تىك دىئالېكتىكىدىن كونسپېك» قاتارلىق بىر ـ مۇنچە كىتاب-لارنىڭ ئورنىنى قىلىپ قويدۇم . بۇلارنىڭ بەزىلىرى شەنشى خەلق نەشرىياتى ، بەزىلىرىنى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تۈزگەن كىتابلار ئىكەن ، دەرھال تەرجىمىگە ئۈيۈشتۇرساقلا بولىدۇ .

— بولىدۇ ، بۇ كىتابلارنى مەن ئۈيۈشتۇراي ، — پەيتۇل تۇرسۇنجانغا سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى ، — سىز بۆلۈمنىڭ باش-قا ئىشلىرىنى تۇتۇڭ .

تۇرسۇنجاننىڭ قىزىق قېنى يۈزىگە تەپتى ، لېكىن ھېكمەت-نىڭ «ھەرقانچە بېسىمغا ئۇچرىساڭمۇ قېنىڭنى چاچما» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئەمەلىيەتتە «ئىش ئۈيۈشتۇرۇش» خىزمەت تەرتىپى بويىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشى ئىدى . بىراق ، پەيتۇل نامدار زىيالىي-لارغا ئىش بېرىش ئارقىلىق ، تۇرسۇنجاننىڭ يۈز تېپىپ چېتىغا پاتماي قېلىشىدىن ، ئۆزىنىڭ نامۇ نىشانىنىڭ خىرەلىشىپ كې-تىشىدىن ئەنسىرىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بىر يۇرتلۇقلىرى ، كېرەكلىك ئادەملىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق ، ئۆزىمۇ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئويلايتتى ، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى توس-قۇنلارغىمۇ بەرھەم بەرگىلى بولاتتى .

— پەيتۇلكا ، مەن قەلەمى پىشقان . تەرجىمە سەۋىيىسى يۇقىرى ، كەسپتە نەتىجە قازانغان بەزى زىيالىيلار بىلەن سۆز-لىشىپ قويغان ، — دېدى تۇرسۇنجان تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن قورساق كۆپۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، — شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەڭلىك تارتىپ قالمىسام دەيمەن .

— مۇنداق دەڭ ، — پەيتۇل ئىچىدە ئۆزىنى دەڭسەپ كۆردى ، «ياق» دەپ ئۇنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىنى سوۋۇتۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ كىتابلارنى ئۇنىڭ

ئۆزى ئىزدىنىپ تاپقان - دە ، — بوپتۇ ، بىر نەچچىسىنى سىز ئويۇشتۇرۇڭ .
— رەھمەت سىزگە ، — تۇرسۇنجان چوڭقۇر تىنىپ قويدى ، — پەيتۇلكا ، ئۆزۈم بىر يازغۇچى تۇرۇقلۇق ئەدەبىي - ئەسەرلەرنى تېپىپ كەلمەي ، سىياسىي قانۇنغا دائىر كىتابلاردىن ئۇچۇر ئېلىپ كەلگىنىمگە بەلكىم ھەيران بولۇۋاتقانسىز . مەندە باشقا غەيرىي مەقسەت يوق . نەشرىياتىمىز قەد كۆتۈرسە ، سىز- نىڭمۇ يۈزىڭىز يورۇق بولىدۇ . مەن ئىشىنىمەنكى ، بۇ ئىشىد- مىزنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالىساقلا ، نۇرغۇن پۇل نەشرىياتى- مىزغا قاراپ ئاقىدۇ .
«نۇرغۇن پۇل» نىڭ خۇشلۇقىدا ھاياجانلانغان پەيتۇلنىڭ سېمىز يۈزى ھەم مەيدىسىدە يېيىلىپ تۇرغان قوش ئېگەكلىرى شەلپەردەك قىزاردى ، چىرايىغا بىر ئىللىق سېزىم تارقاپ سە- مىمىيلىك بىلەن كۈلۈۋەتتى .
— خۇدا شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزسۇن ، ھېلىمۇ قەدىر ئەھۋال بولۇپ قالدۇق ، — پەيتۇل كۆڭلىدىكىنى يوشۇرالمىدى ، — مەن ئادەم ئىشلىتىشتە خاتالاشمىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن .
— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت ، — تۇرسۇنجان كونا ئىش- كاپلار ھەم ئەبجەق ئۈستەل ، دىۋانلارغا قاراپ قويدى ، — پەي- تۇلكا ، مۇشۇ ئىشخانىڭىزنى تۈزۈمىسەك زادى بولمىدى جۇمۇڭ .
— نېمىشقا ئەمدى ؟
— دەۋر تەرەققىي قىلغانسېرى ، يۈز - ئابروي تېپىش مۇھىم بولۇپ قالغاندەك ، ياخشى مۇھىت ، كۆركەملىكمۇ شۇنچە مۇھىم بولۇپ قالدى . ئىشخانىڭىزغا ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆھ- بەتلەشكىلى يازغۇچى ، پروفېسسور ، ئالىملار كېلىپ تۇرۇۋاتى- دۇ . شۇڭا ، ئىشخانىڭىزنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان تەسىرىنى ئويلى- ماي بولمايدۇ جۇمۇ .
— شۇنداقمۇ بولارمۇ ؟ — پەيتۇلنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچە-

لىپ كەتتى ، ــ بۇنداقمۇ ئىنچىكە يەرلىرى باردەك .
ــ ئالدىمىزدىكى ئايدا بىرقانچە شىنخۇا كىتابخانىلىرى بىزگە پۇل تاپشۇرماقچى ، ــ دېدى تۇرسۇنجان ئىشەنچلىك هالدا ، ــ ئىشخانىمىزنى باشقىدىن زىنىنەتلەپ ، تام ئىشكاپلىرد. نى ئورنىتىپ ، مۇنۇ كونا نەرسىلەرنى ئاچىقىۋېتىمىز . پۇلغا كىلەم سېلىپ ، قايتىدىن تۈزەيمىز .
ــ باشقىلارنىڭ پىكرى چىقماسمۇ ؟ ــ پەيتۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى .
ــ ياق ، بۇ دېگەن خىزمەت ئېهتىياجى ، كېيىنچە مۇهەر. رىرلەرنىڭ ئۇستەل - ئورۇندۇقلىرىغىچە يېڭىلاپ بەرسەك بول. مىدىمۇ .
ــ توغرا ، توغرا ، گۆهەر زېمىن نەشرىياتى شۇنداق قى. لىپ بېرىپتۇ ، ــ پەيتۇلنىڭ چېيى چېچەكلەپ كەتكەندەك قى . لاتتى ، ــ ۋۇي راست ، بىر خۇش خەۋەرنى ئۇنتۇپتىمەن ، سىزنىڭ كاندىدات ئالىي مۇهەررىر ئۇنۋانىڭىز تەستىقلىنىپ كەپتىكەن . باشقۇرۇش ئورگىنىدىن جياڭ پىڭ ، ئەكرەم نىياز. لار بىرقانچە قېتىم تېلېفون ئۇردى . هازىر بېرىپ ئۇنۋان گۇ. ۋاهنامىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ .
تۇرسۇنجان ئۇنۋان خۇشاللىقىدا ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىشى پەيتۇل ئۇنى چاقىرىپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئوڭايسىزلىنىش ئىپادىسى بارئىدى .
ــ مۇنداق ئىشتى قاراڭ ، ئىشخانامدا بىر ئاز زاپاس پۇل تۇرمىسا زاي بولمايدىكەن ، ــ پەيتۇل كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچ . تى ، ــ هېيىت ، بايرام ، خاتىرە كۈن ، يىللىق خۇلاسىلەردە يولداشلارنىڭ هاردۇقىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىش ، يازغۇچى ، تەرجىمانلارنى مېهمان قىلىش ئىشلىرىدا سەل ئالدى - ئارقامغا قاراپ قالىدىكەنمەن .
ــ بۇنداق ئىشلاردا مالىيە بۆلۈمىدىن پۇل ئالسىڭىزلا

بولمىدىمۇ، چۈنكى مەخسۇس مۇشۇ تۈرگە ئاجراتقان پۇل بار ئەمەسمۇ.

— بۇنداق ئىشلار قارارسىز دەڭا. خۇددى ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئىتنىڭ سىيگىسى كەلگەندەك، راسا لازىم بولغاندا مالىيە بۆلۈمىدىكىلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ، — پەيتۇل بىرئىشنى دېيەلمەي توختاپ قالدى، — مەن كۆرۈپ تەستىقلىغان، ئىشلىگەن كىتابلارنىڭ بىرىنچى تەھرىرلىكىنى ۋەزىپىگە ھېساب قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم كۆرۈپ چىقىشنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان ئىش ھېسابىدا قەلەم ھەققى يېزىپ ئىشخانا ھېسابىغا كىرگۈزۈۋەتتىم. سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن كىتابلىرىڭىزنى تالوندىن كۆرۈپ باقسام ۋەزىپىدىن خېلىلا كۆپ ئاشۇرۇۋېتىپسىز. شۇڭا، سىزمۇ بايىقى ئۇسۇلدا بىر ـ ئىككى كىتابقا ئۆز نامىڭىزدا قەلەم ھەققى يېزىپ ماڭا ئەكىرىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— بۇ... بۇنداق قىلساق قاملاشماسمىكىن.

— نېمىشقا قاملاشمايدىكەن، سىزدىن بۇرۇنمۇ بۇنداق ئىشلار بولغان. مەسىلەن، بەزى خەنزۇچە كىتابلارنى سىرتقا ئۆيۈشتۇرۇپ، تەرجىمىسى نەشرىيات سەۋىيىسىگە يەتمەي قالسا، يەنە باشقىسىغا كۆرۈپ چىقىشقا بېرىمىز، لېكىن ھەر ئىككىسىگىلا قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا قەلەم ھەققى ئالمىسامىمۇ، ۋەزىپەم ئورۇنلانغان ھېسابتا بولسا بولىۋېرىدۇ.

— قەلەم ھەققىنى ئەكىرىپ بەرگەندە، ئادەم بار يەردە بەرمەڭ ھەم بىر كىمگىمۇ دەپ يۈرمەڭ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھەي قاراڭ سىزنى، مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلمەمسىز؟ — پەيتۇل كۈلۈپ قويدى، — ئىشخانىدا پۇل بارلىقىنى بىلىپ قالسىلا، «بالام ئاغرىق»، «مېھمان كەلگەن»، «قىيىنىلىپ قالدىم» دېگەندەك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن

قەرز سورايدىغانلار يىغىپ كېتىدۇ .

— ئۇقتۇم .

گۇلدەستە نەشرىياتىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش ، قەلەم ھەققى تۈزۈمى ، مۇھەررىر ، تەرجىمانلارغا قوشلاپ ھەق بېرىشتەك قا- ئىدىلىرى كالللىسىدىن ئۆتمىگەن تۇرسۇنجاننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىۋان خۇشاللىقىدا ئۇ پەيتۇلغا «باشقا گەپلەرنى كېيىنچە سۆزلىشەيلى» دېگىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ پەلەمپەيلەردە تاقىلدىغان ئاۋازى پەسەي- گەندىن كېيىنلا ، خېلىغىچە ئۆرە تۇرغان پەيتۇل ئورنىغا ئول- تۇردى - دە ، «بۇ كاساپەتنى ھېچكىم قىرىققا كىردى دېمەيدۇ . قىلىقلىرى تەنتەك بالىلاردەك ، كالللىسى بولسا مۇنەججىم ، دەر- ۋىشلەردەك» دەپ غودۇڭشىپ قويدى .

ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن شۇ نەرسە مەۋھۇم قالمىسۇنكى ، پەي- تۇل ئۆزىنىڭ شاپائەتچىسى نۇردۇن خوجىنىڭ «يەۋاتقان نې- نىڭ ، ئولتۇرغان ئورۇندۇقۇڭغا ھېزى بول» دېگەن قورقىقى- دىن ، كىرىم بۇجاڭنىڭ «ئەمەل تەلەپ قىلغىنىڭغا قارىغاندا يو- شۇرۇن غەرىزى بارمۇ ، قانداق ؟» دەپ بەرگەن تېلېفونلىرىدىن ، مەسۇم قابىلنىڭ «مۇئاۋىن مۇدىرلىققا قايىل ئەمەستەك قىلىدۇ··· » دېيىشى ئارقىلىق «سېنىڭ ئۈچىنچى ئەمىلىڭنىڭ پېيىدا» دې- گەندەك شەپىلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى . ئەلۋەتتە ، دىلىغا غەيرىي نىيەت يوشۇرۇنغان ئادەم ئۆزىنى ھەرقانچە پەردازلىسى- مۇ ، ياۋاش - يۇمشاق قىياپەتكە كىرىۋالسىمۇ ، زېتىغا تېگىدى- غان بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ياكى مەنپەئەت توقۇنۇشىغا ئۇچرىغاندا ، ئىش - ھەرىكىتىدىن ، گەپ - سۆزلىرىدىن ، يۈ- رۈش - تۇرۇشلىرىدىن ، ئەدناسى يۈز قىياپەتلىرىدىن ئاچچىق ئۇچقۇنلار چاچراپ چاندۇرۇپ قويىدۇ . بىراق ، تۇرسۇنجاننىڭ ئەمەلىيىتى بۇنىڭ ئەكسىچە . يازغۇچى دېگەن ساددا كېلەمدۇ نېمە ، ئۇ جۇۋاز كالىسىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلىگىنى

ئىشلىگەنىدى . يا ھاردىم ـ تالدىم دېمىگەن ، ئەسەر يازغان ، تەھرىرلىگەن ، دەرس ئۆتكەن ، باسما زاۋۇتلىرىغا چاپقان ، سىرت بىلەن ئالاقە ئورناتقان ، تىراژ ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تېلېفون بەرگەن ، پايدىلىق ئۈچۈر كويىدا تىنىڭ ـ تىڭشىغان ، باسما زاۋۇتلىرىغا بېرىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي چىقىمىنى ھېسابلىغان ، بىرەر پەسىل ياكى ھېيت ـ بايراملاردا كادىرلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە مالىيە بۆلۈمدىكىلەر بىلەن سۆزلەشكەن ، پەيتۇلغا مەسلىھەت سالغان... بۇ ئىشلار پەيتۇلنىڭ قولىنى سوۋۇتۇپ كۆڭلىنى تىندۇردى . بىراق ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ پىنھانلىرىدا بىر يېنىپ ـ بىر ئۆچۈپ تۇرغان كىچىككىنە ئەندىشە ئۈچقۇنلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئۇ بولسىمۇ «ۋاي پەيتۇل باشلىق» نىڭ ئورنىغا «ۋاي تۇرسۇنجان !» ئالمىشىپ قالىدىغان شۆھرەت ، نام ، ئاتاق ساقىندىلىرى ئىدى !

پەيتۇل خىيالغا بەنت بولۇپ ئولتۇرغان مۇشۇ دەقىقىدە ، قىزىل سۇلياۋ تاشلىق ئۇنىۋان گۇۋاھنامىسىنى قولىغا ئالغان تۇرسۇنجان جاڭ پىڭ شۈجى ، ئەكبەر نىيازلار بىلەن خۇشلىشىۋاتاتتى .

— تۇرسۇنجان ، — دېدى جاڭ پىڭ چاقچاق قىلىپ ، — كاندىدات ئالىي مۇھەررىر دېگەن كاتتا ئۇنىۋانغا ئېرىشتىڭىز ، ئەمدى بۇ خۇشاللىقنى يۇيۇپ بېرەرسىز ؟

— جاڭ پىڭ توغرا دەيدۇ ، — ئەكرەم نىياز ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى ، — ھازىر ئۇنىۋان ئالسا ، يېڭى ئۆيگە كۆچسە ياكى مائاشى ئۆسسە مېھمان چاقىرىپ يۇيۇپ بېرىدىغان ئادەت بارئەمەسمۇ .

— مېھماندارچىلىق سىلەردىن ئايلانسۇن ، — تۇرسۇنجان راست دەپ چۈشىنىپ قالغانىدى ، — سىلەرنىڭ قاچان ۋاقتىڭ-

لار يەتسە ، مەن تەييار .

— چاقچاق ، — دېدى جاڭ پىڭ كۈلۈپ ، — ھەر ھالدا ياخشى ئىشلەۋاتىسىز . بۇنىڭدىن كېيىن يەنە غەيرەت قىلىڭ ، بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىڭىز ، ئەكرەم بىلەن ئىككىڭىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمىز .

تۇرسۇنجان ئىككى ياش رەھبەر بىلەن خوشلىشىپ چوڭ كوچىغا چىقتى . ئۇ «زۇلمەتتىكى مەشئەل» كىتابى چىققاندىمۇ بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى . ئىنسان بالىسى مانا مۇشۇنداق كۆڭلى يايراپ شادلىققا تولغاندا ، يەنە بىرى ، بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كېلىپ ئازابلانغاندا دوستلىرىنى ئەسلەپ قالىدۇ ، تەڭ كۈلۈپ ، تەڭ يىغلىغۇسى كېلىدۇ . تۇسۇنجان بىردىنلا دوستى ھېكمەتنى ئەسلەپ قالدى . كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن ئەسىرا بولۇپ باقمىدى . بولمىسا ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ خىزمەت ، تۇرمۇش ، شەخسىي ئىشلىرى ھەققىدە بىر ـ بىرىگە «دوكلات» قىلىشمىسا كۆڭۈللىرى تىنمايتتى . تۇرسۇنجان پات ـ پاتلا ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، مەھبۇبەنىڭ ئۆزبېكچە ئېتىلگەن سامبۇسىسىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ كېلەتتى . ھېكمەتمۇ تۇرسۇنجاننىڭ ئايالى سەلىمەنى «لەڭمەننىڭ پىرى» دەپ ماختايتتى . تۇرسۇنجان دوستىنىڭ تۇرمۇش پاجىئەلىرىدىن خەۋىرى بولغاچقا ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلاتتى . ھېكمەت مەھبۇبەنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن بېرى ، ماھىگۈل ئانچە كەلمەس بولۇپ قالغانىدى . تۇرمۇش ، رېئاللىق نېمىدېگەن رەھىمسىز... گەرچە مەھبۇبە بەختىمنى تاپتىم دېگىنى بىلەن ، كىم بىلىدۇ ، ئۇمۇ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقاندۇ ! ھېكمەت ، ماھىگۈللەرچۇ ؟ ! مەھبۇبەنىڭ ئائىلىلىق رۇخسەت ۋاقتى توشۇپمۇ قالدى . ھېكمەت ئۇنىڭ بىلەن يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۇچۇن خوتەنگە كەتكەنمىدۇ ؟ ماڭمىغان بولسا ، بەلكىم ئىشخانىسىدا رەسىم سىزىۋاتقان بولۇ-

شىمۇ مۇمكىن .
تۇرسۇنجاندا ھېكمەت بىلەن ئۇچرىششى ، ئۇنىڭ ئاچچىق
قىرتاق تەنبىھلىرىنى ئاڭلاش ئىستىكى بىردىنلا قوزغىلىپ قال-
دى . ئۇ سائىتىگە قاراپ تېلېفون بېرىش ئۈچۈن يول چېتىدىكى
بوتكىغا كەلدى . ئۇنىڭ ھېكمەتنىڭ يېقىن دوستى كامىلنىمۇ
چاقىرىپ بىرەر ئاشخانىدا مۇڭداشقۇسى كەلگەنىدى .
ئۇنىڭ تەلىيىگە ھېكمەت ئىشخانىسىدا ئىدى . ئۇ تېلېفوننى
ئېلىپ تۇرسۇنجاننى «تۈيۈقسىزلا يوقاپ كەتتىڭ ، شەيتان ، ئې-
زىتقۇ ، قارا قۇيۇن» دەپ كايىغاندىن كېيىن ، كامىل بىلەن
ئىشانوفنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى توپلاش ئۈچۈن خوتەنگە كەت-
كەنلىكى ، ئۈزىنىڭ سائەت ئون ئىككىدە دۆڭ كۈۋرۈككە بارىدى-
غانلىقىنى ئېيتتى .
تۇرسۇنجان ھېلىمۇ نەنلىياڭدىكى تار قورۇدا ئولتۇرۇۋاتات-
تى . بۇ قورۇ ئەتىيازدا قار ئېرىگەن ھەم يامغۇر ياغقان چاغلاردا
شۇنچىلىك پاتقاق ھەم مەينەتلىشىپ كېتەتتىكى ، دەسسەپ ماڭ-
غۇدەك يولمۇ تاپقىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ تەسكەيدىكى ئىككى
ئېغىز ئۆيىدىن زەي پۇراپ تۇراتتى . قاتتىقراق جۇدۇن بولغان
كۈنلەردە تۇرۇستىن تامچە ئۆتمەيدىغان يەر قالمايتتى . تۇرسۇن-
جان بۇ قېتىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەندە ، مەسۇم قابىل
باشقۇرۇش ئورگان تەرىپىدىن سېلىنغان يېڭى بىنا ئۆيگە كۆچۈپ
كەلگەنىدى . بۇ ھەقتە جياڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازلار تۇرسۇن-
جاندىن ئەپۇ سورىدى .
— كەچۈرۈڭ تۇرسۇنجان ، — دېدى جياڭ پىڭ خىجىل-
لىق بىلەن ، — ئەسلىدە بۇ ئۆي سىزگە تەئەللۇق ئىدى . لې-
كىن ، يۇقىرىدىن مەسۇم قابىلغا يېڭى بىنادىن ئۆي تەڭشەپ
بېرىلسۇن ، دەپ خەت قىلىپ بېرىپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇردۇن
خوجا يۈز تەڭلەپ تۇرۇۋالدى .
— ئەمەل ھەم ئۇنۋان دەرىجىسىگە سالغاندىمۇ ، — ئەك-

ـرەم نىياز بېشىنى چايقاپ قويدى ، ــ بۇ ئۆي مەسۇم قابىلغا
توغرا كەلمەيتتى . چۇنكى ، بۇ ئۆيلەر سىزگە ئوخشاش باشقارما
دەرىجىلىك كادىرلارغا تېگىشلىك ئىدى . لېكىن ، نۇردۇن خوجا
«يۇقىرىمۇ بىر ئىشنى ئويلاپ خەت قىلىپ بەرگەندۇ ، رەھبەر-
لىكنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇشى مۇمكىن» دەپ تۇرۇۋالدى .
ــ كېرەك يوق ، ئۆي دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق ، ھا-
زىرچە گۆھەر زېمىن نەشرىياتى ئۆينى بىكار قىلىپ بە ، دېگىنى
يوققۇ .
تۇرسۇنجان گەرچە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ ، نەشرىيات ئۇ-
چۇن تۆۋەنلەردە پالاقلاپ يۈرۈپ ، ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆينى تارتتۇ-
رۇپ قويغانلىقىغا ئېچىندى . يەنە بىر تەرەپتىن ، نۇردۇن خوجى-
نىڭ مەسۇم قابىل ھەققىدە دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە
ئېغىر بىر ئەندىشە سېلىپ قويدى .
تۇرسۇنجان ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ دۆڭ كۆۋرۈككە يېتىپ
كەلدى . ئۇ مىللىي ماللار سودا سارىيى ئالدىدا تاماكا چېكىپ
بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، ئىككى يېنىغا بويۇنداپ قاراشقا باش-
لىدى . ئەتراپتا كۆڭلەك ، پايپاق ، لۆڭگىلەرنى كۆتۈرۈپ ۋارقى-
رىشىۋاتقان ئېلىپ ساتارلار ، تەگزىكەشلەر ، مايلامچىلار ، قول
ھارۋىلىرىدا باھاسى چۈشۈرۈلگەن ماللارنى سۆرەپ يۈرگەنلەر ،
قىشچە توڭلاپ ئېرىگەن تاۋۇزلارنى تىلىپ ساتقۇچىلار ، كونا
ئۇن ئالغۇلارنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ خېرىدار چىللاۋاتقانلار
شۇنچە كۆپ بولۇپ ، قۇلاقلارنى پاڭ قىلىپ قويغۇدەك ھەرخىل
ئاۋازلار بىلەن تولغانىدى . تۇرسۇنجان ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزى-
دەك ھەرتەرەپكە سەپسېلىۋاتقان ، چېكىلىرى چارلاشقان ، بۇدۇر
چاچلىق بىر باشنى كۆرۈپ قالدى .
ــ ھېكمەت ! ــ تۇرسۇنجان قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرى-
غاچ يېتىپ كەلدى ، ــ قانداغۇي ئەھۋالىڭ ، سەمرىپ قالغاندە-
دەك تۇرۇسەن ، مەھبۇبە راسا بېقىۋاتقان ئوخشىمامدۇ سېنى .

— بارمۇ سەن ھەي قۇيۇن تاز ، — ھېكمەت ئۇنىڭ قولىنى سىقتى ، — پىرقىراپ چىقىپ كەتسەڭ ، قاراڭنىمۇ تاپ- قىلى بولمايدىكەن .

تۇرسۇنجان ھېكمەتنى زەرگەرچىلىك ھەم چىش سېلىش دۇكانلىرى ئورۇنلاشقان تار كوچىغا باشلاپ كىرىپ ، يولدىن خېلىلا پەس بولغان بىر ئاشخانىنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن پەسلەپ چۈشتى . ئۇ بۇ يەردىكىلەر بىلەن كونا تونۇش بولسا كېرەك ، خىزمەتچى بالىدىن «ھېلىقى كىچىك ئۆي بىكارمۇ ؟» دەپ سو- راپ قويدى .

ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىكى ئۆيگەكىرىپ ئول- تۇرۇشتى . خىزمەتچى بالا شىرەنى سۈرتۈۋېتىپ ، «نېمە يەيسى- لەر ؟» دېيىشى ھېكمەت دەرھاللا «سۈيۈقئاش» دېگەچكە ، تۇر- سۇنجانمۇ ئۇنىڭ رايىغا باردى .

— ھەي سەن ، نېمانداق ئەرزان مېھمان ، — دېدى تۇر - سۇنجان ، — ئەجەب سۈيۈقئاش ئىچكىڭ كېلىپ قاپتۇ .

— ئاچچىق - چۈچۈك ، سۈيۈق - سىلەڭ بىر نەرسە ئىچكۈم بار .

— بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى ، خامۇشلا كۆرۈنىسەن . تېخى سېزىك خوتۇندەك ئاچچىق - چۈچۈككە مەيلىڭ تارتىپ قاپتۇ .

— كىچىدىن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ، سەل كۆپرەك ئىچىپ سايتىمەن ، ئاغزىمغا ھېچنېمە تېتىمايدۇ .

— كىملەر بىلەن ئولتۇرۇشقان ؟

— كىم بولاتتى ، ئەل - ئاغىنىلەر ، — ھېكمەتكە گەپمۇ خۇشياقماي تۇراتتى ، — ئۇبزورچى مەسئۇت پەيزۇللا ، چاقچاق- چى ئابلىكىم قاسىم ، راخمان مالىك ، ئىمىنجان ئەسئەد ، ئەزىز ئېلى ، يەنە بىر نەچچەيلەن بار .

— ئەزىز ئېلى دېگىنىڭ كىم ئۇ ، يادىمغا ئالالمىدىمغۇ ؟

— جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرىچۇ .

— ھە ، توغرا ، نەبىنىڭ تويىدا ، ئەدەبىياتتىكى سول ئېقىم ھەققىدە قايناپ سۆزلىگەن ئىگىز بوي ، ئاتيوزلۇك ، كۆز- لىرى چوڭ ئاداشقۇ دەيمەن .

— شۇ ، ئەمما ئىقتىدارلىق ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە پىشقان ئادەم .

— مەنمۇ شۇ چاغدىلا خېلىلا سالمىقىڭ بار ئىكەن سېنىڭ دەپ ئويلىغان .

خۇرۇچلىرى تەڭشەلگەن ، قىپقىزىل سۇيىدىن كۆتۈرۈلگەن ھوردىن ئاشكۆكى ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان سۇيۇقئاش كىردى . ئۇلار كىچىك پىيالىلەرگە بۆلۈپ ئىچكەنسېرى پېشانە- لىرىدىن پۇژۇلداپ تەر قۇيۇلغىلى تۇردى . بولۇپمۇ ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلى ھېچنېمە تارتمىغان ھېكمەت ھۇزۇرلىنىپ ئىچىش- كە باشلىدى .

— پاھ ، پاھ ، ئىسسىق باستى جۇمۇ ، — دېدى ھېكمەت تەرىنى سۈرتۈپ ، — راست گەپنى قىلسام ، ئەتىگەن گېلىمدىن ئىككى پىيالە سوغۇق چايدىن باشقا ھېچنېمە ئۆتمىگەنىدى .

— ھېكمەت ، بىر چاغلاردا ، باشلىدىم ، دېگەن رومانىڭ قانداق بولدى ؟ مەن باشتا دەپ قوياي ، پۈتتۈرسەڭ ماڭا بېرە- سەن .

— ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭ نەشرىياتىمغا بېرەي دېگەنىدىم ، — ھېكمەتنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى ، — ئۆتكەندە گەپتىن - گەپ چىقىپ ئامان سوپى نېمە دەيدۇ دېمەمسەن ؟

— ئۇ قۇرۇق داستىخاندىن چىرايلىق گەپ چىقمايدىغانلى- قىنى بىلمەمەن ، ئۆزىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ، باشقى- لار قىلسا كۆرەلمەيدۇ .

— يۇزۇمدىن - يۇزۇمگە ، «بىرنەچچە ھېكايە ، پوۋېست توپلاملىرىڭلارنى چىقىرىۋالدىڭلار ، ئەمدى ئىزا تارتىڭلار ، باشقا نەشرىياتلارمۇ بولغاندىن كېيىن» دەۋاتىدۇ .

— ئاشۇنداق تېتىقسىزلار قازان بېشىغا چىقىۋېلىپ چۆمۈچ-نى قولىغا ئېلىۋالسا، — تۇرسۇنجان قولىنى شىلتىدى، — گۆ-ھەر زېمىن نەشرىياتى قەلىمى پىشقان، ئىقتىدارلىق ياخشى خېرىدارلىرىنى قاچۇرۇپ قويىدۇ.

— ئۇنداقتا سىزنىڭ ئۇشۇقىڭ «ئالچو» چۈشىدۇ - دە، — ھېكمەت دوستىنىڭ كۆزىگە قارىدى، — يۇقىرى قەلەم ھەققى-دىن ئىبارەت يەمچۈكنى تاشلاپ ھەممىنى ئالدىڭغا تارتىسەن.

— بۇ بىر رەھىمسىز رىقابەت، ئىسلاھات شۇ ئارقىلىق يول تاپىدۇ، راۋاجلىنىدۇ، گۈللىنىدۇ.

ئۇلار تامىقىنى ئىچىپ بولۇشى، تۇرسۇنجان ئاشخانا خىز-مەتچىسىنى چاقىرىپ، كاۋاپ ۋە «كىچىك كالتەك» تىن بىرنى ئەكىرىپ بەرگىن، دەپ بۇيرۇدى، ئۇنىڭ «كىچىك كالتەك» دېگىنى ئىككى يۈز ئەللىك گراملىق هاراق ئىدى. ھېكمەت قەتئىي ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئۇ، بۇ دېگەن «دورا»، تۈنۈ-گۈن كەچتە ئىچكىنىڭنى كېسىپ باش ئاغرىقىڭنى باسىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. خىزمەتچى بالا چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا قاي-تىپ كىردى. ئۇ تەخسىدىكى كاۋاب بىلەن ھاراقنى شىرەگە قويۇشى، تۇرسۇنجان ئۇنىڭغا يەنە بىر تەخسە قورۇما بۇيرۇتتى-دە، پىيالىلارغا ئاز - ئازدىن ھاراق قۇيدى.

— قېنى ئەمىسە، رومانىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن، — ئۇلار پىيالىلىرىنى بوشقىنا ئۇرۇشتى، — ئەمىسە ۋەدىمىز ۋەدە، قالمىسۇن يەردە، رومان مېنىڭكى.

— ياللا، نەپ چىقىدىغان يەرنى پۇراپ تاپساڭلا، تېرە ئۈستىدە پۇل قىلىسەن - دە، — ھېكمەت بىرزىخ كاۋاپنى قولىغا ئالدى، — ھە، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق گەپ قىلمايسەنغۇ.

— ھېكمەت، «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ چىقىپ بولغى-نىغا يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى، بەزى كىتابخانىلاردا تۈگەيمۇ دەپ قاپتۇ، — دېدى تۇرسۇنجان پەس ئاۋازدا، — ئۇردۇن

خوجا ، مەسۇم قابىل ، نامان سوپىلاردىن ھېچ سادا چىقمايدىغۇ ؟
— شۇنچە ئۆتكۈر كاللاڭ شۇنىڭغا كەلگەندە ئىشلىمەي قاپتۇ ـ دە .
— ئەۋلىيادەك مەسلىھەت بېرىپتىكەنسەن جۇمۇ ، ئۇلار مۇڭگۈزلىرىنىڭ سىرقىراپ كېتىشىدىن قورقۇپ پەيتۇلنىڭ تۇ-يىقىغا ئۇرالمىغان گەپتە .
— پەرىزىڭ جايىدا ، «زۇلمەتتىكى مەشئەل» گە ئۇرۇل-غان توقماق ، سىنىڭ بېشىڭغىلا تەگمەي ، پەيزۇلنىڭمۇ قاڭشى-رىنى ياردۇ . چۈنكى ، ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر ـ دە ، — ھېك-مەت سەل ئويلاندى ، — بىراق ، بىر خەۋپ نامان سوپىدىن كېلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئۇنىڭ نۇردۇن خوجا ، پەيتۇل ، مەسۇم قابىللار بىلەن مېنىڭچە مەنپەئەت توقۇنۇشى يوق ، بولغاندىمۇ چوڭ ئەمەس .
— مەسۇم قابىلنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، — تۇرسۇنجان بىر تەخسە گۆش قورۇمىسى كېرىش بىلەن سۆزىنى توختىتىۋالدى ، — نۇردۇن خوجىنىڭ كۆپ يول مېڭىشى ، كېرىم بۇجاڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا پەيتۇل گۇلدەستە نەشرىياتىغا ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەنىكەن .
— مەسۇم قابىل قانداقلارچە بۇ ئىشلارنى ساڭا دەپ يۈرۈيدۇ ، — ھېكمەتنىڭ كۆز جىيەكلىرى كېڭەيدى ، — ئۇ ، بۇ ئارقىلىق ئاغزىڭنى قەستەن تاتلاپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە . سەن بىر نېمە دەپ يۈرمىگەنسەن ؟
— ياقەي ، كۈلۈپ ئولتۇرۇش بىلەن جاۋاب بەردىم ، ساراڭمۇ مەن ئۇنىڭ قاپقىنىغا چۈشكىلى . بىراق ، ئۇ ھازىر ماڭا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ .
— خىرىس قىلىپ كەلگەن يولۋاستىن ، ھىجىيىپ كەل-گەن يولۋاس يامان جۇمۇ . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاڭلاپلا قوي ، لېكىن ئۇندىمە ، ھەتتا پەيتۇل نۇردۇن خوجا ، كېرىم بۇجاڭلارنى

تىللاپ بەرگەن تەقدىردىمۇ قوشۇق سىلىپ قويما .
تۇرسۇنجان پىيالىلەرگە هاراق قۇيۇپ ، ئىككىسى تەڭ كۆ-
تۈرۈۋېتىپ ، بىرەر زىختىن كاۋاپ يېگۈچە جىمىپ قالدى . ئۇ
قولىدىكى بىكارلانغان زىخنى شىرەگە تاشلىغاندىن كېيىن ، كال-
لىسىدىن ئۆتمەيۋاتقان — پەيتۇلنىڭ قەلەم هەققىدىن زاپاس
پۇل ساقلاش ، هېچكىمگە تىنماسلىق دېگەن سۆزلىرىنى هېكمەت-
كە سۆزلەپ بەردى . بۇنى ئاڭلىغانسېرى هېكمەتنىڭ كۆزلىرى
چەكچىيىپ ، ئىچمەكچى بولۇپ قولىغا ئالغان چېيىنى تاققىدە
شىرەگە قويدى .
— بىر مۇهەررىرنىڭ بىر كىتابنى ئىككى قېتىم تەھرىرى-
لەپ ، بىرىنى ۋەزىپىگە ، بىرىنى ئىشتىن سىرت قىلىنغان دەپ
هېسابلايدىغان ئىش نەدە بارئىكەن ؟ بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق
قىلتاق ! — هېكمەت ئاچچىقىدا ئاۋازىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكە-
نىنى بىلمەي قالدى ، — توغرا ، سىرتقا ئۈيۈشتۈرۇلغان بەزى
ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىك سۈپىتى تۆۋەن بولسا ، باشقا بىرسىگە
ئۇيۇشتۇرۇپ مۇۋاپىق قەلەم هەققى بېرىشكە بولىدۇ ، لېكىن...
— مېنىڭمۇ كاللامدىن ئۆتمىگىنى شۇ . گۈلدەستە نەشرى-
ياتى بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشۇ تۈزۈم بويىچە قەلەم هەققى ئېلىپ
كەپتىكەن ، — تۇرسۇنجان ئاچچىقىدا كىچىك بوتۇلكىدىكى ها-
راقنىڭ هەممىسىنى ئىككى پىيالىغا تەڭشەپ قۇيۇۋەتتى ، —
لېكىن مەن كۆپ ئىشلىرىمغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ،
پەيتۇلنى رەنجىتىشنى خالىمىدىم .
هېكمەت جەينەكلىرىنى شىرەگە قويغىنىچە ئويلىنىپ قال-
دى . توغرا ، پەيتۇلنى رەنجىتىشكە بولمايتتى . مەيلى دەپ قويۇ-
ۋەتسە ، بىر كۈنلەردە ئۇ بۇرە جۈۋىسىنى كىيىپ هۆرپىيىپ
قوپسا ، تۇرسۇنجاننى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويۇش خەۋپى مەۋجۇت
ئىدى . پەيتۇلنىڭ كىچىكىگە كىرمىسە ، تۇرسۇنجان نۇرغۇن
ئىشلاردا بوغۇلۇپ ، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانى يېرىم

يولدا قوْيوْنغا ئوْچرايتتى ـ دە ، كوْلكە ، مەسخىرىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالاتتى . شوْئا ، كاۋاپمۇ ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇل قوللانمىسا بولمايتتى .
— سەن قەلەم ھەققىنى ئېلىپ تاپشۇرساڭ ، قولۇڭغا ئىسپات بېرەمدىكەن ؟ — سورىدى ھېكمەت .
— باشقىلار ئۇقمىسۇن دەۋاتسا ئىسپات بېرەمدۇ ، قىزىق-كەنسەن .
— ئۇنداقتا سەن ، پۇل بەرگەن يىل ، ئاي ، كۈن ، سائەت-لىرى ، ھەتتا نېمىدەپ گەپ قىلغانلىرىغىچە خاتىرىلەپ قوي . ھەتتا ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا ياز . ئۇ چۆچۈسە بۇ ئىشتىن قول ئۈزىدۇ .
— سەن پەيتۇلنىڭ مىجەزىنى ئۇقمايسەن ، ئۇ نەشرىيات باشلىقى ، باش مۇھەررىر ئەمەلىدىن باشقا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭمۇ ھوقۇقىنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ . كىتاب ئۇيۇشتۇرۇش خىزمەت تەقسىماتى بويىچە مېنىڭ ئىشىم ئىدى ، شۇنىمۇ بېرىش-كە كۆز قىيماۋاتىدۇ ، — تۇرسۇنجان ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى ، — كۆزىنىڭ چەكچىيىپ ، جاۋغىيىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن كارى يوق ، بەش قولىنى ئاغزىغا تىقمەن دەپلا تۇرىدۇ .
— باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى جىياڭ پىڭ بىلەن ئەكرەم نىيازلارغا دەپ باقمىدىڭمۇ ؟
— ياق ، دېگىنىم بىلەن پەيتۇل بەربىر مەندىن گۇمانلى-نىپ تېخىمۇ قېرىشىدۇ . «كېلەر ـ كەلمەي بىر ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدى ، نىيىتى يامان» دېيىشتىن يانمايدۇ . ئۇ چاغدا ھەممە ئىشلىرىم سۇغا چىلىشىدۇ .
ھېكمەت خۇددى تۇگمەن تېشى ئاستىدا قالغاندەك خېلىغىچە ئۈندىمەي تۇنجۇقۇپ كەتتى .
بۇ ئۇلۇغ دۆلەت نەچچە مىڭ يىللىق قالاقلىق ، نامراتلىق ،

قاششاقلىق ، قۇللۇق ، ئاجىزلىق جاراھەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۇ-
چۇن ، نىجاتلىق ئىزدەپ تارىختا خىلمۇ خىل ھەرىكەت ، ئۆزگەر-
تىش ، ئۇرۇش ـ غەلىيانلارنى ئېلىپ باردى . «جەننەت» ئىزدەش
تا ھازىرقى ئاتوم دەۋرى ، نۇر ئىلمىي دەۋرىگىچە داۋاملاشتى .
لېكىن «جەننەت» كە يېتىش ئۇسۇلى پەقەتلا ئۆزگەرمىدى ، يەنى
ھەرىكەت ، ھەرىكەت يەنىلا ھەرىكەت بولۇپ خەلق يەنىلا غۇرىگۇل-
لۇكتىن قۇتۇلالمىدى . بۇ ھەقتە خې شىن ئەپەندى ئېچىنغان
ھالدا بۇنداق قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ :
«بىز يەنە بىر قېتىم ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›غا ئوخ-
شاش ‹لىن بياۋ ـ كوڭزىنى تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى› ئېلىپ
بارساقمۇ ، ۋۇزېشۇغا ئوخشاش قەدىمكى قەبرىلەرنى ئېچىپ پادى-
شاھنىڭ جەسىتىنى قامچىلىساقمۇ ياكى مىڭ جياڭنۇغا ئوخشاش
سەددىچىن سېپىلىنى تىللاپ باقساقمۇ ۋە ياكى ‹ئىلمىي ئۇسۇل›
دا ئۆزىمىزنىڭ ‹ئەجدىھا پۇشتى› ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىق-
ساقمۇ بەربىر جۇڭگونى زامانىۋى قىلىپ ئۆزگەرتەلمەيمىز···»
ماۋزېدۇڭ داغىسىز ۋە دۇغىسىز ئەينەك بېتىدەك يېڭى جۇڭ-
خۇانى قۇرۇپ چىقماقچى بولۇپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى
باشلىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق پۈتلىكاشاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاش-
لاشقا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھو-
قۇقدارلارنى يوقىتايلى» دېيىلدى ، قارىقويۇق ھالدا ھۆكۈمەت
سەرخىللىرىنى تارتىپ چىقىرىپ ئەدىبىنى بەردۇق . «ئىلىم
نوپۇزلۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى» دەپ بىرلا چاقىرىق قىلىن-
ۋىدى ، يەتلىرىمىزنى شىمايلاپ ئەڭ قابىل ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ،
ئىقتىدارلىق كەسپىي سەرخىللارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدۇق .
«توغرا لۇشيەننى جان تىكىپ قوغدايلى» دېگەن شوئارنى قويۇ-
ۋىدى ، ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز تالىشىپ دەريا ـ دەريا قان
تۆكۈپ ، گوداڭدىن چىققان ئىتنىڭ ئۆزىلا بولدۇق . ماركس :
«تارىخ ھامان ئىككى خىل قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ،

بىرى تراگېدىيە ، يەنە بىرى كومېدىيە… » دېگەنىدى . مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشـ تى . بۇ تراگېدىيىگە ياندىشقان مەسخىرىلىك كومېدىيىمۇ ئۆز قارارىنى تاپتى . ھالىمىز مىڭ يىللىق مازاردەك خارابىلىككە ئايلاندى .

21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىلىرىغا قەدەم ئالغاندىلا خەلقىمىز ئۇيقۇسىدىن سەگىپ كۆزىنى ئاچتى . ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان بىرـ دىنبىر يول «ئىسلاھات» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . بۇ يولغا شولا چاچقۇچىلار ، ماياك بولۇپ نىشاننى كۆرسەتكۈچىلەر يەنىلا كەڭ بىلىم ئەھلى بولغان كەسپىي سەرخىللار ئىدى . بىراق ، ئەمەل ـ ئىمتىياز ، مەنپەئەت ، شان ـ شۆھرەت قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر قىسىم ھۆكۈمەت سەرخىللىرى كەسپىي سەرخىللارنىڭ «سەركە» بولۇپ ئالدىدا مېڭىشىنى ھار ئالدى ، چەكلىدى ، تەرك ئەتتى . «جەننەت» كە يېتىش ھەممىمىز ئۇـ چۇنغۇ دېگەن «كەڭ قورساقلىق» نى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپـ ماق تەس ئىدى . خۇلاسە كالام ، ئاخىر نېمە بولدى؟ ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلىرىمىز كىچىك پۈتلۈق تەتەيلەردەك دادىل قەدەم ئالالمىدى ، بىرەر ئىشنى يۈرەكلىك قىلالمىدى ، يېڭىلىق يارىتالـ مىدى ، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ كىشەنسىز تۇتقۇنى بوـ لۇپ قالدى .

— ساڭا نېمە بولدى ، بەك جىمىپ كەتتىڭغۇ ، — دېدى تۇرسۇنجان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ، — قېنى ، بۇ ئاخىرقىسىـ نى كۆتۈرۈۋېتەيلى .

— مەن سېنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن ، — ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرسۇنجانغا مەيۇس بىر ھالدا قاراپ قويدى ، — جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بارماقنىڭ تەسلىكىنى خې شىن ئەپەنـ دى مۇنداق جۈملىلەرگە يىغىنچاقلىغان .

— قېنى دېگىنە ، مەن ئاڭلاپ باقاي .

— «ھۆكۇمەت سەرخىللىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە خۇسۇسىي پايدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇل-لارنى قوللىنىپ، تۆۋەنرەك ئىجتىمائىي قاتلامدىكى ئاشۇ كەس-پىي سەرخىللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىشىنى توسايدۇ. پالېتىو ① نىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتسە، بىر خىل زىتلىق شەكىللىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ كەسپىي سەرخىللار بوغۇلىدۇ ۋە ھوقۇقسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھۆكۈمرانلار جەمئىيەتتىكى ‹سەرخىللار› بولسا، مەد-راس ۋە ئىمتىيازى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان قارا قورساق بىلىمسىزلەردىن بولۇپ قالىدۇ…»

— پاھ، بۇ نەق پەيتۇلدەكلەرگە قارىتىلغان نەيزىكەن، — تۇرسۇنجان ھاياجانلانغانىدى، — ئۆتكەندە بىر ئىش بولدى، قارا، ئويلىساملا قورسىقىم كۆپىدۇ.

تۇرسۇنجان پەيتۇل سىرتقا ئورۇنلاشتۇرغان بىر تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېچىنىپ سۆزلەپ بەردى: بىر كۈنى پېش-قەدەم تەرجىمە تەھرىرى نىياز ئاكا بىر دەستە ئورىگىنالنى كۆتۈرۈپ كىرىپ: «سىز ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ تەرجىمىمۇ ياكى پايتىمى-مۇ» دەپ پەيتۇلنىڭ ئۈستىلىگە «پاق» قىلىپ تاشلاپ بېرىدۇ. تەرجىمە ئون بەتتەك تەھرىرلەنگەن بولۇپ، قىزىل بويالمىغان يېرى قالمىغانىدى. ھەتتا بەت يۈزىدە بىرەر ئېغىز سۆزنى ئوڭ-لىغۇدەك ئاق يەر كۆرۈنمەيتتى. ھەربىر ئورىگىنالنىڭ باش ھەم ئاخىرىغا قەغەز چاپلىنىپ، قايتىدىن تەرجىمە قىلىنغان جۈملى-لەر شۇنچىلىك ئۇششاق يېزىلغان بولسىمۇ يەنىلا پاتماي قالغانى-دى. نىياز ئاكا: «مەن بۇنى تەھرىرلىگەندىن كۆرە، قايتىدىن تەرجىمە قىلسام، شۇ ماڭا ئاسان چۈشكۈدەك، — دەپ خاپا

---

① پالېتو - ئىتالىيىلىك ئالىم.

بولۇپ كېتىدۇ .

ـــ بۇ پەيتۇلىنىڭ بىلىم سۇرۇشتە قىلماي «كېرەكلىك»
ئادەملىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە يول ئاچقانلىقى ، ـــ
دېدى ھېكمەت ھۆكۈم چىقىرىپ ، ـــ ئۇنىڭ بىۋاستە مەنپەئەت
تېگىدىغان ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم باشلىقلىقىدىن ئىبارەت ھوقۇق-
نى ساڭا تولۇق بەرمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇ .

ـــ شۇ ئەمەسمۇ ، ـــ دېدى تۇرسۇنجان قولىنى
شىلتىپ ، ـــ ئۇ تېخى سىز قايتا تەرجىمە قىلىسىڭىز ئىككىڭ-
لارغا ئوخشاش قەلەم ھەققى بەرسەك دەيدۇ .

ـــ قارا ئۇنىڭ پۇلنى يانچۇقىدىن چىقىرىدىغاندەك يۇرىكى-
نىڭ چوڭلۇقىنى ، ئىقتىساد ئىشىنى ئۇ ئويۇن چاغلامدىكىنە ؟

ئۇلار بىردىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بىردەم جىمىپ قېلىشتى .
تۇرسۇنجانىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى - دە ، ھېكمەتكە قاي-
رىلدى :

ـــ ھەي ، گۆھەر زېمىن نەشرىياتى يەنە تۇرغۇنلۇق ھالەت-
تىمۇ ياكى بىرەر ئۆزگىرىش بارمۇ ؟

ـــ ئەجەب گۆھەر زېمىن نەشرىياتىنى سوراپ قالدىڭا ،
كەتكىلى كېلىۋاتامدۇ يا ؟ ـــ دېدى ھېكمەت كۈلۈپ قويۇپ ، ـــ
ئىشانوفمۇ ئىسلاھاتنىڭ تۈنجى قەدەملىرىنى ئېلىۋاتىدۇ ، لېكىن
ساڭا ئوخشاش ئىت قوغلىغاندەك ئەمەس .

ـــ ياشانغان ئادەملەر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغان - دە ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىزدەك تەۋەككۈلچى ئەمەس ، ئېھتىياتچان كېلىدۇ .
قېنى ئېيتقىنا ، قانداق يېڭىلىقلار بار ؟

ـــ ئىشانوف ئىشنى تەھرىرلەرنى تەربىيىلەشتىن باشلى-
دى . ئىسلاھاتقا ئائىت نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلى-
دۇرۇپ تارقىتىپ بەردى ، ئۆگىنىشلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، مۇزا-
كىرىگە سېلىۋاتىدۇ ، ـــ ھېكمەتنىڭ تەلەپپۇزىدىن مەمنۇنلۇقى
چىقىپ تۇراتتى ، ـــ ھەر كۈنى تالاش - تارتىش ، مۇنازىرە

قىزىپ كېتىدۇ. تۈنجى بولۇپ خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ۋۇي، مۇنداقمۇ ئىش باردىكەن، ھە، يەنچۇ؟

— يەنە بىر ئىش بار، سەنمۇ ئويلىنىپ كۆرسەڭ بولىدۇ، — ھېكمەت تۇرسۇنجانغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — ھەرقانداق بىر مۇھەررىر ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان كىتابنى ئالاقىلد-شىپ تاپالىسا، ئۇنىڭغا تەھرىرلىك ھەققىدىن باشقا، شۇ كىتاب-نىڭ ساپ پايدىسىدىن مەلۇم پىرسەنتنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش تەكلىپىمۇ ئوتتۇرىغا چۈشتى.

— مانا، مانا، بۇ چارە بولىدىكەن جۇمۇ، — تۇرسۇنجان ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇنداق قد-لىنسا مۇھەررىرلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، تەدبىرچانلىقىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— قانداق، بولامدىكەن؟

— بولامدىغان، — تۇرسۇنجاننىڭ ئويىغا تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كەلدى، — ئەگەر قايتا نەشر قىلىنىپ قالسىچۇ؟

— يۇقىرىدا دېيىلگەن تەكلىپ ئەمەلىيلىشىپ كەتسە، بۇ ئانچە باش قاتۇرۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس.

— ئىشانىمۇ بوش كەلمەپتۇ جۇمۇ.

— يەنە خېلى كۆپ يېڭىلىقلار بار، لېكىن دېمەيمەن، — دېدى ھېكمەت چاقچاق قىلىپ، — ھازىر ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان دەۋر، شۇنچە ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ ئۇچۇر ھەققى بەرمىسەڭ يا...

— بولدى، پۇل سېنىڭدىن ئايلانسۇن، قېنى يەنە بىردەم سۆزلىسەڭچۇ؟

— قارىغىنا مۇتتەھەم، — ھېكمەت سائىتىنى كۆرسەت-تى، — بىر قاچا سۇيۇقئاش، تۆت زىخ كاۋاپ، بىر تەخسە قورۇماڭ بىلەن يېرىم كونىمۇ ئولتۇرغان بارمۇ.

— ھېكمەت، ھازىرغۇ پەيتۇل بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يامان ئەمەس، — ھېكمەتنىڭ گەپلىرى تۇرسۇنجاننى ئويغا سېلىپ قويغاندەك قىلاتتى، — كېيىنچە ئارىمىزدا بىرەر ئىش چىقىپ قالارمۇ؟

— ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ساڭا ئىشىنىدىغانلىقىنى جەزىم قىلالامسەن؟

— قىلىمەن، ئۇ ئىشەنمىسە، مەن بېرىشتىن ئىككى يىل بۇرۇنقى قەلەم ھەققى كۆتەكلىرىنى ماتېرىياللار بىلەن قوشۇپلا ماڭا بىرەمدۇ.

— شۇنداق قىلدىما؟ — ھېكمەت مەسخىرىلىك كۈلدى، — ئۇ دۆت بىرنېمە ئوخشىمامدۇ. سەن ئۇنى ئوبدان ساقلاپ قوي، ئىشخانىغا قويماي ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋەت.

— نېمىشقا؟

— بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، بىر نېمە دېمەك تەس.

ئۇلار يەنە بىردەم چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاشخانىدىن ئۇزاپ چىقىشتى. كۈن يامالىق تېغى تەرەپكە قىڭغىيىپ، قىپقىزىل تاۋلىنىپ پېتىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ھېكمەت تۇرسۇنجانغا ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان، ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇش، بىردەملىك قان قىزىقلىقى بىلەن كېيىن پۇشايماندا قالماسلىق، بولۇپمۇ پەيتۇلغا نىسبەتەن ھوشيار ھەم سەگەك بولۇش توغرۇلۇق تەنبىھ - نەسىھەتلىرىنى قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

ھېكمەت تۇرسۇنجاننىڭ قارىسى ئادەملەر ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغانغا قەدەر قاراپ تۇردى ۋە ئىچىدە: «ھەي جاپاكەش ئىسلاھاتچى، شۇنچە جان پىداكارلىقىڭ، ئەجرىڭ ئۈچۈن ئۆيدىنمۇ قۇرۇق قاپسەن...» دەپ ئويلىدى.

# سۆيۈنمىگەن سۆھبەت

مەسۇم قابىل «زۇلمەتتىكى مەشئەل» رومانىنى «ئوپېراتـ
سىيە» قىلىپ تۈگەتتى . ئۇ بىر ئايدىن بېرى بۇ رومانىنىڭ باب ،
ئابزاس ، جۈملىلىرىگىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈپ «يامان خاراكتېرـ
لىك ئۆسمە» لەرنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالغانىدى . بۇ ئۆسمىلەرـ
نى كەسمەي «مەيلىلا» دەپ سەل قارىغىلى بولمايتتى . چۈنكى ،
بۇ ئۆسمە يۇقۇملۇق بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنى زەھەرلىشى
تۇرغانلا گەپ ئىدى . شۇڭا ، مەسۇم قابىل بۇ «زەھەرلىك»
كىتابنىڭ بىرەر ـ يېرىم سۆز ئىبارىلىرىگىچە ئالا قويماي پىچاق
تەگكۈزۈپ ، ئوتتۇز بەتلىك «كېسەل خاتىرىسى» يېزىپ چىقتى .
ئۇ ، بۇ كىتاب چىقماستىن بۇرۇنلا ئۇنىڭدا ئېغىر يۇقۇملۇق
كېسەل بارلىقىنى پۇراپ بىلىپ بولغانىدى (چۈنكى ئۇ پۇراق
سېزىمى يۇقىرى تايغان ـ دە ) بىراق ، ئۇ چاغلاردا مەسۇم قابىل
تۇرسۇنجاننىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان كىتابلىرىغا قاراشلىق ،
قول قويۇشىغا موھتاج ، يۇقىرىغا دوكلات قىلىش ئارقىلىق
تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان نۇرغۇن كەسپىي خىزمەت تەرتىپى مىـ
زانلىرى بويىچە ئۇنىڭغا بېقىنىدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى .
ئەمدىلىكتە بولسا كېرەم بۇجاڭ ، نۇردۇن خۇجا ، پەيتۇللانىڭ
ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ، تۆت پۈتى مەزمۇت دەسسەپ تۇرالايدىـ
غان بولۇپ قالدى . يەنە بىر تەرەپتىن تۇرسۇنجاننىڭ بارغانسېرى
يۈز تېپىپ ، شۆھرەت قازىنىۋېرىشىگە يول قويۇشقا بولمايتتى .
ئۇنىڭ مۇشۇ قارا قۇيۇندەك تېز ھەرىكىتى سىجىل داۋاملاشسا
كىم بىلىدۇ ، پەيتۇللىنى تەختىدىن ئۇچۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزى سايـ
رامدا ، تاجىسى قايىنامدا يۇرەمدۇ تېخى . ئۇ چاغدا تەخت شۇنىڭ

بولماي كىمنىڭ بولىدۇ ! لى بۇجاڭنىڭ بىرقانچە قېتىملىق
يىغىندا : «تۇرسۇنجاننى قوللىشىڭلارنى ، يېقىندىن يار ـ يۆلەك-
تە بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يەل بەرگىنى نېمىدىن
دېرەك بېرىدۇ ؟ چۈنكى لى بۇجاڭ ، جياڭ پىڭ ، ئەكرەم نىيازلار
ئۇنىڭ دېيىنى چېلىپ ، ئېرىقىنى ياقىلايدىغانلار تۇرسا ، بۇ قې-
تىمقى ئالىي ئۇنۋانمۇ شۇلارنىڭ مەرھەمىتى ، ئەلۋەتتە . بولمىسا
مەسۇم قابىل تەشۋىقات بۆلۈم ، ئۇنۋان ئىشخانىسى ۋە ئۇنۋان
باھالاش گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئىزدەپ بېرىپ دې-
مىگەن ـ ئەتمىگىنى قالمىدى . تۇرسۇنجاننى كاسات بازاردا بىر
پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى . ئاخىر ئۇ باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ
شۇجىسى جياڭ پىڭنىڭ ئالدىدا «دەردىنى» تۆكتى . لېكىن ،
جياڭ پىڭنىڭ : «ئۇنۋان مەسىلىسىدە قانچە چاپقىنىڭىز بىلەن
بىكار ، ئۇنۋان باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەرقايسى ئورۇنلار-
دىن يىغىلغان ئالىم ، مۇتەخەسسىسلەر ، ئۇلار قورۇق گەپكە
ئىشەنمەيدۇ . پەقەت سىزنىڭ ئىلمىي ماقالە ، ئىجادىي ۋە تەرجىمە
ئەسەرلىرىڭىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆرۈپ باھا بېرىشىدۇ…» دېگەن
سۆزى مەسۇم قابىلنى «پوش ، نېرى تۇر ، قولتۇقۇمنى تەرلەت-
مەي» دېگىنى ئەمەسمۇ . ھېلىمۇ ياخشى ، تۇرسۇنجاننىڭ يوق
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئۆينى خويمۇ ئەپ-
لىك ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى . ئەگەر نۇردۇن خوجا ، كېرەم بۇجاڭ-
لار ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشمىگەن بولسا بۇ ئىشمۇ يوققا چىققان
بولاتتى . شۇنىڭغا قارىغاندا كاتتىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇنى بۇنى
كۆتۈرۈپ بېرىپ ، بالىلىرىنى ماختاپ خۇش قىلىپ تۇرغانمۇ
ياخشى چارىكەن . ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر دېگىنى شۇ دە . بىر
قېتىم كېرەم بۇجاڭ : «ھە ، ھېلىقى تۇرسۇنجان دېگەننى ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ قويۇۋىدۇق ، بىرەر
قېتىم ئەھۋال دوكلات قىلغاچ ياكى سالام بەرگەچ كېلىپمۇ
قويمايدا» دېۋىدى ، مەسۇم قابىل بۇنداق پۇرسەتلەرنى قولدىن

بېرىپ قويمىدى . ئۇ : «بۇجاڭ قارىسىلا ، ئۇ ئاداشنىڭ بوينى قاتتىقراق ئادەم ، رەھبەرلەر بىلەن ئانچە خۇشى يوق ، كۆزىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ . ئۇنىڭ ئەمەلگە خۇمار بولۇشىمۇ ، ئۆزىنىڭ كارغا يارىماس كىتابلىرىنى توسقۇنسىز چىقىرىۋېلىش . يىغىپ ئېيتساق مەنپەئەت مەسىلىسى» دەپ قويۇۋىدى ، كېرەم بۇجاڭ بىر ھازا خۇيلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . مەسۇم قابىل ئوتنىڭ تۇتىشىشىغا قاراپ ماي چېچىشقا ئۇستا ئىدى . ھەتتا ئۇ «زۇل-مەتتىكى مەشئەل» نىڭ مېزىنى تىتىپ بىر يەرگە ئاپاردى . بۇ ئەلۋەتتە «يارىماس كىتابلىرىنى توسقۇنسىز چىقىرىۋېلىش» دې-گەن گېپىگە ئىسپات بولالايتتى .

— گېپىڭىزگە قارىغاندا ئۇ كىتابتا مەسىلە خېلىلا ئېغىر-دەك قىلىدۇ ، — دېدى كېرەم بۇجاڭ پېتىنى بۇزماي ، — بىزگە ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى مۇقىملىق . مۇقىملىق بولمىسا ئىسلاھاتتىن قانداق گەپ ئاچقىلى بولسۇن .

— ئۇنىڭدىن باشقا ، كونىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى دەۋرد-مىزگە ھۇجۇم قىلغان ، — مەسۇم قابىل چىرايىغا جىددىيلىك تۈس بەردى ، — تەپتارتماي دارىتمىلىغان . ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم باي ، تۆرىلەرنى مەرىپەتپەرۋەر زات ، ئىلىم مەشئىلى ، ئەڭگۈشتەر ، خەلقپەرۋەر دەپ ماختاش ئارقىلىق ھازىرقى رەھ-بەرلىرىمىزنىڭ ساپاسىنىڭ يوقلۇقىنى ، كۆڭلىدە «خەلق ئۇ-چۇن» دەيدىغان ئۇقۇمنىڭ سۇنۇقىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ، بىلىمسىز ، قارا قورساق ئىكەنلىكىنى تۇيدۇرماي سىڭدۇرۇۋەت-كەن .

— ئەجەبا ، كىتابنىڭ چىققىنىغا خېلى بوپقاپتۇ ، — دېدى كېرەم بۇجاڭ غەزەپكە كېلىپ ، — ھازىرغىچە بىرەر قەلەمكەش بۇ توغرۇلۇق مۆرەپمۇ قويمىدى . باشقا چاغدا «بۇ كىتاب ئۇنداق ئەكسىيەتچى ، بۇ ماقالە مۇنداق زەھەرلىك» دەپ بوسۇغىنى تېشىۋەتكۈدەك قىلىدۇ بۇ لەنتىلەر .

— ئەمدى... ئەمدى بۇ... — مەسۇم قابىل نېمىدىندۇر ئەنسىرىگە قىياپەتتە كېرەم بۇجاڭنىڭ قەستەن قىزىقىشىنى قوزغىدى ، — بۇ ئىشتا تىل كۆيدىغان يېرى بولغاچقا...

— قېنى ، دەپ بېقىڭ ؟

— بۇ كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى پەيتۇلكام قىلىغان...

— نېمە ، پەيتۇل ؟ — بۇجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى — ئۇ... نېمىشقا ، ئەستاغپۇرۇللا ، ما دۆتنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرەيمۇ .

— ئەمدى... پەيتۇلكامدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ ، — مەسۇم قابىل پەيتى كەلگەندە پەيتۇلغىمۇ نەشتىرىنى تىقتى ، — ئۇ گېزىتخانىدا ئۇششاق - چۈششەك ماقالىلەرنى كۆرۈپ يۈرگەن ئادەم ، چوڭ ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ تېگىگە يېتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ .

— بولدى ، بۇ ئەسەرگە سىز بىر نەرسە يېزىپ چىقىڭ ، پەيتۇلنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن ، — دېدى بۇجاڭ سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، — يېزىپ بولغاندىن كېيىن نۇردۇن خوجىغا كۆرسىتىڭ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم مەسلىھەتلىشىمەن .

مەسۇم قابىل ئەنە شۇنداق يوق يەردىن تۆك ئۇندۇرۇپ ، كېرەم بۇجاڭنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالدى . شۇڭا ، بىر ئايدىن بېرى «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نى ئۆزى بىلگەنچە تەھلىل قىلىپ ، قارىسىغا سىياسىي تۆھمەتلەرنى چاپلاپ تەييار قىلغانىدى . ئۇ ، بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى ئارقىلىق تۇرسۇنجاننى يىقىتىپ ، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مەنسەپ تاجىسىنى كېيىشنى ئويلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن پەيتۇلغا دەز كەتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

مەسۇم قابىل ئوتتۇز بەتلىك «كېسەل خاتىرىسى» بىلەن قىپقىزىل بويۇلۇپ ، ۋاراقلىرى پۈكلەنگەن «زۇلمەتتىكى مەش-

ئەل» نى پوپكىسىغا سالدى ـ دە ، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ سىرتقا مېڭىشى ئوغلى رۇستەم بىر قىز بىلەن كىرىپ كەلدى . مەسۇم قابىل قىزنىڭ بەرنا سىيماسىغا ، لاتاپەت ھەم ھايا مۇجەسسەملەنگەن چېھرىگە ، ئاپئاق يۈز ، ئەگمە قاشلىرى ، قاپقارا شەھلا كۆزلىرىگە قاراپ ، كىمگىدۇر ئوخشاتقاندەك قىلدى .

— دادا ، بىر يەرگە چىقامسەن ؟

— ھەئە ، بىر كىم بىلەن ئۇچراشماقچىدىم . ئىشىڭ بارمىدى ؟

— ياق ، يېزىقچىلىق ئۆيۈڭدە ئۇچقۇنئاي بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن سۆزلىشىشنى مەشىق قىلماقچىدۇق .

«ئۇچقۇنئاي ؟» مەسۇم قابىل ئىچىدە بىر قېتىم تەكرارلىدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ ئىسىمنى نەدىدۇر ئاڭلىغاندەك تۇيغۇغا كەلدىيۇ ، لېكىن يادىغا ئالالمىدى .

— بوپتۇ ، — مەسۇم قابىل ئۇچقۇنئاينىڭ پاكىز رۇخسارىغا قاراپ قويدى ، — لېكىن ماتېرىياللىرىمغا قالايمىقان قول تەگكۈزمە .

مەسۇم قابىل سىرتقا چىقتى ـ دە ، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى ئۆرىدەپ قويدى . چۈنكى ، كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان بولۇپ ، مارتنىڭ سوغۇق شامىلى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشمەي ئۇدۇل كەلگەن تاكسىنى توختاتتى . يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەنگەن قارلار كۈن ئىسسىغاندا ئېرىپ ، ياغقاندا ئېگىزلەپ تۇرغاچقىمۇ يەنىلا قىش مەنزىرىسىنى ھېس قىلدۇراتتى . بەزى نوچى قىز ـ چوكانلارنىڭ بالدۇرلا يېنىك كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىپ ، تۇمشۇقلىرىنى كۆكەرتىپ يۈرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئادەملەر يەنىلا قىشلىق كىيىملىرىنى تاشلىمىغانىدى . تاكسى دۆڭ كۆۋرۈك بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، مەسۇم قابىل يول چېتىدە پاراڭلىشىپ تۇرغان ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجاننى كۆرۈپ

قالدى. ئۇ كۆڭلىدىن: «بۇ قۇيۇن ئالىي ئۇنۋاننىڭ خۇشلۇقىدا ھېكمەتنى مېھمان قىپتۇ ــ دە، بەلكىم ئاۋۇ تىلى ئاچچىق، قاقۋاش ھېكمەت ھىيلە ــ مېكرى دەرسى ئۆتكەندۇ تايىنلىق» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى.

مەسۇم قابىل بېيمىڭدا تاكسىدىن چۈشۈپ قالدى. ئەلۋەتتە، نۇردۇن خوجىنىڭ ئۆيىگە قۇرۇق كىرسە بولمايتتى. شۇڭا، ئالما، نەشپۈت، ئاپېلسىن قاتارلىق مېۋىلەردىن ئېلىپ، نۇرلۇق يولدىكى بىر تار كوچىغا پىيادە مېڭىپ كەتتى. نۇردۇن خوجا ئائىلىسىنىڭ ئىدارىسىدىن بەرگەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. چۈنكى، كەسپىي يازغۇچىلارغا سېلىنۋاتقان مەخسۇس بىنا تېخى پۈتمىگەنىدى.

— ئۇھۇي، ئىسيانكارىمىز كېلىپ قاپتۇغۇ، — نۇردۇن خۇجا بۇسۇغىدىلا سۆزلەپ كەتتى، — قاراڭ ساھىبە، كىم كەلدى، مەن، مەسۇمجاننىڭ ئىسيانكارلىق روھىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇنداق روھ كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

— ياخشىمۇ سىز، — مەسۇم قابىل بېغىررەڭ دۇخاۋا كۆڭلەك ئىچىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى مىس رەڭ چىراي ئايالغا قولىدىكى سوۋغا ــ سالىمىنى تۇتقۇزدى.

— ۋىيەي، كايىپ نېمە قىلارسىز، — دېدى ئايال مەڭسىتمىگەندەك قىياپەتتە، — ھەر كەلسىڭىز قۇرۇق كەلمەيسىز.

— ساھىبە، يېزىقچىلىق ئۆيۈمگە چاي ئەكىرىپ بېرىڭ، بىز شۇ يەردە مۇڭدىشايلى، — نۇردۇن خوجا ئايىغىنى سېلىۋاتقان مەسۇم قابىلنىڭ دۈمبىسىگە پەپىلەپ قويدى، — يۈرۈڭ مەسۇمجان، شۇ يەر پىنھانراق.

ئۇلار ئاستىغا ئىككى قات گىلەم سېلىنغان ھۇجرىغا كىرىپ، يالغۇز كىشىلىك دىۋانلارغا چۆكۈپ ئولتۇرۇشتى. ئوتتۇرىدا بولسا چاقىقانغىنا چاي ئۈستىلى بارئىدى. نۇردۇن خوجىنىڭ

بۇ يېزىقچىلىق ئۆيى مەسۇم قابىلنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ گويا بىلىم ئىشتىياقىدا كۆيگەن پەرۋانىدەك قوڭغۇررەڭ جاھازلاردا تىزىلىپ كەتكەن كىتابلارغا، دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان يېزىق ئۈستىلى، قىپقىزىل ئۈستەل چىرىغى، قەلەمدان ھەم قايسىدۇر تۆت كىتابنى تەھرىرلىگەندە ئالغان شەرەپ رامكىلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئۇنىڭغىچە ئايال ساھىبخان چەينەك، پىيالىلەرنى ئېلىپ كىرىپ چاي قۇيدى، بىر - ئىككى تەخسە تاتلىق - تۈرۈملارنى تىزىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

نۇردۇن خوجا مەسۇم قابىلغا بۇرۇنقىدەك ھەيۋە كۆرسىتىپ، سۇرلۇك مۇئامىلە قىلمايتتى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئائىلىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. مەسۇم قابىل نەشرىياتتا چىققان بالىلار كىتاب - ژۇرناللىرىنى پات - پاتلا كۆتۈرۈپ كېلىپ «نەۋرىلەر كۆرۈپ باقسۇن» دەپ تاشلاپ كېتەتتى. بەزىدە ھېكايە، پوۋېست توپلاملىرى ياكى رومانلارنىمۇ ئېلىپ كېلىپ «بۇ مېنىڭ تەھرىرلىگەن كىتابىم» دەپ ۋاراقلاپ ئىسمىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. مەسۇم قابىل ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغاچقا تارقىتىش بۆلۈمىگە كىرىپ «پالانى باشلىق كۆرۈپ باقماقچىكەن» دەپ نەشردىن چىققان كىتاب - ژۇرناللارنى توسالغۇسىز ئېلىپ چىقالايتتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ ئۇسۇلدا «پايدىلىق» باشلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بىر تويدا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالتىنچى باشلىقى لوقمان ئىمىن بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ ئادەم ئانچە - مۇنچە سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرغاچقا، مەسۇم قابىلغا يېقىپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى مەسۇم قابىل كىتاب - ژۇرنال كۆتۈرۈپ لوقمان ئىمىننىمۇ خوش قىلىپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەتبەئە، تەشۋىقات، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى باشلىقلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش كۆپ ئىشلار ئۇ-

چۇن پايدىلىق ، قانۇن ، ئەدلىيە ، سوت باشلىقلىرى بىلەن تونۇ-
شۇپ قويۇشى ئەلۋەتتە زىيانلىق ئەمەس ئىدى .
— ھە ، مەسۇم قابىل گەپ قىلمايسىزغۇ ؟ — دېدى نۇر-
دۇن خوجا بىرتال چىلاننى ئاغزىغا سېلىپ ، — ئىشلارنىڭ
يۈرۈشۈشى ياخشىدۇ ، ھېلىقى كىم ئىدى ؟ ھە توغرا ، تۇرسۇن-
جان ئالىم ، ئۇنىڭ بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىسىز ، پەيتۇل ئىك-
كىسىنىڭ مۇناسىۋىتىچۇ ؟
— سۆزلىسەك گەپ تولا ، — مەسۇم قابىل چايدىن بىر
ئوتلىدى ، — ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قۇۋ ، ھېيلىگەر نېمىكەن ،
پەيتۇلكامنىڭ پوستىغا كىرىۋالدى . پەيتۇلكاممۇ ئاق - قارىنى
پەرق ئەتمەي ، مېنىڭ ئالدىمدا ماختايدۇ .
— بۇ سەۋىيە مەسىلىسى ، — نۇردۇن خوجا بېشىنى
چايقىدى ، — ئازراق مەنپەئەت تەگسىلا ئاخىرىنى ئويلىمايدۇ .
شۇڭا ، ئۇنىڭ قېشىدا سىزدەك بىرەر بىگىز بولمىسا بولمايدۇ ،
پات - پات سانجىپ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ تۇرۇش كېرەك .
— تۇرسۇنجان ئالىم «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ مەس-
ئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەكلىپ قىلغاننىڭ تېگىگىمۇ يېتەلمىسە ،
ھەتتا بۇ كىتابنى باسما زاۋۇتىغا ماڭدۇرغانغا قەدەر ھىد -
بۇسىنى چىقارمىسا ، — مەسۇم قابىل قوللىرىنى شىلتىدى ، — ئىد-
جادىيەت ئىشخانىسىدا تۇرۇپ مەنمۇ ئۇقالمىدىم . بۇ يەنىلا ئاشۇ
قۇيۇننىڭ ھىيلىسى !
— توغرا پەرەز قىپسىز ، چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ ئەمەسمۇ ، —
نۇردۇن خوجا تەئەددى بىلەن كۇلدى ، — مەن ئۇ كىتابنى
ئەستايىدىل كۆردۇم ، نۇرغۇنلىغان خاتا ئىدىيىلەر سىڭدۈرۈ-
گەن ، خاتالىقنىڭ سالمىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن . پەيتۇل دېگەن
قاپاقۋاش «تۇرسۇنجاننىڭ قەلىمى پىشقان ، كۆرمەي ئۆتكۈزۈۋەت-
سەممۇ بولىۋېرىدۇ ، قەلەم ھەققىمۇ ئەجرىسىز كېلىۋېرىدۇ»
دەپ چوتنى خاتا سوققان .

— پەيتۇلكام كۆرگەن بىلەنمۇ قاراڭ نۇردۇنكا، ئۇنىڭ قورسىقىدا ئەلگەكتە سۇزەلىگۇدەك ئۇماچ يوق، — مەسۇم قابىل چىشىغا تېگىپ قويدۇممۇ قانداق دېگەندەك دەرھاللا نۇردۇن خۇجىغا قارىدى، — مەن بۇنداق دېمىسەم بولاتتى، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ يېقىن بۇرادىرىڭىز...

— ياق، ياق، سۆزىڭىز يوللۇق، پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە «ئاغىنە - بۇرادەر» دېگىلى بولامدۇ. بىز پارتىيە، خەلققە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بىر كىتاب زەھەرلىك ئوت ئىكەن ئۇنى «پۇراقلىق گۇل» دېمەسلىكىمىز، توغرا مەيداندا تۇرۇپ زەربە بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

نۇردۇن خوجىنىڭ دېگەنلىرى مەسۇم قابىلغا ئىلھام - مەدەت بولدى. باياتىن بېرى ئۇ، «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ ئوتتۇز بەتلىك «كېسەل خاتىرىسى» نى كۆرسەتسەم بولارمۇ ياكى بۇ نوپۇزلۇق زاتنى چىچاڭشىتىپ قويۇپ، ئىشنى بۇزۇپ قويارمەنمۇ، ھۆرمەتلىك نەزەرىدىن چۈشۈپ قالارمەنمۇ، دېگەندەك ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالغان مەسۇم قابىلنىڭ كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ، كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن تىللىرى ھەرىكەتكە كەلدى.

— مەن بۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم، — مەسۇم قابىل قۇرمۇقۇر سىزىلىپ بويىلىپ كەتكەن كىتاب بىلەن ئوتتۇز بەتلىك ماتېرىيالنى پوپكىسىدىن ئېلىپ شىرەگە قويدى، — ئويلاپ باقسام بىزدە قانۇن ئۇقۇمى بەكمۇ تۆۋەن ئىكەن. مۇشۇنداق كىتابلارنىڭ بازار تېپىپ يامراپ كېتىشىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بەزى رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، نىيىتى دۇرۇس بولمىغان قەلەمكەشلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشتەك مەسئۇلىيەتسىزلىكى كىشىنى ئويغا سالامدۇ!؟ مۇشۇنداق كىتابلار چىقىۋەرسە ئەمىنلىكتىن، مۇقىملىقتىن گەپ ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ مانا قاراڭ، بۇ

سەھىپىلەرگە، — مەسئۇم قابىل كىتابىنىڭ قاتلانغان يېرىنى ئېچىپ، ئاستى سىزىلغان قۇرلارنى كۆرسەتتى، — 30 - يىللاردىكى پەننىي مەكتەپ قۇرغان بىرقىسىم زومىگەر - بايلار مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى مائارىپقا ۋە مائارىپ رەھبەرلىرىگە، ھەتتا ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا دارتمىلاپ شالىسىنى چاچقان. تېخى بۇ بەتلەردىكى سەھىپىلەرنى كۆرسىتىمىز، بۇ ئەبلەخنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى، غەرىزىنىڭ نەقەدەر يامانلىقى چىقىپلا تۇرمامدۇ.

نۇردۇن خوجا سەھىپىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ يەردە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى فېئودال ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە، شۇنداقلا يەرلىك خاقانلارغا، ياڭ زېڭشىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ ئۆز خەلقىگە، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارغا تىغ كۆتۈرۈۋاتقان ساتقىن، خائىنلارغا بولغان نەپرەت يېزىلغانىدى. بۇ سەھىپىلەر ھەرقانداق غورۇرلۇق، ۋىجدانلىق ۋە پاكىز ئېتىقادلىق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالماي قويمايتتى. بىراق، مەسئۇم قابىلنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى «مۇنداق دېگىنى ئۇنداق دېگىنى ئەمەسمۇ»، «قىيامەتنىڭ پىلتىسى مائارىپ زاۋال تاپقان يەردە» دېگىنى، «پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى مائارىپ زاۋاللىققا يۈزلەندى» دېگىنى بولماي نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش ئېشەككە مۈڭگۈز، ئۆكۈزگە قانات چىقارغاندەك كۈلكىلىك تەھلىل ئىدى.

نۇردۇن خوجا ئوتتۇز بەتلىك ماتېرىيالنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. دەرۋەقە، تىلغا ئېلىنغان بەزى ئابزاسلار ئادەمنى دار ئالدىغا سۆرەپ بارغۇدەك دەھشەتلىك ئىدى. ئۇ مەسئۇم قابىلنىڭ بۇ ساھەدە خېلىلا پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ بۇ چاغقىچە يازغان دوكلات خاراكتېرلىك غەمماز ① ماقالىلىرى

---

① غەمماز — چېقىمچىلىق

مەزمۇنىنىڭ تۇترۇقسىزلىقى، بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىبارىلىرى، سالمىقىنىڭ يوقلۇقى بىلەن قەلەمكەشلەرنىڭ كۆلكە - مەسخىرىسىگە قالغانىدى. بىراق، بۇ قېتىمقىسى تۇرلۇك ماقالىلەردىن ئېلىنغان نەقىل، تەمسىللەر بولۇپ، نەزەرىيىۋى ئاساسىمۇ خېلىلا چوڭقۇردەك قىلاتتى.

نۇردۇن خوجا خىيالغا پاتتى. ئەگەر «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەيتۇل بولۇپ قالمىغاندا ئىدى، مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنى بىر كۆرسىتىۋېلىش پۇرسىتى يارالغان بولاتتى. ئەمما، «زۇلمەتتىكى مەشئەل» نى تۇنجۇقتۇرۇش بىلەن پەيتۇلمۇ خەتەرلىك قاينامغا چۈشۈپ قالاتتى «يازغۇچىغۇ ئاغزىغا كەلگەننى يازىدۇ، مەسئۇل مۇھەررىر نېمىش قىلىدىغان ئادەم، ئۇ ئېشەك باقامدۇ؟» دەيدىغانلار يەنىلا رەھبەرلەر ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ياق، پەيتۇلنى بىر كىتاب ئۈچۈن يەم قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان، كۆڭلى ياخشى ئادەم! نۇردۇن خوجىنىڭ ئىدارە - ئورگانلاردىكى رەھبەر ئاغىنىلىرى پەيتۇلنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلار سورىمىسىمۇ «تەھرىرلىك قىلىپ بېرىڭ»، «تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ» دەپ كىتابلارنى ئاپىرىپ بېرىدۇ. مانا، نۇردۇن خوجىمۇ نەچچە يىللاردىن بېرى نۇرغۇن قەلەم ھەققى ئالدى. تېخى مۇشۇ يىل بېشىدىلا ئىككى كىتابنىڭ تەھرىرلىكى ئۈچۈن بەش مىڭ سوم خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالدى. قىسقىسى، ئۇ قىلغان ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالماي قايتۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق شاھنى قۇربان قىلىپ، مەسۇم قابىلدەك ئەمەل كويىدا شۇملۇق قىلىۋاتقان پىچكىغا يول ئېچىپ بەرسە كىمگە زىيان؟ ئۇنىڭ «ئەلگەكتە سۇزگۇدەك ئوماچ يوق»، «يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى» دېگەن سۆزلىرىدىن پەيتۇلغا پۇت ئېتىۋاتقانلىقى، ئەمەل ئورۇندۇقىنى كۆزلەۋاتقانلىقى چىقىپ

تۇرمامدۇ ، قارا ئۇنىڭ نەپسى نېمىدېگەن يامان ! بىر كالتەك بىلەن ئىككى تۈلكىنى بىراقلا يېقىتىپ ، تېرىسىدە جۇۋا كىيـ-مەكچى !

نۇردۇن خوجىنىڭ ئىچى تارتىلىپ ، ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچـ-چىقى كەلگەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى ھەم نېمە ئۈچۈندۇر مەسۇم قابىلنى كۆڭلىدىن كەچۈردى . مەسۇم قابىلمۇ كېرەكلىك بۇيۇم ئىدى . بېشىغا راسا كۈن كەلگەن كۈنلەردە ئىشلەتكىلى بولاتتى . بۇرۇن بىر قېتىم ئىشلىتىپ ، تەڭلىك ، رەسۋاچىلىق ، شەرمەنـ-دىلىك بوسۇغىلىرىدىن سېغىزخاندىن ساق ئۆتۈۋالدى . «جەسۇر ئەۋلاد» رومانى ئېلان قىلىنىش بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇبزور ـ ماقالىلەر يېزىلىپ چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ باش كۆتۈرەلمەي قالغىنىدا ، مەسۇم قابىلنىڭ «رومانچىلىق كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق مەدھىيە ماقالىسى . ئۇنى رەسۋاچىلىقتىن قۇتـ-قۇزدى . سورۇنلاردا قورقماي «ئەدەبىيات دېگەن بەس ـ مۇنازىـ-رە بىلەن گۈللىنىدۇ ، راۋاجلىنىدۇ» دېگەن كاتەككە كىرىۋېـ-لىشقا مۇۋەپپەق قىلالىدى ، بولمىسا قانداق قىلار ئىدى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇردۇن خوجا كامىلنىڭ «ئىزگۈ تىلەكلەر» داستانى توغرۇلۇق ئازراقلا شەپە بېرىپ قويۇۋىدى ، مەسۇم تايغان راسا كېلىشتۈرۈپ قاۋىدى . ئۇنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىر ئالاھىـ-دىلىكى ، بىرەر ـ ئىككى كالتەك بىلەن تۈنجۇقۇپ كەتمەيتتى ، نومۇس ، ھار ئېلىشنى بىلمەيتتى . بىر كۈنلەردە ئادەم ئۆيلىمىـ-غان يەردىن چىقىپ باشقىلارنى بىر مەزگىل ساراسىمىگە سالاتـ-تى . بۇنداق ئىسيانكار روھى كۈچلۈك ئىنقىلابچىنى پەپىلەپ تۇرۇش كېرەككى ، ھەرگىز چېكىپ سالماسلىق كېرەك . شۇ-ڭا ، ئۇنى ئىلاجى بار پەيتۇلغا يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك ، بولسا گۆش بىلەن قاندەك بىرگەۋدە ، بىر تەن بولۇپ كەتسۇن .

نۇردۇن خوجىنىڭ مېڭىسىنى نازۇك بىر ھىيلە چاقماقتەك يورۇتۇپ ئۆتتى .

— كەچۈرۈڭ مەسۇم قابىل ، بەزى ئىشلار ئېسىمگە كەلگەچ ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ خىيالغا پېتىپ قالدىم ، — نۇردۇن خوجا مىكىر شولىلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى ، — تېخى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا بىر سورۇندا بىللە بولۇپ قالدۇق . پەيتۇل سىزنى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە ئىككىنچى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . ۋاقىت - پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن هامان يۇقىرىغا دوكلات سۇنماقچى . ئەگەر بۇ قېتىم ئۇنىڭغا شامال تېگىپ قالسا ، سىزنىڭ ئۆسۈش ئىشىڭىزغىمۇ شامال تېگىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ قالدىم .

مەسۇم قابىلنىڭ قىياق كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى . توۋا ، بۇ پور قورساق راست دەۋاتامدۇ ياكى مېنى قاپاق سەرگە سېلىپ كولدۇرلىتىۋاتامدۇ ؟ بۇ چاغقىچە بۇ ئىشنىڭ شەپىسى يوق ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ تويىقىغا ئۇرۇپ ، مۆڭگۈزىنى سىرقىرتىپ قويدۇممۇ قانداق ؟ ياكى ئاۋۇ ئېشەكتىن بەتتەر دۆت ، كالۋا ، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ «كىتاب توغرۇلۇق بىر نەرسە يازمىسا ، مەن ئۇنىڭغا هوقۇق ۋەدە قىلسام» دەپ كۈچۈكلىنىپ كەلدىمۇ ؟ بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ . ئەهۋالدىن قارىغاندا تارىنى سەل چىڭىتمىسام بولمىغۇدەك .

— ئەمدى نۇردۇنكا ، بۇمۇ مېنىڭ مەيلىم ئەمەس دەڭا ، — مەسۇم قابىل هېچ ئايانمايلا كېرەم بۇجاڭنى قالقان قىلدى ، — بۇ... بۇ كېرەم بۇجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان ئىش . ئۇ ماقالىنى يېزىپ بولۇپ سىزگە كۆرسىتىشىمنى ئېيتقان .

نۇردۇن خوجا يېنىككىنە نەپەس ئالدى . چۈنكى ، كېرەم بۇجاڭ ئۇنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايتتى .

— بۇ ئىشنى مەن توغرىلايمەن ، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ ، — نۇردۇن خوجا مەسۇم قابىلنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق سوسكا سېلىشنى لايىق تاپتى ، — مەن يەنىلا سىزنى ، سىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىڭىزنى ئويلىدىم . ئەهۋالدىن قارىغاندا ، پەي-

تۇلمۇ تۇرسۇنجاننى تارازىغا سېلىپ كۆرگەن چېغى ، شۇڭا سىز بۇنىڭدىن كېيىن پەيتۇللىنىڭ دەردىگە دەرمان ، رەنجىگە شىپا بولۇڭ ، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ ـ پىكىرلىرىڭىزنى ئايىماڭ . بەزى يامان سۆز ، غەيرىي ھەرىكەتلەرنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇڭ . ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈڭ ، قانداق ، بۇ ئىشلار قولىڭىزدىن كېلىدىغاندۇ ؟

— كېلىدۇ ، كەلمەمدىغان ، — مەسۇم قابىل تەلۋىلەرچە ھىجايدى ، — بۇ چاغقىچىمۇ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىش ئۆتۈلگىنى يوق . مەن پەقەت تۇرسۇنجاننىڭ ئاشۇ كىتابىغىلا غەزىپىم كېلىپ پەيتۇلكامىنى ئۇنتۇپتىمەن .

— شۇڭا ، مەن سىزنىڭ مۇشۇ ئىسيانكار روھىڭىزنى قەدىرلەيمەنغۇ ، — نۇردۇن خوجا مەسۇم قابىلنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى ، — شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي ، قانات قېقىپ تېخىمۇ ئېگىز ئۇچىمەن دېگەن قۇشقا كۆزىنىڭ ئۆتكۈر ، ھەردە- كىتىنىڭ تېز بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ ، توردىن ، قاپقاندىن ، ئۇۋچىنىڭ ئوقىدىن ھەرزامان ھوشيار تۇرۇش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى نىقابلاش ، يوشۇرۇنۇش ، ھەرخىل قىياپەتلەرگە ئۆزگىرىشنى بىلىش زۆرۈر . قۇرتنىڭ تۇگۇلۇپ پىلە ئىچىگە كىرىشى كېپىنەك بولۇپ قانات ياساپ ئۇچۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ ! سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يەتكەندەك قىلامسىز ـ ھە ؟

— يەتتىم ، — مەسۇم قابىل غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى ، — خاتىرجەم بولۇڭ ، تۇرسۇنجان ئالىم بىلەنمۇ «قەدىناس» بولۇپ ئۆتىمەن .

— بارىكاللا ، ئاپىرىن ئەقلىڭىزگە ، — نۇردۇن خوجا كۈلۈپ كەتتى ، — مەن سىزدىن خاتىرجەم ، تولۇق مەمنۇن بولدۇم . تۇرسۇنجاننىڭ ئارقىسىدىكى لى بۇجاڭ ، جاڭ پىڭ ، ئەكرەم نىيازلار سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك تىيەكلەر… ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىش ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدۇ .

— لېكىن...

— يەنە نېمە لېكىن - پېكىن ؟

— تۇرسۇنجاننىڭ بارغانسېرى كېرىلىپ جاھانغا پاتماي قېلىۋاتقانلىقىغا زادى ئەقلىم يەتمەيدۇ ، — مەسۇم قابىل ئېغىر پۇشۇلدىدى ، — بىر ئەكسىيەتچى كىتاب يازغان ئادەمنىڭ ئۇي-غۇر تەھرىر بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ ، ئارقىدىنلا ئالىي ئۇنۋان ئېلىشى...

— ئۇ ئۇنۋان ئالسا ، سىز ئۇنىڭ ئۆينى ئېلىۋالدىڭىزغۇ ، بۇ بىرگە بىر بولمىدىمۇ .

— ئۇنۋان دېگەن باشقا گەپتە ، مانا ئۇنۋان ئېلىش بىلەن بىللىلا مائاشىغا سەكسەن سوم پۇل قېتىلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنۋان دەرىجىسى بويىچە هامان ئۆي تەقسىم قىلىنىدۇ .

— ئۇنۋان مەسىلىسىدە لى بۇجاڭ بىلەن جياڭ پىڭ كۇچەپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن ، — نۇردۇن خوجا ئۆزىنىڭ گۇمانىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمەيتتى ، — ئەمما بۇ تۇرسۇنجان دېگەن قۇيۇننىڭ نەشرىدىن چىققان نەچچە كىتابى بارئىكەن ئەمەسمۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۇستىگە ئالغانلىرى ساپلا نۇقتىلىق كىتابلار ئىكەن .

— نۇردۇنكا ، — مەسۇم قابىل دۇدۇقلىدى ، — مۇ... شۇ... ئا... ئالىي ئۇنۋانغا بىر كۇچەپ باققىلى بولماسمۇ ؟

— ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى ئالدىدا «مانا مېنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىم» دەپ «پاققىدە» بىر نەرسە تاشلىيالىساق ئوبدان بولاتتى . چۇنكى ، ئۇلار ئەمەلىي ئەمگەكنى تونۇيدۇ ، — نۇر-دۇن خوجا مەسۇم قابىلغا قايرىلىپ قارىدى ، — قانداق ، سىزمۇ كۆپ نەرسىلەرنى يازىسىز ، بىرەر - ئىككى پارچە كىتابىڭىز چىقمىغانمىدى ؟

— يازغان شېئىر ، ھېكايىلىرىم بىرنەچچە كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ، — مەسۇم قابىلنىڭ بېشى مەيدىسىگە

ساڭگىلىدى ، — خاس توپلىمىم يوق .

— بىرەر تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىزمۇ يوقمۇ ؟

— يوق ئىدى...

نۇردۇن خوجا چىكىسىنى قاماللاپ بىر چىكىتكە تىكىلىپ قالدى ، ئۇنىڭ نازۇك بىر ئىشنى ئويلاۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .

— مۇشۇ ئۇنۋان ئېلىشتىمۇ قارالڭ ، ئاجايىپ ئۇستۇلۇقلار بار ئىكەن . مەن تەھرىرلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا مۇنداق بىر ئىش بولغان : بىر كۈنى ئىشخانىغا بىر ئاداش كىرىپ كەلدى — دە ، تەرجىمە ئەسەرلەر تەھرىرى سالاھىدىنغا : «ھەي سالاھىدىن ، ‹قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا › ، ‹قولۇڭ ماي بولسا يۈزۈڭگە سۈۋا › ، قالغىنىنى مەسەڭگە › دەپتىكەن . باشقىلارغىمۇ داۋاملىق كىتاب ئۈيۈشتۇرىسەن . ئاغىنە بولغاندىن كېيىن سەن بولۇپ ، مەن بولۇپ ، ماڭىمۇ بىرەر تەرجىمە ئەسەر بەرسەڭ ، مەنمۇ ئۇنۋان ، ئۆيگە ئىگە بولۇۋالسام بولمامدۇ... »دەپ ۋارقىراپ - جار-قىراپلا كەتتى . سالاھىدىن ماڭا غىل - پال قارىغىنىچە : «ھەي ، مەن سېنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . ئەسەر تەرجىمە قىلىش دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس جۇمۇ ، سەن چاقچاق قىلىۋاتامسەن نېمە ؟ » دېۋىدى ، ھېلىقى ئاداش مەيدىسىگە ئۇرۇپ : «قىلالمىغاندا بىر نېمە دېمەمسەن ، بەرمەي تۇرۇپ ئەۋلىيادەك گەپ قىلىسىنا » دەپلا كەتتى . ئاخىر سالاھىدىن تارتمىسىدىن ئۈچ يۈز بەت چامىسىدا بىر خەنزۇچە كىتابنى چىقىرىپ بېرىپ : «ۋاقتى ئالتە ئايلىق ، تەرجىمەڭ ياخشى بولمىسا ئىشلەتمەيمىز ھەم قەلەم ھەققىمۇ بېرىلمەيدۇ» دەپ يولغا سالدى . بىراق ، ھېلىقى ئاداش بەش ئايمۇ بولمىغاندا بىر دەستە قوليازما بىلەن ، بەش - ئالتە پارچە بولۇپ كەتكەن كىتابنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قويدى . قوليازمىلار شۇنداق پاكىز كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، خەتمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى . مەن

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە سالاھىدىندىن «تەرجىمىسى قانداقراقكەن؟» دەپ سورىسام «قالتىس بەلەن» دېدى. «ئۆتكەندە، خەنزۇچە سەۋىيەڭ تۆۋەن دەۋاتاتتىڭغۇ» دەپ سورىسام، ئۇ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇ ھەقىقەتەن خەنزۇچىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ سەۋىيىسى ماڭا ئايان، — دەپ گەپ باشلىدى سالاھىدىن، — بىراق ھىيلە - مىكىر، قاقتى - سوقتى قىلىش، خۇشامەت، ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈشتەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ پىرى، يەنە كېلىپ ئاشۇ ئىشلىرىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىكەن: ئۇ ئاداش ھېلىقى كىتابنى بەش - ئالتە پارچە قىلىپ، توي - تۆكۈن، مەرىكىلەردە تونۇشۇپ قالغان، ئازراق تونۇشلۇقى بار تەرجىمانلارغا تەقسىم قىلىپ تەرجىمە قىلدۇرۇپتۇ. «ئەگەر تەرجىمەڭ ياخشى بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن چوڭراق كىتاب ئەكېلىپ بېرىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بىچارە تەرجىمانلار بارلىق زېھنى - قۇۋۋىتىنى ئىشقا ساپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئاداش سەمەتنىڭ تەرجىمىسىنى ئەمەتكە تەھرىرلىك قىلىشقا، ئەمەتنىڭ تەرجىمىسىنى ئەخمەتكە تۈزىتىپ بېرىشكە بېرىپتۇ. ئاخىرىدا ھەممىنى يىغىپ، خېتى چىرايلىق بىرسىگە ئازراقىنا پۇل بېرىپ كۆچۈرگۈزۈپ ئېلىپ كەپتۇ.

— ھەي نۇردۇن، ئۇقمايسەن، — دېدى سالاھىدىن ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — بۇ ئالىقاپ مىڭ خېتىنى ئۈچ سومدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپتۇ قارا.

— نېمە دەۋاتىسەن، — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ، — تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مىڭ خېتىگە ئون بىر سوم بېرىۋاتساق، قانداق قىلىپ ئۇلار ئۈچ سومغا ئۇنىغاندۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ. تېخى ئۇلار «قارا بۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۆتكەندە تۇرمۇش ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بېرىۋىد-

دىم ، ئۆزى تەرجىمە قىلىۋاتقان كىتابتىن ئاجرىتىپ ماڭا ئەكەپتۇ» دېيىشىپ ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ .

— پاھ ، بۇ ئاداشقا ئېنىدىنمۇ ، بويىدىنمۇ قاپتۇ - دە ، — دېدىم مەن سالاھىدىنغا ، — مىلىڭ خېتىدە سەككىز سومدىن قالسا ، كىتابقا ئىسمى يېزىلسا ، بۇ ئارقىلىق ئۇنۋان كەلسە ، ئۇنۋان بىلەن مائاشى ئۆسسە ، قانداق ئامەت بۇ .

— سېنىڭ بىلەن بىزنىڭغۇ ئانچە - مۇنچە قەلەم ھەققىمىز بار ، — دېدى سالاھىدىن ئېغىر تىنىپ قويۇپ ، — ئىدارە - جەمئىيەتلەردە كۆمۈلۈپ قالغان ئاجايىپ ئىقتىدارلىق تەرجىمانلار بار . ئۇلار پەقەت مائاشقىلا قاراپ تۇرغاچقا تۇرمۇشى بەك غورىگۇل ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ، قىز - ئوغۇللىرىنىڭ تويلىرىنى قىلىش ، ئاتا - ئانىسىنى بېقىش ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئارتىلغان بىر تاغ . شۇنداق ئىكەن ، قۇشقاچ بولسىمۇ گۆش دېگەندەك ، ئىشىنىڭ تېپىلغىنىغا خۇش بولماي قانداق قىلسۇن !...

مەسۇم قابىل نۇردۇن خوجىنىڭ ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ كۆڭلىدە «بۇ كاززاپ ھېلىقى ئاداشنىڭ ئۆزى ئوخشىمامدۇ . ئۆزىنىڭ قىلغان رەسۋاچىلىقىنى باشقىلارغا ئارتىپ ، ئەسەر يازغاندەك توقۇپ ، مېنىمۇ شۇنداق قىل دېمەكچىمۇ ؟ قارىماققا بۇمۇ بولىدىغان ئۇسۇلكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

— ھە مەسۇمجان ، ئۆزىڭىزنى تىڭشاپ قالدىڭىزغۇ ؟ — نۇردۇن خوجىنىڭ ئاۋازىدا مەسخىرە پۇرىقى باردەك قىلاتتى ، — ئۇنۋان ئالىمەن ، دەب بەل باغلىغان ئادەمگە ئاشۇنداق ھەرخىل ئاماللار تېپىلىدۇ .

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئەجەب كاللىسى يامان نېمىكەن ، — مەسۇم قابىل بېشىنى توختىماي گىلدىڭلاتتى ، — «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن گەپ شۇدە ..

— دۇرۇست ، چارە ـ تەدبىر بولۇشى كېرەك .
— ئەجەب ئىش ، بىرنەرسە زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ ، —
دېدى مەسۇم قابىل ئېغىر تەلەپپۇزدا ، — بۇ ئەمەل ، ئۇنۋان دېگەنلەردە ستاژ سۈرۈشتە قىلىنمايدىكەن .گۇھەر زېمىن نەشرىياتىغا مەندىن بەش ـ ئالتە يىل كېيىن كەلگەن ھېكمەت بىلەن تۇرسۇنجانلار ئەمەل ھەم ئۇنۋانغىمۇ ئېرىشىپ بولدى . لېكىن ، مەن ھازىرغىچە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي تۇرىمەن دېسە .
— مەسۇمجان ، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ ، — نۇردۇن خوجىنىڭ كۆزلىرى سىرلىق قىسىلدى ، — بىر خەۋەر بار ، ئەگەر ئۇنى مەخپىي تۇتالىسىڭىز دېسەم بولىدۇ .
— دەڭ ، دەڭ ، بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچقۇچ سالمىغۇچە ئېچىلمايدىغان قۇلۇپ دېسىمۇ بولىدۇ .
— يېقىندا ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىقلىرىنى تەكشۈرىدىغان گەپ بار ، — نۇردۇن خوجا ئاستا ئېيتتى ، — بۇ شامال ئىشانوف بىلەن جاڭ جىجۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ ، ئۇ چاغدا ھېكمەت ، كامىللارنىڭ يۆلەنگەن تېغىمۇ ئۆرۈلىدۇ ، ئاشۇ دولقۇندا سىزنىڭمۇ ئىشىڭىز ھەل بولۇپ قالامدۇ تېخى .
نۇردۇن خوجا بىلەن مەسۇم قابىلنىڭ «مۇڭى» تۈگىمەي كېچە بىر ۋاخ بولۇپ قالغانىدى . ئۇلار يەنە قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ئۆيلەرنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكگە قارىغاندا نۇردۇن خوجىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ يېتىپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى . مەسۇم قابىل خامۇش ھالدا خوشلاشتى . چۈنكى ، بۈگۈن كېچىدىكى سۆھبەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنىدى .
كەچنىڭ سوغۇق شامىلى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ بورانغا ئايلانغانىدى . كوچىلاردىكى يالاڭ دەرەخلەردىن گۇركىرەش ، ھۇۋۇلداش ئاۋازلىرى كېلەتتى . تېلېگراف ئىستولبىلىرىدىن ئاچ-

چىق چىرقىراش بىلەن تەڭ ھۇشقىتقاندەك غەلىتە شاۋقۇنلار ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچا - كويلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن قەغەز پارچىلىرى، سۇلياۋ خالتىلار، يەنە قانداقتۇر نەرسىلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ قالايمىقان پىرقىراپ يۈرەتتى. مەسۇم قابىل پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى گەجگىسىگە چۆكۈرگىنىچە چوڭ يولغا چىقتى ۋە ئۆتتۈر كەلگەن تاكسىنى توختىتىپ ئولتۇردى - دە، شوپۇرغا بارىدىغان يېرىنى دەپ بەردى.

— ئاتاقلىق بولماي كەتكۈر پور قورساق، بىر ئاي ئەجىر تارتىپ قىلغان ئىشىمنى ئوسۇرۇققا تەڭ قىلىۋەتتا، — مەسۇم قابىل زەردە بىلەن پىچىرلىدى، — ئۆزىنىڭ نەدىكى رەسۋالىقلىرىنى ھېكايە قىلىپ توقۇپ بېرىپ مېنى كولدۇرلىتىۋاتقىنىنى قارا. «سىزنىڭمۇ ئىشىڭىز ھەل بولۇپ قالامدۇ تېخى» دەپ كىچىك بالىنى ئويناتقاندەك ئوينىتىۋاتىدۇ. مېنى بىلمەيدۇ دېمە، پەيتۇلنىڭ ئاتاقتا قەلەم ھەققى دەپ بېرىۋاتقىنىنىڭ ھەممىسى شەكلى ئۆزگەرگەن پارا، سەن ئاشۇ سۆڭىكى يوق لوقمىلار ئۇچۇنلا مېنىڭ بىر ئايلىق ئەجرىمنى قۇربان قىلدىڭ. ئەسلىدە قەلەم ھەققى دېگەننى كىتاب چىققاندا، مالىيە بۆلۈمىدىكىلەر خەت سانىنى ھېسابلاپ بېرىدۇ. قولىيازمىغا قەلەم ھەققى بېرىلگان نەدە بار؟ ئاشۇ «تەخمىنەن» يازدۇق دېگىنىنىڭ ئۆزدىلا جىن بارلىقى مانا مەن دەپ تۇرامدۇ. سەن مەسۇم قابىلنى شۇنچىۋالا دۆت، ئەبگا كۆرۈۋاتامسەن؟ قولىيازما نەچچە مىڭ خەت ھېسابلاندى، كىتاب بولۇپ چىققاندا قانچە، ھەممىسى خاتىرەمدە يېزىقلىق... بىر كۇنلەر كەلگەندە مىسقاللاپ يېگىنىڭنى پاتماللاپ قۇسۇسەن! ھازىرچە پەيتۇل بىلەن تۇرسۇن قۇيۇننى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭ بىلەن، مەن مەسۇم قابىل تېخى ھايات! پەيتۇلدەك قارا قورساقتا رەھبەرلىككە لايىق بىرەر سالاھىيەت بارمۇ زادى؟ ياق، ئۇ «ئەمەلدار»غا خاس ماتېرىيال ئەمەس! تۇرسۇنجان دېگەن پەپىلىقۇش دېۋەڭ ئۆلەر تېرىلىشىگە باقماي قارا چۈمۈلە-

دەك يىغىدۇ ، پەيتۇلدەك كۇرۇك توخۇ چاچىدۇ . ئۇ نەشرىياتنى
يونۇپ يېيىشتىن سىرت ، «كېرەكلىك» ئادەملىرىنى بورداۋاتىد-
دۇ . باللىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، تۇغقانلىرىنى يۆتكەش ، بىر
يۇرتلۇقلىرىنى يۆلەش ، مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇنا-
سىۋەتلىك ئىدارە – ئورگان باشلىقلىرىغا : «مۇنۇ كىتابنى تەھ-
رىرلەپ بېرىڭ» ، «تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز قانداق ؟» دەپ
زورمۇ زور تاڭىدۇ . ئۇلار «بىز بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس»
ياكى «ۋاقتىمىز يوق» دېسە «قىلغىنىڭىزچە قىلىڭ ، قالغىنىنى
ئۆزۈم توغرىلايمەن ، بولمىسا قەلەم ھەققىنى قانداق يازغىلى
بولىدۇ» دەپ نەشرىياتنىڭ پۇلىنى بوۋىسىنىڭ خەزىنىسىدەك
خەجلەيدۇ . سەنلەر مەسۇم قابىلنى كاڭدا ئۇخلاپ ياتقان قېرى
مۇشۇك چاغلاپ قېلىشتىڭما ؟ قەدىمىڭ قەيەرگە چۇشىدۇ ، ئىد-
زىڭدا مەن بار...
مەسۇم قابىل ماشىنىدا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاچ ، غۇدۇ-
رىغاچ كېتىپ باراتتى . ئۇ ، بۇ قېتىم كېرەم بۇجاڭنى دەي – دەيگە
سېلىپ ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن رازىلىقىنى ئېلىۋالغانلىقىغا بەكمۇ
خۇشال بولغانىدى . شۇڭا ، بىر ئاي ئۇيقۇسىدىن كېچىپ ،
«زۇلمەتتىكى مەشئەل» نىڭ ئاچچىق ئۆچەيلىرىگىچە سېرىپ
چىقتى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى ئېنىق ئىدى .
تۇرسۇنجاننى يىقىتىش ، ئەگەر بولمىغاندا ئىستىقبالىغا قارا چې-
كىت قويۇش ، شۇنداقلا پەيتۇلدىن ئىبارەت «ئاسار ئەتىقە» نىڭ
يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇش ئىدى . بىراق ، نۇردۇن خوجىدىن ئىبا-
رەت نوپۇزلۇق ئەرباب مەنپەئەت ھەم نەپسى ئۈچۈن ئۆزى تىككەن
دەرەخنى لىڭشىتىشقا قويمىدى . ئۇنىڭ سايىسىدە تۇرسۇندەك
بۇزۇق مايسىلارمۇ كۆكلەشكە ئىمكان تاپتى .
مەسۇم قابىل ماتېرىيال پوپكىسىغا قارىغانسېرى ئىچى تىت –
تىت بولۇپ ، يۇرىكىنى قانداقتۇر مەخلۇقلار ئۆتكۈر تىرناقلىرى
بىلەن تاتىلىغاندەك ، غاجىلىغاندەك ئازابلىناتتى . چۈنكى ، بەزى

ئايغاقچى ، ئىزچى ، پۈراقچىلارنىڭ ئۆزىدىن بالدۇر چىقىپ ، تارتقان جاپاسىنى بىكار قىلىۋېتىشى ئۇنى ئىزتىراپقا سالاتتى . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابنىمۇ شۇنچە جاپادا ئوپېراتسىيە قىلىۋىدى ، نۇردۇن خوجا بالدۇر چى-قىپ كەتمىدىمۇ . توغرا ، نامان سوپىمۇ بەلكىم جىم ياتماس .

مەسۇم قابىل نامان سوپىنى ياد ئېتىش بىلەن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ۋىللىدە يورۇغاندەك بولدى . ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلار كۆتۈرۈپ چىققان تەقدىردىمۇ ، مەسۇم قابىل ئوخشاشلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ . بۇ مەسىلىدە ئۇ نېمىشقا كۆڭ-لى كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ ، ماتېرىيالنى شۇنىڭغا بەرمەيدۇ . ئۇمۇ «مەسۇم قابىل ئاشۇ ئىدارىدە بولغاچقا ئۇنىڭغا ئەپسىز» دەپ چۈشەنمەمدۇ . مەغلۇپ بولسا ئۆزىگە ، غەلىبە قىلسا ماڭا بولمامدۇ...

تاكسى شوپۇرنىڭ «مۇشۇ كوچىغۇ دەيمەن» دېگەن ئاۋازى-دىن ئارقىدا ئولتۇرغان مەسۇم قابىل چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە تاكسى ھەققىنى بېرىپ تاكسىدىن چۈشتى . ئۇ «ئەتە نامان سوپىنى تاپمىسام بولمىدى» دەپ پىچىرلىغاچ بىنا ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى .

# ئەجدادلار ئۈچۈن

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، بۇ «ئىنقىلاب»
كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزىتىش بىلەن بىللىلا
باشلانغان مەدەنىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئى-
زىغا چۈشكىنىگە توققۇز يىلدىن ئېشىپ قالغاندى. مەركەز
قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا قارىتا مەخسۇس ھۆججەت
چىقاردى، ھۆججەتتە، بۇ خىزمەتنى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى،
تەخىرسىزلىكى، ئۇنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئالاھىدە
تەكىتلەنگەنىدى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئەسەرلەر
ھەرقايسى جايلاردا تەلۋىلىك بىلەن كۆيدۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە
تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى قوليازمىلار
مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قولىدا ياكى كىتابپۇرۇشلارنىڭ دۇ-
كانلىرىدا قولدىن - قولغا ئېقىپ يۈرەتتى. بۇ بىباھا قولىيازمىلار-
نىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى،
ھەتتا بىرقىسىم ساۋاتسىز، نادان تىجارەتچىلەر ئاتا - بوۋىلىرى
مىراس قالدۇرغان بۇ گۆھەرلەرنىڭ قىممىتىنى بىلمەي، چۈ-
شەنمەي، تاماكا، ناسۋال، ئۈۋاق لازا، دورا - دەرمەكلەرنى
ئوراپ سېتىشقا ئىشلىتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئىشانوف بىلەن كامىل
تۆۋەنگە — ئەسەر مەنبەلىرىنى قېزىش ئىشىغا ئاتلانغانىدى.
ئۇلار تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدى-
مىي ماكانلىرى كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنگىچە
بېرىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا تېخى بايقالمىغان
نۇرغۇن مۇنەۋۋەر مەدەنىي مىراسلارنى تېپىپ چىقتى.

— ھە كامىل، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئىشانوف ئايروپىلاندا قايتىپ كېلىۋېتىپ، — قولىمىزغا كىرگۈزگەن بۇ مەدەنىي مىراسلارنى «كلاسسىكلىرىمىز» ژۇرنىلىدا پات ئارىدا يورۇقلۇققا چىقىرىپ بولالمايمىز. شۇڭا، كىتابلاشتۇرۇش ئىشىنىمۇ چىڭ تۇتساق دەيمەن.

— ناھايىتى ئوبدان ئويلاپلا ئىشانوفكا، — كامىل تەزىم قىلغاندەك سەل ئېگىلدى، — مەنمۇ شۇنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم، ئەمما مەبلەغ مەسىلىسى ئالدىمنى توسۇپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭ يولىنى مەن قىلسام بولمىدىمۇ - ھە، قانداق دەيسىز؟

— ئۆزلىرىدە بۇنچىلىك غەيرەت - شىجائەت بار ئىكەن، پېقىر بېشى بىلەن مېڭىپ ئىشلەيدۇ.

— ھەببەللى، كىتابلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك قولىيازمىلارنى ئىككىمىز بۆلۈشۈپ تۈزۈپ چىقايلى، — ئىشانوف قولىغا كىرگۈزگەن بايلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى، — ئەمما، سىز بۇ ئەسەرلەرنى «كلاسسىكلىرىمىز» دا يورۇقلۇققا چىقىرىشنى ئاساسلىق خىزمىتىڭىز قىلىپ چىڭ تۇتۇڭ.

— خوش.

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ جەۋھەرلىرىنى تېزرەك يورۇقلۇققا چىقىرىمىز دەيدىكەنمىز، — دېدى ئىشانوف كامىلغا قايرىلىپ، — بۇ خىزمەتكە ئىككىمىز يېتىشەلمەيمىز، شۇڭا سىرتتىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك. ھە توغرا، قول ئاستىڭىزدىكى شاگىرتىڭىز مىرزا مۇھەممەتكىمۇ بىرنەچچە كىتاب بېرەيلى، ئۇ بالا چاغاتاي تىلىغا خېلىلا كامىل ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا مىر سۇلتانىنىمۇ بۇ ئىشقا ئىشتىراك قىلايلى.

— مىر سۇلتان ئاكامنىڭ، چاغاتاي ھەم ئەرەب تىللىرىدىن خەۋىرى بارمۇ؟

— ۋۇي ، نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، سىز نەشرىياتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ، خېلى چوڭ ھەجىمدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەن ، كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كادىرلار بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ چىققان .

ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئىشانوفنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈنگىچە يىغىپ كەلگەن قولىيازمىلارنى رېتى بويىچە تىزىپ ، تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتى . ئىشانوف ئۆزى تۈزمەكچى بولغان كىتابلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىزىملاپ ، تېگىشلىك قولىيازمىلارنى بىر چەتكە ئايرىدى . كامىل چاغاتاي تىلى ھەم ئەرەب ، پارس تىللىرىغا مۇكەممەل بولغاچقا ، شۇ تىللارغا ئائىت قولىيازمىلارنى تاللىدى . يىغىپ كېلىنگەن مەدەنىي مىراسلار ئۆينىڭ تاختايلىق پولىغا ، ئۇستەل ـ شىرەلەرگە يېيىۋېتىلگەندى . ئۇلارنىڭ كۆپلىرى خوتەننىڭ سامان قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ ، قولدىن قولغا ئۆتۈۋەرگەچكە ، چەت ـ چۆرىسى تېتىلىپ يىرتىلغان ، كۆپ بەتلىرى قىڭغىر ـ قىيسىق چاپلانغانىدى . بەزىلىرى ئۇزۇن يىل قاراڭغۇ بۆلۈك ـ پۇشماق ، زەي يەرلەردە ساقلانغاچقا نەملىشىپ ، بۇلغار تاشلىرى ئۆز شەكلىنى يوقىتىپ ، تۇتقان ھامان ئۇۋۇلۇپ تۆراتتى .

ئىشانوف ئۈچ پارچە كىتابنى بىر چەتكە ئېلىپ ئۇستەلگە يايدى .

— كامىل ، بۇلارغا قاراڭ ، — دېدى ئىشانوف ئۇستەلدىكى كىتابلارنى ئىشارە قىلىپ ، — بۇلارنى سىز ئىشلىسىڭىز قانداق ـ ھە ؟

كامىل «دىۋانى ئەرشى» ، «دىۋانى نەۋبەتى» ، «نىزارى ئەسەرلىرى» سەرلەۋھەلىك ئۈچ كىتابقا قارىدى . بۇ كىتابلار 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەكەن ، خوتەن ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ياشىغان مەشھۇر شائىرلاردىن خوجا ياقۇپ ئەرشى ، نەۋبەتى ۋە

ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىقلارنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلاملارئىدى .

— بولىدۇ ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ، ئىزاھات ، لۇغەتلىرىنى ، شۇنداقلا فاكسىمىل نۇسخىلىرىنى بىللە قوشۇپ نەشرگە تەييارلاي .

— ئەمىسە بۇنىچۇ ؟

ئىشانوف «شەھنامەئى تۈركى» دېگەن بەكمۇ قېلىن بىر كىتابنى قولىغا ئالدى . بۇ كىتاب18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يەكەندە ياشىغان ئەدىپ ۋە ئىستىدادلىق ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەتئىمىن ئاخۇن شاھ ھىجران تەرىپىدىن ، فىردەۋسىنىڭ «شەھنامە» داستانى ئاساسىدا نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان زور ھەجىملىك قىسسە ئىدى .

— ئىشانوفكا ، كەچۈرسىلە ، — دېدى كامىل ئۆزرە ئېيتىپ ، — بۇ ئىنتايىن چوڭ ئەسەر . شۇڭا ، ھازىرچە بىر ـ ئىككى مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلىپ ، بىرىنچى تومىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يەشمە قىلىپ ئىشلەپ باقسام قانداق ؟

— بۇمۇ بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىڭىزدىكى ئىشمۇ بىر ـ نەچچە يىللارغا يېتىپ ئاشقۇدەك بار ئەمەسمۇ .

كامىل گۆھەر زېمىن نەشرىياتىدا ، «كلاسسىكلىرىمىز» مەجمۇئەسىنى ئىشلەشتىن باشقا ، ئەدەبىي مىراسلارنى ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىشتىكى ئىنچىكىلىكى ، ئەستايىدىللىقى ۋە شىجائىتى ئارقىلىق كەسىپداشلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابروي ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولدى . بۇ ئەمدىلا ئوتتۇرا ياش قۇرامىغا قەدەم ئالغان ئىقتىدار ئىگىسى ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ۋە تېكىستولوگىيە جەھەتتە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغانىدى . ئۇ دەسلەپتە بىرقىسىم پېشقەدەم تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىسلار» ، «ئۇيغۇر

كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابلارنى تۈزۈش ۋە نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر، بولۇپمۇ چاغاتاي تىلى دەۋرىگە مەنسۇپ ئەدەبىي مىراسلارنى نەشرگە تەييارلاش ياكى تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنسىلا كامىل تەكلىپ قىلىنىدىغان ۋە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ تېكىستولوگىيە ۋە مەنبەشۇناسلىق ساھەسىدە پىشىپ يېتىلگەنلىكى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ، بارا - بارا مۇستەقىل تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى.

كامىل بىلال نازىمىنىڭ «نوزۇگۇم»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا» داستانى، بىلال نازىمىنىڭ «غەزەلىيات» لىرىنى نەشرگە تەييارلاپ يورۇقلۇققا چىقاردى. بۇ ئەسەرلەر 18 - 19 ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نامايەندىلەر بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەشرىدىن چىقىشى ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. كامىل گۆھەر زېمىن نەشرىياتىغا كېلىپ «كلاسسىكلىرىمىز» مەجمۇئەسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تەھرىر ئىشخانا مۇدىرى بولغاندىن باشلاپ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش بىلەن ئۇنى تەتقىق قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ماڭدى. ئۇ يازغان «17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى»، «خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە»، «ناسىرىددىن رەبغۇزى»، «تۈرك كلاسسىك شائىرى شەيخى ۋە ئۇنىڭ ‹خەرنامە› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» قاتارلىق قىرىق پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، كامىلنى

«ياش تەتقىقاتچى» ، «ياش ئالىم» دېگەن ئاتاقلارغا ئىگە قىلدى . بولۇپمۇ ئۇ تۈزگەن «ئەجدادلار نەسىھىتى» ناملىق كىتاب قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ ، بۇ ياش ئالىمنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى .

كامىل شېئىرمۇ يازاتتى . ئۇنىڭ يازغان غەزەل ، مۇسەددەس ۋە نەسىرلىرى ئېلان قىلىنغان ھامان جەمئىيەتتە ياخشى ئىنكاس قوزغايتتى . ئۇ بارلىق زېھنىنى ئەنە شۇنداق ئىلمىي مۇتائىلە ئىشلىرىغا بېغىشلىغاچقا ، جەمئىيەت ۋە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى «سەن ـ پەن» لەرگە ئارىلاشمايتتى . ھەتتا ئۇ دوستى ھېكمەتنىمۇ كەمدىن كەم ئىزدەيتتى . ئۇ داۋاملىق ئۆيدە ئىشلىگەچكە بەزى چاغلاردا نەچچە ئايلاپ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ زېھنىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن بىرەر ئاي ئىزدىمەي قويغىنىدا ، ئۇ تېلېفون بېرىپ چاقىرىپ كېلەتتى ـ دە ، «كەلمىدىڭ ، ئىزدىمىدىڭ ، يوقاپ كەتتىڭ» دەپ كايىشقا باشلايتتى . ھېكمەتمۇ ئاچچىقلاپ «ئۆزۈڭچۇ ، ئۆزۈڭ ئىزدىدىڭمۇ» دېسە ئۇ «تېخى ئۆتكەندىلا بارغاندەك قىلدىمغۇ» دەپ ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالاتتى . ئېھتىمال ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چاغلاردا بېرىپ ھېكمەتنى يوقلاپ كەلگىنى خۇددى تۈنۈگۈن بارغاندەكلا بىلىنىپ كەتسە كېرەك .

ھېكمەت ئۈچقۇنئاي بىلەن مەھبۇبەنى خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى كامىل بېرىپ مۇبارەكلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۆزى ئىشلىگەن كىتابقا مۇقاۋا سىزدۇرۇش ئۈچۈن كەلگىنىگىمۇ ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالغانىدى . مەھبۇبە خىزمەت رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەتە خوتەنگە ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، بۈگۈن تۇغقانلار يىغىلىپ ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئۇزىتىش چېيىغا دوستىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ھېكمەت ئۇدۇللا كامىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىدى . ئۇ ئاستا ، ئەمما مۇڭلۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىشىك-

نى ئېتتىرىۋىدى ، ئىچىلىپ كەتتى . ھېكمەت پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ، شەپە چىقارماي كارىدۇرغا كىردى ـ دە ، مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ قىيا ئىچىلغان يوچۇقىدىن كامىلىنىڭ دېرىزە تەرەپكە قاراپ شېئىر ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇپ قويماسلىقنى ئويلىدى .

تەمەگەركىم ، سەلسەبىلى ئابىنە جەۋلان قىلە ،
كەلدى جەننەت رەۋزەسىندىن ئابى كەۋسەر سارى ھۆر①

ھېكمەت شېئىرنى ئىبسىگە ئالدى . بۇ 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەۋلانە ئاتايىنىڭ مەتلئى بولۇپ ، كامىل بىر چاغلاردا تولۇق تېكىستىنى ئوقۇپ بەرگەنىدى . ھېكمەت مېھمانخانىغا كىرەي دەپ تەمشىلىپ تۇراتتى ، كامىل يەنە بىر ئورىگىنالنى قولىغا ئالدى .

قىزىلگۈلۈم ، قىزىلگۈلۈم ئەجەب ۋاختا خازان بولدۇڭ ،
مېنى مەيخانىغا تاشلاپ ، ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ .

ھېكمەت مېھمانخانىغا بېسىپلا كىردى ـ دە ، ھەزىل بىلەن مۇنداق دېدى :

ئەجەب بەلەن گەپ بولدىلەر ، ئۆزۈڭ مەيخانىدا يۈردۈڭ ،
دوستلۇرۇڭ نە ھالدا قالدى ، بۇنىڭدىن بىخەبەر يۈردۈڭ .

— ھەي ، ھەي ، كاساپەت ، ئەجەب چۆچۈپ كەتتىما ، —

---

① ئۇ ئىھتىمال جەننەت بېغىدىن سەلسەبىل ئېرىقى بويىدا سەيلە قىلىش ئۈچۈن ، كەۋسەر سۈيى بويىغا كەلگەن ھۆر بولسا كېرەك .

كامىل دوستىنىڭ مۇرىلىرىدىن قۇچاقلىدى ، — مەن تېخى قا-
ياقتىن پەيدا بولغان ئالىجۇقا شائىركىن دەپتىمەن ، قېنى ئولتا .
كامىلنىڭ خۇشال بولغانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرات-
تى . ئۇ ئورۇندۇقلارنى سۈرۈپ ، ئىستاكانغا قايناقسۇ قۇيدى ،
ئاندىن پەمىل چاي قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى . ئۇ ئۆز ئىشى
بىلەن بولۇۋاتقاندا ھېكمەت قوڭۇررەڭلىك كىتاب جاھازلىرىدىكى
پورەڭ بۇلغار تاشلىق قەدىمىي كىتابلارغا ، كەڭ ھەم يورۇق
دېرىزىلەرگە تارتىلغان ھاۋا رەڭ پەردىلەرگە ، قولىيازما ۋە كىتاب-
لار يېيىلىپ تۇرغان شىرەگە قاراپ «بۇ موللام ئۆزىنى ئۇنتۇپتۇ -
دە» دەپ ئويلىدى .
— بايا نېمىلەرنىدۇر دەپ كىرىپ كېلىۋىدىڭ ، — دېدى
كامىل كۈلۈپ قويۇپ ، — مۇراتنىڭ «ۋاي قىچىقىم» نى ئوقۇ-
غانلىقى ئېسىمدىن كەچتى . ھەي ، ئاجايىپ بىر دەۋرلەر ئىدىغۇ .
— بۇ قېتىم خوتەنگە بارغىنىڭدا قەبرىسىگە چىقىپ قوي-
دۇڭمۇ ؟ — ھېكمەت مۇراتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن بىر-
قىسما بولۇپ قالدى .
— ئالايىتەن بېرىپ ، ھەر ئىككىسىگە قۇرئان تىلاۋەت
قىلدىم ، — كامىلنىڭ چىرايىنى بىرخىل مەيۈسلۈك قاپلىدى ، —
ئاندىن نەفىسەگە كىچىكرەك مەقبەرە قاتۇردۇم ، ئۇنىڭ ساقلى-
غان كىتابلىرى ئۆز نامىدا بېسىلىپ چىقتى .
— بىر ساخاۋەتلىك ئىش قىپسەن . ھە ، ئۇستەلگە نېمى-
لەرنى دۆۋىلىۋالدىڭ ، — ھېكمەت قولىيازما ۋە گېزىت - ژۇر-
ناللارغا بېسىلغان «باھار تۇيغۇسى» ، «بۇلبۇلغا» ، «زوھراسى-
سەن» ، «سېغىنىمامدۇ» قاتارلىق غەزەل ، مۇسەددەس ۋە نەسىر-
لەرگە كۆز تاشلىدى ، — بۇ شېئىرلارنى رەتلەپ توپلام قىلساڭ
بولامدۇ .
— شۇنىڭغا تەييارلاۋاتىمەن ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىيا-
تىدىن چىقارماقچى ، — كامىل دوستىغا ئىپتىخارلىق بىلەن

قاراپ قويدى ، ــ سەنغۇ ھېكايە ، پوۋېستلار بولۇپ بەش كىتاب چىقىرىپ بولدۇڭ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەربىر يىلنى قۇرۇق ئۆتكۈزمىدىڭ . ھە ، ھازىر نېمىگە تۇتۇش قىلدىڭ ؟

ــ بىر رومانىنى يېزىپ ئاخىرلاشتۇردۇم ، تۇرسۇنجان گۈلدەستە نەشرىياتىدا نەشر قىلماقچى .

ــ سەن نېمىدېگەن چاققان ، بىر ياقتىن رەسساملىق ، بىر ياقتىن يېزىقچىلىق… نېمە مەزمۇن قىلىنغان ؟

ــ ئوقۇتقۇچى ، رومانىنىڭ ئىسمى «يىراقتىكى چولپان»

ــ بەك ياخشى بوپتۇ ، ــ كامىل بېشىنى چايقىدى ، ــ ھەي… مەن مەدەنىي مىراسلارنى كىتابلاشتۇرۇش ، ژۇرناللارغا تەييارلاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن كۈنلىرىم ياماقچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنى قىلسام بۇ تۇرغان ، بىرسى بىرسىدىن مۇھىم ، قىسقىسى بەك ئالدىراش .

ــ ئالدىراش مەن دېگىن ، ــ ھېكمەتنىڭ تەلەپپۇزىدىن دوق قىلغانلىق چىقىپ تۇراتتى ، ــ خوتەندىن قايتىپ كەلگە-نىڭدىن بېرى يۇقاپلا كەتتىڭ .

ــ پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم .

ــ كەچ تەرەپلەردىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىڭما ؟

ــ ساڭا بىر ئىشنى دېمەپتىمەن ، ــ كامىل ھېكمەتنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى ، ــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل فاكۇلتېتى چاغاتاي تىلىدىن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچقاند-كەن . مەن تەكلىپكە بىنائەن چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىسىدىن دەرسلىك تۈزۈپ كۇرسانتلارغا لېكسىيە سۆزلەۋاتىمەن . شۇڭا ، بەزى كەچلەردە دەرس ئۆتسەم ، بەزى كەچلەردە تەييارلىق قىلى-مەن .

ــ ساڭىمۇ گەپ تېپىپ بەرمەك تەس ، ــ ھېكمەت سەل خاپا بولغاندەك ئىدى ، ــ ئەسلىدە بۈگۈن سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنىدىم . مەھبۇبە ئەتە خوتەنگە ماڭماقچى ، سەن كەچتە دەر-

سىم بار دەۋاتسەن ، تەييارلىق قىلمىساڭ بولماس .
— ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ، بىردەمدىلا ئالتە ئاي توشۇپ قالدىمۇ ؟
— بۇگۈن سەككىزىنچى مارت ، رۇخسەت ۋاقتىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . ئەتە ماڭغان تەقدىردىمۇ خېلى كېچىكىدۇ ، دېگىنە .
— مەھبۇبەنىڭ خىزمەت ئورنى نەدىن ھەل بولدى ؟
— ئىدارىمىز شەھەرلىك بەشىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلدى .
— قانداق ، ئۆزۈڭمۇ بىللە بارماقچىمۇ ؟
— قولۇمدا زاۋۇتقا ئۇلگۇرتىدىغان مۇھىم بىر ئىش بارئىدى . ئون كۈن سەۋر قىلىڭ ، بىللە ماڭايلى دېسەم ، مەھبۇبە مەن ماڭغاچ تۇراي ، ھېلىمۇ بارغۇچە يېرىم ئاي كېچىكىمەن ، دەپ تۇرۇۋالدى .
— مۇنداق بولسۇن ، مەن ئەتە ئەتىگەن بېكەتكە باراي ، بىللە ئۇزىتىپ قويايلى ، بولامدۇ ؟ — كامىل تەڭلىكتە قالغاندى ، — قارا ، ئۇچقۇنئايىنى ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر - ئىككى قېتىم ئۇچرىتىپ قالدىم ، ئەجەب سالاپەتلىك قىز بوپتۇ . گەپ - سۆز ، مۇئامىلە ، سالام - سەھەتلىرىدىن ئەخلاق - پەزىلەت تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ .
— دادىسىنىڭ بالىسى - دە .
— پاھ ، مانى قارا ، سېنىڭ بۇنداق ماختىنىپ باققىنىڭنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن .
— قىزىمدىن پەخىرلەنسەم بولمامدىكەن . ئۇ ھازىر «خەلقئارالىق مالىيە باشقۇرۇش» كەسپىدە ئوقۇۋاتىدۇ ، كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ئويۇم بار .
— بولدى ، قىزىڭنى ماختاۋەرمە . بىرئىش ئېسىمگە كەلدى ، — كامىل دوستىنىڭ ياداپ قالغان يۈزىگە قارىدى ، —

تۇرسۇنجان ئالىمنىڭ گۇلدەستە نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالى قانداقراق؟ سەن خوتەنگە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا كەتكەندە، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىدىم، ئاڭلىسام مەسۇم قابىل بىلەن خېلىلا يېقىنىشىقۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا ھەممىسى بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى ياخشىلا دېگەن، — ھېكمەت يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، — ئاز - تولا قۇربان بەرمىسە بولمايدۇ - دە، بولمىسا بۇ ئۇنىڭ مەيلى ئەمەس.

— ئاشۇ نىجىس بىلەنمۇ دوست بول دېدىڭما؟

— دوست دېگەن باشقا گەپ، — ھېكمەت تېرىكتى، — تۇرسۇنجان ئۇ يەردە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى، شۇڭا ھەممىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرمىسە، توسقۇن كۆپىيىپ كەتمەمدۇ!

— نېمانچە تېرىكىسەن، — كامىلمۇ ھۆرپەيدى، — توسقۇنلۇق قىلىش، چەك قويۇش، بوغۇش، ھۆكۈمرانلىق تەختىدىن ئەنسىرەش پەيتۇل، مەسۇم قابىللارنىڭ تەبىئىتى. ۋاقتى كەلسە ئۆگەتكەن مۇناسىۋەت - پۇناسىۋەتلىرىڭنى پىرقىرىتىپ تاشلايدۇ.

— ئەمىسە بېرىپ «ئۇلار بىلەن ئۇرۇش، تىللاش، بوغۇشقىن، ئېپى كەلسە كالتەك بىلەن بېشىغا سال» دەپ تۇرسۇنجانغا ئېيتاي

— مانا، مانا، يەنە تەتۈرلۈكىڭگە ئېلىۋاتىسەن.

— ئەمىسە قانداق قىلسۇن؟ ھېلىمۇ تۇرسۇنجان مۇشۇ كۈنلەردە نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ، بىلەمسەن. ھە دېسە يۈگۈرۈپ كېلىپ ھال - مۇڭىنى تۆككەن، مەسلىھەت بەر دەۋاتقان.

— ھېلىتىن ئۇ ئەبلەخلەر ئىتلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ - دە.

— ھازىرچە ئانچە ئەمەس، لېكىن ھوقۇقنى تولۇق بەر-

مەي ، پۈت قولىنى بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ .

ھېكمەت پەيتۇلىنىڭ بارلىق ھوقۇقنى ، ھەتتا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنىمۇ ئېلىۋېلىپ ، تەرجىمە ، تەھرىرلىك ، كوررېكتورلۇقلارنىمۇ ئۆز يېقىنلىرى ، يۇرتلۇقلىرى ، «كېرەكلىك» ئادەملىرىگە ئۇيۇشتۇرۇۋاتقانلىقى ، بۇنىڭ بىلەن تەرجىمە ھەم تەھرىرلىك سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولماي ، ئۇلارنى باشقىلارغا قايتا ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق قوش قەلەم ھەققى يېزىلىۋاتقانلىرىغا قەدەر سۆزلەپ بەردى .

— مەن ساڭا دەپ قوياي ، پەيتۇل ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى ھەرگىز بەرمەيدۇ ، — دېدى كامىل كېسىپلا ، — چۈنكى ئۇ ئىقتىسادقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك سالمىقى بار ھوقۇق . پەيتۇل ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىنى ، تەسىر دائىرىسىنى ، شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ .

— سەن پەيتۇلنى قانداق بىلىسەن ؟

— سەن خوتەنگە يىغىنغا كەتكەندە باشقىلاردىن ئاڭلىغان ، — دېدى كامىل قولىنى شىلتىپ ، — ئۇنىڭ مەسۇم قابىلىنى يۆتكەپ ئاپىرىشىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس ، بەلكى نۇردۇن خوجىنىڭ زورى بىلەن بولغان .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ، نېمە ئۈچۈن ئەمدى ؟

— تۇرسۇنجاننىڭ قېشىغا مىخ قىلىپ قېقىش ئۈچۈن...

— بۇ ۋەھىمىنى سەن زادى نەدىن ئاڭلىدىڭ ؟

— نۇردۇن خوجىنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان بىر ئادىمىدىن .

— ۋاي خۇدا ، ئادەمنى جىلى قىلماي دېسەڭچۇ ، ئۇكىم ؟

— نەزەر ھاشىموف ، ئۇ «كلاسسىكلىرىمىز» ژۇرنىلىغا بىر ئىلمىي ماقالە ئېلىپ كەپتىكەن .

— توۋا ، ئاتالغان ئالىملارمۇ مۇشۇنداق پىتنە - پاساتلارغا ئارىلىشىپ يۈرىدىكىنا . بۇ ئىشلارنى دەپ خۇشامەت قىلمىسىمۇ ، بەرىبىر ئۇنىڭ ماقالىسىنى قوبۇل قىلىسەنغۇ .

— سەن قانداق چۈشەنسەڭ شۇنداق چۈشەن ، لېكىن تۇر-سۇنجان ئالىمغا دەپ قويغىن ، — دېدى كامىل جىددىي ئاھاڭدا ، — ھەربىر ئالغان قەدىمىنى ئويلاپ باسسۇن ، ئۆز ئىشىغا پۇختا بولسۇنكى ، مەسۇم قابىلىنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئىشىنىپ قىلىپ كېيىن پۇشايماندا قالمىسۇن .

— خاتىرجەم بول ، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىمەن ، — ھېكمەت غەزەپ بىلەن دېمىغىنى قاق-تى ، — دۇنيادا بىزدەك ساپاسىز خەق يوقتۇ ! قىلغانىنى كۆ-رەلمىسە ، بوغسا ، غاجىسا ، چاقسا ، ھەتتا يىقىتمىغۇچە ئۇيقۇسى كەلمىسە...

— بولدى ، بولدى ، ئۆپكىدەك ئىسسلما ، يېرىلىپ كېتى-سەن ، — كامىل ھېكمەتنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارى-دى ، — سەنغۇ ئۆتۈپ كەتكەن قاقۋاش ، كۆرمىگەن ، بىلمى-گەن ، ئاڭلىمىغىنىڭ يوق ، تۇرسۇنجانغا ياخشى مەسلىھەتچى بولالايسەن .

— يەنە باشقا گېپىڭ بارمۇ ، بولمىسا مەن قايتىمەن .

— مەھبۇبەنى يولغا سالىمەن دەۋاتىسەن ، ئەتە ئۇزاتقاندا ئۆزۈممۇ دەرمەن ، لېكىن سەنمۇ تاپىلاپ قوي ، — دېدى كامىل خىيال بىلەن ، — ئۆتكەن ھەپتە ئاچامدىن كەلگەن خەتتە ، بۇ يىل گۈلچىنئاينىڭ تويىنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ . ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ، ماڭا خەت ياكى تېلېگراممىدا خەۋەر قىلسۇن ، ئىلاجى بار تويىنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم تۇرۇپ ئاتىدارچىلىق قىلى-مەن . ئەگەر شارائىت يار بەرمىسە ، تويغا كېتىدىغان پۇلنى بولسىمۇ ئەۋەتىمەن .

— قۇدا بولغۇچىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر نېمە دەپتىمۇ ؟

— ياق ، ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بالىكەن ، ئىش قىلىپ تراكتور شوپىرى ئوخشايدۇ .

ھېكمەت سائىتىگە قاراپ ئورنىدىن تۇردى . كامىل ئۇنى
كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ خوشلاشتى .

چۇشلۇك ئىشتىن چۇشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا كوچا
ئاپتوبۇسلىرى بېسىق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ تاكسى توسۇپ يۇرۇپ
كەتتى .

ئىسلاھات چوڭقۇرلاشقانسېرى شەھەرنىڭ قىياپىتىدىمۇ زور
ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى . ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇ-
تۇش ، ئۇنۇم ھاسىل قىلىش ، تېز يۇكسىلىش ئارقىلىق مەدەنى-
يەت ئىنقىلابىدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىپ ، زىياننىڭ ئورنىنى
تولدۇرۇش دېگەندەك ھەرخىل چاقىرىق ، تۇزۇم ، پرىنسىپلار-
نىڭ تۇرتكىسىدە ، بارغانسېرى شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى زا-
ۋۇت - كارخانا ، شىركەتلەرمۇ كۆپىيىپ قالدى . بۇنىڭغا ئەگى-
شىپ شەھەر ئىچىدىكى ئىككى - ئۇچ قەۋەتلىك كونا ئۆي ،
دۇكان ، ماگىزىنلار چېقىلىپ ئورنىغا زامانىۋى شەكىلدىكى يى-
گىرمە - ئوتتۇز قەۋەتلىك بىنالار چۇشمەكتە ئىدى . شەھەرنىڭ
مەركىزى كوچىلىرىغا كۆركەم قىلىپ ئۆتۈشمە كۆۋرۇكلەر ياسال-
دى . رەڭگا رەڭ ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرى . كەچلىك بازار ،
باغچىلار تەسىس قىلىنىۋاتاتتى . شەنبە ، يەكشەنبە كۇنلىرى
چوڭ يوللارنىڭ ئىككى تەرىپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتەت-
تى ، ئالغۇچىلاردىن سانتۇچىلار كۆپرەك ئىدى . قىسقىسى ، تو-
مۇردىكى قاندەك چىپپىشىۋاتقان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار ،
ۋارقىرىشىۋاتقان تىجارەتچى ، سودىگەرلەر ، باققال ھەم قاسساپلار ،
ئاشپەز - ناۋايلارنىڭ ھەممىسىلا «پۇل ، پۇل ، پۇل… » دەپ
ھالىدىن كېتىۋاتقاندەك قىلىشاتتى . ھەتتا ئۇخلاۋاتقان بوۋاي -
مومايلارغىچە «پۇل… » دەپ پۇشۇلداۋاتقاندەك قىلاتتى .

ھېكمەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قەدەم قويغان قاينام -
تاشقىنلىق يېڭى دەۋرنى ، پۇل تېپىپ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا
ئاتلانغان ئادەملەرنى ئويلىغىنىدا ، دوستى كامىلغا چىن كۆڭلى-

دىن خەيرخاھلىق قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۆمرۈم ياماقچىلىق بىلەن ئۆتتۈۋاتىدۇ ، دېگەن سۆزىنىڭ ۋەزنى بارئىدى . كامىلنىڭ غەزەل ، مۇسەددەس ، نەسىر ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى گەرچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئايرىم بىرەر كىتابى چىقمىغانىدى . پەقەت ئۇ ئەسىرلەر بويى كۆمۈلۈپ قالغان ئەجدادلار مىراسلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ۋە ئۇنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆزىنى قۇربان قىلىۋاتاتتى .

# تەتۈر قىسمەت

ھېكمەت بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىقىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ چىرقىرىشى بىلەن بىللە، كۈلۈشكەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ «ئۇلار كېلىپ بوپتۇ - دە» دېگىنىچە ئۆيگە كىردى. ئاشخانىدا تاماق تەييارلاۋاتقان مەھبۇبە شەپىنى ئاڭلاپ كارىدورغا چىقتى. ئۇ ھېكمەتنىڭ پەلتوسى بىلەن شلەپىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ مېھمانخانىنى ئىما قىلدى:

— ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە خېلى بولۇپ قالدى. ھە راست، كامىلنى باشلاپ كېلىمەن دېگەنىدىڭىزغۇ، — مەھبۇبە مېھرى بىلەن تىكىلدى.

— جىددىي ئىشى بار ئىكەن، ئەتە بېكەتكە سىزنى ئۇزاتقىلى چىقماقچى.

مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چوڭ تاماق ئۈستىلى ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان ماھىگۈل، ئۇچقۇنئاي، نەبى، دىلنارلار ۋارقىرىشىپ - كۈلۈشۈپ قارتا ئويناۋاتاتتى. نەبىنىڭ بىر يېرىم ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى ئەزىمەت، ئۈستەلگە تىزىلغان قارتىلارنى ئاچىقىپ، ئۆي ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلار ھېكمەتنى كۆرۈش بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. ھەپتە كۆرمىسە قۇچاقلاپ كۆرۈشىدىغان نەبى ھېكمەتنى ئۆي ئوتتۇرىسىدىلا قۇچاقلىۋالدى.

— ھەي، ھەي، بولدى قىل غورا قاپاق، — ھېكمەت نەبىنىڭ مۈرىلىرىدىن ئىتتەردى، — بوشمۇ قۇچاقلىمايسىنا، قوۋۇرغىلىرىمنى ئوشتۇۋەتكۈدەك قىلدىڭ.

— قۇچاقلىسىمۇ تىللامسىز، — دىلنار تۇمشۇقلىرىنى

ئۇچلىدى ، — ئۇچۇ بەش قېتىم «ھېكمەت ئاكام» دەپ تىلغا ئالسا ، مېنى ئاران ئىككى قېتىم «دىلنار» دەپ قويىدۇ . ئاددىيـسى مېنىمۇ ئۇنچىلىك قۇچاغلاپ باقمىغان !

ئۆي ئىچىدە بىردىنلا كۇلكە كۆتۈرۈلدى .

— ئۇيات ، ئۇيات ، دىلنار ھەدەمنىڭ ئاغزىنىڭ ئەسكىلـكىنى ، — ئۇچقۇنئاي قىزىرىپ كەتكەنىدى ، — قاچانلا بولسا نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك كۇلـمەي ئولتۇرۇۋالىدۇ تېخى .

— يا - ياق ، دىلنار قىزنى ئەيىبلىمەڭلار ، — دېدى ھېكمەتنى كۇلۇپ ، — كۆڭلى تۈز ئادەملەر ئۆز سۆزلۈك كېلىـدۇ . ھە ماھىر دوختۇر ، سىزمۇ ئوبدان تۇرغانسىز .

— ياخشى .

ھېكمەت ئەزىمەتنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ساقاللىرىنى سۇۋاپ ، سۆيۈپ چىرقىرىتىۋەتتى .

— ھە ، ئېيتقىنا قوزام ، مەن كىم ؟

— بوۋام··· — ئەزىمەتنىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۇلۇشۇپ كەتتى .

— ھەي ئاداش ، ئۇنداق ئاسانلا قېرىتىۋەتمەڭلا مېنى ، ئەڭ بولمىسا «چوڭ دادا» دەڭلا .

— ھېكمەت ئاكا ، مېنىڭ ئورنۇمدا سىز ئويناڭ ، — دېدى ماھىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن مەھبۇبە ھەدەمگە ياردەملىشەي .

— ياق ، مەن چىقماي ، — دىلنار قولىدىكى قارتىنى تاشلىدى ، — كېلىن تۇرۇپ مەن چىقماي سىز ئاشخانىغا چىقـسىڭىز سەت تۇرار ، ھېكمەت ئاكام مېنىڭ ئورنۇمدا ئوينىسۇن .

— مەن بۇنداق ئويۇننى زادى ئويناپ باقمىغان ، — ھېكـمەت نەبىگە قارىدى ، — ھەي ، سەن ھازىر نەلەرگە قاتناۋاتىـسەن ؟

— غۇلجىدىن ئۆكۈز يۆتكەۋاتىمەن. — دېدى نەبى، —
بۈگۈن سەككىزىنچى مارت ئىكەن، ئايال، قىزلىرىڭلارنى كۆ-
تۈڭلا، دەپ قويۇپ بەردى. خوتۇنلارنى كۈتمەك بەك تەس ئى-
كەن. دىلنار بازارغا ئېلىپ چىقىپ يانچۇقۇمنى قۇرۇقداپ قويدى.
— هەي چويۇن هۈررەك، — دىلنار ئاشخانىدىن ۋارقى-
رىدى، — ئېلىپ بەرگەن بىرتال زەنجىرىڭىزنى مىننەت قىلى-
ۋاتامسىز، هېلى بوينىڭىزغا تاقاپ قويىمەن جۇمۇڭ.
هېكمەت، ماهىگۈل، ئۈچقۇنئايلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى.
دېمىسىمۇ نەبى بىلەن دىلنارنىڭ تۇرمۇشى هەرقانداق ئادەمنى
سۆيۈندۈرۈرەتتى. ئۇلار خۇددى توي قىلىش هارپىسىدا يۈرگەن
قىز - يىگىتلەردەك چېقىشىپ، بىر - بىرىنى هەرنېمىلەرگە
ئوخشىتىشىپ، تاتلىق قېيدىشىپ، هەتتا ئۆي ئىچىدە كاللا -
مۈللاق چېلىشىپ كېتەتتى. نەبى يول قويغانسېرى دىلنار ئۇنىڭ
قورسىقىغا مىنىۋېلىپ، يۈز، قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى چىشلەپ
قىزارتىۋېتەتتى. هېكمەت بېرىپ قالغۇدەك بولسا خۇددى كى-
چىك باللاردەك «قولۇمنى قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكىلى تاس قال-
دى»، «بىلىكىمنى چىشلىۋالدى» دەپ دادلايتتى. بەزىدە نەبى:
«هەي، هەي، قېلىن قىز بالا، هايا - نومۇس دېگەن بولسۇن
ماقۇلما، بولمىسا مېنىڭ ئاغزىم ئېچىلسا، هېلى بىكار...»
دېگەندىن كېيىن قىزىرىپ توختاپ قالاتتى. هېكمەت ئۇلارنىڭ
گەپ - سۆزلىرىدىن بىر - بىرىگە ئامراق ئەر - خوتۇنلاردىن
ئىكەنلىكىنى پەملەيتتى. بۇنداق گەپ - سۆزلەر بولۇنغان ئو-
رۇنلاردا ئەگەر ماهىگۈل بولۇپ قالسا، ئۇ كەچكىچە جىمىپ
كېتىپ هېكمەتكە قاراشقا پېتىنالمايتتى، قارىغان هالەتتىمۇ
چوڭ كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ قىزىرىپ كېتەتتى...
چوڭ ئىككى لېگەنگە ئۇسۇلغان مانتا ئۈستەلگە كەلتۈرۈل-
دى. ئۇلار مانتىنى ئاچچىقسۇ، لازا قىيامىلىرىغا مىلەپ يېگۈچە
يەنە كۈلكە - چاقچاق، قىزىق سۆزلەر بولۇنۇپ تۇردى. تاماق

يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇستەل يىغىشتۇرۇلۇپ ، بىر نەچ-
چە خىل قورۇما كەلتۈرۈلدى . ھېكمەت ئىشكاپتىن ئىككى
بوتۇلكا پىۋا ، بىر بوتۇلكا خوتەننىڭ «قىزىلگۈل» ھارىقىنى
ئالدى . ئۇ ، نەبى بىلەن ئۆزىگە پىۋا ، ئاياللارغا قىزىلگۈل ھارىقى
قۇيۇلغان نەپىس ئىشلەنگەن ئىستاكانلارنى ھەممىسىنىڭ ئالدىغا
بىردىن قويدى ، ئاندىن گىلىنى قىرىپ قويۇپ ئۇلارغا تەكشى
قاردى .
— بۈگۈن مەھبۇبەنى ئۆزىتىش چېيى ئىنتايىن خاسىيەت-
لىك بىر كۈنگە توغرا كەلدى ، — دېدى ھېكمەت نەبىگە ئىشارە
قىلىپ ، — شۇڭا نەبى ئىككىمىز ھەممىڭلارنى تەبرىكلەيمىز .
بەخت ۋە ئامەتلىك بولۇڭلار ، ئىشلىرىڭلار روناق تاپقاي .
ھەممىسى ئىستاكانلىرىنى كۆتۈرۈشتى . مەھبۇبە ئاغزىغا
تەگكۈزۈپ قويدى . ئۇ بۇ چاغقىچە ھېكمەت بىلەن بىرگە بارغان
توي ، مەرىكىلەردىمۇ زادى ئىچمەيتتى . باشقىلار ئۇنىڭغا «بەك
پۇراقلىق ، قىزىلگۈلدىن قىلىنغان تاتلىق شەربەت» دەپ چۈشەن-
دۈرۈپ كەتسىمۇ ئۇ «ئادەتلەنمىگەنكەنمەن» دەپ ئۆزرە سورايت-
تى . دىلنار ئىستاكاندىكى شەربەتنى سۈزۈپ ئىچمۈۋېتىپ لەۋلە-
رىنى تامشىپ قويدى- دە ، ئېرىنى «بولمامسىز» دەپ بېقىندى-
غىلى تۇردى . نەبىمۇ «ۋاي ، ئۆزىڭىز بىرىڭا» دەيتتى .
— ھوي سارالڭ ، ئاياللار بايرىمىدا سوۋغاتنى ئەرلەر بې-
رىدۇ ، — دېدى دىلنار ئاستا پىچىرلاپ .
— ھەي ، ئىككىڭلار مۇشۇ يەردىمۇ ئىت - مۈشۈكتەك
خىرقىرىشىپ يۈرەمسىلە ، — ھېكمەت كۆزلىرىنى ئالايتتى ، —
نېمە تۈگىمەيدىغان تالىشىش بۇ .
— باشقا ئىش يوق ، — نەبى ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ
قولىدا ئىككى دانە قىزىل مەخمەل قۇتا ، بىر كىچىك كوروپكا
تۇراتتى ، — مەھبۇبە ، ماھىگۈل ھەدە ، سىڭلىم ئۇچقۇنئاي باي-
رىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن ، ئاز بولسىمۇ… .

مەھبۇبە بىلەن ماھىگۇل مەخمەل قۇتىنىڭ ئەينىكىدىن كۆز چاقنىتىپ تۇرغان ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ، چوڭقۇر تەزىم بىلەن رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئۇچقۇنئاي كوروپكىنى ئېچىپلا بىر جۈپ قەلەمنى كۆرۈپ قەۋەتلا خوشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇچقۇنئاي ياخشى كۆرىدىغان ئامېرىكىنىڭ «پاركىر» قەلىمىدىن ئىدى.

— مەن شور تۇمشۇق دىلنار ئۈچۈن بىر قەدەھ كۆتۈرگۈم بار، — نەبى ئاپالىنىڭ ئىستاكىنىنى تولدۇرۇپ قويدى، — قېنى ھېكمەتكا، سىزمۇ رومكىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، چۈنكى مەن داۋاملىق سىرتلاردا يۈرىمەن، ئۆينىڭ ھەممە جاپاسى مۇشۇ ھازازۇلغا قالىدۇ يا كوتۇلدىمايدۇ، يا ۋىتىلدىمايدۇ ياكى غىتىلدىمايدۇ...

بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ھەممىنى ئومۇمىي شادلىققا چۆمدۈردى.

— خوشە ئەمىسە، — دىلنار ئېرىدىن بۇرۇن ئىستاكاننى كۆتۈردى، — خۇدايىم مۇشۇ تىلى قىرتاق، يۈزى جىرتاق، ئۆزى ئوماق بىر پارچە چويۈن ھۆررەكنى ئامان قىلسۇن!

ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكە دېرىزە كۆزنەكلىرىنى دېرىلدىتىپ، پەردىلەرمۇ تەۋرىنىپ كەتتى. ھېكمەت كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئىچىدە «راست، ئۇنى يوللاردىكى خېيىمخەتەر، بالا - قازالاردىن ساقلىسۇن» دەپ پىچىرلىدى.

— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ماھىگۇل ئەدەپ - ئىكرام بىلەن، — مەن بۇگۈن كۆڭۈل ئىزھارىمنى ئۆز ئۆيۈمدە قىلماقچى، مەھبۇبە ھەدەمنى ئۈزىتىش ئۈچۈن مەنمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغان.

— بۇ قانداق گەپ بولدى، — ھېكمەت ھەيران بولۇپ مەھبۇبەگە قارىدى، — ئولتۇرۇشىمىز راسا قىزىۋاتسا، ئەمدى باشقىلا گەپ بولىۋاتىدىغۇ.

— ماھىگۇل بايا سىز كەلمەستىلا دېگەن، — دېدى

مەھبۇبە ، ــ سىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن .
ــ دادا ، مەيلى دەڭا ، ماھىگۇل ھەدەمنىڭ چوڭ ساراي-
لىرىدا ، ــ ئۇچقۇنئاي خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىشۇەتتى ، ــ
تانسا ، ئۇسۇل ئوينايمىز ، ئەمىسە تېزرەك سوۋغىتىڭىزنى بېرد-
ۋېتىڭ .
ــ ھېكمەتكامدىن سوۋغا تەمەيىمىز يوق ، ــ دېدى دىلنار
ۋارقىراپ ، ــ پەقەت خۇدايىمدىن پات - پات كاماندىرۇپكىغا
چىقىپ تۇرسىكەن دەپ تىلەيمىز .
ئۆيدە قاتتىق كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئەزىمەتنىمۇ خۇش قىلد-
ۋەتتى . ئۇ چاۋاك چالغاچ پىرقىراپ ، يۈگۈرۈپ يۈرەتتى . نەبد-
نىڭ خوتۇننىڭ چاقچىقىغا ئۇلاپلا : «بۇ خېنىم چۈشىدىمۇ
‹ھېكمەتكام كاماندىروپكىغا چىقىدىكەن › دەپ جۆيلۈپ تۇرۇپ
كېتىدۇ ئەمەسمۇ» دېگەن ھەزىلى كۈلكىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە
كۆتۈردى . بۇ چاغدا مەھبۇبە قول ياغلىقىقا ئورالغان بىر تۈگۈچ-
نى ھېكمەتكە سۇندى . ھېكمەت : «ئۆزىڭىز بەرسىڭىزمۇ بولىۋې-
رىدۇ» دەپ پىچىرلىشى ، ئۇچقۇنئاي سەكرەپ تۇرۇپ : «دادام
ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى . ئامالسىز
قالغان ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ بويىنىغا ئالتۇن زەنجىرنى ئېسىپ ،
ئۇنىڭ قۇلۇپىنى ئەتكۈچە ، يالاڭ بەدەنلىرىگە تەگكەن قولى تىتد-
رەپ كەتتى . بۇ ھال پاك تېنىگە ئەركەك زاتىنىڭ مويى قونمد-
غان ماھىگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جىمىرلىتىپ ، قانداقتۇر بىر
سىرلىق ئېقىم تومۇر - تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرۇپ ئاقتى . قوش
قانات شەكىللىك بۆلاپكىنى ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تا-
قىۋالغان دىلنار خۇشلۇقىدا :
ــ ۋاي خۇدايىم ، بەش كۆزلۈككەن ئەمەسمۇ ، رەھمەت
ھېكمەت ئاكا ، ــ دەپ سىلاپ قويدى .
ــ مۇشۇ دادام بەك ئالدىراڭغۇ ، ــ دېدى ئۇچقۇنئاي
تومشۇقىنى ئۇچلاپ ، ــ ئەتىگەندىلا «بايرىمىڭىزلارغا مۇبارەك»

دەپ ئاپام ئىككىمىزنىڭ بويىنىغا زەنجىر تاقاپ قويىدى .

— ئوخشاش ئەمەسمۇ ئۇچقۇنئاي ، — مەھبۇبە قىزنى كۆزىدە ئۇردى .

— نەدە ئوخشاش بولسۇن ، مەشەدە ئىززەت - ھۆرمىتىمىز بىلەن تاقىغان بولساق .

ئۇلار ھەممىسى ماھىگۇلنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ تاكسىدىن ئىككىنى توختاتتى . ماھىگۇل ، مەھبۇبە ، دىلنار ، ئەزىمەتلەر ئالدىدا ، ھېكمەت ، ئۇچقۇنئاي ، نەبىلەر ئارقىدىن مىڭىشتى . تاكسىلار ئىلگىرى - كېيىن مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتى دوختۇرخانىسى ئائىلىكلەر بىناسى ئالدىدا توختاشتى .

بىر چاغدا ھېكمەت «دەرۋەقە ، ھەيۋەتلىك قەسىر ئىكەن» دەپ زوقلانغان ساراي ئۆيلەر ۋاڭ - چۇڭغا تولدى . ماھىگۇل بىلەن مەھبۇبە ئاشخانىغا كىرىپ قورۇمىلارغا تۇتۇش قىلدى . ئۇچقۇنئاي ئۆيگە كىرە - كىرمەي ياڭراتقۇلۇق ئۈنئالغۇنى قويىۋەتتى . ئۇ ئۆزى دەسلەپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ دىلنارنى تارتتى . ئۇلار بىرنەچچە چۆرگىلەپ ئوينىغاندىن كېيىن ھېكمەت بىلەن نەبىنى تارتىپ چۈشۈرۈشتى . ماھىگۇل ئىچى - ئىچىدىن خۇشال ھەم ھەسرەتلىك ئىدى . چۈنكى ، ئۇ مۇشۇ ئازادە ، قىزىل پوللۇق ، ئاۋاز يېنىپ تۇرىدىغان ئۆيلىرىنىڭ بۇ چاغقىچە بۇنچىلىك خۇشال - خۇراملىققا ، ۋاڭ - چۇڭغا تولۇپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى . ئويلاپ باقسا ئۇنىڭ ئۆمرى خۇددى قەپەسكە سولانغان ئەتىۋارلىق قۇشتەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ . شۇڭا ، دوستلىرىنىڭ «ئاخشام ئېرىمنىڭ ئاغىنىلىرى كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە دۇتار تەمبۇر چېلىپ ، ئالتاغىل توۋلىشىپ بىر كېچە ئۇخلاتماي ئەجەپ بىزار قىلدى» دېيىشلىرىنى ، بەزىلىرىنىڭ «ئېرىمنىڭ ئىلپەتلىرى ساپلا ھاراقكەشلەر ، ئۆتكەندە ئۇلار ئىچىشىپ ، قۇسۇشۇپ ، ئۆيۈمنى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى» دېگەندەك قاقشاشلىرىنى ئاڭلىغاندا ، ماھىگۇل ئۇلارغا زوقلانغىنىچە ئويغا پاتاتتى .

ئۇچقۇنئاي تانسا لېنتىسىنى ئۇنئالغۇغا سېلىپ دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ چۈشۈردى. دىلنار توي - تۆكۈن، مەرىكىلەردە نەبىنى تىللاپ، كوتۇلداپ يۈرۈپ تانسا ئويناشنى ئۆگىتىپ قويغاچقا ئۇلارمۇ چۈشتى. ئۇچقۇنئاي دادىسىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ كەڭ - ئازادە ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى - دە، مەھبۇبەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىككىسىنى بىللە قىلىپ قويدى. ئالتە ئايدىن بېرى ھېكمەتمۇ ئۇنىڭغا تانسا ئۆگىتىپ كەلگەچكە مەھبۇبەمۇ ئوبدانلا ئوينايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر مۇزىكا ئاياغلىشىپ ئىككىنچىسى باشلانغان ھامان ماھىگۈلنى باشلاپ چىقىپ «مەن ۋالىس ئوينىيالمايمەن، ئىككىڭلار ئويناڭلار» دېدى - دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ھېكمەت «چارچاپ قالدىم» دېمەكچى بولۇپ يالتايدى. يۈرىكىنىڭ بىردىنلا تەرتىپسىز ئۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان ماھىگۈلنىڭ چىرايلىق كۆكسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تاشلاندى. ئۇنىڭ قاش تېشىدەك سۈزۈك چېھرىنى سۇس قىزىل رەڭلىك نېپىز پەردە ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، پىنھان سىرلار خەزىنىسى بولغان نۇرانە كۆزلىرىنى قاپقارا چۈمپەردە يوشۇرۇپ تۇراتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ بېلىدىن يۇمشاققىنا قاماللاپ لەرزان ئايلىنىشقا باشلىدى. قارا چۈمپەردىلەر ئارىلىقلىرىدىن چاقنىغان قارىچۇقلار ھېكمەتنىڭ مۇرىسىدە قېتىپ قالغانىدى. جەننەت ھۇزۇرىدەك شېرىن ۋە لەزىز بىر تۇيغۇنىڭ كىشىنى بىھۇش قىلىدىغان ۋەسۋەسىدە بىر ئۆزگە كېلىپ بىر كېتىۋاتقان ماھىگۈل «ئاھ، يىقىلىپ قالمىسام بولاتتى...» دەپ خۇداغا يېلىندى. ئۇ مۇزىكا ئاياغلاشقان ھامان «بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولۇۋاتىدۇ» دېدى - دە، دەرھال تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بۇ ھالنى تەرلەپ - پىشىپ ئويناۋاتقان نەبى بىلەن دىلنار سەزمىگەن بولسىمۇ، دىۋاندا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئۇچقۇنئاي ئۆزىچە ئويلاپ يۈرىكىگە

يىڭنە سانجىلغاندەك بىئارام بولدى . ماھىگۈل قايتىپ چىققاندا ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى .

قورۇملار تەييار بولدى . ئۇلار كېپىشلىرىنى سېلىپ ، تىيەنجىنىنىڭ قاپارتما گۈللۈك يېشىل گىلىمى سېلىنغان مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىرىشتى ۋە ئۆي ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈنىسىغا قويۇلغان ئۈستەل ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىشتى . ھېكمەت ئۇدۇلدىكى تامغا قېقىقلىق كىچىك ئىككى مىخقا قاراپ قويدى . ئۇ مەھبۇبەنى بۇ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم ئەكەلگەندە ، ماھىگۈل شاڭخەيدە چوڭ ئايتقان ھېلىقى رەسىملەردىن يولدا كەلگۈچە ئەنسىرەپ كەلدى . بىراق ، بۇ مىخلارغا ئېسىلغان رەسىملەرنىڭ ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەنىدى .

ئۈچقۇنئاي تاماق ئۈستىلى ئۈستىدىكى گۈلداننى دېرىزە تەكچىسىگە ئاپىرىۋەتكەندىن كېيىن ، دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ ئاتىسىز ئۆتكەن ئاشۇ يىللاردا ئانىسى مەھبۇبەدىن ، سەئىدەدىن گۈلزىبا ، ماھىگۈل ، ھېكمەتلەر ھەققىدىكى ئاجايىپ ۋاقەلەرنى ئاڭلىغانىدى . ئەقلىنى تاپقانسېرى ماھىگۈلگە نىسبەتەن خەيرخاھلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى ، شۇنداقلا دادىسىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك پىداكارلىقى ئۇنىڭدا ئالىي جانابلىقنى ئويغاتتى . بولۇپمۇ ماھىگۈلنىڭ ئوتتۇز سەككىز يېشىغىچە مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈپ كېتىشى قانداق قۇدرەتلىك كۈچتىن بولۇۋاتقاندۇ؟ دېگەن سوئال ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى .

ھەي ئۈچقۇنئاي قىزچاق ، بۇنداق روھىي مۇھەببەتنىڭ قاناچىلىك ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتىشكە تېخى سىزگە ئەتىگەنلىك قىلىدۇ ! قىز - يىگىت قوشۇلۇش بىلەنلا بەخت شارابىنى ئىچكەن بولمايدۇ . يۈرەككە تالىق ئۇلۇغ روھ ۋۇجۇدىغا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ قەلب قەبرىستانلىقىدا دائىما يېنىپ تۇرغان بىر چىراغ بولىدۇ ، بۇ چىراغ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس سىيماسىدۇر . ئۇنىڭ زەرلىرى بېرد-

ـدىغان ھۆزۈرى ، سىرلىق نۇر شولىلىرى ، تاتلىق كۆيدۈرۈشلە-
رى ، تەخىرسىز سېغىندۇرۇشلىرى ئالدىدا جاپا نەشتىرىسىز ،
ھىجران ئازابسىز يەتكەن بەخت ئاتەشلىرى سامان چوغىدەكلا
يالقۇنسىزدۇر . ئاللا كۆڭۈلگە سالغان پاك روھىي ئىشىقنىڭ
ۋىسال مەنزىللىرى تولىمۇ يىراقتۇر . ئۇنىڭغا يەتمەكلىك ئۈچۈن
ھىجران چۆللىرىدىن ، جاپا - مۇشەققەت كۆۋرۈكلىرىدىن ، ئازاب -
ئوقۇبەت دەريالىرىدىن ئۆتمەك ۋە خۇددى بىخىلنىڭ كۆزىدىن
ئاققان ياشتەك ، يۈرەكلەردىن قەترە - قەترە قانلارنى ساقىتماق
جايىزدۇر...

ئۇستەلگە بىرنەچچە خىل گۆش ۋە ياڭيۇ قورۇمىلىرى
تىزىلىپ ، توقاچلار ئوشتۇلدى . بىراق ، ھەممىسىنىڭ قورسىقى
توق بولغاچقا ، قىزىق چاي ئىچىش بىلەن كۇپايىلەندى . ماھىگۇل
ئۇستەلگە چەت ئەل ماركىسى چاپلانغان بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق ،
سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىنى قويغاندىن كېيىن ، مەھبۇبە ،
ئۇچقۇنئاي ، دىلنارلارنىڭ ئالدىغا ھەرخىل رەڭدىكى سارجىلار-
دىن بىر كىيىملىكتىن قويدى .

— بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن ، — دېدى ماھىگۇل
قىزىرىپ ، — سىلەرنىڭ قانداق پاسونلارنى ياقتۇرىدىغىنىڭلارنى
بىلمىگەچكە ، رەختنىڭ ئۆزىنىلا قويدۇم ، كەچۈرۈڭلار .

— ھېلىمۇ جىق كايىپ كېتىپسىز ، — مەھبۇبە ئورنى-
دىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى ، — ھېكمەت ئالدىراشلىقتا كېلەل-
مىگىنى بىلەن بىز ئانا - بالا ، نەبى ، دىلنارلار ئارا كۈندە بىر
كېلىپ ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتەر ئىدى .

— تۇغقانلارنىڭ كۆپ بولغىنىغا يەتمەيدىكەن ، — ماھى-
گۇل بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالدى ، — گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلى-
شىپ ، ۋارقىرىشىپ ، كۇلۇشۇپ ئۆتسە نېمىدېگەن ياخشى . ئادەم
ئۆزىنى دۇنيادا مەۋجۇتتەك ھېس قىلىدىكەن .

— دادا ، ھاراقنى خۇددى بوتۇلكىسى بىلەن يۇتۇۋېتىدىغان-

دەك قاراپ كەتتىڭىزغۇ ، ـــ ئۇچقۇنئاي ھېكمەتنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويدى ، ـــ ساھىبخانا قويۇپ بەرگۈچە نەپسىڭىز قويۇ-مايۋاتامدۇ يا ؟

ئۇچقۇنئاينىڭ ئوچۇق - يورۇق سۆزلىرىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى .

ـــ ياقەي ، ماركىدىكى يېزىقلار رۇسچىغىمۇ ئوخشىمايدۇ ، ـــ ھېكمەت ھاراقنى ئۈستەلگە قويدى ، ـــ پەقەت «پىرۇسىيا» دېگەن سۆزنىلا ئوقۇيالىدىم .

ـــ بۇ گېرمانىيىنىڭ «توققۇز مېدال» دەيدىغان دۇنياغا داڭلىق ھارىقى ئىكەن ، ـــ دېدى ماھىگۈل بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، ـــ مەن موسكۋاغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان يىلىم ھېك-مەتكامغا ئەۋەتىپ بېرەرمەن دەپ ئالغاچ كەلگەنىدىم ، كېيىن ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن .

ماھىگۈل سوغۇق ئېچىملىكلەرنىڭ ئاغزىنى ۋاكىلدىتىپ ئېچىپ ، ئاياللارنىڭ ئالدىغا بىردىن قويدى . ئاندىن ئىككى رومـ-كىغا ئاق ھاراقنى تولدۇرۇپ ، ھېكمەت بىلەن نەبىگە سۇندى . نەبى «مەن ھازىرغىچە ئاق ھاراق ئىچىپ باقمىدىم» دەپ تۇرۇ-ۋالغاندى ، ھېكمەت ئاچچىقلاپ : «بولدى ، مەندىن تارتىنما ، بۈگۈن ئايالالار بايرىمىنى تەبرىكلەپ بىردىن ئىچىپ قويايلى» دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

ئۇلار «مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ بىرنەچچە قېتىم ئايال-لارنىڭ قۇتلىرى بىلەن ئۇرۇشتۇردى . گەپلەرمۇ قىزىماقتا ئىدى . ئارىلىقلاردا دىلنار ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان چاقچاقلارنى قىلىپ كۈلكىلەرمۇ كۆتۈرۈلدى .

ـــ مۇشۇنداق خۇشال چاغلاردا ، سەئىدە ئاچام ، گۈلچىنى-ئايلارمۇ بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ، ـــ دېدى ماھىگۈل مەھبۇبەگە ، ـــ گۈلچىنئاي بۇ يىل نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغاندۇ ؟

— تۆتىنچى ئاي كەلسە يىگىرمە بىر ياشنى ئۇزىتىدۇ ، — دېدى ھېكمەت بارماقلىرىنى پۇكۇپ ، — ھازىر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ .

— تويىنى قىپتۇمۇ ؟

— بۇگۇن ئەتىگەن كامىلدىن ئۇقۇشۇمچە بۇ يىل قىلىدىغان ئوخشايدۇ .

— مەھبۇبە ئاچا ، — دېدى ماھىگۇل دىلنارنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ ، — ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرغانسىلەر ؟

— داۋاملىق ئىزدىشىمىز ، — مەھبۇبە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۇچقۇنئاي جاۋاب بەردى ، — دادام بىلەن قايىت دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلگەن كۇنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇلار كېلىپ يېرىم كۇن مېھمان بولۇپ كەتتى .

— نېمە ، دادامما ؟ ! — ماھىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — ئۇ… ئۇ تېخى ھاياتمۇ ؟ !

ئۆينىڭ ئىچى بىر ئېغىز گەپ بىلەن گۇرۇستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى . ھېكمەت قايىتنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەسلىكنى ، مەڭگۇ سىر تۇتۇشنى مەھبۇبە بىلەن ئۇچقۇنئايغا تاپىلىغانىدى . مانا ، ئالتە - يەتتە ئايدىن بېرى پىنھان تۇتۇلغان ئىش ئۇچقۇنئاينىڭ ئالدىراقسانلىقى تۇپەيلىدىن ئاشكارىلىنىپ قالدى .

— دېسەڭلارچۇ ، زادى مەندىن نېمىنى يوشۇرۇسىلەر ، — ماھىگۇلنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئەگىدى ، — سىلەردىن ئۆتۇنۇپ قالاي .

ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە جىملىگەندەك قىزىغا قاراپ قويدى . ئۇچقۇنئاي بولسا ئېتىكىنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى .

— ھېكمەت ئاكا ، ئۇچقۇنئايغا تولا ئاليىۋەرمەڭلا ، — دېدى نەبى قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان ئەزىمەتنى دىلنارغا سۇنۇپ ، —

بۇ باشلار نېمە ئىشلارنى كۆرمىدى، ھەرقانداق بالا ـ قازاغا چىدايمىز. قېنى، ئۇچقۇنئاي سىڭلىم، قورقماي سۆزلەڭ.

ئۇچقۇنئاي بىر دىۋاننىڭ دادىسىنىڭ ئالدىنى توسقىنىدىن تارتىپ قاراڭغۇ قازناقتىكى سۆھبەتنىڭ يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قايتىنىڭ قازا قىلىپ كەتكىنىنىمۇ دەۋەتتى. ماھىگۈل يۈزىگە لوڭگىنى باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى. نەبىنىڭ بولسا چىرايى خۇددى قارا تاشتەك قېتىپ قاياقلارغىدۇر قاراپ تۇراتتى.

— دادام، قايىت دادامنى داۋالىتىپ ساقايتىپ، ئۇرۇمچى-گە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدى، — دېدى ئۇچقۇنئاي يىغلاپ تۇرۇپ، — لېكىن ئۇ، «قىزىم بىلەن ئوغلۇمغا يۈز كېلەلمەي-مەن، ئۇلارنىڭ قېشىغا ئاپارغىچە مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسى-لە» دەپ تۇرۇۋالدى.

ماھىگۈل يىغلىغانچە بالكونغا چىقىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈ-شۈپ قالغانىدى. ھېكمەت نەبى بىلەن دىلنارغا «سىلەر بۈگۈن ماھىگۈلگە ھەمراھ بولۇڭلار، ئەتە ئەتىگەندە بېكەتتە كۆرۈشەي-لى» دەپ ئورنىدىن تۇردى. مەھبۇبە بىلەن ئۇچقۇنئاي كىيىملى-رىنى كىيىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ماھىگۈلگە تەسەللى بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار تاكسىدا كېتىۋاتقاندا، ئۇچقۇنئاي ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتكەنىدى، ھېكمەت:

— ئۇققىنىمۇ ياخشى بولدى، بولمىسا مەڭگۈ دادىسىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتەتتى، — دەپ قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— توغرا دەيسىز، — دېدى مەھبۇبەمۇ، — «مېيىت ئۆيدىن چىقسا تۆڭلۈكتىن پاتمانلاپ سەۋر چۈشىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەڭ ئازابلىقى تىرىك ئايرىلىش.

مارتنىڭ ئاچچىق، سوغۇق شاملى سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك چىقىۋاتاتتى. ئۇلار تاكسىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە قۇلاق ـ بۇرۇنلىرى قىزىرىپ كېتىشتى. مەھبۇبە ئەتە ئەتىگەن

ماڭماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرلا تەييارلىق قىلىشۋالماقچى بولدى. ئۈچقۇنئاي ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كىيىم-كېچەكلىرىنى قاتلاپ كىچىك سەپەر چامادانغا، يولدا يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرىنى سومكىغا قاچىلىشىپ بەردى.

— مەھبۇبە، يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى نەگە سالدىڭىز؟ — دېدى ھېكمەت ئۇنى ئەسكەرتىپ، — ئۇنتۇپ قالماڭ يەنە.

— چاپىنىمنىڭ ئىچ يانچۇقىدا.

— ئوبدان قىپسىز، سومكا، چامادان دېگەن نەرسىلەر ئاسان يۈتىدۇ، — ھېكمەت ئاستا غودۇڭشىپ قويدى، — ئايروپىلانغا سېلىپ قوياي دېسەم ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەنلەرنى كۆرگۈم بار دەپ ئۇنىمىدىڭىز. لېكىننزە، يولدا جاپا تارتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا تۇرىمەن.

— نېمە جاپا بولاتتى، ھەممىنى ماشىنا كۆتۈرۈپ ماڭسا.

— يولغا چىقىپ باقمىغان ئادەم بىلمەيدۇ، — ھېكمەت خاپا بولدى، — ئون نەچچە كۈن سەۋر قىلغان بولسىڭىز، ئىككىمىز بىللىلا ماڭاتتۇق ئەمەسمۇ.

— دادا، تاپا-تەنە قىلىشۋەرمىسىڭىزچۇ، — ئۈچقۇنئاي سۆزگە ئارىلاشتى، — ئاپامنىڭ ئايروپىلانغا چىقسا قەي قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىزغۇ، قايتىپ كېلىشىمىزدە قانچىلىك بىئارام بولدى.

— ھېكمەت، خاپا بولماڭ، — مەھبۇبە ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — بېرىپلا ئانام بىلەن گۈلزىبا ئاچامغا ئاتاپ نەزىر بېرىمەن. سىز رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ئۈلگۈرۈپ بارسىڭىز بولمىدىمۇ.

— بولدى، بولدى، گەپ قىلماي، بولامدۇ، — ھېكمەت قىزى بىلەن مەھبۇبەگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، — ئەتە سەھەر بېكەتكە بارىدىغان گەپ. ئۈچقۇنئاي سىزمۇ ئۇخلاڭ، بىزمۇ ئارام ئالايلى، ئاپىڭىز بۈگۈن چارچاپ كەتتى.

ئۇلار يېتىپ قېلىشتى . مەھبۇبە كارىۋات بېشىدىكى تام چىراغنى يېقىپ قويۇپ ياستۇققا يۆلەندى . ئۇنىڭ مۇڭداشقۇسى بارلىقىنى سەزگەن ھېكمەتمۇ ، يوتقانغا تىزىغىچە يۆگىنىپ ئولتۇردى . مەھبۇبە يالاڭ بىلەكلىرى بىلەن ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ، يۈزىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېقىپ ئۈن - تىنسىز خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ، يالتىتىدە قاراپ قويۇپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى .

— قادىلىپ ئولتۇرۇپ بوينىڭىز ئاغرىپ قالىدۇ ، بېشىڭىزنى بۇ يەرگە قويۇڭ ، — مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ بېشىنى قۇچىغىغا قويدى ، — مۇشۇ ھالەتتە بىردەم جىم يېتىڭ .

مەھبۇبە يۇمشاق ھەم ئاپئاق ئالىقانلىرى بىلەن ئېرىنىڭ مەيدە - بويۇنلىرىنى ، ئېڭەك - يۈزلىرىنى سىلىدى ، چاچلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ تارىدى . ئۇ ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئالدىدا سۆيۈملۈك ئېرىدىن ، تۇتقان ئۆيلىرىدىن كۆزى قىيمايۋاتامدۇ ياكى كۆڭلىنى قانداقتۇر مەشھۇم خىياللار پاراكەندە قىلىۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى . ئېھتىمال ھەر ئىككىلىسى باردۇر ! مەھبۇبە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ، شامۇ - سەھەرلەردە خۇدادىن تىلىگەن ، كۆز ياشلىرى دەريالىرىدا ئېقىپ تەلمۈرگەن بەختكە ئېرىشتى . شۇنداق ، ئۇ ھەممە نېمىسى تېتىپ كەلگەن ، ئازاب ۋە جان پىدا قىلىش قازىنىدا قورۇلغان مۇھەببەتنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسىدى . ئەمما ، بۇ ئامەت ۋە ئېھسان نۇرغۇن بەدەل تۆلەتكۈزدى . ھېكمەتنىڭ بېشىدىن نېمە كۈنلەر ئۆتمىدى . ئۆزى قانچىلىك جۇدالىق زەردابلىرىنى ئىچمىدى . بىر مەزلۇمنىڭ شۇنچە يىللار ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ، بىر ئەرگە ئېتىقاد باغلاپ قىلغان تىلەك - نىيەتلىرىنى ئاللا مەقبۇل ئەتتى بولغاي ، ئۇنىڭغا ھىممەت دەرۋازىلىرىنى ئاچتى ، مەرھەمەت نەزەرلىرىدە باقتى . لېكىن ، بۇ «مەرھەمەت» ۋە «ھىممەت» بەكمۇ كېچىكىپ كەلدى .

ھېكمەتنىڭ يالاڭ مەيدىسىگە ئىسسىق ياش تامچىسى تامچىلىدى، مەھبۇبە يىغلىغانىدى.

— چېكىلىرىڭىزدە ئاق چاچلار كۆپىيىپ قاپتۇ، — دېدى مەھبۇبە ئىسەدەپ، — ئاھ، يىللار نېمىدېگەن رەھىمسىز... مەن سىزگە كۆيگەن ئاشۇ چاغلاردا ئاجايىپ جۇشقۇن يىگىت ئىدىڭىز.

— بۇ سوۋغىدىن سىزمۇ قۇرۇق قالمىدىڭىز ئەزىزىم، — ھېكمەتنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، — قوشكۆلگە كىرگەن چاغلىرىڭىز بەجايىكى بىر قونچاق ئىدىڭىز. پاھ، پاھ، بىر قوشۇق شەربەت بىلەن يۇتۇۋالغۇدەك.

— شۇڭلاشقا، سامبۇسامنى يەۋېلىپ قوغلىۋەتكەن ئىكەنسىز-دە.

— سامسىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان دېۋەڭ چىغىمبا.

— سىزمۇ مۇراتتەك ئاغزىڭىزنى بىزەپلەشتۇرۇۋاپسىز، — مەھبۇبە بىردەم جىمىپ قېلىپ ئاستا ئېڭىشتى، — ھېكمەت، بىر سىرىم بار ئىدى. سىزگە دەيمۇ دېمەيمۇ دەپ ئېگىز-پەس ھالغا كېلىپ قالدىم. بىلمىدىم خوش، بولامسىز ياكى خاپىمۇ؟

— قىزىقكەنسىز قىزچاق، دېمىسە بولمايدىغان سىر بولسا دەڭ، مەنمۇ سىزگە تەڭ ئورتاق بولاي.

— قاراڭ، ھېكمەت، بەكمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن، — مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى، — قورسىقىمدا بار، ئىككى ئايلىق بولۇپ قالدى.

— راستما، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، مەھبۇبەنىڭ چىرايلىق مۇرىلىرىنى قاماللىدى، — بۇ بىر خۇش خەۋەر ئىكەنغۇ، قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئالدۇرۇۋېتەيمىكىن دېگەنىدىم، — مەھبۇبەنىڭ بېشى مەيدىسىگە چۈشتى، — ئادەم قېرىغان چىغىدا تۇغسا...

— ئەمدى قىرىق ياشقا كىردىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئەڭ

تولغان چاغلىرىڭىز... بۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ .
— ماھىگۈلمۇ شۇنداق دەيدۇ .
— ئۇنىڭغا دېگەنمىدىڭىز ؟
— شۇنداق ، — مەھبۇبە ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ، — ماھىگۈل ئۇچقۇنئايغا دېگەن ئوخشايدۇ ، قىزىڭىز «ئۇكام بولىدىغان بولدى» دەپ شۇنداق خۇشال .

ھېكمەت ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە قارىغانىدى ، مەھبۇبە يۈزىنى ئېلىپ قېچىپ ، تۆيۇقسىزلا ئۆزىنى ئېرىنىڭ باغرىغا ئاتتى ۋە «مەن نېمىدېگەن بەختلىك» دەپ پىچىرلىدى . ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ، سۆز ئۇرامىدىن بالىنى تۇغقۇسى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ھېكمەت ئۇنىڭ قۇلىقىغا : «سىزگە ، بالىمىزغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ ئاستا شىۋىرلىدى . ئۇلار شۇ ھالدا خېلى ئۇزۇنغىچە قۇچاقلىشىپ ئولتۇرۇشتى . تەڭرىنىڭ قىسمەتلىرىگە ئەقلى لال بولغان ھېكمەتنىڭ قەلبى گويا بورانلىق دېڭىزدەك شاۋقۇنلايتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زەيتۇنە ، ئامىنە ، گۈلزىبا ، قۇتبىرەم ، مەھبۇبە ، ماھىگۈل ، ھالالباغدىكى سائادەت ھەم ماھىنۇرلار بىرسى كۈلۈپ ، بىرسى يىغلاپ ، بىرسى ھەسرەت بىلەن قاراپ ، يەنە بىرسى بولسا نەپرەتلىك تىكىلىپ ئۆتكەندەك قىلاتتى . ھېكمەت ئامىنەنى مەڭگۈ سۆيىمەن دەپ ئۆزىگە ئەھدە قىلغانىدى . بىراق ، ئۇ ۋاپا قىلمىدى . ئاللا ئۇنىڭ يۈرىكىگە گۈلزىبانىڭ ئىشىق سەۋداسىنى سالدىيۇ ، ئۆزى پايلىماي ئېلىپ كەتتى . بۇ مۇھەببەت ھېكمەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنىلا ئەمەس بەلكى يۈرىكىنىمۇ جاراھەت بىلەن قاپلاپ تاڭلا مەھشەرگىچە داغدا قالدۇرىدىغان بولدى . مەھبۇبە بولسا ئاشۇ رۇخسارى ، خۇلق - پېئىلى بىلەن گۈلزىبانىڭ ئورنىنى باسالمىغان تەقدىردىمۇ ، ھېكمەتنىڭ پەرىشان كۆڭلىنى ئۇتالىغان بولاتتى . لېكىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقى ، كۈنداشلىقى ، رەشىق ئوتىنىڭ يامانلىقىدىن مۇھەببەت بوستانىغا قوقاس چاچتى . ئۇ سەۋەنلىك-

لىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، جۇدالىق دەشتلىرىدە ئۆرتىنىپ ئاللانىڭ نۇرى ئىھسانىغا ئېرىشكىنىدە، ياشلىق دەپ ئاتالغان سۆيۈنچ بۇلبۇلى ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ھېكمەت شۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇكى، تەڭرى جەننەتنىڭ ئابى - كەۋسەرلىرىدىن سۇزۇۋالغان تەڭداشسىز گۆھەرنىڭ نۇرى - جۇلاسىنى تېخىمۇ چاقنىتىش، ئۆزىنىڭ پەزلى - كارامىتىنى بەندىگە نامايان قىلىش ۋەجىدىن ئۇ، دۇرى - گۆھەرنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچىلىغان ئىنجۇ - يالتىراقلارنى چېچىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— مەھبۇبە، ئۇخلاپ قالدىڭىزما؟ — ھېكمەت ئايالىنىڭ چېچىغا سۆيۈپ قويدى، — چارچاپ قالغان بولسىڭىز ئارام ئېلىڭ.

— ياق، بىر ئىشتىن ۋىجدان ئازابى تارتىپ زادى خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، — مەھبۇبە چوڭقۇر ئۆكسۈپ قويدى، — ماھىگۈلگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، بايا بىر ئىشقا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

ھېكمەت سوۋغا زەنجىرنى ماھىگۈلنىڭ بويىنىغا تاقاۋاتقان چېغىدا، شۇنداقلا تانسا ئويناۋاتقاندا ئۇنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى، مەھبۇبەنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئەمەس ئىدى. مەھبۇبە خۇددى ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان گۇناھكاردەك ئازابلاندى.

— ئۇنداق غەيرىي خىياللارنى قىلماڭ، — ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ ياش يۇقى يۈزلىرىنى ئالىقىنىغا ئالدى، — مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمدىلا ئارامىغا چۈشتى، ئەمدى يەنە پاراكەندە قىلىشنى خالىمايمەن.

— دېمىسىمۇ، شۇنداق سۈلكەتلىك بىر قىزنىڭ بەختسىز بولۇپ قالغىنىنى، — مەھبۇبە يەنىلا خىجىللىق ئىلكىدە ئىدى، — بەختسىزلىك ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىكەن.

— دۇنياغا تۆرەلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىلا بەخت - ئامىتى

بىلەن تەك تۇغۇلمايدۇ ، ــ ھېكمەت ئايالىنىڭ ياشلىرىنى ئالد-
قانلىرىدا سۈرتتى ، ــ بەختلىكلەر گويا بىر تاغار بۇغداي ئېچد-
دىكى قارىمۇقتەكلا . كىم بىلىدۇ ، بەلكىم ئۇلارمۇ بەختسىزلىك-
لىرى بىلەن زارلىنىدىغاندۇ .
ــ مېنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنىم...
ــ مەندىنما ؟
ــ ياق ، ماھىگۈلدىن ، ئۇ تولىمۇ بىچارە...
ــ بىلىپ قويۇڭ ، ھازىر مېنى ئىككى پوشكال ئېچىگە
ئوراپ تاشلاپ بەرسىڭىز ئىتمۇ قاراپ قويمايدۇ .
ــ قاراڭ سىزنىڭ چاقچىقىڭىزنى ، مەن ئاشۇ پوشكالغا
ئامراق .
ــ ئەمىسە مەن سامىسىغا...
ــ قېلىن...
ئۇلار ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ، قىزىق سۆت بىلەنلا ناشتا
قىلىپ سومكا ـ چامادانلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تەييار بولۇشتى .
لېكىن ، بوسۇغىغا چىقىپ بولغاندا ، مەھبۇبە قايتىپ كىرىپ ،
مېھمانخانا ، ھۇجرا ، ئاشخانا ، مۇنچا ئۆيلەرگە ، تۇتقان سەرەم-
جانلارغا تويماي قارىغىنىچە ئىچىدە «خوش» دەپ پىچىرلىدى .
ئۇ گويا مەڭگۈ ئايرىلىدىغاندەك ئۆيدىن چىققۇسى كەلمەيتتى .
ــ ئاپا بولۇڭا ، كېچىكىپ قالىمىز ، ــ دېدى ئۇچقۇنئاي
جىددىيلىشىپ ، ــ ئەجەب ئىشىڭىز تۈگىمەي كەتتى .
ــ قىزىم ، يولغا چىقماي تۇرۇپلا «بۇ ئۆيلەرنى يەنە
كۆرەلەيمەنمۇ ، يوق» دېگەن خىيال كېچىپ قالدى ، ــ مەھبۇ-
بەنىڭ كۆزلىرىدىن شۆرۈرىدە ياش تۆكۈلدى ، ــ كۆڭلۈم نېمد-
دىندۇر ئۇيۇپلا تۇرىدۇ .
ــ خۇددى بارسا كەلمەس يولغا بارىدىغاندەك يىغلاۋاتقىنىڭىزنى
قاراڭ ، ــ ئۇچقۇنئاينىڭ ئاپىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ، ــ
ماھىگۈل ئاچاملار بېكەتتە ساقلاپ قالمىسۇن .

ئۇلار تاكسى بىلەن بىكەتتە يېتىپ كەلگەندە ، مېھمان كۈ-
تۈش زالىدىكى ئورۇندۇقلار ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان يولۇ-
چىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ھېكمەت بىلەت سېتىش تۆشۈ-
كىگە مېڭىشى نەبى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى . ئۇ ، ماھىگۈلنىڭ
بىلەتنى ئېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى باشلاپ كەتتى . ماھى-
گۈل ، دىلنار ، كامىللار ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى . مەھبۇبەنىڭ
مېڭىشىنى كامىلدىن ئاڭلىغان تۇرسۇنجان ئالىم ، ئايالى سەلى-
مەلەرمۇ كەلگەنىدى . ئۇلار قوللىرىدا خېلىلا ئېغىر يوللۇق
يېمەكلىكلەر بارئىدى . تۇرسۇنجان ھېكمەتكە «ماڭا خەۋەر قىل-
ماپسەن» دەپ كايىپ كەتتى . ئۇنىڭغىچە بېكەت خادىمىنىڭ
كانايدا ، خوتەنگە ماڭىدىغان يولۇچىلارنى تەرتىپكە چاقىرىپ ۋار-
قىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ، يولۇچىلار نەرسە ـ كېرەك-
لىرىنى كۆتۈرۈپ ، قاتىرىسىغا تىزىلغىنىچە بېكەت ھويلىسىغا
يۈگۈرۈشتى . ھويلىدا تەرەپكە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسلار
تىزىلىپ كەتكەنىدى . بېكەت خادىملىرى ئېغىر يۈكلەرنى ئاپتو-
بۇس ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىپ رەتلىك تىزىۋاتاتتى . ھېكمەت
مەھبۇبەنىڭ چامادانىنى ئۇلارغا سۇنۇپ بېرىپ ، ئېزىلىپ كەت-
مەيدىغان يەرگە قويۇشنى تاپىلىدى .

ئاپتوبۇس ئوت ئېلىپ گۈرۈلدىدى . كامىل ، ماھىگۈل ،
دىلنار ، تۇرسۇنجانلار يوللۇق سوۋغاتلىرىنى دېرىزىدىن سۇنۇپ
بېرىپ مەھبۇبەگە خوش دېيىشتى . ئۇچقۇنئاي ماشىنىنىڭ ئار-
قىسىدىن يىغلىغىنىچە كوچىغىچە بىللە چىقتى .

ئۇلار چوڭ يولغا چىقىش بىلەن ، كامىل خوشلىشىپ كې-
تىپ قالدى . ئۇچقۇنئاينىڭ دەرسكە كېچىكىپ قېلىشىدىن ئەن-
سىرىگەن ھېكمەت قىزىنى تاكسىغا سېلىۋەتتى . ماھىگۈل ، نە-
بى ، دىلنارلار ، ھېكمەت ، تۇرسۇنجان ، سەلىمەلەرنى قانچە تۇت-
قان بولسىمۇ ئۇلار «كېيىنچە كېلەرمىز» دەپ ئۆزرە سورىدى .
ـــ ھېكمەت ، ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلەلەمسەن ؟ ـــ سورد-

ـدى تۇرسۇنجان ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېتىپ كەلگەندە ، ــــ مەسىـ
لىھەتلىشىدىغان ئىشلار بارئىدى .
ــــ ئەتە ، ئۆگۈن پۇتتۇرىدىغان جىددىي بىر مۇقاۋا بار ،
كېيىنچە باراي ، ھازىر بىللە كەتمەيمىزمۇ ؟
ــــ سەلىمەنىڭ بازاردىن ئالىدىغان سودىلىقلىرى بارئىدـ
كەن ، ئەمىسە سەن كېتىۋەر ، مەن سېنى ئۆگۈنلۈككە كەچتە
ساقلايمەن .
ــــ بېرىڭ ، ــــ دېدى سەلىمە كۈلۈپ ، ــــ ئۆيدە مەھبۇبەـ
مۇ يوق ، مەن سىزگە ئوخشىتىپ لەغمەن ئېتىپ بېرىمەن .
ــــ بولىدۇ ، بارىمەن .
ھېكمەت مەھبۇبەسىز ھوۋۇلداپ قالغان ئۆيىگە قايتىپ كېـ
لىپ غېرىبسىنىپ قالدى . دەرھەقىقەت ، ياش چوڭقايغانسېرى
ئادەم بىرەر سىرى ھەمراھقا ، مۇڭداشقا ، ھاياتىدىكى خاتىرىلەرـ
نى بىللە ئەسلىشىپ تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ياخشى بىر
رەپىقىغە موھتاج بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ھېكمەت «شۇنچە
يىللار ، كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەن بولغىيتتىم» دەپ ئويلاپ
قالدى .
ھېكمەت شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككى كۈن جىددىي ئىشلەش
ئارقىلىق بىر كلاسسىك كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئاساس جەھەتتىن
سىزىپ پۇتتۇرۇپ ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىغا ئەمدىلا
كىرىپ تۇراتتى ، مۇدىر لى يۈڭ ئۇنى كارىدورغا باشلاپ چىقتى .
ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلىكتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى .
ــــ ھېكمەت ، سەن ھازىرلا شەھەرلىك قاتناش ساقچىخانىـ
سىغا بارغىن . ئۇلارنىڭ جىددىي تېلېفون بەرگىنىگە قارىغاندا
مۇھىم ئىش باردەك قىلىدۇ . نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقمىدـ
دۇم ، ئۇلار ئاۋۋال شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە تېلېفون
بېرىپتۇ ، ئاندىن بىزگە خەۋەر قىلغانىكەن .
ھېكمەتنىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئېغىپ ئۆيىگە كىردى ، ئاندىن

قىزىغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ كوچىغا چىقتى . قاتناش ساق-
چى ئىدارىسى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ كاللىسىغا
ھەرخىل گۇمانلار كىرىۋالغانىدى . ئەگەر بىرەر ئەسىرىدە خاتا-
لىق كۆرۈلگەن بولسا ، ئاۋۋال جەمئىيەتتە — زىيالىيلار ئوتتۇ-
رىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن بولاتتى . بىۋاستە ساقچىدىن سۇ-
رۇشتە قىلماي ، نەشرىيات ، تەشۋىقات بۆلۈم ، جامائەت خەۋپسىز-
لىك نازارىتى ، قوغداش بۆلۈملىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئو-
رۇنلار چاقىرتقان بولاتتى . يەنە كېلىپ بۇ «قاتناش ساقچى
ئىدارىسى» تۇرسا ؛ ئۇلار 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن نېمە
ئۈچۈن ئالاقىلىشىدۇ ؟

ھېكمەت شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسىگە بېرىپ بارلىق بۆ-
لۈملەرگە كىرىپ چىقتى . لېكىن ، ئۇنى ھېچكىم چاقىرتقاندەك
ئەمەس ئىدى . ئۇ ئەمدىلا ساقچى ئىدارىسىدىن قايتىپ چىقىۋات-
قاندا ، ئۇنىڭ ئالدىدا تاشيول ساقچى ئىدارىسىنىڭ قۇتقۇزۇش
ئاپتوبۇسى توختاپ بىر ساقچى كابىنكىدىن ئالدىراپ چۈشتى -
دە ، ئۇنىڭغا چاس بەردى .

— سىز ھېكمەت ئېلى بولامسىز ؟

— شۇنداق .

— بىز سىزگە ئەتىگەندە تېلېفون بەرگەن ، لېكىن سىز
يوق ئىكەنسىز . بىز شۇ تۇرقىدا نەشرىياتتىن كېلىشىمىز .

— نېمە ئىش ئىدى ؟

— ماشىنىغا چۈشۈڭ ، ئاندىن بىلىسىز .

ھېكمەت ئەندىكىپكىنە ماشىنىغا چىقتى . ئۇ ئالدى ھەم
كەينىدە ئولتۇرغان بىرنەچچە ئاق خالاتلىق ساقچىلارنى كۆرۈپ ،
ئەندىشىسى قورقۇنچقا ئالماشتى . ئۇنىڭ سول كۆكرىكى سانجى-
غاندەك بولۇپ ، بىر خىل بىئاراملىق ھېس قىلدى . چىرايى
بىردەمدىلا ئاقىرىپ كەتكەن ھېكمەت ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ
بايىقى ساقچىدىن سورىدى .

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەمسىز؟ — مەن ھېچ نەرسىنى ئۇقالمايلا قالدىمغۇ.
— ئايالىڭىزنىڭ ئىسمى مەھبۇبەغۇ دەيمەن؟
— شۇنداق.
— يېنىدا ئۇرۇمچى 5 - باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكىلىش توغرۇلۇق ئىسپاتمۇ بارمىدى؟
— ئەلۋەتتە.
ساقچى دىمىققاندەك بولۇپ، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ ئالدىرىماي بىرنەچچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن ھېكمەتكە قارىماي تۇرۇپلا:
— سىز جىددىيلىشىپ كەتمەڭ، ئۇلۇشكۆن ئەتىگەن يولغا چىققان بىر يولۇچىلار ئاپتوبۇسى تۈنۈگۈن كەچ ئارغى بۇلاق ئېچىدە ھادىسىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭدا سىزنىڭمۇ ئايالىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىزگە خەۋەر قىلىشتى.
— ئۇلۇشكۆن ئەتىگەن يولغا چىققان ئاپتوبۇس، — دېدى ھېكمەت چىرايى سۇپسۇر بولۇپ، — تۈنۈگۈن كەچ كورلا ياكى قارا شەھەرنىڭ قونالغۇسىغا يېتىپ بولۇشى كېرەك، ئارغى بۇلاقتا نېمىش قىلىدۇ، مەن ئىشەنمەيمەن.
— ماشىنا توقسۇندا بۇزۇلۇپ، بىر - نەچچە سائەت ھايال بولغانىكەن.
— ئۇنداقتا ئايالىم...
— بىزمۇ بىلمەيمىز، بارغاندا كۆرۈڭ.
ساقچى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى شۇنداق تېز چاپماقتا ئىدىكى، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى نەرسىلەرنىڭ شەكلى سوۋارى بويۇلۇپ كەتكەن سۇرەتتەك كۆرۈنەتتى. ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ نەپسى قىسىلغاندەك بولدى - دە، شارپىسىنى بوشىتىپ قويدى. سول كۆكرىكىدىكى بايىقى سانجىق بۇ قېتىم خېلىلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ھېكمەت ئايالىنى قانغا

بويالغان ھالدا دوختۇرخانا كارىۋىتىدا ياتقان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلاتتى . بىردە ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چىققان ئاپئاق خالاتلىق بىر توپ دوختۇرلاردىن بىرى «سەۋر قىلىڭ ، بارلىق ئامالللارنى قىلىپ كۆردۇق» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى . بىر تۇرۇپ پېشانە ، قوللىرى تېڭىلغان مەھبۇبەنىڭ «خۇدايىم مېنى ساقلىدى ، سىزنى راسا قورقىتىۋەتتىمغۇ دەيمەن» دېگەندىكى سىيماسى كۆزىگە كۆرۈنەتتى .

— كەچۈرۈڭ ساقچى ، ماشىنا ھادىسىسى قانداق يۈز بېرىپتۇ ؟ — ھېكمەتنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتكەنىدى ، — بىر - بىرىگە سوقۇلغان گەپمۇ ياكى كېچىدە بىرەر تاشقا ئۇرۇلۇپتىمۇ ؟

— تورمۇزدىن چاتاق چىقىپ ، سەككىز مېتىر يانتۇ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتكەن گەپ .

ھېكمەتتە يىگىنىنىڭ كۆزىدەك ئۈمىد پەيدا بولدى . چۈنكى ، يانتۇ چوڭقۇرلۇق بولغانىكەن ، ماشىنا دومىلاپ چۈشۈپ كەتمەي ، بەلكى يانتۇلۇقتا سۈرئىتى تېزلەپ كېتىپ شۇ جەرياندا ئادەملەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ، ئېغىر - يېنىك يارىدار بولغان بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن ئوي ئۇنىڭ ئەنسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىگە ئازغىنە تەسكىنلىك بەردى .

ماشىنا چۈش بىلەن ئارغى بۇلاق ئىچىگە كىرىپ ، ھادىسە يۈز بەرگەن ئورۇنغا يېتىپ كەلدى . ھېكمەت ماشىنىدىن چۈشۈپ ، پۇتلىشىپ يىقىلغىنىچە يولنىڭ قىرىغا كېلىپ پەسكە قارىدى . ئۇ ، يانتۇ ياتقان ماشىنا ئەتراپىدىكى بىرنەچچە ساقچىلارنى ، ئۇنىڭدىن ئون قەدەم نېرىدىكى قاتىرىسىغا ياتقۇزۇلۇپ ئۈستىگە ئاق لاتا يېپىلغان جەسەتلەرنى كۆرۈپ ، پەسكە ئۆزىنى ئاتتى . يارىدارلارنى ئاللىقاچان يۆتكەپ كەتكەچكە ، بىرەر ساق قالغان يولۇچىنى كۆرمىگەن ھېكمەت ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغىنىچە لاتىلارنى قايرىشقا باشلىدى . ئۇ ، يەتتىنچى جەسەتنىڭ يۈزىنى ئاچقاندا كۆزلىرى چەكچىيىپ ، نەپىسى توختاپ ، تاش

ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى . چۈنكى ، چاچ ھەم لەۋلىرىدە قان قېتىپ قالغان مەھبۇبە خۇددى «ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم» دې- گەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۈلۈمسىرىگەندەك ياتاتتى...

— ئاھ خۇدا !... بۇ قانداق تەتۈر قىسمەت ! ئۆمۈر بويى سەن ئۇچۇن يىغلىغان ناتىۋاننى ، بىرلا كۈلدۈرۈپ ئېلىپ كەت- كىنىڭ نېمىسى ! — ھېكمەت تىزلانغىنىچە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىماقتا ئىدى ، — قېنى سەندىكى ئادا- لەت ؟ قېنى سەندىكى مېھرىبانلىق ؟ نەلەرگە يوقالدى شاپائەت ھەم ساخاۋەتلىرىڭ ؟ ! سەن مېنى قان - قان يىغلىتىپلا ئۆتەم- سەن ؟ !... پۈتۈن تېنىمدىكى شەربەت - مادارلىرىم ھەسرەت - نادا- مەت ياشلىرى بولۇپ تۆگىدىغۇ !... بۇ دۇنيادا تۆگىمەيدىغان يەنە قانچىلىك گۇناھلىرىم باردۇر ! مېنى قاچانغىچە تارازا - مىزاند- لىرىڭدا جازالايسەن ! ئاھ ، مەن تۆگىدىم... پۈتۈنلەي تۆگىدىم...

ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ قانلىق جەسىتىنى باغرىغا تېڭىپ ، مۇزدەك يۈزلىرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ ، ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى سى- لىغىنىچە نالە - پىغان بىلەن ياش تۆكمەكتە ئىدى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : سۇلتان ھاشىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# لېيغان بۇلاق (6) —
## يۇگەنسىز ئۆتمىگەن يىللار
(رومان)

جالالىدىن بەھرام

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى 14- ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 14.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
ISBN7—228—05771—6/I.2156
باھاسى : 22.00 يۈەن